رىشات گەنج

# قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى جالالىدىن بەھرام لايىھەلىگەن

ISBN 7—223—00998 — 3

K · 80 (民文) 定价: 4.50 元

ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70

دوتسېنت، دوكتور رىشات گەنج

# قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنئاي ساقى
تۇرسۇن ھۇشۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70

دوتسېنت، دوكتور رشات گەنج

# قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنئاي ساقى
تۇرسۇن ھۇشۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى

قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى
(تۈركىيە) رىشات گەنج
تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنئاي ساقى
تۇرسۇن ھوشۇر
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32 باسما تاۋىقى: 14.5
1990 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 7,500
ISBN 7—228—00998—3/K·80
باھاسى: 4.50 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

TURAN KİTAPLIĞI

## ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز

ئاپتور بۇ كىتابتا چەت ئەللەردىكى تارىخشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا IX ئەسىردە قۇرۇلغان يەرلىك فېئودال سۇلالە — قاراخانىيلارنىڭ پروتوكول ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ئۇنىڭ رولى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق، تولۇق مەلۇمات بەرگەن. بۇ ئەسەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. تارىخ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ قاراخانىيلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىغا ئاز - تولا ياردىمى تېگەر دېگەن ئۈمىدتە، بۇ ئەسەر تەرجىمە قىلدۇرۇلدى.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىشتا كۆپ ئىزدەنگەن، جىق ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كىتابتا بەزى مەسىلىلەرمۇ بار. شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز:

1. ئاپتور ئاساس قىلغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بولغاچقا، بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنالمىغان. مەسىلەن، ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتا تۈركىيىلىك ئالىم رەشىد رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «قۇتادغۇ بىلىگ I» (ئەسلى تېكىست) بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ II» (تەرجىمىسى) ۋە كېلىسلى رىفات (بىلگە) تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى

# قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى

(تۈركىيە) رىشات گەنج

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنئاي ساقى / تۇرسۇن ھوشۇر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جىيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32 باسما تاۋىقى: 14.5
1990 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 7,500
ISBN 7—228—00998—3/K·80
باھاسى: 4.50 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

TURAN KİTAPLIĞI

## ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز

ئاپتور بۇ كىتابتا چەت ئەللەردىكى تارىخشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا IX ئەسىردە قۇرۇلغان يەرلىك فېئودال سۇلالە — قاراخانىيلارنىڭ پۈتكۈل ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ئۇنىڭ رولى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق، تولۇق مەلۇمات بەرگەن. بۇ ئەسەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. تارىخ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ قاراخانىيلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىغا ئاز - تولا ياردىمى تېگەر دېگەن ئۈمىدتە، بۇ ئەسەر تەرجىمە قىلدۇرۇلدى.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىشتا كۆپ ئىزدەنگەن، جىق ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كىتابتا بەزى مەسىلىلەرمۇ بار. شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز:

1. ئاپتور ئاساس قىلغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بولغاچقا، بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنالمىغان. مەسىلەن، ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتا تۈركىيىلىك ئالىم رەشىد رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «قۇتادغۇ بىلىگ I» (ئەسلى تېكىست) بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ II» (تەرجىمىسى) ۋە كېلىسلى رىفات (بىلگە) تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان

«تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئەسلى تېكىست، ئۈچ توم) بىلەن بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تەرجىمىسى، ئۈچ توم) قاتارلىق كىتابلارنى ئاساس قىلىنغان. ھالبۇكى، بۇ كىتابلارنىڭ نەشر نۇسخىلىرىدا بىر مۇنچە مەسىلىلەر بار. كىتابخانلارنىڭ بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندا، يۇقىرىدىكى ئىككى كىتابنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇشىنى سورايمىز.

2. ئاپتورنىڭ مەسىلىلەرگە قاراشتىكى مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرلىرىدە بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان. مەسىلەن، قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى «ئىدېئال ھۆكۈمدار» دەپ گۈزەللەشتۈرگەن؛ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى ناھايىتى مۇكەممەل، ۋايىغا يەتكەن قىلىپ تەسۋىرلىگەن؛ بەزى جايلاردا ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن، ۋە باشقىلار. شۇڭا، كىتابخانلارنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇشى، شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى تاللىۋېلىشقا دىققەت قىلىشىنى سورايمىز.

3. بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا ئەسەرنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش، مەزمۇنىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا بەزى جۈملىلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى ياكى قىسقارتىۋېتىلدى. كىتابخانلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇھەررىردىن



# مۇندەرىجە

سۆز بېشى ........................ 1
مەنبەلەر ۋە تەتقىقاتلار ........................ 9
A. مەنبەلەر ........................ 9
B. تەتقىقاتلار ........................ 28
قىسقارتىلمىلار ........................ 35
كىرىش سۆز ........................ 38
1 — بۆلۈم ھاكىمىيەت مەسىلىسى ۋە ھۆكۈمدار ........................ 79
A. ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى ........................ 79
1. ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدىن سىياسىي ئىقتىدارنىڭ مەنبەسىگە بىر نەزەر ........................ 79
2. دۆلەت ۋە سىياسىي ئىقتىدار ئۇقۇمى ........................ 93
B. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بويىچە ھۆكۈمدارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى ........................ 104
1. ھۆكۈمدارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ........................ 104
2. ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىپىلىرى ........................ 129
3. ھۆكۈمدارنىڭ پۇقرالار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى ........................ 149
4. پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمدار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى ........................ 157
C. ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ........................ 163
1. ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرى ........................ 167

2. ھۆكۈمدارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ........ 204
3. خاتۇنلار ۋە شاھزادىلەر ........ 249
2 — بۆلۈم ئوردا تەشكىلاتى ........ 259
A. ئوردىدىكى مۇلكىي ۋە ھەربىي مەنسەپدارلار ........ 260
1. ئۇلۇغ ھاجىپ، ھاجىپلار ۋە بىرۇقلار (ۋەزىرلەر)... 260
2. قوۋۇقچىباشى (ئىشىكئاغىسى) ........ 275
3. جاندار (قوغدىغۇچى) ........ 285
4. سىلاھدار (قورالچى) ........ 286
5. ئەلەمدار (بايراقچى) ........ 287
B. باشقا ساراي خىزمەتچىلىرى ........ 288
1. ئاشچىباشى (ئاشپەزلەر باشلىقى) ........ 288
2. ئىدىشچىباشى (ئىچىملىك باشقۇرغۇچى) ........ 292
3. ئىلباشى (ئاتخانا باشلىقى — مىراخۇر) ........ 298
4. جامەدار (كىيىمچى) ........ 299
5. باشقا ساراي خىزمەتلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى ........ 301
3 — بۆلۈم مەركىزىي ۋە يەرلىك تەشكىلاتلار ........ 308
A. باشلىقلارنىڭ دەرىجىلىرى ........ 308
1. مەمۇرىيەتلەر ۋە ئۇنۋانلار ........ 308
2. خىزمەتتە لاياقەتلىك بولۇش، ئەمەلىيەتنىڭ
سىنىقىدىن ئۆتۈش ........ 320
3. خەلىپەت (نائىب — باش ۋالىي) ........ 323
4. كېڭەش مۇئەسسەسەسى ۋە مەسلىھەتچىلەر ........ 325
B. ۋەزىر ۋە مەركىزىي تەشكىلاتلار ........ 329
1. يۇغرۇش (ۋەزىر) ........ 329
2. بۈيۈك دىۋان ........ 335
3. باشقا دىۋانلار ........ 336
C. يەرلىك تەشكىلاتلار ........ 354





4 — بۆلۈم قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى ........ 371
A. ئارمىيىنى تەشكىل قىلغان ئامىللار ........ 371
1. ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى ........ 372
2. خاس قوشۇنلار ........ 382
3. خاندان ئەزالىرى بىلەن ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا
دۆلەت خادىملىرىنىڭ ھەربىي كۈچلىرى ........ 385
4. دۆلەتكە تەۋە چىگىل، قارلۇق، ئوغراق ۋە باشقا
تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىغا مەنسۇپ
ھەربىي كۈچلەر ........ 388
B. ھەربىي يۈرۈشتىكى قوشۇننىڭ ئەھۋالى ........ 390
1. ئارمىيىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى ........ 392
2. قونالغۇ ۋە قارارگاھ ........ 395
3. كېچە ۋە كۈندۈزلۈك ھەرىكەتلەر ........ 397
4. خەۋەرلىشىش ........ 413
C. تەشكىلات، ئەمەل ۋە دەرىجىلەر ........ 414
1. ھەربىي قىسىملار ۋە قوماندانلارنىڭ ئۇنۋانلىرى... 414
2. باش قوماندانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە
ۋەزىپىلىرى ........ 422
D. قوراللار ........ 426
خاتىمە ........ 445
ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........ 454

# سۆز بېشى

قاراخانىيلار دۆلىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلامىيەتنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر دۆلىتى ئىدى. بۇ دۆلەت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ دەۋردە كۆك تۈركلەر بىلەن باشلىنىپ، قاراخانىيلار زامانىدا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇچرىشىپ ئارىلىشىپ كەتتى ۋە ئۇيغۇر - ئىسلام مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان تارىخىي تەرەققىيات دەۋرى باشلاندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا بەك مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

لېكىن ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، شۇ دەۋر تارىخىنىڭ ھازىرغىچە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بىر شەكىلدە تەتقىق قىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى كۆرمىدۇق. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى مەنبەلىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدۇر. مەنبەلىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇنچىلىككى، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىسلامىيەتنى قانداق ۋە قايسى شارائىتتا قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلسەكمۇ، ئەمما قاراخانىيلار خانىدانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇشى ۋە دەسلەپكى زامانلىرى ھەققىدە ھېچ قانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ دۆلەتنىڭ تارىخى ھەققىدە پەقەت X ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ بەزى مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلىشكە باشلىغان. بۇ مەلۇماتلارنى قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلارنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىدە ۋەزىيەتنىڭ سامانىيلار زىيىنىغا تەرەققىي قىلىشىغا باشلىغان چاغدىن ئېتىبارەن خېلى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. دېمەك، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى بۇغرا قاراخان ھارۇن بىن مۇسانىڭ مىلادى 992 - يىلىدا ماۋەرائۇننەھرنى ئېلىشى ۋە ئاخىرى 999 - يىلى ئېلىگخان (ناسىر بىن ئەلى) تەرىپىدىن سامانىيلار دۆلىتىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، ئىسلام ئاپتورلىرى بولۇپمۇ غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ تارىخچىلىرى قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرگە تېخىمۇ كۆپرەك ئورۇن بېرىش ئۈچۈن، بۇ دۆلەتنىڭ تارىخى ھەققىدە خېلىلا ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىشكە باشلىغانىدى. دېمەك، XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن، بۇ دۆلەتنىڭ تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلار كۆپەيدى. بۇ ئەسىردىكى قاراخانىيلار تارىخى ئايدىڭلاشتى. بۇ ئايدىڭلىشىش سۇلتان سەنجەر سەلجۇقىي دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بەزىدە ئازىيىپ، بەزىدە كۆپىيىپ باردى. بۇنىڭدىن كېيىن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇش تارىخى بولغان 1212 - يىلغىچە بولغان مەلۇماتلار بەزى ۋەقەلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنىلا ئايدىڭلاشماي قالدى.

شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قاراخانىيلار تارىخىنى پۈتۈنلەي يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان مەنبەلەردىن مەھرۇم بولدۇق. شۇڭا، قاراخانىيلار خاندانىنىڭ بىر پۈتۈن شەجەرىسىنىمۇ بېكىتىشكە مۇمكىنچىلىك بولمىدى. قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات مەۋجۇت مەنبەلەرنىڭ يار بېرىشىچە تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە يولداشلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، چەكلىك بولسىمۇ



بۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋەقەلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلىگۈدەك دەرىجىدىكى نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

لېكىن قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ھاياتى ئۈستىدىكى ئەمگەكلەر تولىمۇ يېتەرسىز بولۇپ قالدى، ھەتتا بىر-ئىككى ئايرىم ماۋزۇلاردىن باشقا، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى جەھەتتىكى تەتقىقاتلار بۈگۈنگىچە زادىلا قولغا ئېلىنمىدى. شۇ ۋەجىدىن، تۈركىي خەلقلەردە قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدارىچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ شۇ دەۋردە قانداق بىر ئەھۋالدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا چوڭ بىر بوشلۇق پەيدا بولدى. قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدە بىز ئىگە بولغان مەلۇماتلارغا قانداق باھا بېرىش بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى قىسمەن بولسىمۇ تولدۇرۇپ، يېڭى بىر مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرگەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ يېڭى مۇھىتقا قانچىلىك دائىرىدە ئۇيغۇنلاشقانلىرىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرىش بىلەن تەڭ، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدارىچىلىق چۈشەنچىسى، تۈرلۈك دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە ھەربىي تەشكىلات نۇقتىئىنەزەرلىرى ئىچىدە ئۆز مىللىي ئەنئەنىلىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە باغلىق ئىكەنلىكى ۋە ئىسلامىيەت چارىلىرىنى ۋە مۇئەسسەسەلەرنى قايسى ئۆلچەمدە ئۆزلەشتۈرگەنلىكلىرى ھەققىدىكى ماۋزۇمۇ مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇلغان بولىدۇ. بۇ ھەم قاراخانىيلار تارىخى ئۈچۈنمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى ئۈچۈنمۇ چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، بۇ كېيىنكى چاغلاردا قاراخانىيلارنىڭ ئىدارىچىلىق ئەنئەنىلىرىدىكى تۈرلۈك ئامىللارنى كەڭ كۆلەمدە قوغدايدىغان ۋە ئۇيغۇرلاردىن باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشۇشىدا پەلەمپەيلىك رولىنى ئوينىغانىدى.

دېمەك، تارىختا خېلى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان قاراخانىيلار سىياسىي دۆلەت تەشكىلات تارىخىغا ئىنتايىن سەل قارىغانىدى. شۇڭا، بىز بۇ كىتابىمىزدا XI ئەسىردىكى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتۇق.

«XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى قانداق ئىدى؟» دېگەن سوئالغا مۇنۇ جاۋابنى بېرىش مۇمكىن: ئالدى بىلەن، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى مەلۇم بىر دەۋر بىلەن چەكلەپ قويماستىن، ئۇنى بىر پۈتۈن ھالدا چۈشىنىش كېرەك. ھالبۇكى، بۇ دەۋر 300 يىلدىن كۆپرەك ئۇزۇن بىر دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى مەنبەلەرنىڭ بىزنىڭ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى كۆزىتىشىمىزگە ئازلىق قىلىشى مۇقەررەر. قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا قاراخانىيلارنىڭ تۈرلۈك دۆلەت مۇئەسسەسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسى، دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رولى ھەققىدە زامان ۋە ماكانغا باغلانغان ھالدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر قىسقىچىلا كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەن. ھالبۇكى، بۇ دۆلەتنىڭ تارىخى ھەققىدە XI ئەسىرگىچە بولغان مەلۇماتلار بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بېكىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇئەسسەسەلەرنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقىمۇ يەتمەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي تارىخى ھەققىدە مەنبەلەردە بار بولغان ئاشۇ ئازغىنا مەلۇماتلارمۇ قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخى جەھەتتە بولۇپمۇ مەدەنىيەت ۋە تەشكىلات تارىخى جەھەتتە XI ئەسىردە يېزىلغان مەنبەلەردىن كەلگەن؛ بولۇپمۇ بۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يېزىلغان ئىككى يىرىك



ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىگ» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت ھاياتى، مەمۇرىي ۋە ھەربىي تەشكىلاتى ھەققىدىمۇ خېلى قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلدى. بىز بۇ مەلۇماتلارنى ئەينى دەۋرگە ئائىت ۋەقىيلەر، مەھكىمە خاتىرىلىرى، يەر سېتىش ھۆججەتلىرىگە ئوخشاش ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان ھالدا باشقا مەنبەلەر بىلەن تولۇقلاش، كېڭەيتىش ئارقىلىق قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. XI ئەسىردە قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان ياغما، قارلۇق، چىگىل ۋە تۇخسى ... لارغا ئوخشاش ئۇيغۇر قەۋملىرى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا توپ - توپ ھالەتتە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا XI ئەسىرگىچە بولۇپمۇ بۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان دەۋر ئىچىدە، ئىسلامىيەتنىڭ دۆلەت مۇئەسسەسىلىرى بىلەن باشقا بىر تۇتاش ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرىنىڭ ئۇلار ئۈستىدە يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىمۇ شۈبھىسىز. شۇنداق تەسىرگە قارىماستىن، قاراخانىيلار دۆلىتى ئۆزىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇئەسسەسىلىرىدە خېلى دەرىجىدە قەدىمكى ئىدارىچىلىق ئۇسۇلىنى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە ئىسلامىيەت ئۇسۇللىرىنىمۇ خېلى دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەنىدى. شۇڭا، بىز بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتمەسلىك ئۈچۈن، ھەممە ئۇلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيانقى دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ تۈرلۈك فورماتسىيىسى ھەققىدىكى مەنبەلەر باشقا مەنبەلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ بولغانلىقتىن، ئەمگىكىمىزنى XI ئەسىر

بىلەن چەكلەشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. نىھايەت، XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ بەزى ئايرىم خاتىرىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قاراخانىيلارنىڭ تۈرلۈك مۇئەسسەسىلىرىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلار كۆپ قالمىغان. دېمەك، XI ئەسىردىن ئىلگىرىكى مەلۇماتلارغا ئوخشاشلا XI ئەسىردىن كېيىن يېزىلغان مەلۇماتلارمۇ ئانچە تولۇق بولمىغانلىقتىن، بۇ ھەقتىكى تېمىمىزنى پەقەت مۇشۇ دەۋر بىلەن چەكلەپ تۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

كىتاب سۆز بېشىدىن كېيىن، مەنبەلەر ۋە تەتقىقاتلار، كىرىش سۆز ۋە تۆت ئاساسىي بۆلۈمدىن تۈزۈلدى.

بۇ كىتابنىڭ مەنبەلەر ۋە تەتقىقاتلار قىسمىدا بۇ كىتابنى يېزىش داۋامىدا مۇراجىئەت قىلىنغان مەنبەلەر قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى ۋە بۇ مەنبەلەر ئۈستىدە مۇئەللىپنىڭ تەھلىلى ئورۇن ئالدى؛ سۆز بېشىدا يەنىلا مەركىزىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان سىياسىي تارىخى سۆزلەندى.

كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى «قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت مەسىلىسى» ۋە «ھۆكۈمدار» دېگەن مەزمۇنلارغا ئايرىلدى. بۇ مەزمۇنلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىگ» تە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. بۇ بۆلۈمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، دۆلەت ۋە سىياسىي ئىقتىدار ئۇقۇملىرى، ھۆكۈمدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر ۋە ھۆكۈمدار – خەلق (پۇقرا) مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە مەلۇمات بېرىلگەن. يەنە شۇ بۆلۈمدە ھۆكۈمدار ۋە ھۆكۈمدارنىڭ ئائىلىسى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ، ھۆكۈمرانلىق ئالامەتلىرى، ھۆكۈمدارنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ۋە ساراي ئەھلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىدىن باشقا، خاتۇنلار بىلەن شاھزادىلەر ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىلدى.



ئىككىنچى بۆلۈمدە ساراي تەشكىلاتلىرى ھەققىدە، ئۇلۇغ ھاجىپ ۋە ھاجىپلار بىلەن قوۋۇقچىباشى، مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھۆكۈمدارنىڭ شەخسىي ۋە ساراي تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرگە قارايدىغان باشقا خادىملار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى.

ئۈچىنچى بۆلۈمدە مەركەزدىكى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار سۆزلەندى. بۇ ھەقتە مەلۇماتلار كۆپ بولمىغانلىقتىن، مۇئەللىپ مەركەزدىكى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ھەققىدە ئالدى بىلەن مەمۇرىي خادىملار تەبىقىسى ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسى ئۈستىدىلا توختالدى. ئۇندىن كېيىن، ۋەزىر – ۋۇزرالار بىلەن ئۇلارغا باغلىق بولغان مەركەزدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ماھىيەتلىك فۇنكسىيىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار تېمىسىدا ھۆكۈمدار نامىدىن ئىدارە قىلىشنىڭ قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك رەسمىي دۆلەت خادىملىرى بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى.

مۇئەللىپ كىتابنىڭ تۆتىنچى بۆلۈمدە ھەربىي تەشكىلاتلار ئۈستىدە توختالدى. بۇ بۆلۈمدە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن تەركىبلەر سۆزلەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەربىي يۈرۈش ھالىتىدىكى بىر قوشۇننىڭ تەرتىپى، كېچە ۋە كۈندۈزلۈك ھەرىكىتى ھەم خەۋەرلىشىش ماۋزۇلىرىغا ئورۇن بېرىلدى. يەنە شۇ بۆلۈمدە ھەربىي قوشۇننىڭ تەشكىلاتى ۋە دەرىجىلىرى بىلەن قوراللىرى ئۈستىدىمۇ تەتقىقات

ئېلىپ بېرىلغان، بولۇپمۇ قوراللارنىڭ ياسىلىشى ۋە تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئائىت ئايرىم مەلۇماتلار بېرىلگەن.

كىتاب خاتىمە، ئىزاھلار ۋە بىبلىئوگرافىيە بىلەن ئاخىرلاشىدۇ. سېلىشتۇرۇپ تېپىشقا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن، ئىزاھلار بىر پۈتۈن نومۇرلانغان ھالەتتە بېرىلدى.

قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدىكى ماۋزۇنى ئىشلەش ۋاقتىدا ھەممىلا يەردە بولۇپمۇ غەزنەۋىيلەر، بۈيۈك سەلچۇقىيلار ۋە ئاناتولىيە سەلچۇقىي دۆلەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئورتاق نۇقتىلارغا ئىشارەت بېرىشكە تىرىشتۇق. چۈنكى، بۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدارە قىلىش ئەنئەنىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش كۆزدە تۇتۇلدى.

**دوتسېنت، دوكتور رىشات گەنچ**



# مەنبەلەر ۋە تەتقىقاتلار

## A. مەنبەلەر

بۇ تېمىدا گەرچە بەزى بوشلۇقلار ۋە ئىشەنچسىز تەرەپلەر بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇنى خېلى دەرىجىدە تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان تۈركچە، ئەرەبچە، پارسچە مەنبەلەرگە ئىگىمىز. تەتقىقاتىمىزدا بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال مەنبەلىرى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلدى، قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخى ئۈچۈن بىرىنچى قول مەنبەلەر بولۇش بىلەن بىللە، تېمىمىزغا مۇناسىۋەتسىز مەنبەلەر ئۈستىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈلدى. مەنبە ھېسابلانمايدىغان كېيىنكى ھۆججەتلەر ئۈستىدە زادى توختالمىدۇق. تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرگە كەلسەك، ئۇلار ماۋزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

### كىتابلار

قاراخانىيلارغا دائىر بەزى كىتابلار نەشر قىلىنىدى ۋە نەشر قىلىنماقتا. بۇلاردىن مىلادى 1042 - يىلى يانۋاردا پەرغانىنىڭ ئىسفارە شەھىرىگە يېقىن ۋارۇق قىيالىقى ئۈستىدە قېزىۋېلىنغان، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش جەريا-

ئىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان قول يازما — بىرىنچى قوللۇق مەلۇمات (1) ھېسابلىنىدۇ. بىز يازماقچى بولغان دەۋرگە ئائىت يەنە بىر كىتابنىڭ تېكىستى نەقشبەندى تەرىقىتىنىڭ دەسلەپكى شەيخى باھائۇددىن مۇھەممەد بىن مۇھەممەد ئەل - بۇخارىنىڭ (ھىجرىيە 718 — 792 = مىلادى 1318 — 1389) قىممەتلىك سۆزلىرى، كارامەتلىرى، ھېكايىلىرىنى ئاڭلىتىدىغان «رىسالەئى باھائىيە» دېگەن قوليازمىدا ئورۇن ئالغان(2). يەنە شۇ دەۋرگە ئائىت ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىن ناسىرنىڭ سەمەرقەنتتىكى مەدرىسىگە تەئەللۇق كىتابلارنىڭ پارچىلىرىمۇ بېسىلدى(3). ئەمما ئۈچ كىتابتا بىرنەچچە ئىسىم ۋە ئۇنۋاندىن باشقا، تېمىمىز ئۈچۈن مۇھىم نەرسىلەر تېپىلمىدى.

(1) بۇ كىتاب A. ئىنوستىرانتسوۋ تەرىپىدىن ئېتنوگرافىيە ۋە ئانتروپولوگىيە ئوزبېكى مەجمۇئەسىدە (لېنىنگراد، 1917 — 1925، V جىلد. 553—556 - بەتلىرى) بېسىلغان. بۇ كىتاب توركىستان ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى مەجمۇئەسى (IX جىلد، 43 — 47 - بەتلەر) دە ئالاھىدە بېسىلدى، توركچە تەرجىمىسىنى زەكى ۋەلىدى توغان ئۆزى قىلغانىدى (توغان: «قاراخانىيلار» 43 - بەت).

(2) قەيسەرى رەشىدى ئەپەندى كىتابخانىسى 1110 - نومۇر، 65 - بەت. ئاپتورى ۋە يېزىلىش تارىخى بېكىتىلمىگەن. ز. ۋ. توغان غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن شەمسۇلمۇلك ئەبۇل ھەسەن ناسىر بىن ئىبراھىم (1068 — 1080) تەرىپىدىن ياسىتىلغان رىباتى مەلىكىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە يېزىلغان تېكىستىنىڭ بۇ ئەسەردە بارلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى («قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت بەزى خاتىرىلەر». تۈرك يۇرتى مەجمۇئەسى، 1966 - يىلى، نويابىر، 7 -، 10 - بەتلەر

(3) بۇ كىتابنىڭ پارچىلىرى ئۈستىدە پەقەت «دۆلەتلىلاھ» ۋە «ئەل - ۋاھىد - ئەل قاھھار» سۆزلىرىنىلا ئوقۇش مۇمكىن بولدى. بۇ كىتابلار بىلەن تېما بولغان مەدرىسە ھەققىدە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، ئەمەل ئەسىنىڭ «بۆرى تېكىن تامغاچ بۇغرا قاراخاقان ئىبراھىمنىڭ (ھ. 444—460؛ م. 1052—1068) سەمەرقەنتتە تىكلىگەن ئابىدىلىرى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. «سەنئەت تارىخى يىللىقى»، VIII، ئىستانبول، 1979، 37 -، 55 - بەت.



## پۇللار

قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قۇيدۇرۇلغان پۇللاردىن مۇھىم بىر قىسمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. بۇ پۇللار بىز تەتقىق قىلماقچى بولغان تېما ئۈستىدە پەقەت بەزى ھۆكۈمدار ئۇنۋانلىرى بىلەن پۇللارنىڭ قۇيۇلغان يېرى، ھۆكۈمەت، رايون ۋە ۋىلايەت مەركەزلىرى جەھەتتىن مەنبەلىرىمىز قاتارىدىن ئورۇن ئالدى(4).

## ۋەقپىلەر

قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى تۈرلۈك شەھەرلەردە بىرمۇنچە لىغان ئىلىم ۋە خەيرىيەت ئورگانلىرى تەسىس قىلىپ، بۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن ۋە قىممەتلىك ۋەقپىلەرنى ئايرىغانىدى. بۇلاردىن پەقەت ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىن ناسىرغا ئائىت بىر مەدرىسە بىلەن يەنە بىر دوختۇرخانا (دارۇل - مارزا) ۋەقپىسى بىزگىچە

(4) قاراخانىيلارنىڭ پۇللىرى ھەققىدە ستانلېي - لانپۇۋلىي stanley - lanepoole, نىڭ catalogue of oriental coins in the British Museum, London, 1876، II, بەت، 120-, 126, 1889, ix, 193 — 197 بەت; ۋە ئا. ماركوۋنىڭ in ventarniy katalog Musulmanskih Monet impratorskago Ermitaja, petersburg, 1896—1904، 192— 294، 849 — 852 — 883—924 بەتلەرگە ھەمدە ئەھمەد تەۋھىد: «مۇزەيى ھۇمايۇن مەسكۇكاتى قەدىمەئى ئىسلامىيە كاتالوگى»، ئىستانبول، 1321، IV، 1 — 36 - بەتلەرگە قاراڭ. بۇ پۇللاردىن بەزىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ھەققىدە بىبلىئوگرافىك مەلۇمات ئۈچۈن، پرىتساكنىڭ قاراخانىيلار ھەققىدە يازغان ماقالىسىگە قاراڭ، 271 - بەت.

يېتىپ كېلەلىدى. تېمىمىز بولغان بۇ ۋەقپە ھۆججەتلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسى نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇلار دەۋرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخىغا ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئائىت بەزى ئورگان ۋە مەمۇرىيەت ئۇنۋانلىرى جەھەتتىن قىممەتلىك بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ(5).

ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىمنىڭ ئوغلى شەمسۇلمۇلكنىڭ (1068 — 1080) نىڭ يادىكارلىقلىرى ئىچىدە رىباتى

(5) بۇ ۋەقپىلەر ۋەقپە تەسىس قىلىش تېمىسىدا ئەڭ قەدىمكى ئىككى ئۆرنەك بولۇپ قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر - بىرىدىن كۆچۈرۈلۈپ ئازغىنا پەرقلىرى بىلىنمۇ تەكرارلىنىپ كەلمەكتە. ز. ۋ. توغان ۋەقپىلەرنىڭ بۇخارالىق فەقىھ بۇرھانۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مازە ئەل - بۇخارىنىڭ فەقىھگە ئائىت «ئەل مۇھىتۇل بۇرھانى» سىنىڭ «شۇرۇت» قىسمىدا (سۈلايمانىيە كۈتۈپخانىسى، نومۇر: 601، $72_a$ — $77_a$) بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇلاردىن مەدرىسە ۋەقپىسىنى قىسمەن نەشر قىلغانىدى (2 - نومۇرلۇق ئىزاھتا نامى كۆرسىتىلگەن ماقالە، 10 - بەت). بۇ ۋەقپىنىڭ كىتابۇل مۇھىتنىڭ ھەمىدىيە (558 - نومۇر 181 — $183_a$) نۇسخىسىدىمۇ بارلىقى بىلدۈرۈلگەنىدى. (يۇسۇپ زىيا قاۋاقچى: «XI ۋە XII ئەسىرلەردە قاراخانىيلار دەۋرىدە ماۋرا ئۇننەھر ئىسلام ھوقۇقچىلىرى»، ئەنقەرە 1976، 109 — 110 - بەتلەر. پەقەت بۇ يەردە قانداق بولمىسۇن بىر خاتالىق بولۇپ، ۋەقپىلەرنىڭ ۋاراقلىرى $189_a$ - $181_b$ قىلىپ خاتىرىلەنگەن). زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ماقالىسىدىن كېيىن، ھەر ئىككى ۋەقپىنىڭ تېكىستلىرى فرانسۇزچە تەرجىمىلىرى بىلەن بىرلىكتە بېسىلدى. (مۇھەممەد قادىر Deux Actes De Waqf D,un Qarahanide D,Asie Centrale, Jurnal Asiatique, tome ccl V/3 — 4 (Paris, 1967) 315 — 320 بەت).



مەلىككە ئائىت بىر ۋەقپىنىڭ بارلىقى بىلىنگەن بولسىمۇ(6)، بۇ ۋەقپە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

## ئارخىپلار، ھۆججەتلەر

تېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسىي ئارخىپ ھۆججەتلىرىنى يەركەن ئەتراپىدا تاسادىپەن تېپىلىپ قالغان بەزى مەھكىمە خاتىرىلىرى بىلەن يەر ئېلىپ-سېتىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. 1911 - يىلى يەركەن ئەتراپىدىكى رابۇلدا تېپىلغان 15 تەك ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە يېزىلغان مەھكىمە قارارلىرى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى مەخسۇس توختاملارنى بېكىتكەن ئىلىم - بېرىم ھۆججەتلىرى بىلەن بىللە پ. پېللىئوت (P. Pelliot) تەرىپىدىن تېپىلغان ئۈچ پارچە ئەرەبچە سودا - سېتىق توغرىسىدىكى ھۆججەتمۇ بىز تەتقىق قىلىۋاتقان تېمىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بىزنى قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىر قىسمى XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا ئائىت بولغان ۋە بىر قىسمىنىڭ تارىخى ئېنىق بولمىغان بۇ ھۆججەتلەر قازىكالان مەھكىمىسى ۋە بۇ مەھكىمىنىڭ رولى توغرۇلۇق بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مۈلكىي ۋە ھەربىي خادىملارنىڭ ئۇنۋانلىرىنى بېكىتىش جەھەتتە بەك ئەھەمىيەتلىك مەنبەلىرىمىز ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى. تېمىمىزغا دائىر ھۆججەتلەردىكى مەھكىمە خاتىرىلىرىنىڭ بىرىدە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشىدا ھۆكۈمدار بىلەن شاھزا-

(6) «رىسالەئى باھائىيە»، قەيسەرى رەشىد ئەپەندى، كۈتۈپخانا نومۇرى 1110، 65 - بەت.

دىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر بىلىملەرمۇ بار(2).

## ئەسەرلەر

### a خۇسۇسىي ئەسەرلەر:

تېمىمىزنىڭ مەنبەلىرى جەھەتتىن ئالدىنقى ئورۇننى شۈبھىسىزكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1069 — 1070 - يىللىرى يازغان «قۇتادغۇ بىلىگ» دېگەن ئەسىرى ئىگىلەيدۇ. بىز بالاساغۇندا تۇغۇلغان يۈسۈپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكىنى «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ تەتقىقاتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كېيىن

(7) 1911 - يىلى تېپىلغان 15 پارچە ھۆججەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى Library of the scool of oriental and African Studies (نومۇر: 63) دە ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئەرەبچە بىر نۇسخىسى V. بارتولد (V. Barthold) (The Bughrakhan Mentioned in the تەرىپىدىن Qutadgu Bilig Bsos III (1923), 151 — 158 - بەتلەر؛ تۈركچە تەرجىمىسى: راغىب خۇلۇسى: «قۇتادغۇ بىلىگ دە زىكرى قىلىنغان بۇغراخان كىم دۇر؟». TM (1925) 221 — 226 - بەتلەر (تارىخىي ھىجرىيە 474 ياكى 494)، ئۇيغۇرچە يېزىلغان بەش پارچىسى شىناسى تېكىن تەرىپىدىن (تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى ئىسلامى ئۇيغۇرچە تېكىستلەر: «ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت يەر سېتىش ھۆججەتلىرى»، «سەلجۇقىيلەر» تەتقىقات مەجمۇئەسى، IV، ئەنقەرە، 1975، 157 — 186 - بەتلەر، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تارىخىي يىللىرى: 1080 ۋە 1090) نەشر قىلىندى. P. پېللىئوت تەرىپىدىن تېپىلغان ئۈچ پارچە ئەرەبچە يەر سېتىش ھۆججەتلىرى مۇندىن بۇرۇنراق خۇئارت (ci. Huart Trois Actes Notaries Arabes de yarkend' تەرىپىدىن Jurnal Asiatigue') 4 جىلد (1914)، 607 — 627 - بەتلەر، تارىخىي ھىجرىيە 489، 505، 508) نەشر قىلىنغانىدى.



قەشقەرگە كەلگەن يۈسۈپ ئۆزى يېزىشقا باشلىغان ئەسىرىنى بۇ يەردە تاماملاپ، قەشقەر ھۆكۈمدارى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇئەلى ھەسەن بىن سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەر خاقان تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان، يۈسۈپمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سارايغا كەلتۈرۈلۈپ ئەبۇئەلى ھەسەننىڭ خاس ھاجىپلىقىغا كۆتۈرۈلگەن. ئەمما يۈسۈپ قەشقەرگە كەلمەستىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدارە قىلىش ئىشلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرگە ۋە ئەنئەنىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەرگە ئىگە ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بالاساغۇندا ياكى قاراخانىيلارنىڭ باشقا مەركەزلىرىدە بىرمەزگىل ساراي خىزمىتىدە بولغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ خاس ھاجىپ بولماستىن بۇرۇن يازغان بۇ ئەسەر قاراخانىيلارنىڭ ساراي تەشكىلاتى، بۇ تەشكىلات ئىچىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە كۈتۈش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئەڭ ئىنچىكە مۇپەسسەل بولغان بارلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىگ» قاراخانىيلارنىڭ ساراي تەشكىلاتى تۈزۈلۈشىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، يۈسۈپنىڭ مەركەزدىكى سىياسىي - مەمۇرىي، ھەربىي تەشكىلاتلار، نائىبلىق، مۇپەتتىشلىك ۋە قازىلىق جەھەتلىرىدىمۇ خەۋىرى بولۇپ، ئۇ ساراي تەشكىلاتى ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئۇنىڭ تۈرلۈك مەمۇرىيەتلەر، مەمۇرىيەت ئۇنۋانلىرى ۋە دۆلەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا يېزىلغان پىكىرلىرىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. دېمەك، پۈتۈن بۇ خۇسۇسىيەتلەر تۈپەيلىدىن بىز كىتابىمىزنىڭ يېزىلىشتىكى ئەسلى مەقسىتى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىنى چۈشەندۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئورگانلىرىغا نىسبەت قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. «قۇتادغۇ بىلىگ» نى تېمىمىزغا مۇناس-

ۋەتلىك بىردىنبىر نادىر ئەسەر دەپ ھېسابلىشىمىزدىكى يەنە بىر
سەۋەب، يۈسۈپ بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلىش بىلەن بىللە،
ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت تەش-
كىلاتىنى جانلىق بىر ئۈلگە سۈپىتىدە كىشىلەرگە بىلدۈرمەك-
چى بولغانلىقىدىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ ئۆز
خىيالىدا جانلاندۇرغان سىياسىي تەشكىلاتنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا
تىرىشقان بىر پەيلاسوپ سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى قاراخانىيلار-
نىڭ دۆلەت تەشكىلاتىنى ئىنتايىن ياخشى بىلگەن ۋە بۇ تەش-
كىلاتتا خاس ھاجىپلىقتا ئوخشاش يۇقىرى ۋەزىپىنى زىممىسىگە
ئالغان بىر دۆلەت ئەركانى سۈپىتىدە بۇ ئەسەرنى يازغان. بۇمۇ
ئۇنىڭ ئەسىرىنى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى تېمىسىدا
يېزىلغان خاس بىر ئەسەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىمىزغا يېتەر-
لىك سەۋەبتۇر.

يۈسۈپنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى ۋە ھۆكۈمدار تېمىسىدا
يازغانلىرىنى، تاكى ھۇنلار زامانىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ
كەلگەن تۈركىي خەلقلەردىكى ھاكىمىيەت ئۇقۇمى ۋە ھۆكۈمدار
چۈشەنچىسىنىڭ ئېنىق بىر ئىپادىسى دەپ ئېيتالايمىز. شۇنداقلا،
«قۇتادغۇ بىلىگ» ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئادالەت چۈ-
شەنچىسى ۋە قانۇن تېمىلىرىنى يورۇتۇش جەھەتتىنمۇ قولىمىزدا
بار بولغان ئەڭ قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ
بۇ تېمىدىكى نەسىھەتلىرىنى ئۇنىڭ ئۆز خىيالىدا جانلاندۇرغان
ئىدىيىلار بولماستىن بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى دۆلەت
تەلىماتلىرىنىڭ تەقەززاسى بولغان ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرەر كۆرۈ-
نۈشى دەپ قوبۇل قىلساق، خاتا قىلغان بولمايمىز. ئۇ ھەربىر
تېمىنى ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ نەسىھەتلىرى ۋە ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ
شېئىرلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن پاي-
دىلىنىپ يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. يۈسۈپ



ئۆز ئەسىرىدە 400 دىن ئارتۇق يەردە بۇ ئۆرنەكلەردىن دەل
جايىدا پايدىلانغان. ئۇ، تېمىسىنى نەزم شەكلىدە ئىشلىگەنلىكى
ۋە بۇ قەدىمكى ماتېرىياللىرىنىمۇ ئۆز شېئىر قېلىپلىرى ئىچىگە
كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، 6645 بېيىتلىك بۇ ئەسىرىدە بۇ ماتېرىيال-
نىڭ مىقدارىنى ئېنىق بېكىتىشكە مۇمكىنچىلىك بولسىمۇ، بۇ
بېيىتلارنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بەشتىن بىرى قەدىمكى ماتېرى-
ياللاردىن تەشكىل بولغان دېسەك، خاتالاشمايمىز.

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىگ» ئالدى بىلەن بۇ جەھەتتىن
ئىدارە قىلغۇچىلارغا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە چۈشىنىشنىڭ
ئاساسىي ئامىللىرىنى ئۆگەتكەن مەشھۇر بىر «سىياسەتنامە» بو-
لۇشتىن تاشقىرى، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ
ئەڭ مۇھىم خەزىنىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. مانا شۇنداق
بولۇش بىلەن بىرلىكتە ئەسەرنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلۇشى،
ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشى ۋە نەشىر قىلىنىشى، ئەمما
قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدە تېخى بىر تەتقىقات
تېمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلمىگەنلىكى بىزنىڭ بۇ ھەقتە ئىشلىشى-
مىزگە تۈرتكە بولدى. بۇ جەھەتتىن تەقدىم قىلىنغان ئەمگىكى-
مىزنىڭ ئانا مەنبەسى «قۇتادغۇ بىلىگ» دۇر. كۆپلىگەن مەسىلى-
لەردە باشقا مەنبەلەردىن نەپ ئالالمىغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن
يالغۇز «قۇتادغۇ بىلىگ» كىلا باغلىق بولۇپ قالماسلىقىمىز
كېرەك، ئەلۋەتتە. شۇڭا، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى جە-
ھەتتە بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىلىملىرىنى تەتقىق قىلىش
ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشقا تىرىشقان-
دىلا، ئاندىن ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى
تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە پايدىلىق نەتىجىلەرنى قولغا

كەلتۈرگىلى بولىدۇ(8).

b. ئومۇمىي ئەسەرلەر:

تېپىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ئەسەرلەر ئىچىدە يەنە بىر ئۇيغۇر ئاپتورىنىڭ نادىر ئەسىرى — مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بار. بۇ ئەسەر مىلادى 1074 - يىلى يېزىپ تاماملانغان ۋە ئاببابسىيلار خەلىپىسى ئەل - مۇقتەدى بىئەمرۇللاھقا سۇنۇلغان. كىتابىنىڭ نامىدىنلا بىز بۇ نادىر ئەسەرنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ شېئىر ۋە ئېغىز - ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ھەجىملىك بىر قامۇس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئەسەر ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي خەزىنىسى بولۇپ قالىدى. بۇ ئەسەردە تۈرلۈك سۆزلەرگە تەبىر بەرگەندە، ئۆرنەكلەر بېرىلىش بىلەن تەڭ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيىسىگە، تارىخىغا، ئېتنوگرافىيىسىگە، داستان ۋە ئەپسانىلىرىگە ئائىت ئىنتايىن قىممەتلىك بىلىملەرمۇ بېرىلگەن. بۇ ئەسەردە يەنە ئۇيغۇر -

(8) 1825 - يىلىدىن بېرى ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرىنىڭ تۈرلۈك نەشىر ۋە تەرجىملىرى بولغىنىدەك، ر. ر. ئارات تەرىپىدىن بەك مۇكەممەل بىر نەشرى ۋە بۈگۈنكى تۈركچە تەرجىمىسىمۇ ئىشلەنگەنىدى [رەشىد رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇ بىلىگ I» (تېكىست): ئىستانبۇل، 1947؛ رەشىد رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇ بىلىگ II» (تەرجىمىسى)، ئەنقەرە، 1959 - 2 - باسمىسى، 1974]. I تومىنىڭ كىرىشىدە ئەسەرنىڭ يېزىلغان دەۋرى، ئاپتورى ۋە دىققىتىمىزگە سۇنۇلغان ھۆكۈمدار بىلەن بۈگۈن قولىمىزدىكى بار نۇسخىلىرى ھەققىدە كەڭ مەلۇمات بېرىلگەن. II تومىنىڭ كىرىش سۆزىدە بۇرۇنقى نەشىر ۋە تەرجىمە پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقا مەلۇمات بېرىلگەن. بىز بۇ تەتقىقاتلىرىمىزدا ئاراتنىڭ نەشر ۋە تەرجىمىنى قوللاندۇق.



تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتى، ئادەتلىرى، يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچەكى، تۇرالغۇ جايلىرى، قوراللار، تۈرلۈك ماددىي مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئائىت ئىنتايىن مول ماتېرىياللار تىلغا ئېلىنغان. مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئەسەردە ئۆز نەسەبىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىگزادىلىرىدىن كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالغان ۋە قاراخانىيلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بەزى مۇھىم شەخسلەردىن، مەسىلەن، مۇھەممەد چاقىرتۇگاخان ئوغلى ئىنزامەددىن ئىسرافىل تۇغان تېكىندىن بەزى رىۋايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرگەن. مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنىمۇ بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ ئەسىرىنى دىققەت بىلەن قىلىنغان بىر تەتقىقات نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭ خاقانلار ئائىلىسىگە ئائىت بەزى ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھۆكۈمدار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغانلارنىڭ لەقەب ۋە ئۇنۋانلىرى بىلەن بەزى دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانلىرى، بولۇپمۇ ھەربىي تەشكىلات ۋە قوراللار تېمىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن خېلىلا كەڭ بولغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» تېمىلاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يورۇتۇپ بېرەلمىگەن جايلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە ھېسابلىنىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن، ئەينى دەۋر ۋە ئەينى مۇھىت يېتىشتۈرگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى

توغرىسىدىكى مەلۇماتلار جەھەتتە بىر - بىرىنى تولۇقلاپ كەلگەن(9).

مەنبەلىرىمىز ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپمۇ ماۋرا- ئۇننەھىر ۋەقەلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بەرگەن نەرشاھىنىڭ «تارىخىي بۇخارا» سى سامانىيلار ھۆكۈمدارى نۇھ بىن مەنسۇرغا (مىلادى 943 — 954) تەقدىم قىلىنغان بىر ئەسەر بولغانلىق- تىن، تېمىمىزغا مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ قولىمىزدا بار تېكىستى يەنى دەسلەپتە 1128 - يىلى ئەھمەد بىن ناسىر ئەل - قاباۋىي تەرىپىدىن، كېيىن يەنە XII ئەسىر ئاپتورلىرى- دىن مۇھەممەد بىن زۇفەر تەرىپىدىن نۇرغۇن ئىلاۋىلار بىلەن 1178 - يىلى پارسچىغا قىلىنغان تەرجىمىسى بىز تەتقىق قىلىۋاتقان بۇ تېمىغا ئالاقىدار قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەسەردە ماۋرا ئۇننەھىردىكى قاراخا- نىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بىناكارلىق پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بولغىنىغا ئوخشاش، قاراخانىيلارنىڭ

(9) ئۇيغۇرچە - ئەرەبچە ئېنسىكلوپېدىك لۇغەت خاراكتېرىدە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» كىلىسلى رىفات (بىلگە) تەرىپىدىن ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغانىدى (ئامىرە مەتبەسى، ھىجرى 1333 — 1335/مىلادى 1915 — 1917). بۇ نەشىردىن كېيىن، پۈتۈن ئەسەر ئۈستىدە دەسلەپ جىددىي تەتقى- قات ئېلىپ بارغۇچى C. بىروككېلمان (Brockelmann) تەرىپىدىن دىۋاندىكى پۈتۈن سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلىنىپ ئىزاھلاندى.

Mitteltürkischer Wortschatz Nach Mahmud al - kasgar,is Dı- van Lugat al - Türk, Biblietheca orientalis Hungarica l, Buda- pest - Leipzig, 1928). ئاخىردا بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىسى، تۈرك تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن، كىلىسلى رىفاتنىڭ نەشرىگە ئوخشاشتۇرۇلۇپ ئۈچ توم قىلىپ 1939 — 1941 - يىللىرى ئارىسىدا نەشر قىلىندى. بۇ ئەمگىكىمىزدە بىز كىلىسلى نەشرى بىلەن ئاتالاي تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرۇپ قوللاندۇق.



ساراي ئىشلىرى بىلەن بەزى ئىدارە ئىشلىرىنىمۇ يورۇتۇپ بېرىلگەن(10).

ماۋرا ئۇننەھىردىكى قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىل- لىرىدە قىلىچ ئارسلانخان ئوسمان بىن ئىبراھىم ۋەلىئەھد بولغان مەزگىلدە ئۇنىڭ كاتىبات دىۋانىنىڭ رەئىسلىكىنى ئاتقۇرغان مۇھەممەد ئەۋفىنىڭ «لوبابۇل - ئەلباب»(11)، «جەۋامىئۇل ھىكايەت» ۋە «لەۋامىئۇر - رىۋايەت» (12) ناملىق ئەسەرلىرىمۇ بىزنى بەزى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگەنلىكى

(10) ئەسەر Ch.Schefer تەرىپىدىن دەسلەپ تېمەن ھەمدە باشقا بەزى پارسچە تېكىستلار بىلەن بىرلىكتە فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بەت ئاستى ئىزاھلار قوشۇلۇپ نەشر قىلىنغانىدى. (chrestomathie persane، paris، 1883). كېيىن يەنە Schefer تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. (Description Topographique et Historique de Boughara, Publication de IL, Ecole des Langues orientales vivanates, III, series. vol. XIII, Paris, 1892). Schefr نەشرى ئاساس قىلىنىپ، تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورلىرىدىن رازاۋىيىنىڭ نەشرى (تېھران، 1317 س.) بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، بەت ئاستى ئىزاھلار قوشۇلۇپ ئىشلەنگەن ئەرەبچە بىر ياخشى تەر- جىمىسىمۇ نەشر قىلىندى. («تارىخىي بۇخارا» نى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغۇچىلار: ئەمىن ئابدۇلمەجىد بەدەۋى - ناسرۇللاھ، مۇبەششىر ئەتتىرا- زى، قاھىرە، 1965). بىز، ئەسەرنىڭ بۇ ئەرەبچە تەرجىمىسىدىن پايدىلاندۇق.

(11) مۇھەممەد ئەۋفى: «لۇبا بۇل — ئەلباب» سەئىد نەفى، تېھران نەشرى، 1335 بەت،

(12) مۇھەممەد ئەۋفى: «جەۋامىئۇل — ھىكايەت» ۋە «لەۋامىئۇر - رىۋايەت» (بىز ئىشلەۋاتقان تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى) نەشرى. V. بارتولد Turkestan vi Epohu Mongoskapo Nasestviya S. Petersburg, 1898، C. 1. (تېكىستلەر)، 83 - 101 (V. بارتولد ئەسەرنىڭ نامىنى بۇ يەردە «جامىئۇل - ھىكايەت» ۋە «لامىئۇر - رىۋايەت» دەپ خاتا يازغان).

ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك مەنبەلىرىمىز ئىچىدىن ئورۇن ئالدى. بولۇپمۇ «جەۋامىئۇل ـ ھىكايەت» تە ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىلەن ئوغلى شەمسۇلمۈلك ناسىر دەۋرىدە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە بۇ دەۋردە ئورنىتىلغان تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگىنىدەك ھۆكۈمدار ئۆلىمالار مۇناسىۋەتلىرى تېپىسىدىمۇ قىممەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ.

سەمئانى يازغان «كىتابۇل ئەنساب» (13) مۇ بىز مەشغۇل بولۇۋاتقان دەۋرگە ئائىت قازىلىق، مۇئەللىملىك، خاتىپلىق ھەتتا قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىغا ئۇستات بولغان بەزى ئالىملار ۋە بۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەمدە ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر بەزى مۇھىم مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

XI ئەسىر شائىرلىرى ۋە يازغۇچىلىرىدىن نىزامى ئارۇزىي 1156 ـ 1157 ـ يىللىرى گۇرلۇق شاھزادىلىرىدىن ئەبۇل ھەسەن مۇسامەددىن ئەلى نامىغا يازغان «چاھار ماقالە» (14) سىدە غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھىمايىسىدىكى شائىر ۋە ئالىملار بىلەن ھۆكۈمدارلارنىڭ كېڭەش ـ يىغىنلىرى، سۆھبەت ـ مەجلىسلىرى، كۆرەكلەر ۋە بەزى مەمۇرىيەتلەر ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ يىرىك تارىخچىسى سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىبنۇل ئەسىرنىڭ (ئەبۇل ھەسەن ئىززەددىن بىن مۇھەممەد ئەل جەزەرى، 1232 ـ يىلى

(13) سەمئانى: «كىتابۇل ـ ئەنساب» (تېمىغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى) V. بارتولد، «تۈركىستان» I نەشرى، 52 ـ، 69 ـ بەتلەر.

(14) نىزامى ئارۇزى سەمەرقەندى (ئەھمەد بىن ئۆمەر بىن ئەلى): «چاھار ماقالە» مۇھەممەد مۇئىن، تېھران نەشرى، 1341 س.



ۋاپات بولغان) «ئەل كامىل فىت ـ تارىخى» دېگەن كىتابى يالغۇز قاراخانىيلار تارىخى جەھەتتىنلا ئەمەس، پۈتۈن تۈرك قوۋملىرى ۋە دۆلەتلىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسى تارىخى جەھەتتىنمۇ ئەڭ نادىر ئەسەر دەپ تونۇلغانىدى (15). بىراق، ئىبنۇل ئەسىر شۇ چاغلاردا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەرنى كۆپىرەك خرونولوگىك ئۇسۇل بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ يازغانلىقتىن، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلات شەكلىدىن بەرگەن مەلۇماتى قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا بەكمۇ ئاز بولۇپ قالغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۇنۋانلىرى، ئۇلارنىڭ شەخسىيەتلىرى، خەلق ۋە ئۆلىمالار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە ئوخشاش تېمىلار بىلەن ۋەلىئەھدىلىك ۋە ھۆكۈمدار نائىبلىقى ھەققىدىكى بەزى مەلۇماتلار تېمىمىزنى يورۇتۇش جەھەتتىن پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئابباسىي خەلىپىلىرىدىن ئۇنۋان ۋە تونلار ئالغانلىقىغا دائىر خاتىرىلىرىمۇ تېمىمىزغا ماتېرىيال بولالايدۇ.

سەلجۇقىيلار ۋەزىرى نىزامۇلمۈلك يېزىپ سۇلتان مەلىكشاھقا تەقدىم قىلغان مەشھۇر ئەسەر «سىياسەتنامە» دىمۇ بىزگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئىرانلىق نىزامۇلمۈلك بۇ ئەسەرنى يازغاندا، ساسانىي، سامانىي ۋە غەزنەۋىي دۆلەتلىرىنىڭ تەشكىلاتلىرىدىن ئۆرنەكلەر بېرىش بىلەن بىللە ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە

(15) بۇ ئەسەرنىڭ تۈرلۈك نەشرلىرى بار، بىز بۇ ئەمگىكىمىزدە بەزى كىچىك تۈزىتىشلەر بىلەن بىرلىكتە، تورنبېرگ نەشرى ئاساس قىلىنىپ، ئىشلەنگەن بېيرۇت باسمىسىدىن پايدىلاندۇق **(دارى سادىر ـ دارى بېيرۇت، 1965 ـ 1966).**

ئەنئەنىلىرىگىمۇ ئىشارەت قىلغان ۋە بۇ جەھەتتىن بىزنىڭ تېمىمىزنى يورۇتۇپ بەرگەن(16).

1282 - يىللىرى ئەل جەۋھەرىنىڭ «ئەس سۇرراخ فىل لۇغاتىت» ناملىق ئەرەبچە سۆزلۈكىنى پارسچىغا تەرجىمە قىلغان جامال قارشى (ئەبۇل فەزل بىن مۇھەممەد) نىڭ XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرگە «مۇلھاقاتۇس - سۇرراھ»(17) نامى بىلەن يازغان ئىلاۋىسىمۇ بىز پايدىلانغان مەنبەلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان. بەزى شەيخ ۋە ئالىملارنىڭ ھاياتى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن جامال قارشىنىڭ قاراخانىيلار خاقانلىرى تارىخىغا دائىر مەلۇماتلىرىمۇ بەك قىممەتلىكتۇر. ئەمما، مۇھىم مەنبەلەردىن بەزىلىرىگە ئوخشاش، قاراخانىيلار-نىڭ سىياسىي تارىخىنى يورۇتۇش جەھەتتىن قىممەتلىك بولغان بۇ ئەسەردىمۇ تېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار بەكمۇ ئاز.

ھىجرىيە 365 — 412 (مىلادى 975/4 — 1021/2) يىللىرىدىكى ۋەقەلەرنى بەك تەپسىلىي خاتىرىلىۋالغان ئەل ئۇتبى (ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد بىن ئابدۇجاپپار) سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي نامىغا «تارىخى يەمىنى» دېگەن بىر ئەسەرنى يازغانىدى(18)؛ ئۇ ھىجرىيە 409 (1018/19)

(16) بۇ ئەسەرنىڭ بىرنەچچە نەشرى ۋە تەرجىمىلىرى بولۇپ، ئاخىرىدا مەھەممەت ئالتاي كۆيمەن تەرىپىدىن «سىيەرۇل - مۇلۇك» ياكى «سىياسەتنامە» دېگەن نام (پارسچە تېكىست) بىلەن نەشر قىلىندى (ئەنقەرە، 1976). بىز ئەسەرنىڭ بۇ نەشرىدىن پايدىلاندۇق.

(17) «مۇلھاقاتۇس - سۇراھ». نەشر. V. بارتولد، Turkstan 128 — 152.

(18) «تارىخي يەمىنى» (شەيخ ئەھمەد ئەل - مانىنىڭ شەرھى بىلەن بىرلىكتە)، I، II توم. قاھىرە، 1286 - بەتلەر.



يىلىدىن باشلاپ، 30 توملۇق «غەزنەۋىيلەر تارىخى» نى يېزىشقا كىرىشكەنىدى. ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ سۇلتان مەسئۇد I (1030 — 1041) دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىلا قولىمىزغا چۈشۈرەلىدۇق. ئەبۇل فەزل مۇھەممەد بىن ھۈسەيىن ئەل بەيھەقى (مىلادى 1077/8 - يىلى ۋاپات بولغان) «تارىخي بەيھەقى»(19) دېگەن ئەسەرنى يازغانىدى، ئۇ يەنە 1032 - يىلىغىچە «خەلىپىلەر تارىخى» دېگەن يەنە بىر ئەسەرنىمۇ يازغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1041 - يىلىغا قەدەر خۇراسان ۋەقەلىرىنى خاتىرىلىۋالغانىدى. بۇ ئەسەرلەرگە ئۇيغۇر - تۈركىي قوۋملەرگە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك بابلارنى قوشۇمچە قىلغانىدى؛ ئەبۇسەئىد ئابدۇلھەي بىن زەھھاك گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئاخبارى» (20) دېگەن كىتابىمۇ مەنبەلىرىمىز ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ئۈچ ئەسەردە قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخى جەھەتتە ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. پەقەت گەردىزىنىڭ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ سۇلتان مەھمۇدقا ھەدىيە قىلغان غۇلاملىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى بىلەن بەيھەقىنىڭ «ئۆگە»، «ھاجىپ»، «كەتخۇدا» (ئىچكى ئىشلارغا مەسئۇل خادىم) ۋە باشقىلارغا ئوخشاش قاراخانىيلارنىڭ مەنسۇرىيەت خادىملىرىنىڭ ناملىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى بىزنىڭ تېمىمىزنى يورۇتۇپ بېرىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى.

(19) ھاجى ئەبۇل — فەزل مۇھەممەد بىن ھۈسەين بەيھەقى: «تارىخي بەيھەقى» ئەل - ئەكبەر فەيياز، مەشھەد، نەشرى 1370 بەت.

(20) گەردىزى (ئەبۇ سەئىد ئابدۇلھەي بىن زەھھاك) «زەينۇل ئاخبارى»، نەشر، ئابدۇلھەي ھەبىبى، تېھران، 1347 س. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز تەتقىق قىلىنىۋاتقان دەۋرنىڭ ۋەقەلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنىڭ نەشرى. V. بارتولد، «تۈركىستان» I، 1 — 22 - بەت.

XV ئەسىردە ياشىغانلىقى تەخمىن قىلىنغان ئەھمەد بىن مۇھەممەد (مۇئمىنۇل فۇقەرا) (21) «مۇللازادە» (22) دېگەن كىتابدا قاراخانىيلار دەۋرى بۇخارادا قازىلىق قىلغان ياكى غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان بەزى ئۆلىمالارنىڭ ھاياتى توغرىلىق خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ خاتىرىلەرمۇ بىزگە بەزى مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ھىبەتۇللاھ بىن مۇھەممەد ئەلتەبەرىنىڭ XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلىشقا باشلاپ، قاراخانىيلار شاھزادىلىرىدىن تۇغان تېكىنگە تەقدىم قىلىنغان پارسچە تىببىي كىتابىنىڭ باش تەرىپىگە بىر خاتىرە (23) تىما قىلىنغان. بۇ خاتىرىدە XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي قاراخانىيلار تارمىقىغا تەۋە بەزى ھۆكۈمرانلار بىلەن شاھزادىلەرنىڭ نەسەبلىرى قىسمەن تىلغا ئېلىنغان، شۇڭا، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسىم ۋە لەقەبلىرىنى بېكىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشتا بۇ خاتىرىدىنمۇ پايدىلاندۇق.

تۈرك تارىخچىسى مۇنەججىم بېشىنىڭ (شەيخ ئەھمەد ئەپەندى) «ساھائىفۇل ئاخبارى» (ھىجرىيە 1092 - يىلى،

---

(21) ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئەسىرى ھەققىدە بارتولدنىڭ «تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ 58- بېتىگە قارالسۇن.

(22) نەشرى، بارتولد: «تۈركىستان»I. 166 -، 172 - بەتلەر.

(23) مانسا ئۇمۇمىي كىتابخانىسى، 1795 - نومۇرلۇق ئەسەردىكى بۇ خاتىرىنىڭ تېكىستى ز. ۋ. توغان يازغان «قاراخانىلار تارىخىغا دائىر بەزى خاتىرىلەر» دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن. تۈرك يۇرتى 11/١٥٧ - بەت.



مىلادى 1681 - يىلى يېزىلغان) (24) دېگەن ئەسىرىمۇ تېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان قىممەتلىك بىر ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر گەرچە قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخىنى يورۇتۇشتا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار بەك ئازدۇر.

سىبىت ئىبنۇل جەۋزىنىڭ (مىلادى 1257 - يىلى ۋاپات بولغان) «مىر ئاتۇز زامان فى تارىخىل ئايان» (25) دېگەن ئەسىرى سەدرۇددىن (ئەبۇل - ھەسەن ئەلى بىن ناسىربىن ئەلى) ئەل ھۈسەيىنىنىڭ «ئاخبارۇد - دەۋلەتىس سەلچۇقىيە» (26) دېگەن ئەسىرىمۇ ئالىپ ئارسلان ۋە مەلىكشاھ زامانىدىكى سەلچۇقىيلار بىلەن قاراخانىيلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە پايدىلىق بولۇپ، خۇسۇسەن ئاخىبارنىڭ مەلىكشاھ شەمسۇلمۇلك مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت خاتىرىلىرى بىز پايدىلانغان مەلۇماتلار ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭدەك ئىمادۇددىن ئەل كاتىپ ئەل ئىسفاھانىنىڭ ئەل بۇندارى تەرىپىدىن قىسقارتىلغان «زۇبدەتۇن نۇسرا ۋە نۇھبەتۇل ئۇسرا» (27) ناملىق خاتىرىسىمۇ تېمىمىزنى يورۇتۇپ بېرىشتە پايدىلىق رول ئوينىدى.

---

(24) مۇنەججىم بېشى، «جامىئۇد - دۇۋەل» (شائىر نەدىم باشلىقىدىكى ھەيئەت تەرجىمىسى. «ساھائىفۇل - ئاخبار فى ۋاقايىئىل ئاسار»، ئىستانبول، 1286؛ نەجاتى لۇگال تەرجىمىسى. (قاراخانىيلار قىسمى)، ئىستانبول. 1940.

(25) 1056 -، 1086 - يىللىرى ئارىسىدىكى سەلچۇقىيلار تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنىڭ نەشرى. ئەلى سەۋىم، ئەنقەرە 1968.

(26) «ئاخبارۇد - دەۋلەتىس - سەلچۇقىيە»، تۈركچە تەرجىمىسى، نەجاتى لۇگال. ئەنقەرە 1943.

(27) تۈركچە تەرجىمىسى، قىۋامەددىن بۇرسلان، «ئىراق ۋە خۇراسان سەلچۇقىيلىرى تارىخى»، ئىستانبول، 1943- يىل.

ئاخىرىدا كۆپرەك سۇلتان سەنجەرنىڭ ماۋرائۇننەھر قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە بەزى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ۋە بۇ ئارىدا قاراخانىيلارنىڭ ئىدارە تەشكىلاتىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن دۆلەت ئەركانلىرى ھەققىدە خەت - چەكلەر، مەسىلەن، ھەرقايسى سۇيۇرغاللىقلارغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇپلار(28) مۇشۇ دەۋرنىڭ تارىخىغا ئائىت بىرىنچى قوللۇق ماتېرىيال بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇئەسسەسەلەر ئارىسىدىكى پاراللېللىقنى كۆرسىتىش جەھەتتىن مەنبەلىرىمىز ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى.

### B. تەتقىقاتلار

ھازىرغا قەدەر «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» دېگەن تېمىدا ھېچقانداق بىر تەتقىقات ئەسىرى يېزىلمىدى. لېكىن قاراخانىيلار تارىخى تېما قىلىنغان بەزى تەتقىقاتلاردا قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىغا ئائىت بەزى تەرەپلەر سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.

V. بارتولدنىڭ Turkestan Down to the Mongol Invasion (London, 1928) («موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە تۈركىستان») ناملىق ئەسىرىدە XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار تارىخىغا ئورۇن بېرىلگەن (254 — 322 - بەتلەر). بۇ ئەسەر يېزىلىۋاتقاندا، بۇ ھەقتە بەزى مەنبەلەر تېپىلىپ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت

(28) كۆپرەكى سۇلتان سەنجەرنىڭ مۇنشىسى (باش كاتىپى) مۇنتەجىبۇددىن بەدىنىڭ قەلىمىدىن چىققان مەكتۇپلار. V. بارتولد تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان (توركستان I. ئىنشا، 23 — 47 - بەتلەر).



تەشكىلاتى توغرىسىدا ياخشى بىر تەتقىقات ئېلىپ بارالىغۇدەك ئەھۋال كېلىپ چىقمىغاچقا، ماتېرىيال كەمچىللىكىدىن ... 

كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەسەرنىڭ يېزىلىش مەقسىتى بۇ ھەقتە بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدا بىر يازمىچى بولغان تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر كۆپ ئورۇن ئالالمىغان. بارتولدنىڭ تۈركچە ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىگە يازغان «ئەلى تېكىن»، «بۆرى تېكىن» ۋە «بۇغراخان» قاتارلىق ماددىلىرىمۇ تولىمۇ ئىپتىدائىي ھالەتتە بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە دەرسلەر» (2 - باسمىسى، ئەنقەرە، 1975) ناملىق ئەسىرىدە قاراخانىيلارغا دائىر مەلۇماتلارمۇ تېمىمىزنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئەھمىيىتى ئانچە زور ئەمەس.

قاراخانىيلار تارىخىنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرى ئۈستىدە ھازىرغا قەدەر ئەڭ كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشى ئالىم ئومەلژان پىرىتساك بولدى. ئۇنىڭ Karachanidische Streitfragen 1 — 4 (oriens, 1950 111/209 — 228 بەتلەر) ھەم von den karluk zu den Karachaniden (zDMG, 1951, cI, 270 — 300 بەتلەر) ناملىق ماقالىلىرىدە ۋە ئۇ يازغان تۈركچە ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدىكى «قاراخانىيلار» ماددىسى (VI توم. 251 —، 273 - بەتلەر) دا قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخىغا ئائىت دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغان. پرىتساكنىڭ تۈركچە ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىگە يازغان ماقالىسى Der islam (1 × × ×, 1953 - 54, 17 —، 68 - بەتلەر) دىمۇ ئەينەن بېسىلغان. بىراق، تېمىمىزغا دائىر بۇ ماقالىلەر پەقەت قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخىغا ئائىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، پرىتساكنىڭ ئەگەكلىرى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ،

ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ دۆلەتتە شېرىك (ئورتاق) خاقانلىق بولغانلىقى ۋە خاندان ئەزالىرىنىڭ بىرقانچە كىچىك خاقانلىقلارنى بۆلۈشۈۋېلىپ دەرىجىمۇ-دەرىجە ئالىي خاقانلىققا قەدەر كۆتۈرۈلگەنلىكىگە دائىر قاراشلار بىزنىڭچە زادىلا چايدا بولمىغان. پرىتساكنىڭ Karachanidische studien I — X ناملىق تەتقىقاتى(29) ئەسلىدە ئون بۆلۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دىسسېرتاتسىيە بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، بۇ دىسسېرتاتسىيە تېخى تولۇق بېسىلمىغانلىقى ئۈچۈن كۆرۈپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى.

فۇئاد كۆپرۈلۈ ئۆزىنىڭ «تۈركىيە تارىخى»(30) ۋە «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىستانبۇل، 1926) ناملىق ئەسەرلىرىدە بۇ خاندانلىقنىڭ تارىخى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ۋە ئىككىنچىسىدە (181-، 183- بەتلەر) قاراخانىيلارنىڭ

---

(29) پرىتساكنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن (Karachanidische streifragen، بەت 210). ئۇنىڭ Karachanidische studien ناملىق تەتقىقاتىنىڭ تېمىلىرى مۇنۇلاردۇر:

1· Qara (studie aus der rürkischen Rechtssymbolik، تۈركچە تەرجىمىسى: ز. ۋ. توغان تەتقىقاتى، ئىستانبۇل، 1952)؛
2· Die Herkunft der Karachaniden;
3· von den karluk zu den Karachaniden;
4· Die Alttürkischen Elemente in der ve rfassung des Karachanidishen Reiches;
5· Das Refugium am cu (Qara ordu=Balasagun);
6· Das Dōppelkōnigtum bei den Karachaniden;
7· Der stufenweise Aufstieg bei den Karachaniden;
8· Die titulatur der Karachaniden;
9· Die Karachanidischen türkischen Epitheta;
10· ongun Titel bei den Karachaniden (mit dem Exkurs: paigu und yabgu)·

(30) كۆپرۈلۈزادە مەھەممەد فۇئاد «قاراخانىيلار ياكى خاقانىيە دۆلىتى» 380 - 607ھ (تۈركىيە تارىخى)، ئىستانبۇل. 1923، 1، 106-، 120- بەتلەر).



ھۆكۈمرانلىق تەشكىلاتىنىمۇ تىلغا ئېلىپ، مەمۇرىيەتلەردىن مۇھىملىرىنىڭ نامىنى ئاتاش بىلەنلا كۇپايىلەنگەنىدى.

زەكى ۋەلىدى توغاننىڭمۇ قاراخانىيلار تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەمگەكلىرى بولغانىدى. جۈملىدىن، ئۇنىڭ ئومۇمىي ماھىيەتتىكى ئەمگەكلىرىدە بۇ خاندانىنىڭ تارىخىغا ئورۇن بەرگىنىدەك («ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش سۆز» 2-باسمىسى، ئىستانبۇل، 1970، 58 — 59)، قاراخانىيلار تارىخىنى تېما قىلغان چەكلىك تەتقىقاتلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ «قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت بەزى خاتىرىلەر» (تۈرك يۇرتى V/II 1966-يىلى نويابىر) ناملىق ماقالىسىدە بۇ خاندان ئەزالىرىغا تەئەللۇق بەزى ۋەقىلەر ۋە باشقا تارىخىي خاتىرىلەرگە قاراتقان ئىشارىسى بىز يازماقچى بولغان تېمىمىزغا پايدىلىق بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دۆلەتنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دەرسلەرمۇ كۆپەيتىلدى. («قاراخانىيلار» 840، 1212، 1966 — 1967 دەرس ئىزاھلىرى) ئۇنىڭ بۇ تېما توغرىسىدىكى كۆپ ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇ ئىزاھلار بەزى يېڭىلىق ۋە ئىپادىلىيەش خاتىرىلىرى بىلەن كۆپەيتىلگەنلىكتىن، قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن يورۇتۇپ بېرىشتە پايدىلىق رول ئوينىدى.

ئۆزىنىڭ «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق» (ئىستانبۇل، 1947) ناملىق ئەسىرىدە «قۇتادغۇ بىلىگ»نى «ئۇيغۇرلارنىڭ نادىر ئەسىرى» دەپ قوبۇل قىلغان سەدرى مەقسۇدى ئارسال دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەشكىلاتىغا دائىر بەزى مەلۇماتلارنى ئايرىم بىر بۆلۈم قىلىپ ئۇنىڭغا قىسقىچە باھا بەرگەن (101-، 111- بەتلەر). لېكىن ئۇ «قۇتادغۇ بىلىگ»نى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىكى ئەسىرى دەپ خاتا قىلغاندەك، قوشۇقچىباشى ۋە باشقا خىزمەتلەردە بولغان تۈرلۈك دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە باھا بېرىشتىمۇ

بەزى خاتالىقلارغا يول قويغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇر-
تۈركىي خەلقلىرىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇ-
ماتى جەھەتتە ئارسالنىڭ بۇ ئەسىرى دىققەت قىلىشقا
ئەرزىيدۇ.

كارل بروككېلماننىڭ Hofsprache, in Altturkestan
(Donm Natalicium schrijnen, Nijmegen - utrecht.
1929، 222 - 227 - بەتلەر) ناملىق ماقالىسىمۇ بىزنى قاراخا-
نىيلار دەۋرىدە ھۆكۈمدار ۋە بەگلەرگە نىسبەتەن قوللىنىلغان بەزى
خىتاب شەكىللىرى ۋە ئۇنۋانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار
بىلەن تەمىنلىدى.

F.M گرېناردنىڭ LaLegende de Satok Boghra khan et
Lhistoire (JA، 1900، XIV، 5 - 79 بەتلەر) دېگەن كىتابىنىڭ
تۈركچە تەرجىمىسىنى ئوسمان تۇران ئىشلىگەن. «ساتۇق بۇغ-
راخان داستانى ۋە تارىخ» ئۈلكۈ، 74 -، 145 - 154 - بەتلەر؛
79 - 47 - 52 -؛ 80، 153 - 160 - 82 بەتلەر، 343 - 350 -
83 - بەتلەر، 429 - 436 بەتلەر) ناملىق كىتابىدا ئورۇن ئالغان
مەدھىيىلەر بۈگۈنكى مەلۇماتلىرىمىزنى يورۇتۇپ بېرىشتە ھەرھالدا
بەك قىممەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېكىستىگە ئىلاۋە
بېرىلگەن تەتقىقاتى مىلادى 1032 - يىلىغا قەدەر قاراخانىيلار
سىياسىي تارىخىي جەھەتتىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان
بىر تەتقىقاتتۇر.

خەلىل ئىنالجىق «قۇتادغۇ بىلىگ»دە تۈركىي ۋە ئىران
يۇرتدارچىلىق نەزەرىيىسى ۋە ئەنئەنىلىرى» ناملىق ماقالىسىدە
(رەشىد رەھمەتى ئارات، ئەنقەرە، 1966، 259 - 271 - بەت-
لەر) «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئىپادىسىنى تاپقان ئۇيغۇر - تۈركىي
خەلقلەردىكى ھۆكۈمرانلىق چۈشەنچىسىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇ-
ناسىۋەتلىك بەزى ئەنئەنىلەرنى ياخشى يازغان، شۇڭا، بۇ ما-



قالە بۇ جەھەتتىن ماۋزۇيىمىزنىڭ بىر بۆلۈمىنى يورۇتۇپ
بەردى. بىراق، بۇ ئەسەردە مۇئەللىپنىڭ قەدىمكى ھىندى-
ئىرانلىقلارنىڭ ئەخلاق ۋە سىياسەت قاراشلىرىنىڭ ئىنتايىن
تەسىرلىك بولغانلىقى ھەققىدىكى قارىشى بىرچە بىرئاز مۇبالى-
غىدەك كۆرۈنىدۇ.

ئىبراھىم كافەس ئوغلىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ يېزىلغانلى-
قىنىڭ 900 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «قۇتادغۇبىلىگ
ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» (تارىخ ئىنستىتۇتى
ژۇرنىلى، 1 - سان، ئىستانبۇل، 1970 - يىلى 38 - بەتلەر)
ناملىق ماقالىسى «قۇتادغۇ بىلىگ» ھەققىدە ھازىرغىچە يېزىلغان
ئەڭ ياخشى بىر ماقالە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ ماقالىدە يەنە
«قۇتادغۇ بىلىگ» دە تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ
ھۆكۈمرانلىق كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ
قانۇن ھەم ھوقۇق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىغا ناھايىتى
ئوبدان باھا بېرىلگەن. بۇ ماقالە بىز يازماقچى بولغان تېمى-
نىڭ بىر بۆلۈمىنى يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتە پايدىلىق رول
ئوينىدى. ئۇنىڭ «ئەينى تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» (ئەنقەرە،
1977) ناملىق ئەسىرىدىمۇ تېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى
مەسىلىلەرگە ئىشارەت قىلىنغان.

ج. ئې. بوسۋورتنىڭ ئىنگلىزچە ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىگە يازغان
(Ilek - khans or Kakhanids EI:$^2$C,4, 1113 — 1117
بەتلەر. ناملىق ماقالىسى ئاساسىي جەھەتتىن
پرىتساكنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان. بۇ ماقالىدە
قاراخانىيلار تېمىسىدىكى ئاخىرقى تەتقىقاتلاردىن بىرى بولۇش
سۈپىتى بىلەن ئۇنچىۋالا يېڭىلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان.
بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ، پرىتساك ئوتتۇرىغا قويغان «شىرىك
خاقان» دېگەن ھۆكۈمىنى «ياردەمچى خان = khan

«associte» دەپ ئىپادىلەش ئارقىلىق تېخىمۇ توغرىراق ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭ «سەلچۇقىيلار سۇلتانلىرىغا ئوخشاش قاراخانىيلار خانلىرىنىمۇ ئۆزلىرىنى تەدرىجىي Perso — İslamik (پارس — ئىسلام) مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ كەتتى» دېگەن ھۆكۈمى پاكىتلارغا پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ.

ئەمەل ئەسىننىڭ «بۆرى تېكىن تامغاچ بۇغرا قارا خان ئىبراھىمنىڭ (ھىجرىيە 444 — 460، مىلادىيە 1068 — 1052) سەمەرقەندتە تىكلىگەن ئابىدىلىرى» («سەنئەت تارىخى يىللىقى» VIII، ئىستانبول، 1978 — 37 —، 56 - بەتلەر) ناملىق ماقالىسىدە بولسا، قاراخانىيلارنىڭ بىناكارلىق پائالىيەتلىرىگە جۈملىدىن ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىنا قىلدۇرغان قۇرۇلۇشلارغا كۆپرەك ئورۇن بېرىلگەن.

ئەردوغان مەرچىل قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخى ھەققىدە ياخشى خۇلاسە چىقاردى («قاراخانىيلار، تۈرك دۇنياسى ئەل كىتابى» ئەنقەرە، 1976، 794 —، 799 - بەتلەر).

خەلىل ئەدھەم ستانلى لاتىنە - پولېنىڭ يازغان The Mohammedan Dynesties (westminster ،1894) ناملىق ئەسىرىنى ئاساس قىلىپ، بىرمۇنچە ئۇلاۋىلەر يېزىپ كېڭەيتىش يولى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان «دۆۋەلى ئىسلامىيە» دېگەن ئەسىرىدە (ئىستانبول، 1927) قاراخانىيلار ھەققىدە قىسقىچە توختالغان بولسىمۇ (179 —، 182 - بەتلەر)، مەيلى ئومۇمىي سىياسىي تارىخى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى يېزىۋاتقان تېمىمىزغا نىسبەتەن بولسۇن قىممىتى ئانچە زور ئەمەس.

بىز يەنە فارۇق سۈمەرنىڭ «ئوغۇزلار» («تۈركمەنلەر تارىخلىرى قەبىلە تەشكىلاتى — داستانلىرى» ئەنقەرە، 1967) ناملىق ئەسىرىنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى قىسىملىرىدىن؛ مەھەممەد ئالتايى كۆيمەننىڭ «ئالپ ئارسلان زامانى-



دىكى سەلچۇقىيلارنىڭ شارائىي تەشكىلاتى ۋە تۇرمۇشى» (تارىخ تەتقىقاتلىرى ژۇرنىلى 1966، ئەنقەرە 1968، 1 —، 100 - بەتلەر) بىلەن «ئالپ ئارسلان زامانىدىكى سەلچۇقىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلاتى» (تارىخ تەتقىقاتلىرى ژۇرنىلى 1967، ئەنقەرە، 1970، 1 —، 74 - بەتلەر) ناملىق ماقالىلىرىدىن؛ باھائىددىن ئۆگەلنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» 1، 11، (ئىستانبول، 1971) بىلەن «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش» I — V، (ئەنقەرە، 1978)؛ ئايدىن تانەرىنىڭ «تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسى، تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن» (ئەنقەرە، 1965) ناملىق ئەسەرلىرىنىڭمۇ تېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى جايلىرىدىن پايدىلاندۇق.

## قىسقارتىلمىلار

ئارسال، «ھوقۇق» س. م. ئارسال: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق»

ئاتالاي ب. ئاتالاي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تەرجىمىسى 1 - 11

ب يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» ب = بېيىت نومۇرى.

«بەيھەقى» «تارىخىي بەيھەقى» نەشرى. ئەلى ئەكبەر فەيياز.

«جەۋامى» ئەۋفى: «جەۋامىئۇل - ھىكايەت ۋە لەۋامىئۇر - رىۋايەت» نەشرى. بارتولد

«دەرسلەر» ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە دەرسلەر»

د ل ت (ئىندېكىس) ب. ئاتالاي: «تۈركىي تىللار دىۋانى.

ئىندېكس»
گرېنارد، «تەزكىرە» م. ف. گرېنارد «ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ۋە تارىخ» ئۇ. تۇران تەرجىمىسى
خۇئارت، تروئىس (M.cl.Huart، Trois Actes)
ئاكتېس Notaries Arabes de Yarkend
كافەس ئوغلى، ت.م.ك ئى. كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»
كافەس ئوغلى: «مەلىكشاھ» ئى. كافەس ئوغلى: «سۇلتان مەلىكشاھ دەۋرىدە بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقى»
كارد دېۋكس ئاكتېس M.Khadr Deux Actes De waqf .Dun Qarahonide D,Asie Cent Γale
كېلىسلى «تۈركىي تىللاردىۋانى» نەشرى، كېلىسلى رىفات (بىلگە)، I—III.
كۆيمەن. «ھەربىي تەشكىلات» م.ئا. كۆيمەن: «ئالپ ئارسلان زامانىدىكى سەلچۇقىيلارنىڭ ساراي تەشكىلاتى ۋە تۇرمۇشى»
«لۇباب» ئەۋفى «لۇبابۇل ـ ئەلباب»
«مۇلھاقات» جەمال ئەل ـ قارشى «مۇلھاقاتىس سۇرراخ»
نەرشاھى «تارىخىي بۇخارا»
ئۆگەل «كىرىش» ب. ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش سۆز» I—V.
ئۆگەل: «تۈرك گ چ» ب. ئۆگەل «تۈرك مەدەنىيەتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» I—II



پرىتساك: «قارلۇق» O. pritsak, von den karluk zu den Karachaniden
تۈركىستان، V. Barthold، Turkəstan Down to the Mongol invasion
«تۈركىستان» I V. Barthold Turkestan vi Epohu Mongolskago Naşestviya .I(تېكىستلەر)
ئۇزۇن چارشىلى «مەدخەل» ئى. ھ. ئۇزۇن چارشىلى: «ئوسمانىيلار دۆلىتى تەشكىلاتىغا كىرىش سۆز».

## كىرىش سۆز

840 - يىلى، يۇقىرى يېنسەي رايونىدا ياشاۋاتقان قىرغىزلار ئۇيغۇرلار زېمىنىغا يۈرۈش قىلىپ خاقان تۇرۇۋاتقان جاي ئورخۇن بويىدىكى ئوردۇبالىقنى خاراب قىلدى. ئۇيغۇر قاغانى ئۆلتۈرۈلدى. شۇ ۋەجىدىن ئوردۇبالىققا يېقىن يەرلەردە ياشىغان 13 ئۇيغۇر قەبىلىسى جۇڭگو چېگرىسىغا قاراپ قاچتى. بۇ 13 قەبىلە بىر تەرەپتىن جۇڭگولۇقلارنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن قىرغىزلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ پىتىراپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتتى. قالغان بىر قىسمىنى قىرغىزلار ئەسىر ئالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان باشقا بىر قىسمى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ غەربىدىكى قېرىنداشلىرى ئارىسىغا قاچقانىدى. بۇلار 766 - يىلدىن بېرى ئىلى ۋە چۇ ۋادىلىرىنى تىزگىنلەپ كېلىۋاتقان قارلۇقلاردىن پاناھ ئىزدىمەكچى بولدى. مەلۇم بولۇشىچە، غەربكە قاچقان بۇ ئۇيغۇرلارمۇ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. بىر قىسمى تاڭغۇتلار ئارقىلىق گەنسۇغا كەتكەن ۋە بۇ يەردە 1020 - يىللاردىكى تاڭغۇت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن كىچىك بىر خانلىق قۇرغان. كۆپرەك دەپ پەرەز قىلىنغان يەنە بىر قىسمىغا كەلسەك، بۇلار تەڭرىتاغ بويلىرىغا ماكانلىشىپ، 848 - يىلدىن ئىلگىرى مەڭلىك ئىسىملىك باش قوماندانني خاقان دەپ ئېلان قىلىشتى.



كېيىنچىرەك 866 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئۇلار پۈتكۈل بېشبالىق رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل ئىستىلاسىغا قەدەر داۋام قىلغان باشقا بىر ئۇيغۇر دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. تارىختا بۇلار ئومۇميۈزلۈك «بېشبالىق ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالدى.

X ئەسىردىكى ئىسلام جۇغراپىيونلىرى ئۆتۈكەن بويلىرىدا ۋە بېشبالىق ئەتراپلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئالغاندا، توقۇزغۇز (توقۇز ئوغۇز) لاردىن سۆز ئاچىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ جۇغراپىيونلار 840 - يىلى ئورخۇندىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىقىلىش ۋەقەسىدىن خەۋەردار بولالمىغان ۋە X ئەسىردىمۇ ئۇيغۇرلارنى قەدىمدىكىگە ئوخشاشلا تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى دەپ تەرىپلەشكەنىدى.(31)

قارلۇقلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە كۆك تۈرك ئىمپېراتورلۇقىنى يىقىتىش كۈرىشىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىگە كىرىشىپ كەتتى ۋە بۇ كۈرەشتە مەغلۇپ بولدى. كېيىنچە، ئۇلار غەربكە بېرىپ غەرب تۈركلىرىنىڭ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئون ئوقلارنىڭ يۇرتىنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ كۆك تۈركلەر دەۋرىدە ئۈچ قەبىلە ھالدا (ئۈچ قارلۇق) ئۇرۇنگۇ زايسان - ئالاكۆل دېلتىسىدا ياشىغان قارلۇقلار 766 - يىلدىن ئېتىبارەن ئون ئوقلار يۇرتىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى. 840 - يىلى ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندا، ئۇلار ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي بىلەن ئىسپىجاپتىن چۇ ۋە مىڭلاق - ئىلى ۋادىلىرىغا قەدەر بولغان كەڭ جايلارغا

---

(31) بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، ف. سۈمەرنىڭ «ئوغۇزلار» (تۈركمەنلەر — تارىخلىرى — قەبىلە تەشكىلاتى — داستانلىرى») ئەنقەرە، 1967، 22 - بەت؛ گىرىنارد: «تەزكىرە» 51، 78 - ، 52 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ئىگدارچىلىق قىلىندىغان بولغانىدى.

دېمەك، بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان بەزى تارىخچىلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇش تەرەپىلىدىن قارلۇقلار يابغۇسىنىڭ ئۆزىنى يايلاق ھاكىمىنىڭ (ئۇيغۇر خاقانىنىڭ) قانۇنى ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ(32). ئەمما، قارلۇقلارنىڭ بۇنداق بىر سىياسىي سەھنىگە چىققانلىقى شۈبھىلىكتۇر. چۈنكى، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئۇلار بۇ رايوندا تارقاق، كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. شۇڭا، سامانىيلار ھۆكۈمدارى ئىسمائىل بىن ئەھمەد 893 - يىلى تالاسقا قەدەر بىرلىغان كەڭ رايونلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى خرىستىئان چېركاۋلىرىنى جامەگە ئايلاندۇرۇپ، قارلۇق يابغۇسىنىڭ خوتۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ قايتقانىدى. ئاجىز ۋە تارقاق ياشاپ كەلگەن قارلۇق قەبىلىلىرىگە تەۋە چىگىل ۋە تۇخسىلار IX ئەسىردىن ئېتىبارەن ئاساسىي قىسمىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈركىي قوۋملارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. مۇبادا، ئۇلار «840 - يىلى قارلۇقلار قۇرغان قاراخانىيلار دۆلىتىگە ئوخشاش قۇدرەتلىك بىر سىياسىي تەشكىلاتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن» بولسا ئىدى، سامانىيلار ئالدىدا بۇ قەدەر ئاجىزلىق قىلمىغان بولاتتى ۋە بەلكى بۇ تۈركىي قوۋملارنىڭ ئېلىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن قەبىلىلەرنىڭ ئاشۇنداق بىر سىياسىي قۇرۇلمىسى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بولاتتى.

(32) گرېنارد: «تەزكىرە» 79 ـ 51 ـ 52 ـ بەتلەر؛ پرىتساك: «قاراخانىيلار» 252 ـ بەت ۋە «قارلۇق» 280 ـ بەت؛ مەرچىل: «قاراخانىيلار، تۈرك دۇنياسى ئەل كىتابى» ئەنقەرە 1976 ـ، 794 ـ بەت.



يەنە بىر تەرەپتىن، X ئەسىردىكى جۇغراپىيە ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە قارلۇقلارنىڭ باش قوماندانلىرىنىڭ قەدىمدىن يابغۇ ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بولغىنىغا ئوخشاش، XI ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يازغان مەھمۇد قەشقەرىمۇ بۇ تۈركىي خەلقلەر ئېلىنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ «چۇغلان»، «ساگۇن» ۋە «كۆل ئىركىن» (كۆل ئەركىن) دېگەندەك ئۇنۋانلار قوللانغانلىقىنى بايان قىلىدۇ(33). بىز قارلۇقلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «قاغان»، «خاقان» ياكى «خان» دېگەنگە ئوخشاش ئۇنۋانلار قوللانغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز. مۇشۇنداق ئەھۋالدا دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى قارلۇقلار دېگەن قاراشنى ئاسانلا قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بىز، تۆۋەندە «ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى» دېگەن بۆلۈمدە تېخىمۇ ئەتراپلىق بىر شەكىلدە بىلدۈرۈشكە تىرىشقىنىمىزدەك دۆلەتنى قۇرغۇچىلارنىڭ قارلۇقلار ئەمەس ياغمىلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. چۈنكى، «ھۇدۇدۇلئالەم» دە ياغمىلارنىڭ «توققۇز ئوغۇز»لاردىن ئىكەنلىكى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمدارلارنىڭمۇ «توققۇز ئوغۇز» لار(ئۇيغۇر، بەلكى كۆك تۈركلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن) ھۆكۈمدار ئائىلىسىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرگىنىدەك، «مۇجمەلۇت تەۋارىخ ۋەل قىساس» دېگەن كىتابتىمۇ مۇئەللىپ ياغمىلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «بۇغراخان» ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق يازىدۇ. بۇ بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىچە قاراخانىيلار ھۆكۈمدار ئائىلىسىنى ئاشىنا ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان دەپ

(33) بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابنىڭ «ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى» بۆلۈمىگە قارالسۇن.

بېكىتكىنىگە خىلاپ بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن خاقان ۋە خان ئۇنۋانلىرىنى قوللانغانلىقى ۋە بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر- تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن ئاسان قوبۇل قىلىنغانلىقىنمۇ يېتەرلىك ئىزاھ ھېسابلىنىدۇ.

840- يىلى، ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تەركىبىدىكى بىر قوۋم بولغان ۋە ئۇيغۇر ھۆكۈمدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان باش قوماندانلارنىڭ گۇرۇھىدىكى(34) ياغمىلار غەربكە چېكىنىپ قەشقەر ئەتراپىغا كېلىشتى ۋە بەزى يەرلەرنى قارلۇقلاردىن تارتىۋېلىپ ھاكىملىق قىلىشتى. بۇ رايوندا ياشاۋاتقان قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمى ھېچبولمىغاندا، شۇ ۋاقىتتىكى تۇنجى ئىستېلادا ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇ ھالەتنى X ئەسىردىكى جۇغراپىيونلارنىڭ ياغمىلارنى قەشقەر بىلەن ئۇنىڭ غەربىي شىمالىغا يېقىن بولغان جايلارنىڭ ھاكىملىرى بولغان دەپ كۆرسەتكەنلىكىدىن ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك: «ھۇدۇدۇلئالەم» دىمۇ قەشقەر تىلغا ئېلىنىپ، بۇ شەھەرنىڭ ھاكىملىرىنىڭ قارلۇقلاردىن ياكى ياغمىلاردىن ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن خاتىرىلەر بار.

شۇنىڭدىن كېيىن، ياغمىلار چۇ دەرياسى، مىڭلاق — ئىلى ۋادىلىرىغا ھاكىم بولۇشتى. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇلاردىن خېلى كۆپ بىر قىسمىنىڭ ئىلى ۋادىسىدا، بىر قىسمىنىڭ بولسا، تىراز (تالاس=

(34) كۆك تۈرك ئىمپېراتورلۇقىغا ئوخشاش ئۇيغۇرلاردىمۇ دۆلەتكە ۋە ئارىستوكراتىيە گۇرۇھىنىڭ باشلىقلىقىغا خاندان ئەھلىدىن بولغان شاھزادىلەر تەيىنلىنىدىغانلىقى بىر ئەمەلىيەتتۇر.



تاراز) ئەتراپلىرىدا ياشىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ(35). دېمەككى، ياغمىلارنىڭ بۇ رايونغا تارقىلىشى، نامى تىلغا ئېلىنغان يەرلەرنىڭ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىگە كىرىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بولغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ياغمىلار بۇ رايونلارنى بېسىۋالغاندىن باشلاپ، بولۇپمۇ چۇ دەرياسى بويىدىكى بالاساغۇننىڭ(36) ستراتېگىيە جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى تۈپەيلىدىن ياغمىلار بۇ يەرنى دەسلەپ قېتىم بېسىۋالغاندىن باشلاپ، ئۇزۇن ۋاقىت دۆلەتنىڭ (قەشقەر بىلەن بىرلىكتە) ئەڭ مۇھىم مەركىزى بولۇپ قالدى.

قاراخانىيلار ئائىلىسىنىڭ بېكىتىشكە بولىدىغان دەسلەپكى ھۆكۈمدارى كۆل بىلگە(37) قادىرخاندۇر. بىراق، ئۇنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن زامانى ۋە پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىز ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. جامال قارشىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ زامانىدا تۈركىي قوۋملار ئەللىرىدىن شاش (تاشكەنت) رايونى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانىكەن. بىز

(35) مەھمۇد قەشقەرى ئىلى دەرياسىنى تىلغا ئالغاندا، «تۈركلەردىن ياغما ۋە تۇخسىلار بىلەن چىگىللارنىڭ بىر قىسمى چۈشكەن جىلغا» دەپ يەشسە (كىلىسلى 85-، ئاتالاي I، 192)، ئاق تېرەكنى «ياغمىلار ئېلىدىكى ئىلى دەرياسى ئۈستىدىكى بىر كېچىك» دەپ يازىدۇ (كىلىسلى 77 - 81؛ ئاتالاي I، 81)؛ ياغما ئاتلىق بىر يېزىنى تىلغا ئالغاندا، كىلىسلى 111، 26- ئاتالاي 111، 34)، بۇنىڭ تىراز ئەتراپىدىكى بىر يېزا ئىكەنلىكىنى ئىسمىنىڭ ياغما قوۋمى بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

(36) شەھەرنىڭ ئورنى ھەققىدە خۇئارت، تروئىس ئاكتېس، 608- بەتكە قارالسۇن.

(37) مولھاقاتنىڭ V. بارتولد تەرىپىدىن بېرىلگەن تېكىستىگە قارىغاندا، ئۇنۋانى «كۆل» دىن كۆپرەك «چۇر» ئوقۇش ئەقىلگە تېخىمۇ يېقىندۇر («مولھاقات» 130- بەت)؛ ز. ۋ. توغان بولسا، بۇنى «مۈيۈنچۇر» دەپ ئوقىغان («قاراخانىيلار» 12- بەت).

كۆل بىلگە قادىرخاننىڭ بازىر ئارسلانخان ۋە ئوغۇلچاق قادىرخان دەپ ئىككى ئوغلىنى بىلتىمىز. بۇ توغرۇلۇق پرىتساك قاتارلىق بەزى ئاپتورلار بازىر ئارسلانخاننىڭ بالاساغۇندا (ئۇلۇغ قاغان سۈپىتى بىلەن) ۋە ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ (شىرىك قاغان بولۇپ) ئاۋۋال تىرازدا، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردە ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى قەيت قىلغان بولسىمۇ،(38) ھازىرقى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەستەك قىلىدۇ. چۈنكى، دەسلەپ قاراخانىيلاردا «شىرىك قاغانلىق» بولمىغىنىدەك، X ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغىچە (942 - يىللىرى) قاراخانىيلار خاندانىنىڭ بالاساغۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر ھېچقانداق ئېنىق بىر پاكىتقا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ ئائىلىگە ئائىت بىزگە ئەڭ قەدىمكى مەلۇماتلارنى بەرگەن جامال قارشى بىلەن «ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» قەشقەرنى قايتا - قايتا تىلغا ئالغانلىقى قاراخانىيلار خاندانىنىڭ ئەسلى يۇرتىنىڭ مۇشۇ رايوندا ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك دەلىللەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلە مازارلىقىمۇ مۇشۇ شەھەردە ئىدى(39).

ئوغۇلچاق قادىرخان زامانىدا، ئۇنىڭ جىيەنى ساتۇقنىڭ

---

(38) پرىتساك: «قاراخانىيلار» 253 - بەت، مەرچىل: «قاراخانىيلار»، 794 - بەت.

(39) ئەمەلىيەتتە، دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا قەشقەر پايتەخت قىلىنغانىدى. قاراخانىيلار خاندانىنىڭ ئائىلە مازارلىقىمۇ قەشقەردە ئىدى. ساتۇق بۇغراخاندىن باشقا (ئۇ ئاتۇشقا دەپنە قىلىنغانىدى)، دەسلەپكى مەشھۇر ھۆكۈمدارلار بىلەن مىلادى 1041 - يىلى دۆلەت ئىككىگە ئايرىلغاندا دۆلەتنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئىدارە قىلغان خانلارنىڭ كۆپى بۇ شەھەردىكى «گۇمبەزە-تۇلخاقانىيە» ناملىق ھۆكۈمدارلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.



(ساتۇق بۇغراخان بىن بازىرخان) قاراخانىيلاردىن باشپاناھ تىلىگەن ئەبۇناسىر سامانى بىلەن ئۇچرىشىشى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن نەتىجىلەندى. ساتۇق بۇغراخان تاغىسى بىلەن بولغان تەخت كۈرىشىدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردا ئىسلامىيەتنى رەسمىي دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلدى. مەنبەلەردە «ئەل - مۇجاھىد»، «ئەل - غازى» (40) دەپ تىلغا ئېلىنغىنىغا قارىغاندا، يېڭى دىننى تارقىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ غەيرىي مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر بىلەن خېلى ئۇرۇشقانلىقىنى سۆزلەپ بېرەلەيمىز. بىراق، ئۇنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان تارىخى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇماتىمىز يوق. گرېنارد ئۇنىڭ مىلادى 900 - يىلى ياكى 910 - يىلى تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. يەنە ئۇنىڭ ساتۇقنىڭ ئۇنۋانلىرى ئارىسىدا «ئېلىگ» كىمۇ ئورۇن بەرگىنىگە قارىغاندا، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ دەسلەپتە بۇ ئۇنۋاننى قوللانغانلىقى جەھەتتە، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ (41). تەزكىرىدە كۆرسىتىلگەن تەخمىنەن ھىجرىيە 333 - (م944 — 945)(43) يىللىرىنى ئۇنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان يىلى ياكى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەن يىلى دېگەن كۆز قاراش قوبۇل قىلىنسا، غەيرىي مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىمۇ مۇشۇ يىللاردا باشلانغان دەيدىغان كۆز قاراشنى قوبۇل قىلىشىمىزغا

---

(40) «مۇلھاقات»، 130 -، 132 - بەتلەر

(41) گرېنارد: «تەزكىرە» 80 -، 155 - بەت.

(42) تەزكىرىنىڭ 74 -، 145 - بېتى، 80 -، 157 - بېتىگە قارالسۇن.

تۇغرا كېلىدۇ (43). ئېھتىمال بۇ ئۇرۇشلار بولۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇۋاتقان، شۇ خاندانلىق گۇرۇھىدىكى بەزى مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر 942- يىلى بالاساغۇننى بېسىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تارىخ ھەر ھالدا خاندانىنىڭ بىر تارمىقىنىڭ چۇ ۋە تالاس ۋادىلىرىغا ھاكىم بولغان يىلنى كۆرسەتسە كېرەك (44). ئەمەلىيەتتىمۇ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن چېتىشلىق بولغان بۇ شەھەردىن پەقەت كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت مەنبەلەردە بەزى خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. جامال قارشىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ساتۇق بۇغراخان ھىجرىيە 344 (مىلادى 955 — 956) يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇلكېرىم ئىدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 942- يىلى غەيرىي مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر بالاساغۇن رايونىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپلا يەنە ساتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مەزگىلىدە ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان پىدائىيلىرىنىڭ

---

(43) گىربنارد: «تەزكىرە»، (79-، 52 - بەت)، پرىتساك: «قاراخانىيلار» 253 - بەت) ۋە زەكى ۋەلىدى توغان: «قاراخانىيلار» (15 - بەت)، ئەسلى مەنبەسى ئىبنۇل ئەسىردىن ئالىنغان خەۋەرگە ئاساسلىنىپ، ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى بەك بۇرۇن كۆرسەتكەن، ھەتتا ئۇنىڭ مىلادى 921 - يىلى لەيلا بىن نۇئمان ئەد - دەيلەمىگە قارشى سامانىيلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن نىشاپۇرغىچە كەلگەنلىكىنى يازىدۇ. بىزنىڭچە بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئىبنۇل ئەسىرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەھسىنىڭ ياخشى بىر تەتقىقاتىدا («ئەل - كامىل» VII - توم، 125 -، 132 - بەتلەر)، بۇ يەردە نامى تىلغا ئېلىنغان «بۇغرا» نىڭ سامانىيلار ئەمىردىكى بىر تۈركىي قوماندانىنىڭ (ئەينى يىللاردىكى قاراتېكىن ئوخشاش) نامى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بولمىسا، ساتۇق بۇغرانىڭ قوشۇن بىلەن ئەستەر ئاباد، جۇرجان ۋە نىشاپۇرلاردا يۈرگەنلىكى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

(44) تەپسىلاتى ئۈچۈن، بارتولد: «تۈركىستان» 256 - بەت؛ سۈمەر: «ئوغۇزلار» 50 - بەتكە قارالسۇن.



ياردىمىگە ئېگە بولغان (45).

ساتۇق بۇغراخاندىن كېيىن، ئوغلى مۇساتوڭا ئېلىگ (46) تەختكە چىقتى. ئۇنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى بەك قىسقا ئىدى. ساتۇق بۇغراخاننىڭ ھۆكۈمدار بولغان يەنە بىر ئوغلى بايتاش ئارسلانخان (سۇلايمان) (47) غەيرىي مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان ۋە پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتىنى ئىسلام دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزگەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسلام تارىخچىلىرى ھىجرىيە 349 - (مىلادى 960 - يىلى) يىلى 200 مىڭ چېدىرلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى، بۇلارنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان رايونلىرىدا ياشاۋاتقان ياغما، قارلۇق، چىگىل ۋە تۇخسى

---

(45) پرىتساك: «قاراخانىيلار» 253 - بەت.

(46) «مۇلھاقات» 132 - بەتتىكە قارالسۇن، تېكىست، مۇسا بىن ساتۇق بۇغراخاننىڭ لەقىمى بولغان سۆز «تونگا» شەكلىدە بولۇپ، «توڭا» سۆزىنىڭ بۇزۇلغان بىر شەكلى بولۇشى كېرەك. پرىتساكنىڭ ساتۇق بۇغراخاندىن كېيىن، يەنە بىر ئوغلى بايتاش ئارسلانخاننىڭ ھۆكۈمدار بولغانلىقىنى ۋە مۇسانىڭ بولسا ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە نامى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشى، جامال قارشىنىڭ بۇغراخان ھارۇن بىن مۇسانىڭ شەجەرىسى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىغا زىت كېلىدۇ. بىزنىڭچە، پرىتساك بۇ ئىككى شەخسنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. بىز جامال قارشى تەرىپىدە قالدۇق. ز. ۋ. توغانمۇ («قاراخانىيلار»، 16 - بەت) ساتۇق بۇغراخاندىن كېيىن، مۇساتوڭانىڭ ھۆكۈمدار بولغانلىقىنى يازىدۇ.

(47) جامال قارشىنىڭ قارىشىچە، بايتاش ئارسلانخانمۇ ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلىدۇر، ئەمما ئاممىباپ بۇخارى رىۋايىتى توڭا ئېلىگنىڭ ئوغلى دەپ كۆرسىتىدۇ (توغان، «قاراخانىيلار»، 11 - بەت).

قاتارلىق تۈركىي قوۋملار ئىكەنلىكىدە شۈبھىسىز يوق(48). بۇ ھادىسە ھەر ھالدا بايتاش ئارسلانخان سۇلايماننىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

بايتاشنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى ئەبۇل ھەسەن ئەلى (ئارسلانخان بىن بايتاش) (49) ھىجرىيە 388 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا (998 - يىلى 11 - ئايدا) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ زامانى توغرۇلۇق كۆپ مەلۇماتىمىز يوق. مەنبەلىرىمىزدە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئەل ھارىق» ۋە «ئەش - شەھىد» سۈپەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭمۇ دادىسىغا ئوخشاش يېڭى دىننى تارقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانلىقى ۋە شۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە كۆيۈپ شېھىت بولغانلىقى مەلۇم. باشقا تەرەپتىن مىتال پۇللار ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پەرغانە رايونى ئەبۇل ھەسەن ئەلىنىڭ ۋاقتىدا سامانىيلاردىن تارتىۋې

(48) ۰. پرىتساك بايتاش ئارسلانخان زامانىدا قوشنا رايونلارنىڭمۇ ئىسلام بايرىقى ئاستىغا كىرىشكە باشلىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئەڭ ئاز دېگەندە خوتەننىڭ مىلادى 971 - يىلى ئېلىنغانلىقىنى يازغان بولسىمۇ، ھازىرچە بۇنى تەھقىقلەيدىغان، ئېنىقلايدىغان مەلۇماتلار يوق. شۇنىڭدەك بىزنىڭ خوتەننى ئېلىشقا دائىر مەلۇماتلىرىمىز 1006 - يىلىنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيدۇ (گرىنارد: «تەزكىرە» 83-، 429 - بەت).

(49) پرىتساك «مۇسانىڭ ئوغلى» دەپ كۆرسىتىدۇ («قاراخانىيلار»، 254 - بەت)، بۇ خاتادۇر. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن، «مۇلھاقات» 132 - بەتكە قارالسۇن؛ يەنە جامال قارشىنىڭ قارىشىچە بۇنىڭ لەقەبلىرىدىن بىرىنىڭ توڭاخان ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر (138 - بەت)، ئەمما كىنى بۇخارنىڭ ئۇنى «ئەلى - ئېلىگ» دەپ ئېلىشىغا قارىغاندا(توغان: «قاراخانىيلار»، 11 - بەت)، بۇ ئۇنۋان (ئېلىگ) نى ئەلى ئارسلانخاننىڭمۇ قوللانغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.



لىنغان بولسا كېرەك (50).

ئەبۇل ھەسەن ئەلى ئارسلانخان زامانىدا ئۇنىڭ يەنە بىر قېرىندىشى (51) قىلىچ بۇغراخان ھارۇن (ئەبۇ مۇسا ئەل ھەسەن بىن بايتاش سۇلايمان) دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلىۋاتقانىدى (52). بۇ مەزگىل قاراخانىيلار دۆلىتى تازا روناق تاپقان مەزگىل ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە بىز ئۇنىڭ كۆپرەك غەرب بىلەن مەشغۇل بولۇپ، سامانىيلارغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكىنىنى ۋە مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇ سامانىيلار ئەمىرلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 990 - يىلى ئىسپىجابنى بېسىۋالدى ۋە 992 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سەمەرقەنتنى ئالغاندىن كېيىن، سامانىيلارنىڭ پايتەختى بۇخاراغا بېسىپ كىردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن سامانىيلارنىڭ خۇراسان ۋالىيسى ئەبۇ ئەلى سىمجۇرىنىڭ رول ئوينىغانلىقىنى ۋە ئىككىسىنىڭ جەيھۇن (ئامۇ) نى چېگرا قىلىپ، سامانىيلار دۆلىتىنى بۆلۈشۈۋېلىش خۇسۇسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئەمما، بۇغراخان ھارۇن بۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت تۇرالمىدى. كېسەل سەۋەبى بىلەن شەھەرنى تاشلاپ، قەشقەرگە

(50) پرىتساك: «قاراخانىيلار» 254 - بەت.

(51) جامال قارشى بۇغراخاننىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە «ھارۇن بۇغراخان بىن مۇسا توڭا ئېلىك» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ («مۇلھاقات» 132 - بەت). بۇنىڭغا قارىغاندا، ئەبۇل ھەسەن ئەلىنىڭ قېرىندىشى ئەمەس، تاغىسىنىڭ ئوغلى بولىدۇ. بىز ئىبنىئول ئەسىرنىڭ خاتىرىسىنى تېخىمۇ توغرا دەپ قارايمىز. بۇ ھەقتە پرىتساك: «قاراخانىيلار» 254 - بەت؛ مەرچىل: «قاراخانىيلار» 794 - بەت؛ توغان: «قاراخانىيلار»، 17 - بەتكە قارالسۇن.

(52) مەنبەلەر ئىسپىجابنىڭ بالاساغۇن خانى تەرىپىدىن ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (بارتولد «تۈركىستان» 257 - بەتكە قارالسۇن)، ئەمما بۇ ئىستېلانىڭ بۇغراخان ھارۇن تەرىپىدىن بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان ئەلى ئارسلانخان نامىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم. بۇ توۋەندە ئىشارەت قىلىنىدۇ.

قايتىشىدا قوچقار باشى دېگەن يەردە ۋاپات بولدى. (53) بىز ئۇنىڭ «شىھابۇددەۋلە ۋە زاھىرۇدداۋا» دېگەندەك ئىسلامچە لەقىبى بارلىقىنى بىلىمىز. ئەل - بىرونىنىڭ قارىشىچە (54) بۇ لەقەب خەلىپە تەرىپىدىن بېرىلگەن بولماستىن، ئۆزى تەرىپىدىن ئۇنۋانلىرىغا قوشۇۋېلىنغانىدى. غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلىش ۋە سامانىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئىشى ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن ناسىربىن ئەلىگە قالدى. بۇ چاغدا ناسىر بىن ئەلى (ئېلىگخان) مىلادى 998 - يىلىغا قەدەر دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى دادىسى ئەلى ئارسلانخان نامىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن قېرىندىشى ئەبۇناسىر ئەھمەدبىن ئەلى (توغانخان مىلادى 998 — 1016/17) نامىدا باشقۇرغانىدى. ئۇ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ئىچىدە ئابباسىيلار خەلىپىسىنى ئەڭ بۇرۇن ئېتىراپ قىلغان كىشىدۇر. شۇنىڭدىن باشلاپ دەۋر ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنىڭ بىر تەقەززاسى سۈپىتىدە، ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنىڭ نامىلىرى ئۇلارنىڭ مېتال پۇللىرىدا ئورۇن ئالغانىدى.

ئۇلۇغ قاغان ئەبۇ ناسىر ئەھمەد بىن ئەلىنىڭ شەرقتىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە قولىمىزدا كۆپ مەلۇمات يوق. پەقەت ئۇنىڭ قېرىندىشى ئېلىك ناسىرنىڭ غەربتىكى پائالىيەتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەپسىلىي بېرىشكە تىرىشتۇق.

دەسلەپتە پەرغانە تەرەپلىرىنىڭ ئەمىرى دەپ قارالغان

(53) تەپسىلاتى ئۈچۈن، گەردىزى: «زەينۇل ئەخبار»، بارتولد: «تۈركىستان» I، 12 - بەتكە قارالسۇن؛ گىربنارد: «تەزكىرە» 80، 159 — 160 - بەت؛ بارتولد: «تۈركىستان» 257 - بەت، 8؛ گەردىزىنىڭ قارىشىچە، ئۇ بۇخارانى ئابدۇل ئەزىز بىن نوھ بىن ناسىرغا بېرىپ، ئۇنىڭغا تون كىيدۈرگەنىكەن.

(54) «ئەل - ئاسارۇل - باقىيە ئانىل - قۇرۇنىل - خالىيە». ج. ئېدۋاردساچائۇ، بېرلىن 1878 (ofset, Harrassowitz, liepzig, 1923) 134 - بەت.



ئېلىگ ناسىر (ھىجرىيە 496 - يىلى، مىلادى 1012/13 - يىلى) كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزگەنتتە تۇرغانىدى. ئۇ سامانىيلار دۆلىتىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە دۆلەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەۋقەلىرىنى ئىشغال قىلغان فائىق ئەبۇ ئەلىي سىمجۇرى ۋە سەبۇك تېكىن ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتىن ئوبدان پايدىلاندى. ئېلىگ ناسىر 996 - يىلى فائىقنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بۇ دۆلەتكە تەۋە زېمىنلارغا ھۇجۇم قىلدى. بىراق، غەزنەۋىيلەر ھاكىمى سەبۇك تېكىننىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن كېلىشىم تۈزۈلدى. بۇ كېلىشىم بويىچە قەتۋان چۆلىگە قەدەر سىر دەريا رايونى قاراخانىيلارغا قارايدىغان، فائىق بولسا، سەمەرقەنتكە ۋالىي بولىدىغان بولدى. ئەمما، كېلىشىم ئۇزۇنغا بارمىدى ۋە ئېلىگ ناسىر 997 - يىلى بۇخارا ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ تەشەببۇس فائىقنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولسىمۇ، 999 - يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا قىلغان يېڭى بىر تەشەببۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. ئېلىك ناسىر قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىماستىنلا بۇخاراغا بېسىپ كىردى.

ئېلىگ ناسىر ماۋرائۇننەھردىكى سامانىيلار ھاكىمىيىتىگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىش نىيىتىدە ئىدى. بۇ سەۋەبتىن خاندان ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆزگەنتكە كۆچۈردى. ئەمما، بۇلاردىن نوھ بىن مەنسۇرنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمايىل قاماقتىن قېچىپ چىقىپ خارەزىمگە كەتتى ۋە ئەتراپىغا خېلى ئادەم توپلىدى. ئۇنىڭ خانداننى يېڭىدىن تىرىلدۈرۈپ سامانىيلار زېمىنىغا ھاكىم بولۇش نىيىتى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىش دەسلەپتە ئوڭۇشلۇق بولدى. ھاجىب ئارسلان بالۇنى (55) بۇخاراغا ئەۋەتكەن ئەبۇ ئىبراھىم ئارسلان بالۇ قاراخانىيلار

(55) مەنبەلەردە بۇ نامنىڭ يېزىلىشى مەلۇم ئەمەس. شۇڭا، بارتولد بۇنى «ئارسلان يالۇ» دەپ ئالغان («تۈركىستان» 269 - بەت).

قوماندانلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغانلىقتىن بۇخاراغا كەلدى ۋە ھۆكۈمرانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ھۆكۈمدارلىق ئۇنۋانى قىلىپ «مۇنتەسىر» نامىنى ئالدى. لېكىن، ئېلىگخاننىڭ ھەرىكەت باشلىشى سەۋەبلىك، ئۇ بۇخارادىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ خۇراساندا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشقان بەزى ئۇرۇشلارنى قىلغاندىن كېيىن، مىلادى 1001 - يىلى ئوغۇزلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئوغۇزلارنىڭ يېنىغا كەتتى. ئوغۇز يابغۇسى (ئىسرائىل بىن سەلچۇق = ئارسلان يابغۇ) ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلاشتى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلدى، ئەمما مۇنتەسىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇ مىلادى 1004 - يىلى ئۆلتۈرۈلدى(56). لېكىن ئۇ قاراخانىيلارغىمۇ، غەزنەۋىيلەرگىمۇ شۇنچىلىك زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ بەرگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆلۈشى ھەر ئىككى تەرەپنى چوڭ بىر پالاكەتتىن قۇتۇلدۇردى.

مۇشۇ يول بىلەن پۈتۈن ماۋرائۇننەھرنىڭ بىردىنبىر ھاكىمى ھالىغا كەلگەن ئېلىگخان 1001 - يىلى مۇنتەسىر توپىلىڭى داۋام قىلىۋاتقان بىر پەيتتە تۈزۈلگەن بىر سۈلھ بىلەن غەزنەۋىيلەرگە تاشلاپ بەرگەن خۇراساننىمۇ ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىش قارارىغا كەلدى ۋە سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، 1006 - يىلى خۇراسانغا ئىككى قوشۇن ئەۋەتتى. بۇلاردىن بىرى سۇباشى تېكىن قوماندانلىقىدا نىشاپۇر ۋە تۇس قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلدى. ئىككىنچىسى جەئفەر تېكىن قوماندانلىقىدا بەلخكە يۈرۈش قىلدى. بىراق، بۇ قوشۇنلار ھىندىستاندىن تېز قايتقان مەھمۇد بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى

(56) تەپسىلاتى ئۈچۈن F. سۈمەر: «ئوغۇزلار» 62 - ، 64 - بەتلەرگە قارالسۇن.



خۇراسان ھاكىمى ناسىر ئەرسىپدىن مەغلۇپ قىلىندى(57). لېكىن ئېلىگ ناسىر بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ خۇراساندىن زادىلا ۋاز كەچمىدى. ئۇ، بۇ قېتىم خوتەن ھاكىمى بولغان يۈسۈپ قادىرخاندىن ياردەم سورىدى. قادىرخان ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ، 1008 - يىلى بەلخ يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا، قاراخانىيلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ پىل بىلەن قىلغان ھۇجۇمى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي پىتىراپ كەتتى. دېمەك، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش قاراخانىيلار تەرىپىدىن خۇراساننى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئاخىرقى قېتىملىق چوڭ يۈرۈش بولۇپ قالغانىدى.

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ غەزنەۋىيلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشى، قاراخانىيلار خانىدانى ئارىسىدا بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. شۇڭا، ئېلىگخان غەزنەۋىيلەرگە قارشى ئۇرۇشتا ئۆزىگە ياردەم قىلمىغان ئاكىسى، بۈيۈك خاقان توغانخان (ئەھمەد بىن ئەلى)غا قارشى مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىپ چىقتى. بۇ چاغدا، قەشقەردە تۇرۇپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان توغان خانمۇ ئېلىگكە قارشى سۇلتان مەھمۇد بىلەن بىر كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئېلىگ ناسىر مىلادى 1011 - يىلى (ياكى 1012 - يىلى) قىشتا قەشقەرگە قوشۇن تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ، يولنى قار توسۇۋالغانلىقتىن نەتىجىسىز قالدى. بۇ ئىككى قېرىنداش ئارىلىرىدىكى چۈشەنمەسلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن مەھمۇد غەزنەۋىيدىن ياردەم سورىدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا سۈلھ تۈزۈلگەن

(57) «ئۇتبى» 1، 76 - ، 82 - بەتلەر؛ پرىتساك: «قاراخانىيلار» 255 - بەت، بارتولد: «توركىستان» 272 - ، 273 - بەتلەر؛ مەرچىل: «قاراخانىيلار» 795 - بەت.

بولىشىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ماۋرائۇننەھرنىڭ ئىككىنچى خوجايىنى ۋە ھەقىقىي ئىشغالىيەتچىسى بولغان ناسىر بىن ئەلى ئىلىگخان ھىجرىيە 496 - يىلى (مىلادى 1012 - يىلى) ئۆلدى.

ماۋرائۇننەھردە ئىلىگخاننىڭ ئورنىغا قېرىندىشى مەنسۇر (ئارسلان ئىلىگ) ئولتۇردى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ خاندانىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇ توغان خان ئەھمەدنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەتنىڭ تەسىرىنى تالاس - شاش (تاشكەنت)، ئۇنخاس، بىنخاس، پەرغانە، ئۆزكەنت، خوجەنت، ئۇشروسانا ۋە بۇخارالارغا قەدەر كېڭەيتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر قېرىندىشى مۇھەممەد بىن ئەلىمۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى.

قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارى توغان خان ئەھمەد ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى قېرىندىشىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتتى. خوتەن ھاكىمى يۈسۈپ قادىرخان ۋە ئەلى تېكىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇرۇشنىڭ كەسكىن نەتىجىسى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق بولسىمۇ، ئەلى تېكىننىڭ ئارسلان ئىلىك مەنسۇرغا ئەسىر چۈشكىنىگە قارىغاندا(58)، ئەھمەدخاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق. ئىلىگخان زامانىدىن بېرى سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈشكەن ئەھمەد ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىتانلارنىڭمۇ بولۇشى ئېھتىمالى بولغان 100 مىڭدىن ئارتۇق غەيرىي مۇسۇلمان كۆچمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندى. ئۇ بالاساغۇنغا سەككىز كۈنلۈك يەرگىچە يېقىنلىشىپ كەلگەن بۇ كۆچمەنلەرگە قارشى ئۇرۇشتا قازانغان بۈيۈك غەلىبىدىن كېيىن، ئۇلارنى

(58) پرىتساك، «قاراخانىيلار» 255 - بەت؛ مەرچىل «قاراخانىيلار» 795 - بەت.



ئۈچ ئايغىچە قوغلىدى ۋە بۇ سەپەردىن قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلدى (مىلادى 1017/18 - يىلى)(59). مىتال پۇللاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مىلادى 1014/15 - يىلدىن ئېتىبارەن، خوتەندىن باشقا يەركەن ۋە قەشقەرنىمۇ يۈسۈپ قادىرخانغا بەرگەنلىكى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەقەت بالاساغۇنىڭلا ھاكىمى بولۇپ قالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم(60).

توغان خان ئەھمەددىن كېيىن بۇ خاندان ئىچىدە ئۇنىڭ قېرىندىشى مەنسۇر ئەڭ كۈچلۈك ئورۇندا تۇرۇۋاتقاندى. ئەمما، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان يۈسۈپ قادىرخان تەخت دەۋاسىغا كىرىشىپ، بۇ مەقسەت يولىدا سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. سۇلتان مەھمۇد ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش مەقسىتى بىلەن ماۋرائۇننەھرگە كىرگەن بولسىمۇ، چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر سەۋەب بىلەن چېكىندى. ئۇنىڭدىن كۈتكەن ياردەمنى كۆرمىگەن يۈسۈپ قادىرخان، مەھمۇدقا تەۋە زېمىنلارنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن مەنسۇر بىلەن كېلىشتى. بىرلەشكەن قاراخانىيلار قوشۇنى خۇراسانغا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، بەلخ ئەتراپىدا سۇلتان مەھمۇد تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ قىلىندى (مىلادى 1019/20 - يىلى). ساراسىمە ئىچىدە ماۋرائۇننەھرگە قايتقان قاراخانىيلار قوشۇنىدىن ناھايىتى كۆپ ئەسكەر جەيھۇننى (ئامۇ دەريا) كېچىپ ئۆتۈۋاتقاندا سۇدا غەرق بولدى. شۇنداق قىلىپ غەلىبىدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن خارەزىم شاھ ئالتۇن تاشتىن بىر تەبرىكنامە ئالغان سۇلتان مەھمۇد غەلىبە خەۋىرىنىڭ قانداق قىلىنىشىغا قىلىپ خارەزىمگە تېز تارقالغانلىقىنى سورىغاندا، باشقىلار ئۇنىڭغا: «جەيھۇندىن خارەزىمگە ئېقىپ كەلگەن

(59) بارتولد: «تۈركىستان»، 279 - بەت.
(60) بارتولد: «تۈركىستان»، 281 - بەت.

قاراخانىيلار سىپاھىلىرىنىڭ باش كىيىمىدىن بىلدۇق» دېگەنمىكەن.

يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر سۆھبەتتىن كېيىن، غەزنەۋىيلەر بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئەلى تېكىن ئارسلان ئىلىگ مەنسۇر بىن ئەلىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 411 - يىلى (م1020/21)، ئەلى تېكىن ئارسلان يابغۇ بىلەن قۇرغان كۈچلۈك ئىتتىپاقتا تايىنىپ بۇخارانى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بۇخاراغا ھاكىم بولدى. بۇنىڭدىن سەل ئۆتۈپ، قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى مەنسۇر ھۆكۈمدارلىقتىن ۋاز كېچىپ ھىجرىيە 445 - يىلى (1024/25)، ئورنىنى يۈسۈپ قادىرخانغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. سەل ئىلگىرى، خوتەن ھاكىمى بولغان يۈسۈپ قادىرخان مەنسۇر بىن ئەلىگە ۋەكالەتەن بىر مەزگىل بۇخارانى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، سەمەرقەنتنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا مەنسۇرنىڭ قېرىندىشى مەھمۇد بىن ئەلى ئىلىگ ئەلى تېكىن ۋە ئارسلان يابغۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولغانلىقىنى ۋە ئاكىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن تەختنى ئۇنىڭغا بەرمىگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بەلكىم بۇ چاغدا ئۇ ئۆلگەن بولسا كېرەك.

يۈسۈپ قادىرخانغا ھەممىدىن ئاۋۋال قېرىنداشلىرى ئەھمەد بىلەن ئەلى تېكىن قارشى چىقتى (62). ئەھمەد ئۆزىنى ئۇلۇغ قاغان دەپ ئېلان قىلىپ بالاساغۇن، خوجەنت ۋە

(62) F. سۈمەر: «ئوغۇزلار» 66 - بەت. پرىتساك بۇخارا ھاكىمى ئەلى تېكىننىڭ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قېرىندىشى ئەمەس، ئەلى بىن ئەلى ھەسەننىڭ باشقا بىر خانىدان ئەزاسى ئىكەنلىكىنى سۆزلىسىمۇ، بىزنىڭچە ئىككىلىسى بىر شەخستۇر.



پەرغانىگە ھاكىم بولدى. شۇ سەۋەبتىن يۈسۈپ قادىرخانمۇ مەھمۇد غەزنەۋىي بىلەن بۇرۇنقى ئىتتىپاقنى ئەسلىگە كەلتۈردى. چۈنكى، ئەلى تېكىن مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ زېمىنلىرىغا پات - پات تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغانلىقتىن، مەھمۇد ئەلى تېكىننىڭ قوشنىدارچىلىقىدىن ئانچە مەمنۇن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد 1025 - يىلى سەمەرقەنتتە كۆرۈشۈپ ئەلى تېكىن توپىلىگىنى بىلەن ئارسلان يابغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە يەنە ئىككى خانىدان ئارىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق قارارلاشتۇرۇلدى. ئىككى چوڭ ھۆكۈمدارنىڭ قىستاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا ئەلى تېكىن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. ئارسلان يابغۇ سۇلتان مەھمۇد تەرىپىدىن ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈلدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەلى تېكىننى يوقىتىۋەتمەي، بەلكى قېچىپ كېتىشىگە يول قويغانلىقى ئۇنىڭ يۈسۈپ قادىرخانغا پۈتۈن تۈركىستانغا تەنھا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەسلىكنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى (63). شۇڭا، ئەلى تېكىن سۇلتان مەھمۇد قوشۇنىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكە يېڭىباشتىن ھاكىم بولدى.

كېيىنكى يىللاردا ئەلى تېكىن ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، يۈسۈپ قادىرخان ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋالدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دەسلەپ ئۆزكەنتنى، كېيىن بالاساغۇننى بېسىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى (مىلادى 1026/27 - يىلى)، 1030 - يىلى سۇلتان مەھمۇد ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت

(63) بارتولد: «تۈركىستان» 225 - بەت؛ پرىتساك: «قاراخانىيلار» 257 - بەت.

قاراخانىيلار سىپاھىلىرىنىڭ باش كىيىمىدىن بىلدۇق» دېگەنىكەن.

يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر سۆھبەتتىن كېيىن، غەزنەۋىيلەر بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئەلى تېكىن ئارسلان ئىلىگ مەنسۇر بىن ئەلىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 411 - يىلى (م1020/21)، ئەلى تېكىن ئارسلان يابغۇ بىلەن قورغان كۆچلۈك ئىتتىپاققا تايىنىپ بۇخارانى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بۇخاراغا ھاكىم بولدى. بۇنىڭدىن سەل ئۆتۈپ، قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى مەنسۇر ھۆكۈمدارلىقتىن ۋاز كېچىپ ھىجرىيە 445 - يىلى (1024/25)، ئورنىنى يۈسۈپ قادىرخانغا ئۆتۈنۈپ بەردى. سەل ئىلگىرى، خوتەن ھاكىمى بولغان يۈسۈپ قادىرخان مەنسۇر بىن ئەلىگە ۋەكالىتەن بىر مەزگىل بۇخارانى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، سەمەرقەنتنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا مەنسۇرنىڭ قېرىندىشى مەھمۇد بىن ئەلى ئىلىگ تېكىن ۋە ئارسلان يابغۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولغانلىقىنى ۋە ئاكىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن تەختنى ئۇنىڭغا بەرمىگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بەلكىم بۇ چاغدا ئۇ ئۆلگەن بولسا كېرەك.

يۈسۈپ قادىرخانغا ھەممىدىن ئاۋۋال قېرىنداشلىرى ئەھمەد بىلەن ئەلى تېكىن قارشى چىقتى (62). ئەھمەد ئۆزىنى ئۇلۇغ قاغان دەپ ئېلان قىلىپ بالاساغۇن، خوجەنت ۋە

(62) F. سۈمەر: «ئوغۇزلار» 66 - بەت. پىرىتساك بۇخارا ھاكىمى ئەلى تېكىننىڭ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قېرىندىشى ئەمەس، ئەلى بىن ئەلى ھەسەننىڭ باشقا بىر خانىدان ئەزاسى ئىكەنلىكىنى سۆزلىسىمۇ، بىزنىڭچە ئىككىلىسى بىر شەخستۇر.



پەرغانىگە ھاكىم بولدى. شۇ سەۋەبتىن يۈسۈپ قادىرخانمۇ مەھمۇد غەزنەۋىي بىلەن بۇرۇنقى ئىتتىپاقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. چۈنكى، ئەلى تېكىن مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ زېمىنلىرىغا پات - پات تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغانلىقتىن، مەھمۇد ئەلى تېكىننىڭ قوشنىدارچىلىقىدىن ئانچە مەمنۇن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد 1025 - يىلى سەمەرقەنتتە كۆرۈشۈپ ئەلى تېكىن توپىلىڭى بىلەن ئارسلان يابغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە يەنە ئىككى خانىدان ئارىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق قارارلاشتۇرۇلدى. ئىككى چوڭ ھۆكۈمدارنىڭ قىستاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا ئەلى تېكىن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. ئارسلان يابغۇ سۇلتان مەھمۇد تەرىپىدىن ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈلدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەلى تېكىننى يوقىتىۋەتمەي، بەلكى قېچىپ كېتىشىگە يول قويغانلىقى ئۇنىڭ يۈسۈپ قادىرخانغا پۈتۈن تۈركىستانغا تەنھا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەسلىكنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى (63). شۇڭا، ئەلى تېكىن سۇلتان مەھمۇد قوشۇنىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكە يېڭىباشتىن ھاكىم بولدى.

كېيىنكى يىللاردا ئەلى تېكىن ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، يۈسۈپ قادىرخان ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋالدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دەسلەپ ئۆزكەنتنى، كېيىن بالاساغۇننى بېسىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى (مىلادى 1026/27 - يىلى)، 1030 - يىلى سۇلتان مەھمۇد ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت

(63) بارتولد: «تۈركىستان» 225 - بەت؛ پىرىتساك: «قاراخانىيلار» 257 - بەت.

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يىرىكلىشىشكە باشلىدى. غەزنەۋىيلەر دۆلىتىدىن سۇلتان مەنسۇر ئۆزىنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە ئىككى خانىدانلىق ئوتتۇرىسىدا يېڭى ئۇرۇق – تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش مەقسىتى بىلەن 1031 – يىلى قاراخانىيلار سارىيىغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلۇغ قاغانلىق مەسىلىسىدە غەزنەۋىيلەرنىڭ پوزىتسىيىسىدىن نارازى بولغان يۈسۈپ قادىرخان قەشقەردە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ياخشى قارشى ئالمىدى. مىلادى 1032 – يىلى، يۈسۈپ قادىرخانمۇ ۋاپات بولدى. ئۇ قەشقەردە خاقانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كەڭ جايلار ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن سۇلايمان ئارسلان خان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ قولىغا ئۆتتى. سۇلايمان ئارسلان خان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ زامانىدا غەزنەۋىيلەر بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتى ئارىسىدىكى بەزى كىچىك ئىختىلاپلار تۈگەپ ئىشەنچ ئورنىتىلدى. لېكىن، كېيىنكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن بەزى سىياسىي ۋەقەلەر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسىم، غەربىي قىسىم بولۇپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. تۆۋەندە بۇ توغرۇلۇق قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىي تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى، قېرىندىشى مۇھەممەدكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەلى تېكىندىن ياردەم سوراپ، بۇنىڭ بەدىلىگە ھۇتتالنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدى. ئەمما ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ۋەدىسىدە تۇرماستىن، ئەلى تېكىنگە قارشى چىقىپ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ماۋرا-ئۇننەھرگە ھاكىم بولۇشىغا ياردەم بېرىشكە باشلىدى. بۇ



ئەھۋال ئەلى تېكىن بىلەن غەزنەۋىيلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزدى. غەزنەۋىيلەرنىڭ خارەزمشاھ ئالتۇن تاشنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتىشى نەتىجە بەرمىدى (1032 – يىلى)، ئىككى يىلدىن كېيىن، ئەلى تېكىن خارەزمشاھ (ھارۇن) بىلەن غەزنەۋىيلەر زېمىنىغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ كېلىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەلى تېكىن ھىجرىيە 426 – يىلى (1034/35 – يىلى) قىشتا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك ياشتىكى ئوغلى يۈسۈپ چىقتى ۋە خارەزمشاھ ھارۇن بىلەن بىرلىكتە چاغانىيانىنى بېسىۋېلىپ تېرمىزنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي ھارۇنمۇ ئۆلدى (1035). يۈسۈپ يالغۇز قالدى. يۈسۈپنىڭ سادىق ئىتتىپاقچىسى بولغان سەلجۇقىيلار بۇ چاغدا قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بۇخارا ئەتراپىدىكى جايلاردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانىدى. بۇ ئىشمۇ يۈسۈپنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئازىيىشىغا سەۋەبچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېلىگخاننىڭ ئىككى ئوغلى مۇھەممەد بىلەن ئىبراھىم (بۇرۇن بۆرى تېكىن، كېيىن تامغاچ بۇغرا قاراخان)(64) ئەلى تېكىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كۈچىيىپ، بۇ رايوندا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. يۈسۈپ ئۈچۈن ئۇلارغىمۇ قارشى تۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ چاغدا مۇھەممەد بىن ئىلىگ ناسىر مىلادى 1036 – يىلدىن ئېتىبارەن كۈچىيىشكە باشلاپ، ئۆزگەنتتە تەسىر دائىرىسىنى خېلىلا كېڭەيتىۋالغانىدى. ئامالسىز قالغان يۈسۈپ سۇلتان مەسئۇدقا ئىلتىماس قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆزىنىڭ سۇلتان مەسئۇدقا ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا ئۆزىنىڭ ھۇتتالدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن يارىشىش ئۈچۈن،

(64) بۇ ھەقتە بارتولد: «بۆرى تېكىن»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى 11 – توم، 740 –، 741 – بەتكە قارالسۇن.

ئۇنىڭ ۋاستىچىلىك قىلىشىنى ئۆتۈنگەنىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئەلى تېكىننىڭ ئوغۇللىرى بىرەر نەتىجە ھاسىل قىلالمىدى. چۈنكى، بۇ مەزگىللەردە ئىبراھىم بىن ناسىر ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى كىش، سوغدى ۋە بۇخارانى ئارقا - ئارقىدىن بېسىۋالغانىدى. ئەلى تېكىننىڭ ئوغۇللىرى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ يېنىغا قاچتى. بۇ ۋەزىيەتتە ئىبلىگ ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى ماۋرائۇننەھرنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ھاكىملىرى سۈپىتىدە بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبلىگ ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى ھىجرىيە 438 - يىلى (1046/47) دىن ئېتىبارەن ماۋرائۇننەھردە پۈتۈنلەي مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇردى(65).

غەربىي قىسىم قاراخانىيلار دۆلىتى ماۋرائۇننەھر بىلەن خوجەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پەرغانە رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. دۆلەتنىڭ پايتەختى دەسلەپ ئۆزكەنت، كېيىن سەمەرقەنت بولدى؛ شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار دۆلىتى ئىچىدە بالاساغۇن، تالاس، ئىسپىجاپ، شاش (تاشكەنت)، شەرقىي پەرغانە، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن رايونلىرى بار ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى ئۇمۇمەن بالاساغۇن ۋە قەشقەر بولۇپ كەلدى.

## غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى

قاراخانىيلار دۆلىتى ئىككىگە ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزكەنتنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى مۇھەممەد بىن ناسىر I نىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئىبراھىم بىن ناسىر I سەمەرقەنت بىلەن

(65) تەپسىلاتى ئۈچۈن، بارتولد: «تۈركىستان»، 303 - بەتكە قارالسۇن.



ماۋرائۇننەھرگە مۇھەممەد بىن I نىڭ نامى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. 1052 - يىلى مۇھەممەد بىن I ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىم (تولۇق نامى تامغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىن ناسىر) غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە تەنھا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ پايتەختنى ئۆزكەنتكە يۆتكىمەي، سەمەرقەنتنى داۋاملىق پايتەخت قىلدى. تامغاچ ئىبراھىم خان قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بىر ھۆكۈمدار ئىدى(66)، ئەۋفى ئۇنى ئىدىئال ھۆكۈمدار دەپ تەرىپلىگەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇ ئادىل بىر ھۆكۈمدار بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنى تەرتىپلىك باشقۇرغانىدى. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن چاغلاردا مەملىكەتتە تۇرمۇش باياشات، مال باھاسى مۇقىم بولۇپ، خەلق ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئېرىشكەنىدى. ئۇ دىنىي ساھەدىكىلەرنى ۋە ئالىملارنى بەك ھۆرمەتلەيتتى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ پىكرىنى ئالماستىن يېڭى باج چىقارمايتتى. ئىبراھىم تامغاچ خاننىڭ سەمەرقەنتتە سالدۇرغان مەدرىسلىرى ۋە دوختۇرخانىسىمۇ ناھايىتى مەشھۇر ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىناكارلىق جەھەتلىرىدە ناھايىتى يۇقىرى بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ(67).

ئىبراھىم تامغاچ خان شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شاش (تاشكەنت)، مىڭلاق، تۈنخاس قاتارلىق جايلىرىنى ۋە پەرغانىنىڭ بىر قىسمىنى تارتىۋالدى. لېكىن، ئۇ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا

(66) پرىتساك: «قاراخانىيلار»، 262 - بەت.

(67) ئۇنىڭ بۇ ئىككى مەشھۇر ئەسىرى ھەققىدە ئە. ئەسىننىڭ بۆرى تېكىن تامغاچ بۇغرا قاراخان ئىبراھىمنىڭ (ھ. 444 - 1052/60) - يىلى سەمەرقەندە تۇرغۇزغان ئابىدىلىرىگە قارالسۇن، «سەنئەت تارىخ يىللىقى» VIII، ئىستانبول 1979 - يىل.

سەلجۇقىيلارنىڭ تاجاۋۇزىغىمۇ دۇچ كەلگەنىدى. ئالپ ئارسلان خان ئۇزۇن مۇددەت ئىبراھىمنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان خوتتال ۋە چاغانىيانىنى بېسىۋالدى. 1061 - يىلى، تامغاچ ئىبراھىم باغدادقا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ سەلجۇقىيلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن شىكايەت قىلدى ۋە خەلىپىدىن بۇ ۋەزىيەتكە مۇداخىلە قىلىشنى سورىدى. بىراق، خەلىپە ئۇنىڭغا ئۇنۋان ۋە تون ئەۋەتىشتىن باشقا بىر ئىش قىلىپ بېرەلمىدى.

تامغاچ ئىبراھىم پالەچ بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقتىن ھاكىمىيەتنى ئوغلى ناسىر (شەمسۇلمۇلك ئەبۇلھەسەن ناسىر بىن ئىبراھىم II) غا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇڭا، ئۇنىڭ شاش (تاشكەنت) بىلەن تونخاسنىڭ ۋالىيسى بولغان يەنە بىر ئوغلى شۇئەيىپ (ياكى شۇئايىن) بۇ ئىشقا ئېتىراز بىلدۈرۈپ ئىسيان كۆتۈردى. ئەمما، شەمسۇلمۇلك بىلەن شۇئەيىپ ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن بۇ كۈرەش ئۇلارنىڭ دادىسى ھايات ۋاقتىدىلا شەمسۇلمۇلكنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

سەلجۇقىيلارغا قارشى ئۇرۇش شەمسۇلمۇلك زامانىسىدىمۇ (1068 — 1080) داۋام قىلدى. 1072 - يىلى كۈزدە، سۇلتان ئالپ ئارسلان ماۋرائۇننەھرنى بېسىۋېلىش مەقسىتىدە، 200 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلدى. بىراق، ئالپ ئارسلان جەيھۇننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قەلئەلەرنىڭ بىرىنىڭ قوماندانى، ئەسىر ھالەتتە سۇلتان ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلگەن يۈسۈپۇل خارەزمى تەرىپىدىن يارىلىنىپ ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن،(68) بۇ

(68) تەپسىلاتى ئۈچۈن ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «مەلىكشاھ» 16 - بەتكە؛ سىبت ئىبنۇل جەۋزى: «مىرئاتۇز زامان فى تارىخىل ئايان» نەشرى، ئەلى سەۋىم، ئەنقەرە، 1968 -، 164 - بەتكە قارالسۇن.



ئۇرۇش نەتىجىسىز قالدى. شەمسۇلمۇلك ئالپ ئارسلاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ۋەزىيەتتىن پايدىلاندى - دە، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ 1072 - يىلى دېكابىردا تېرمىزنى بېسىۋالدى. ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى، بەلخ ۋالىيسى ئايازنىڭ شۇ مەزگىلدە جۇرجانغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ بەلخ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ كېلىپ بەلخنى پەتھ قىلدى. بۇ يەردە خەلقنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ - تالىغاندىن كېيىن تېرمىزغا قايتتى. ئەمما ئۇنىڭ بەلختە قالدۇرۇلغان ئەسكىرىي كۈچى بىلەن شەھەر خەلقى ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەچكە، قايتىپ كېلىپ ئەسكەرلىرىگە شەھەرنى خاراب قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. بىراق شەھەر مۆتىۋەرلىرىنىڭ سوراپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن بۇيرۇقنى كۈچتىن قالدۇردى ۋە خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتۇشتىن باشقا، يىللىق خىراج سېلىقىنى بېكىتتى، خەلقنىڭ نۇرغۇنلىغان مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ - تالىدى. 1073 - يىلنىڭ باشلىرىدا، ئاياز بەلخنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تېرمىزنىمۇ بېسىۋالماقچى بولۇۋىدى، بىراق ئالالمىدى. ئايازنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمى تېرمىزنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈلدى. نۇرغۇنى جەيھۇندە غەرق بولدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئەسكىرى بىلەن قېچىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى(69).

مەلىكشاھ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تىرىشتى. ئۇ 1074 - يىلى، قاراخانىيلار نامىدىن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ دەسلەپتە شەمسۇلمۇلكنىڭ بىر قېرىندىشى مۇداپىئە قىلىۋاتقان تېرمىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. شەھەردىكىلەر ئۇزۇن ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ كەچۈرۈم سورىدى. شەھەرنى ئالغان مەلىكشاھ شەھەردە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەنىر

(69) ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «مەلىكشاھ»، 19 -، 20 - بەتكە قارالسۇن.

ساۋتېكىنگە ھاۋالە قىلىنغاندىن كېيىن شەمسۇلمۇلك بىلەن ھېسابلىشىش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى. شەمسۇلمۇلك قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سەلجۇقىيلارنىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرى سەمەرقەنت ئەتراپىدا كۆرۈنگەن ھامان، سەلجۇقىيلار ۋەزىرى نىزامۇلمۇلكنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن كەچۈرۈم سوراپ سۈلھ تەلەپ قىلدى. مەلىكشاھ ئۇنىمۇ كەچۈرۈم قىلىپ ئورنىدا قالدۇردى.

شەمسۇلمۇلكمۇ دادىسىدەك ئادىل بىر ھۆكۈمدار بولۇپ شۆھرەت قازاندى. ئۇ، بۈگۈنكى مەلۇماتلىرىمىزغا قارىغاندا، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ئىچىدە بىناكارلىق پائالىيەتلىرىگە ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىنا قىلدۇرغان ئەڭ مەشھۇر ئىمارەتلەردىن بىرى، خارجەڭ يېزىسى يېنىدا مىلادى 1078/9 - يىلى سالدۇرغان «رىباتى مەلىك» ناملىق ئىمارەتتۇر. ئۇ سالدۇرغان باشقا بىر رىباتىمۇ سەمەرقەنتتىن خوجەنتكە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى ئاقكۆتەلدە بولۇپ، ئۇ دەل مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىدى(70). ئۇنىڭدىن باشقا بۇخارا يېنىدىكى شەمسىئابادمۇ ئۇ ھايات چاغدا بىنا قىلدۇرۇلغانىدى(71). بۇ شەھەردىكى مەسچىتمۇ شۇنىڭ زامانىدا يېڭىدىن ياسالغانىدى(72).

شەمسۇلمۇلك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا قېرىندىشى ئەبۇشۇجا خىزىر بىن ئىبراھىم ئىنز باسار بولدى.

---

(70) ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئاقكۆتەلدە ياساتقان رىباتتا ئىكەنلىكىگە دائىر، ئەھمەدىبىن مۇھەممەد: «كىتابى موللازادە»، بارتولد: «توركىستان» 1، 168 - بەت. خارجەڭدىكى «رىباتى مەلىك» ئۈچۈن، «مۇلھاقات»، 132 - بەتكە قارالسۇن.

(71) شەمساباد ھەققىدە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، «نەرشاھى»، 49 - بەتكە قارالسۇن.

(72) بارتولد: «توركىستان»، 315 -، 316 - بەتلەر؛ ز.ۋ. توغان: «قاراخانىيلار»، 59 - بەتكە قارالسۇن.



ئەمما، خۇددى ئۇنىڭ قاچان ۋاپات بولغىنىنى بىلمىگىنىمىزدەك، ئۇنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە ئازراقمۇ مەلۇماتىمىز يوق. نىزامى ئارۇزىنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭ زامانىدا دۆلەت ئەڭ روناق تاپقانىكەن. خان ئادىل، ئەقىللىك ۋە سىياسەت ئويۇنلىرىنى ياخشى بىلىدىغان بىر ھۆكۈمدار ئىكەن. شائىرلارغا ناھايىتى زور ئىلتىپات كۆرسەتكەنكى، ئۇلارغا بىر قېتىمدىلا 1000 دىنارغىچە ھەدىيەلەر بەرگەنىكەن؛ ئۇ شۇنداق ھەشەمەتخور ھۆكۈمران ئىكەنكى، ھەر قېتىم شەھەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققاندا، ئېتىنىڭ ئالدىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈش گۈرزە تۇتقان 700 نۆكەر قاتار ماڭىدىكەن(73).

خىزىرخاننىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەھمەد ئولتۇردى (1081 — 1088؛ 1090 — 1095). كىچىك تۇرۇپلا تەختكە ئولتۇرغان ئەھمەد ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن بولۇپمۇ ئۆلىمالار بىلەن زىتلىشىپ قالغانلىقتىن، كىشىلەر سۇلتان مەلىكشاھقا ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدى. ئەھمەدخان بىر تەرەپتىن خەلققە يامان مۇئامىلىدە بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەۋەسىدىكىلەرنىڭ بايلىقىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى. ئەھمەدخاننىڭ ماللىرىنى تارتىۋېلىشىدىن قورققان شافىئى ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىدىن ئەبۇ ئاھىر بىن ئالەك ئىسفاھانغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى مەلىكشاھقا مەلۇم قىلدى ۋە ئۇنى بۇ مەملىكەتنى بېسىۋېلىشقا كۈشكۈرتتى.

مەلىكشاھ بۇ ھەقتىكى شىكايەت ۋە تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرى بىلەن ھىجرىيە 481 - يىلىنىڭ (1088/89) باشلىرى

---

(73) «چاھار ماقالە»، 73 -، 74 - بەتلەر. ز.ۋ. توغان «چاھار ماقالە»نىڭ بۇ ھەقتىكى «ئارقىسىدىن 700 ئاتلىق ماڭاتتى ۋە بۇلارنىڭ دۇبۇلغىلىرى ۋە گۈرزىلىرى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن ئىشلەنگەنىدى» دېگەن خاتىرىسىنى توغرا ئەمەستۇر، دېگەنىدى («قاراخانىيلار» 61 - بەت).

دا جەيھۇندىن ئۆتۈپ بۇخارانى مۇھاسىرە قىلىپ بېسىۋالدى. ئۇندىن كېيىن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى. شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىنغان مەزگىلدە، قوۋۇقلاردىن بىرىنىڭ قوماندانىنىڭ خىيانىتى بىلەن سەمەرقەنتمۇ تېز ئېلىندى. ئەسىر چۈشكەن ئەھمەدخان ئىسفاھانغا ئەۋەتىلدى. مەلىكشاھ سەمەرقەنتكە بىر نائىب تەيىنلەپ قويۇپ، ئۆزكەنتكە قەدەر ئىلگىرىلىدى. بۇ جەرياندا تالاس، ئىسپىجاب ۋە بالاساغۇن ھاكىملىرى ئارقا-ئارقىدىن مەلىكشاھقا ئۆتۈپ كەتتى. نەتىجىدە قەشقەر خانى بۇغراخان ئەل ھەسەن بىن سۇلايمانمۇ خۇتبىنى مەلىكشاھ نامىغا ئوقۇتتى ۋە ئۆزىنىڭ سەلجۇقىيلار تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامىدا مېتال پۇل قۇيدۇردى، شۇنداق قىلىپ، ئەھمەدخان ئەسىر چۈشكەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمى بىر مەزگىل بىۋاسىتە بۈيۈك سەلجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولغاندەك، دۆلەتنىڭ شەرقىي قىسمىمۇ سەلجۇقىيلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى.

بىر يىلدىن كېيىن سەمەرقەندنىڭ نائىبتى بىلەن قاراخانىيلار قوشۇنىدا مۇھىم بىر ۋەزىپىسى بولغان چىگىل ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى(74) ئەينۇددەۋلە ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكتىن، مەلىكشاھ ئىككىنچى قېتىم ماۋرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ توقۇنۇشتا نائىب ئەبۇ تاھىر خارەزىمگە قاچتى. ئەينۇددەۋلە قەشقەر خانىنىڭ قېرىندىشى ئاتباشى شەھىرىنىڭ ھاكىمى ياقۇپ تېكىننى سەمەرقەندكە تېگىشىش قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ياقۇپ ئەينۇددەۋلەنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىش چىگىللەرنىڭ دۈشمەنلىكىنى قوزغى-

(74) ئىبنۇل ئەسىر ئەينۇددەۋلەنى قوماندان ئەمەس، «مۇقەددەمۇل-چىگىلىيە» (چىگىللەرنىڭ ئالدىنقى قىسمى) دەپ يازىدۇ («ئەل-كامىل» X توم، 173-بەت).



دى(75). سۇلتان مەلىكشاھ بۇ ئىشقا مۇداخىلە قىلىش مەقسىتى بىلەن بۇخاراغا كەلگەندە، ياقۇپ تېكىن پەرغانىدىن ئۆز ۋىلايىتى بولغان ئاتباشىغا قاچتى. سۇلتان مەلىكشاھ سەمەرقەنتنى قايتا بېسىۋالدى، ئۇ ياقۇپ تېكىننى تۇتۇشقا ئادەملەرنى بەلگىلىدى. قەشقەر خانىمۇ ئۇنى دەرھال تۇتۇپ، ئۆز ھۇزۇرىغا ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى، ئۆزىمۇ ھەر ھالدا ھادىسىلەرنى تېخىمۇ يېقىندىن بىلىش ئۈچۈن قايتىدىن ئۆزكەنتكە باردى.

سەمەرقەنتنى قىيچىش ۋاقتىدا كۈچكە تارقىلىپ كەتكەن ياقۇپ تېكىن قېرىندىشى قەشقەر خانى ھەسەن بىن سۇلايماندىن باشپاناھ تىلەشكە مەجبۇر بولدى. خان ياقۇپنى ئوغلىنىڭ قوماندىسىدىكى بىر بۆلۈم ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە سۇلتانغا ئەۋەتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە كاشانىيە ھاكىمى ئىنال ئوغلى تۇغرۇل(76) نىڭ شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ قەشقەر خانىنى ئەسىر ئېلىپ ئېلىگە قايتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ياقۇپ مول ۋەدىلەر ھېسابىغا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. مەلىكشاھ تۇغرۇلنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بەزى مۇلاھىزىلەردىن كېيىن بۇ پىكىردىن ۋاز كەچتى ۋە تۇغرۇلغا قارشى تاقابىل تۇرالىغۇدەك كۈچ تەييارلاش نىيىتىدە ياقۇپ بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ياقۇپ شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە

(75) بارتولد: «تۈركىستان» 317 - بەت؛ ئىبراھىم كافەس ئوغلى ئەينۇد دەۋلەنىڭ خەلق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادە قىلغان بولسىمۇ («مەلىكشاھ»، 122 - بەت)، بىزنىڭچە توغرا ئەمەستۇر.

(76) بارتولدنىڭ قارىشىچە («تۈركىستان» 318 - بەت) تۇغرۇل ئىنالبەگ.

ھۆكۈمدار بولۇپلا توغرۇلنىڭ ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلدى(77).

سۇلتان مەلىكشاھ ئۆزى ئەسىر ئالغان غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى ئەھمەدخاننى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۆزىگە بېقىنىش شەرتى بىلەن ئۆز ئورنىغا قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەلۇم ۋاقىت سۇلتاننىڭ نائىبى ياكى ۋالىيلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىمۇ بېقىندى دۆلەت ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. ئەھمەدخاننىڭ قاچان قايتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە تارىخچىلار تۈرلۈك مەلۇماتلارنى بېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما، بۇ ئىش مەلىكشاھ ئىككىنچى قېتىم ماۋرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن بولغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بېقىندىلىق ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەلجۇقىيلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئەگەر، مەلىكشاھ ئەھمەدخاننى بىرىنچى قېتىملىق يۈرۈشتىن كېيىنلا تەختكە قايتۇرغان بولسا ئىدى، سەمەرقەندكە بىر نائىب قالدۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئىككىنچى قېتىم سەمەرقەندنى ئېلىپ ئۆزگەنتكە يۈرۈش قىلغاندىمۇ، شەھەرگە ھېچكىمنى ۋالىي قىلىپ قالدۇرماسلىقى كېرەك ئىدى(78).

ئەھمەدخاننىڭ تەختى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆلىمالار بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا يېڭى ئىختىلاپ باشلاندى. ئۇ، زىندىقلىق (ئاتېئىستلىق) بىلەن ئەيىبلەندى. نىھايەت، ئۇ ئەسكەرلەر ۋە خەلق مۆتىۋەرلىرى تەرىپىدىن قاماقتا ئېلىندى. بىر قېتىملىق ئاشكارا مۇنازىرىدە ئۇ ئۆزىگە توقۇلغان بوھتان-

(77) بۇ ھەقتە ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «مەلىكشاھ»، 122 – 123 – بەتلەر.

(78) بارتولد: «توركىستان» 317 – بەت؛ پرىتساك: «قاراخانىيلار»، 263 – بەتكە قارالسۇن.



لارنى بېرەمۇ-بىر رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە ئارتىلغان گۇناھى بويىچە 1095 - يىلى ئۆلتۈرۈلدى.

كېيىن رۇكنەددىن قىلىچ تامغاچ خان مەسئۇد بىن مۇھەممەد I ئاسىيلار تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن قولىمىزدا ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن قىسقا مۇددەتلىك (1095 — 1097) سەلتەنەت دەۋرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

شۇنىڭدىن كېيىن، سۇلتان بەركىياروق تەرىپىدىن غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ھۆكۈمدار تەختكە چىقىرىلدى(79). ئۇلارنىڭ بىرى تەختكە چىقىرىلغان يىلىلا (1097) ۋاپات بولغان سۇلايمان تېكىن داۋۇدكۈچ تېكىننىڭ ئوغلى، تامغاچ خان ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى ئىدى؛ ئىككىنچىسى بولسا، تارىخىي مەنبەلەردە مەھمۇد تېكىن دەپ خاتىرىلەنگەن ئەبۇل قاسىم مەھمۇدخان I (1097 — 1099) ئىدى؛ بەركىياروق تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۈچىنچى شەخس بولسا، تارىخىي مەنبەلەردە بۇندارىدا ھارۇن تېكىن دەپ خاتىرىلەنگەن كىشى ئىدى. پرىتساك مەزكۇر ھارۇن تېكىننىڭ XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىدىن ماۋرا ئۇننەھرنى ئىستېلا قىلغان قادىرخان جىبرائىل بىن ئۆمەر بىلەن بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان بولسىمۇ، بۇ توغرۇلۇق كەسكىن بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئىبنۇل ئەسىر ئۆز كىتابىدا ئۇنى «توغان خان بىن قاراخان» دەپ يازغاندى(80).

قادىرخان جىبرائىل پەقەت ماۋرا ئۇننەھرنى ئىستېلا قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى مەلىكشاھنىڭ

(79) «زۇبدە تون - نۇسرا ۋە نۇخبەتۇل - ئۇسرا»، قىۋامەددىن بۇرسلانىڭ توركچە تەرجىمىسى، ئەنقەرە، 43 -، 235 - بەت.

(80) «ئەل - كامىل»، IX توم، 310 - بەت.

ئوغۇللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن تەخت ماجىراسىدىن پايدىلىنىپ، 1102 - يىلى سەلجۇقىيلار زېمىنىغا بېسىپ كىردى ۋە تېرمىزنى بېسىۋالدى. ئەمما، شۇ يىلى ئىيۇندا سۇلتان سەنجەر سەلچۇقىي تەرىپىدىن تېرمىز ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ماۋرا ئۇننەھر پۈتۈنلەي سۇلتان سەنجەر سەلچۇقىيغا ئۆكچە قالدى. سۇلتان سەنجەر سەلچۇقىي جىبرائىل ئىستېلاسى مەزگىلىدە خوراسانغا قاچقان جىيەنى مۇھەممەد تېكىننى (مۇھەممەد بىن سۇلايمان ئارسلان خان II، 1102—1130) غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى قىلىپ سەمەرقەنتتە تەختكە چىقاردى(81). مۇھەممەد ئارسلان خان سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا باشقا تەخت دەۋاگەرلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۆزىنىڭ ئورنىنى سۇلتان سەنجەرنىڭ ياردىمى بىلەنلا قوغداپ قالالىدى، تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ بۇخارادا پەۋقۇلئاددە زور قۇرۇلۇش قىلدۇرغانلىقى، 12 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان خاسسا (مەملۇك) قوشۇنى بىلەن كاپىر قىپچاقلارغا قارشى ئۇرۇشلار قىلغانلىقى(82) ۋە بۇ سەۋەبتىن «غازى» دەپ ئاتالغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، دۆلەتنى توغرىدىن - توغرا سەلجۇقىيلارغا بېقىندى قىلىپ قويغانىدى ۋە سۇلتان سەنجەرنىڭ نامىدا مىتال پۇل قۇيدۇرغانىدى. سۇلتان سەنجەرمۇ ئۇنى «نائىبىمىز ۋە چېگرا مەمۇرىمىز» دەيتتى (83).

---

(81) بۇ كېيىنكى ھادىسىلەر ھەققىدە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، M. كۆيمەن: «بۈيۈك سەلجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تارىخى» II، ئەنقەرە، 1954 - 158 - بەتكە قاراڭ.

(82) بارتولد، «توركىستان» I، 24 - بەت.

(83) بارتولد، «توركىستان» I، 24 - بەت.



## شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلان خان (1032 — 1056) تەختكە چىقتى. لېكىن، يۇقىرىدا قىسقىچە ئىزاھ بېرىلگىنىگە ئوخشاش، غەربتە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر نەتىجىسىدە دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمى ئېلىگخان ناسىرنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، قادىرخاننىڭ ئوغۇللىرىمۇ شەرقتىكى زېمىنلارغا قانائەت قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئارسلان خان «شەرەفۇددەۋلە ئەبۇ شۇجا» نامى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى بولدى. ئۇ سەلتەنەت سۈرۈۋاتقان زاماندا شەرقتە ئۇيغۇر كاپىرلىرىغا قارشى نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قوزغىدى. ھەتتا بۇ ئۇرۇشلار ئۇ زاماندىكى قاراخانىيلار مۇھىتىغا شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى، بۇ ۋەقەلەر داستانلار ھالىدا ئاڭلىتىش دەرىجىسىگە كەلگەن ۋە بۇ داستانلارغا ئائىت بەزى پارچىلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋانىدىمۇ ئورۇن ئالغانىدى. قاراخانىيلار شەرقىي شىمالدا ياباقۇ، باسمىل ۋە چومۇللار ھەممىدە يىمەكلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولدى. بەكەچ ئارسلان تېكىن غازى قاراخانىيلار قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ ياباقۇلارنى يەڭدى. ياباقۇلارنىڭ باش قوماندانى بۆركە بۇدراچ ئەسىر ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. قاراخانىيلار ياباقۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ياباقۇلارنىڭ تەھلىكىسىگە ئۇچراپ قاراخانىيلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ قاراخانىغا ساداقەت بىلدۈرگەن ۋە بۇ ئۇرۇشلاردا قاراخانىيلار قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان باسمىل ۋە چومۇللار كېيىنكى چاغلاردا كېلىشىم-

گە خىلاپلىق قىلغاندا، ئارسلان تېكىن تەرىپىدىن يېڭىلىپ
قايتىدىن قاراخانىيلارغا ئىتائەت قىلدۇرۇلدى(84). شۇنىڭ
بىلەن پۈتۈن بالقاش ۋە ئالاكۆل ئەتراپلىرى بىر مەزگىل
قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزۈلدى. ئەگەر يۇقىرىدا
كۆرسىتىلگەندەك، پەرغانىنىڭ ئىسفارا رايونى ئەتراپىدىكى
ۋارۇق قىيالىقلىرى ئۈستىگە ئويۇلغان خەتلەر ھەقىقەتەن بۇ
ئۇرۇشلارنىڭ بىر خاتىرىسى سۈپىتىدە يازدۇرۇلغان بولسا(85)،
بۇ ئىشلار 1041 — 1042 - يىللىرىدا بولغان بولىدۇ.
ئەمما، 1043 - يىلى بۇلغار (ۋولگا) بىلەن بالاساغۇن
ئوتتۇرىسىدىكى ۋادىدا ياشىغان 10 مىڭ چېدىرلىق كۆچمەن
تۈركىي خەلقنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشمۇ يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇشلاردا قاراخانىيلار تەرىپىدىن قولغا
كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ئىدى.

دېمەك، شەرقتە يۈز بەرگەن بۇ تەھلىكىلەر ۋە بۇنىڭغا
ئەگىشىپ يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن سۇلايمان ئارسلان
خان ئۆزىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى بۇ تەرەپكە قاراتقانلىقتىن،
ئومۇمەن دۆلەتنىڭ غەربىدە مەيدانغا كەلگەن ئىشلار بىلەن
كارى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىگخان ئوغۇللىرىنىڭ
غەربكە تامامەن ھاكىم بولۇشتەك خەۋپىنىڭ ئالدى ئېلىنماي
قالدى. شەرقتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋە كېيىنكى چاغلاردا
مەيدانغا كەلگەن دۆلەتنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش ھادىسىسىدە
بۇ ۋەقەنىڭ ئوينىغان رولىغا ھازىرغا قەدەر سەل قارىلىپ
كېلىندى.

شۇنىسى ئېنىقكى، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوغۇللىرى دەس-

---

(84) كېلىسلى I، 377 -، 382 -؛ 111 -، 172 -، 263 بەتلەرگە؛ ئاتالاي I، 452 -، 459 -، 111 -، 227 -، 355 - بەتلەرگە قاراڭ.
(85) توغان: «قاراخانىيلار»، 43 - بەتكە قاراڭ.



لەپتە سۇلايمان ئارسلان خان باشچىلىقىدا شەرقتىكى ئىسيان-
لارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش
ۋە پائالىيەت ساھەلىرىنى ئېنىق قىلىش ئۈچۈن بىر قارارغا
كېلىشكەندى. شۇ ۋەجىدىن، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈم-
دارى سۇلايمان ئارسلانخان بالاساغۇن ۋە قەشقەر رايونلى-
رىنى بىۋاستە ئىدارە قىلدى، ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەدخان
تىراز (تالاس) ۋە ئىسفىجابدا، يەنە بىر قېرىندىشى مەھمۇدخان
دۆلەتنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى زېمىنلاردا ئۇنىڭ نامىدىن ھۆكۈم
سۈردى. ئۇلار ھەر ھالدا غەربىي قاراخانىيلارغا قارشى ئورتاق
ھەرىكەت قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش
ئارقىلىقلا بىر مەزگىل ئۆتۈپ پەرغانىنىڭ بىر قىسمى بىلەن
ئۆزكەنتنى بېسىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. سۇلايمان
ئارسلان خان ئادىل ۋە دىنىدار بىر ھۆكۈمدار بولۇپ، ئالىم-
لارنىڭ دوستى ۋە ھامىيسى بولۇپ تونۇلغانىدى. تەرەپ -
تەرەپتىن ئالىملار ئۇنىڭ يېنىغا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئىلتىپات
ۋە ھەدىيىلىرىگە ئېرىشەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىزگە
نامەلۇم بولغان بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئۇ قېرىندىشى مۇھەممەد
بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالدى. ئۇ ئىككى ئوتتۇرىدا بولغان بىر
قېتىملىق ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشتى. ئاكىسىنى يەڭگەن
مۇھەممەد ئۆزىنى ئۇلۇغ خاقان دەپ ئېلان قىلدى. بىراق،
ئۇمۇ 15 ئاي ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن (1057 — 1068)،
ئۆز ئورنىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەينگە بەردى. ئەمما، مۇھەممەد-
نىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئانىسى بۇ ئىشقا
رازى بولمىدى ۋە تەختنى ئۆز ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش مەقسىتى
بىلەن مۇھەممەد خاقانغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى. مۇشۇ نىزا
ئائىلىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىنى يوقاتتى. شۇنداق قىلىپ تەخت
ئىبراھىم بىن مۇھەممەد قارا خانغا قالدى. ئىبراھىم سەلتە-

نەت سۈرگەن يىللاردا (1057 — 1059)، غەربىي قاراخانىيلار-
نىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمدارى ۋە ئىسمى ئوخشاش بولغان تاۋغاچ
خان ئىبراھىم شەرقتىكى بۇ ئائىلە ماجىراسىدىن پايدىلىنىپ
پەرغانىنى قايتا بېسىۋالغانغا ئوخشاش، شاش (تاشكەنت) ۋە
تۇنكاسنىمۇ بېسىۋالدى. شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى
ئىبراھىم بىن مۇھەممەد مۇشۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقلار تۈپەيى-
لىدىن دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان
ئۇرۇشلارغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالدى. ئۇ بۇ مەزگىللەردە
ئانىسىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بارسغان ھاكىمى ئىنال تېكىن
ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ
ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلار تەختىگە
يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى تۇغرۇل قاراخان
مەھمۇد (1059 — 1075) چىقتى. ئۇ مۇشۇ يىللاردا قەشقەر
ھاكىمى بولغان، كەلگۈسى ئۇلۇغ خاقان ئەبۇئەلى ھەسەن
بىن سۇلايمان بىلەن بىرلىكتە غەربىي قاراخانىيلار
بېسىۋالغان زېمىنلارنى قايتىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، 1068 -
يىلى شەمسۇلمۇلككە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. بۇ ئۇرۇش ئىككى
تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنى يېڭىدىن بېكىتكەن بىر كېلىشىم
بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ كېلىشىم بويىچە خوجەنت غەربىي قارا-
خانىيلارغا تاشلاپ بېرىلدى. پەرغانە بولسا، پۈتۈنلەي شەرقىي
قاراخانىيلارغا قارايدىغان بولدى. شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى
بىلەن غەربىي قاراخانىيلار سىر دەرياسىنى چېگرا قىلىدىغان بولدى.

تۇغرۇل قاراخان مەھمۇد ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر ھەققىدە
باشقا مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن،
ئورنىغا ئوغلى تۇغرۇل تېكىن ئۆمەر چىقتى. ئۇمۇ بىر - ئىككى
ئايلىق ھۆكۈمدارلىقتىن كېيىن، قەشقەر ھاكىمى ئەبۇئەلى ھەسەن



تەرىپىدىن قاماققا ئېلىندى. ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ ھەسەنگە سادا-
قەتلىك بىلدۈردى.

شۇنداق قىلىپ، تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى
ھەسەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى بولدى. ئۇ،
1075 - يىلى رەسمىي خاقان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي-
يەتتە تەختكە دادىسى ۋاپات بولغاندىن (1056/7) كېيىن
ئولتۇردى(86). پىرىتساك دېگەندەك(87)، بۇ مەزگىللەردە
قەشقەر مۇھىم بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى. شۇنداق
قىلىپ، قاراخانىيلار ھۆكۈم سۈرگەن يەرلەردە ئۇزۇن زامان
پاراكەندىچىلىك ۋە ئىچكى تالاش - تارتىشلارنىڭ بولۇشىغا
قارىماي، تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەننىڭ
دادىسى سۇلايمان ئارسلان خان زامانىدىن تارتىپلا بالاساغۇن،
قەشقەر رايونلىرىدا سەلتەنەتنىڭ مۇقىم بولغانلىقى مەدەنىيەت-
نىڭ تېز روناق تېپىشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانىدى.
خۇددى سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ ھوزۇرىدا چوڭ - چوڭ
ئالىملارنىڭ يېتىشلىگەنلىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ ئەلى
ھەسەننىڭ ھوزۇرىدىمۇ چوڭ - چوڭ ئالىملار يېتىشلىگەنىدى.
بۇ ئالىملاردىن بىرى بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ (خاس ھاجىپ)
ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» نى
ھىجرىيە 462 — (1070 - ) يىلى قەشقەردە يېزىپ ئەبۇ
مۇھەممەد ئەلى بۇغرا قاراخاننىڭ نامىغا سۇنغانىدى.
ئەبۇل - فۇتۇھ ئابدۇلغاپىر بىن ئەل ھۈسەين ئەل ئالمائىي
(1093 - يىلى ۋاپات بولغان) شۇ مەزگىللەردە ياشىغان
مەشھۇر ئالىملاردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە قەدەر يېتىپ

(86) بۇھەقتە ر. ر. ئارات: «قۇتادغۇ بىلىگ» I، (تېكىست)، كىرىش XVIII كە قارالسۇن.
(87) «قاراخانىيلار»، 261 - بەتكە قارالسۇن.

كېلەلمىگەن «تارىخى كاشغەر» ناملىق ئەسىرىمۇ شۇ زاماندا يېزىلغانىدى. ھەتتا شۇ چاغدا قەشقەردىن ناھايىتى يىراقتىكى باغداتتا مۇساپىرلىقتا ياشاۋاتقان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» مۇ ئېنىقى زامانىدىكى ئاشۇ مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ يېرىك مەھسۇلى ئىدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ھىجرىيە 496(1102/3) - يىلىغا قەدەر ھۆكۈم سۈردى [88]. سەلچۇقىيلار سۇلتانى مەلىكشاھ 1089 - يىلى ئۆزكەنتكە كەلگەندە، ئەبۇ ئەلى ھەسەنمۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ قېرىندىشى، ئاتباشى ھاكىمى ياقۇپ تېكىن سەمەرقەنتتە تەختكە چىققان بولسىمۇ، ئەمما مەلىكشاھنىڭ يېڭىباشتىن باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن ئاتباشىغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. مەلىكشاھقا بېقىندى بولۇپ قالغان ھەسەن بۇيرۇق بويىچە قېرىندىشى ياقۇپ تېكىن ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئەسىر ئالدى. مەلىكشاھ ياقۇپنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغاچقا ھەسەن دەسلەپتە ئۇنىمىغان بولسىمۇ، مەلىكشاھ ئىككىنچى قېتىم ئۆزكەنتكە بېسىپ كەلگەندە، ياقۇپنى ئۆزكەنتكە يولغا سېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەبۇ ئەلى ھەسەنمۇ قاراخانىيلار خاندانىدىن كېلىپ چىققان تۇغرۇل بىن ئىنال تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىندى. بۇ ئەھۋالدا مەلىكشاھ ياقۇپ تېكىن بىلەن بىر كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ئۇنى تۇغرۇلغا قارشى ئۇرۇشقا سالدى.

تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىر مۇددەت ئەسىرلىكتە يۈرگەندىن كېيىن قۇتۇلۇپ يېڭىدىن تەختتە ئولتۇردى.

(88) بارتولد: «قۇتادغۇ بىلىگ» دە تىلغا ئېلىنغان بۇغرا خان كىمدۇر؟» تۈركچە تەرجىمىسى، راغىب خۇلۇسى TM 1، توم (1928)، 221 - 622 - بەتلەر.



يەركەنتتە تېپىلغان، ھىجرىيە 474 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ كېيىن تەخمىنەن ھىجرىيە 494 (1100/1101) - يىلى پۈتۈلگەن مەھكىمە ھۆججىتىدىن مەلۇم بولغىنىغا قارىغاندا، بۇ مەزگىلدە ئۇ ھايات بولۇپ، ئوغۇللىرىدىن چاغرى تېكىن ئەبۇ مۇسا ھارۇن ئۇنىڭ نامىدىن يەركەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى ئىدارە قىلغانىكەن. ئۇنىڭ توغان تېكىن ئەبۇلمۇزەففەر مەمۇن ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بولغان بولسىمۇ[89]، ئەمما بۇ ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەستەك قىلىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ھەسەننىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەھمەد ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. ئەھمەدخان 1105 - يىلى خەلىپە ئەل مۇستەزھىربىللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ئۇنۋان سورىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قوبۇل قىلغان خەلىپە ئۇنىڭغا تون بىلەن بىرگە «نۇرۇددەۋلە» ئاتىقىنى بەردى[90]. ئەھمەد 1128 - يىلى قارا خىتايلارنى يېڭىپ،

(89) ز.ۋ. توغان: «قاراخانىيلار تارىخىغا دائىر بەزى قەيتلەر»، تۈرك يۇرتى، V/11، 9 - 10 - بەتلەرگە؛ پرىتساك: «قاراخانىيلار»، 261 - بەتكە قارالسۇن؛ توغاننىڭ مانسا ئۇمۇمىي كۆتۈپخانىسىدا تاپقانلىقىنى بۇرۇن بىلدۈرگەن تىپ كىتابى قاراخانىيلار شاھزادىلىرىدىن توغان تېكىن ئەبۇلمۇزەففەر مەئمۇن بىن ھارۇن قىسغىسىز(؟) قادىر خاقان بىن سۇلايمان ئارسلانخان بىن يۇسۇپ قادىرخانغا بېغىشلانغان. شاھزادىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇنىڭ دادىسى ھارۇن قىسغىسىز قادىر خاقاندۇر. ھالبۇكى، بىز ئەبۇئەلىنىڭ ناملىرى ئارىسىدا «ھارۇن» نى ۋە ئۇنۋانلىرى ئارىسىدا «قادىرخان» نى ئۇچراتمايمىز. بۇ ئەھۋالدا نامى تىلغا ئېلىنغان شاھزادىنىڭ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ باشقا بىر ئوغلىدىن بولغان نەۋرىسى بولغان بولۇشى كېرەك. بىراق، ھارۇن قادىرخاقان ئوغلى توغان تېكىننىڭ قايسى يىللاردا ۋە قەيەرلەردە ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق.

(90) «ئەل - كامىل»، IX جىلد، 307 - بەت؛ پرىتساك: «قاراخانىيلار»، 1261 - بەت.

ئۇلارنىڭ غەربكە ئىلگىرىلىشىنى بىر مۇددەت توسۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئىز باسارى ئىبراھىم خان زامانىدا بولسا، بالاساغۇننى بېسىۋالغان قارا خىتايلار كېيىنچىرەك شەرقىي قارا خانىيلار دۆلىتىنىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي قارا خانىيلارنىڭ بىرقانچە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ نامىنى بىلگىنىمىزدىن باشقا، بەزى ۋەقەلەر توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.



# 1 - بۆلۈم ھاكىمىيەت مەسىلىسى ۋە ھۆكۈمدار

## A. ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى

### 1. ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدىن سىياسىي ئىقتىدارنىڭ مەنبەسىگە بىر نەزەر

قاراخانىيلارنىڭ XI ئەسىردىكى دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدە مەلۇمات بەرمەكچى ئىكەنمىز، ئالدى بىلەن بۇ دەۋرنىڭ ھاكىمىيەت (ھۆكۈمرانلىق) چۈشەنچىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈش بۇ ماۋزۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. چۈنكى، دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ ھەربىر باسقۇچىنىڭ ئوخشاشمىلىقىمۇ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئاياندۇر.

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى ھۆكۈمداردا تەڭرى ئاتا قىلغان بەزى سۈپەتلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر چۈشەنچە ئىدى. بۇ چۈشەنچە بويىچە ھۆكۈمدارلارغا ئىدارە قىلىش ھوقۇقى تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەن، ھۆكۈمدار تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈمدار بولغان، ئۆزىگە «قۇت» (دۆلەت، بەخت، ياخشى تالەي)

ۋە «قىسمەت» بەرگىنى ئۈچۈن ھۆكۈمدارلىقتا ۋە سىياسىي ئىقتىدار، ھوقۇقتا ئىگە بولغان، يەنى ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بىلەن سالاھىيىتىنىڭ مەنبەسى ئۆزىگە بەخت (دۆلەت) بەرگەن تەڭرىدۇر، ھاكىمىيەتنىڭ مەنبەسى ئىلاھتۇر، دەپ قارىلاتتى. شۇڭا، تۈركىي خەلقلەر ئادەتتە خاقاننى كۆكنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلىگە ئوخشىتاتتى. بۇنداق ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى تۈركىي خەلقلەردە ئاسىيادىكى ھون ئىمپېراتورلۇقى زامانىدىن تارتىپلا دۆلەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى بولۇپ قالغانىدى(91).

بۇ جۈملىدىن بىز توختىلىۋاتقان قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئەينى چۈشەنچىنىڭ بارلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەتقىقاتىمىزنىڭ ئانا مەنبەسى بولغان مەشھۇر سىياسەتنامىسىنى «قۇت» سۆزىنى قوشۇپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دەپ ئاتىغانلىقى — بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلىدۇر. «قۇتادغۇ» سۆزى «قۇتادماق» (بەختلىك قىلماق) دېگەن سۆزدىن ياسالغان بىر ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىمۇ «بەختكە ئېرىشتۈرگەن، بەختلىك قىلغان» دېگەنلىك بولىدۇ.

«قۇت» سۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىگە كەلسەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرنىڭ XVI بابىنى «دۆلەتنىڭ سۈپىتى»گە ئايرىپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ يەردىمۇ قۇتنى توپتوغرا «دۆلەت» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى ئورنىدا قوللانغان (92). لېكىن، بۇ يەردە دېيىلگەن دۆلەت — «شتات» ئەمەس. ئەسلىدە تۈركىي خەلقلەر «ئىل» (ياكى ئەل) سۆزىنى مۇشۇ مەنىدە قوللانغانىدى. شۇنداق ئىكەن، بۇ يەردىكى دۆلەت(يەنى قۇت)، بۈگۈنكى كۈندە بىز قوللىنىۋاتقان «دۆلەت قۇتى» ئىبارىسىدىكى «دۆلەت» سۆزىنىڭ ئىچىدە ساقلانغان مەنىدىكى دۆلەتتۇر. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قۇتنى «بەخت، ياخشى تەلەي، ئىستىقبال، ياخشىلىق ۋە سائادەت» دېگەندەك مەنىلىرىدىن باشقا، ئەسلى «سىياسىي ھاكىمىيەت قۇدرىتى، يەنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قۇدرىتى ۋە سالاھىيىتى» دېگەن مەنىدە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆز ۋاقتىدا سەدرى مەقسۇدى ئارسالمۇ قۇتنىڭ ئەسلىدە «سىياسىي ھاكىمىيەت قۇدرىتى» مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى ۋە «تەلەي، سائادەت، بەخت»كە ئوخشاش مەنىلىرىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋە كېيىنچە ئوتتۇرىغا چىققان مەنىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى(93).

دېمەك، بىز قۇتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۆز پىكرىمىزنى يۇقىرىقى شەكىلدە بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئىلىگ قۇتى» ئىبارىسى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەنىسى بىۋاسىتە «دۆلەتلىك ھۆكۈمدار» ئىبارىسىنىڭ

(91) بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى»، ئىستانبول، 1971، II، 57 - بەت؛ كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 220 - بەت؛ ئايدىن تانەرى: «تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسى»، ئەنقەرە، 1975، 34 - بەت.

(92) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر شائىرلىرىنىڭ بىرىدىن (740 - ۋە 741 - بېيىتلەرگە قاراڭ) ئېلىپ قەيت قىلغان ئىككى بېيىتى، قۇتنىڭ دۆلەت ۋارىيانتى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىدىن بىرىدۇر.

(93) ئارسال: «ھوقۇق»، 120 - بەت. «قۇتادغۇ بىلىگنىڭ نامى ۋە قۇت ھەققىدە». ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قۇتادغۇ بىلىگ ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، تارىخ ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى، 1، ئىستانبول، 1970، 26 - بەت.

ئۇرنىدا قوللىنىلغان دەپ قارايمىز(94). يەنە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»تە ھۆكۈمدارغا خىتاب قىلىنغاندا قوللانغان «قۇتلۇق كىشى» نى(95) «ئاللا تەرىپىدىن ئۆزىگە دۆلەت ئاتا قىلىنغان، ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بېغىشلانغان ئادەم» مەنىسىدە قوللانغانلىقىمۇ ئېنىق. يەنە باشقا بىر بېيىتىدە بولسا ئۇ ھۆكۈمدارغا «ئاي، ئىدىقۇت» يەنى «ئەي ئىقبال، ئەي ئىلاھى دۆلەت»(96) دەپ خىتاب قىلىش ئارقىلىق، ئەينى زاماندا ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ مەنبەسىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلىگەندى.

× × ×

بۇلاردىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ ئىلاھ تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى ۋە ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئىلاھىنىڭ ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان خاتىرىلىرىمۇ بار. ئۇ يەنە ھۆكۈمدارغا شۇنداق دەيدۇ: «سەن بۇ بەگلىكنى ئارزۇ قىلىپ زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرمىدىڭ. ئۇنى ئاللا ئۆز ھىكمىتى بىلەن خەير - ئېھسان

(94) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 720 - بېيىتقا قاراڭ. بۇنىڭغا ئۇيغۇن ھالدا مەرھۇم ئاراتمۇ «قۇت» نىڭ ۋارىيانتىنى بىرقانچە يەردە «دۆلەت» مەنىسىدە ئالغان ۋە «ئىلىگ قۇتى» ئاتالغۇسىنىڭ ۋارىيانتىنىمۇ «دۆلەتلىك ھۆكۈمدار» دەپ قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئەمما، ئۇ بۇ سۆزنى كۆپرەك «سائادەت» دەپ تەرجىمە قىلغان (مەسىلەن، 670 - 681 - 682 - 710 - 714 - ۋە 740 - بېيىتكە قاراڭ)، بىزچە توغرا ئەمەس. توغرىسى سائادەتنى بۇ يەردە بەختلىك مەنىسىدە ئەمەس، يۇقىرىدىكى قۇت تەرىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ «دۆلەت ، ئىقبال» مەنىسىدە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

(95) «قۇتادغۇ بىلىگ» 668 - بېيىتكە قاراڭ.

(96) «قۇتادغۇ بىلىگ» 939 - بېيىتكە قاراڭ، «ئىدىقۇت» ھەققىدە، بۇ كىتابىمىزنىڭ «ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنۋانلىرى» دېگەن قىسمىدا ئالاھىدە مەلۇمات بېرىلگەن.



قىلدى، بۇ بەگلىكنى ساڭا ئىلتىپات قىلدى، بۇنىڭغا شۈكۈر قىل»(97) ، «ئاللا بەگلىك ئىشىنى كىمگە بەرگەن بولسا ئىشقا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە كۆڭۈلمۇ بېرىدۇ. ئاللا كىمنى بەگ قىلىپ ياراتماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە مۇناسىپ قىلىق ۋە ھەرىكەت بىلەن ئەقىلمۇ بېرىدۇ»(98) . «بەگلەر ھاكىمىيەتلىرىنى ئاللادىن ئالىدۇ» (99) . «ئاللا سېنى توغرىلىق (راستلىق) ئۈچۈن ھۆكۈمدار قىلدى» (100).

× × ×

مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھۆكۈمدارلىق — «ئىدىقۇت ئىبارىسىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك مۇقەددەستۇر(101). ھەتتا، ياخشى تەبىئەتتۇر ۋە ئاللا بۇ ياخشى تەبىئەتنى كىمگە بەرسە، بۇ دۇنيا ھەر خىل نازۇ - نېمەتلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ بولىدۇ(102).

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ سۆزلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئادەمنى ئاللانىڭ ھۆكۈمدار قىلىپ ياراتقانلىقى ھەققىدىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنى XI ئەسىردە قانداق جانلىق شەكىلدە

(97) «قۇتادغۇ بىلىگ» 5469 -، 5470 - بېيىتلارغا قاراڭ.

(98) يۇقىرىقى كىتاب 1933 -، 1934- ، 1978 - بېيىتلارغا قاراڭ.

(99) يۇقىرىقى كىتاب 5947 - بېيىتكە قاراڭ.

(100) يۇقىرىقى كىتاب 5195 - بېيىتكە قاراڭ.

(101) يۇقىرىقى كىتاب 1960 - بېيىتكە قاراڭ.

(102) يۇقىرىقى كىتاب 1979 - بېيىتكە قاراڭ.

ئورنىدا قوللىنىلغان دەپ قارايمىز(94). يەنە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»تە ھۆكۈمدارغا خىتاب قىلغاندا قوللانغان «قۇتلۇق كىشى» نى(95) «ئاللا تەرىپىدىن ئۆزىگە دۆلەت ئاتا قىلىنغان، ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بېغىشلانغان ئادەم» مەنىسىدە قوللانغانلىقىمۇ ئېنىق. يەنە باشقا بىر بېيىتىدە بولسا ئۇ ھۆكۈمدارغا «ئاي، ئىدىقۇت» يەنى «ئەي ئىقبال، ئەي ئىلاھى دۆلەت»(96) دەپ خىتاب قىلىش ئارقىلىق، ئەينى زاماندا ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ مەنبەسىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلىگەندى.

× × ×

بۇلاردىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ ئىلاھ تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى ۋە ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئىلاھنىڭ ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان خاتىرىلىرىمۇ بار. ئۇ يەنە ھۆكۈمدارغا شۇنداق دەيدۇ: «سەن بۇ بەگلىكنى ئارزۇ قىلىپ زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرمىدىڭ. ئۇنى ئاللا ئۆز ھېكمىتى بىلەن خەير - ئېھسان

(94) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 720 - بېيىتقا قارالسۇن. بۇنىڭغا ئۇيغۇن ھالدا مەرھۇم ئاراتمۇ «قۇت» نىڭ ۋارىيانتىنى بىرقانچە يەردە «دۆلەت» مەنىسىدە ئالغان ۋە «ئىلىگ قۇتى» ئاتالغۇسىنىڭ ۋارىيانتىنىمۇ «دۆلەتلىك ھۆكۈمدار» دەپ قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئەمما، ئۇ بۇ سۆزنى كۆپرەك «سائادەت» دەپ تەرجىمە قىلغان (مەسىلەن، 670 - 681 - 682 - 710 - 714 - ۋە 740 - بېيىتكە قارالسۇن)، بىزچە توغرا ئەمەس. توغرىسى سائادەتنى بۇ يەردە بەختلىك مەنىسىدە ئەمەس، يۇقىرىدىكى قۇت تەرىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ «دۆلەت، ئىقبال» مەنىسىدە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

(95) «قۇتادغۇ بىلىگ» 668 - بېيىتكە قارالسۇن.

(96) «قۇتادغۇ بىلىگ» 939 - بېيىتكە قارالسۇن. «ئىدىقۇت» ھەققىدە، بۇ كىتابىمىزنىڭ «ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنۋانلىرى» دېگەن قىسمىدا ئالاھىدە مەلۇمات بېرىلگەن.



قىلدى، بۇ بەگلىكنى ساڭا ئىلتىپات قىلدى، بۇنىڭغا شۈكۈر قىل»(97)، «ئاللا بەگلىك ئىشىنى كىمگە بەرگەن بولسا ئىشقا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە كۆڭۈلمۇ بېرىدۇ. ئاللا كىمنى بەگ قىلىپ ياراتماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە مۇناسىپ قىلىق ۋە ھەرىكەت بىلەن ئەقىلمۇ بېرىدۇ»(98). «بەگلەر ھاكىمىيەتلىرىنى ئاللادىن ئالىدۇ» (99). «ئاللا سېنى توغرىلىق (راستلىق) ئۈچۈن ھۆكۈمدار قىلدى» (100).

× × ×

مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھۆكۈمدارلىق — «ئىدىقۇت ئىبارىسىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك مۇقەددەستۇر(101). ھەتتا، ياخشى تەبىئەتتۇر ۋە ئاللا بۇ ياخشى تەبىئەتنى كىمگە بەرسە، بۇ دۇنيا ھەر خىل نازۇ - نېمەتلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ بولىدۇ(102).

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ سۆزلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئادەمنى ئاللانىڭ ھۆكۈمدار قىلىپ ياراتقانلىقى ھەققىدىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنى XI ئەسىردە قانداق جانلىق شەكىلدە

(97) «قۇتادغۇ بىلىگ» 5469 -، 5470 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(98) يۇقىرىقى كىتاب 1933 -، 1934 -، 1978 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(99) يۇقىرىقى كىتاب 5947 - بېيىتكە قارالسۇن.

(100) يۇقىرىقى كىتاب 5195 - بېيىتكە قارالسۇن.

(101) يۇقىرىقى كىتاب 1960 - بېيىتكە قارالسۇن.

(102) يۇقىرىقى كىتاب 1979 - بېيىتكە قارالسۇن.

قوللانغانلىقىنى ئەڭ ئوچۇق ئىپادىلەپ بەردى(103). شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى: تۈركىي خەلقلەردىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا قۇتنىڭ ئاتىدىن بالىغا قالغانلىقى ھەققىدىكى ئېتىقادنىمۇ ئاساس قىلغان(104). بۇ چۈشەنچە بويىچە ياخشىلىق قىلىپ ئۆزىگە ئاللا تەرىپىدىن «قۇت» بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمدار بولغان ئادەمنىڭ بۇ ئىلاھىي ئۈستۈنلۈكى ئىرسىيەتلىكتۇر ۋە بالىلىرىغا مىراس بولۇپ قالىدۇ، دېيىلەتتى. بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ «بەگ ئاتىسىدىن تۇغۇلغاندىلا بەگلىك بىلەن تۇغۇلىدۇ»، «ئاتىسى بەگ ئىدى، ئۆزىمۇ بەگ بولدى» ۋە «ئاتىسى بەگ بولسا، ئوغلىمۇ بەگ بولۇپ تۇغۇلىدۇ ۋە ئۇمۇ ئاتىسىدەك بەگ بولىدۇ.»(104) دېگەن سۆزلىرى بۇ چۈشەنچىنىڭمۇ قاراخانىيلار زامانىسىدا كەڭ تارقالغان بىر خىل ئېتىقاد ئىكەنلىكىنىڭ ئوچۇق ئىپادىسىدۇر. شۇنداقلا «قۇتادغۇ بىلىگ» دە يېزىلغان «قەدىمكى بىر ماقال بار:

(103) ھاكىمىيەتنىڭ ئىلاھىي مەنبەسى ھەققىدە ئايرىمچە ئىبراھىم كافەس ئوغلىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 20 - بەت؛ شۇ ئەۋردە نىزامۇلمۇلكنىڭ بويوك سەلچۇق قىيىلارنىڭمۇ بۇ تارىخىي ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىكەنلىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان قەيتى ئۈچۈن، كۆيمەننىڭ «ساراي تەشكىلاتى» 3 - بەتكە قارالسۇن.

(104) «قۇت» نىڭ قان ۋاستىسى بىلەن ئاتىدىن (خوتۇندىن تۇغۇلغان) ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىگە ئۆتىدىغانلىقى ئېتىقادى ۋە بۇ توپەيلى ھۆكۈمدار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قانلىرىنى تۆكۈشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى ھەققىدە م.ف. كۆپرۈلۈنىڭ «تورك ۋە موڭغۇل سۇلالىلىرىدە خانىدان ئەزاسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدە قان تۆكۈشنىڭ مەنئى قىلىنىشى»، «تورك ھوقۇق تارىخى» ژۇرنىلى، ئەنقەرە، 1944، I توم، 1 -، 9 - بەتلەرگە؛ ئىبراھىم كافەس ئوغلىنىڭ «تورك مىللىي مەدەنىيىتى» 234 -، 235 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

(105) «قۇتادغۇ بىلىگ» 1932 -، 1936 -، 1950 - بېيىتلارغا قارالسۇن. قاراخانىيلار تەخت مەنىسىدىكى «ئورۇن» سۆزىدىن ئېلىپ، تەختكە ئولتۇرۇشنى «ئورۇناماق» دەيتتى (5738 - بېيىتكە قارالسۇن).



ئاتىسىنىڭ تەختى ۋە ئىسمى ئوغلىغا قالىدۇ» ۋە «ئاتاڭنىڭ تەختى بىلەن ئىسمى ساڭا قالدى، بۇلارغا يەنە مىڭلارچىسى قوشۇلسۇن»(106) دېگەن خاتىرىلەرنىڭمۇ، بۇ كەڭ تارقالغان چۈشەنچە بىلەن باغلىق ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ تارىخى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ باشقا بىر تەرىپىنىمۇ قوغداپ قالغانلىقىنى يەنىلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ. تۈركىي خەلقلەر بۇ چۈشەنچە بويىچە ئۆز ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۆك ئاستىدىكى بارلىق مەملىكەتلەرنىڭ بىردىنبىر ھاكىمى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى(107). «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى «دۇنيانى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ئىشەنچىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئەسلىدىمۇ دۇنيانى قولىدا تۇتقۇچى، چۈشەنچە بىلەن تۇتالىدى» دېگەن مەزمۇنلار بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ھۆكۈمدار كۈن تۇغدىنىڭ ياخشىلىق ۋە پەزىلەتلىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، «دۇنيا خەلقى بۇنى ئاڭلاش بىلەن ئۇنى ئارزۇ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلدى» ۋە «دۇنياغا قارا، تولۇق بىر سائادەت پوتىسىنى باغلىدى»(108) دېيىش بىلەن ئۆز

(106) 110 -، 111 - بېيىتلەرگە قارالسۇن. مەرھۇم ئارات، ھەر ئىككى بېيىتتىمۇ ئۆتكەن «ئورۇن» سۆزىنى «يەر» دەپ تەرجىمە قىلغان. بىزچە تەخت شەكلى تېخىمۇ توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئالدۇق.

(107) بۇ ھەقتە ئۆگەل «تورك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II توم، 54 - بەت؛ كافەس ئوغلى «تورك مىللىي مەدەنىيىتى»، 228 - بەتكە قارالسۇن.

(108) 217 -، 218 -، 224 - بېيىتلارغا ۋە 460 -، 461 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

ئەسىردە جانلاندۇرغان ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى — يەر يۈزىنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاكىمى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ يەنە ھۆكۈمدارغا نەسىھەت قىلغان چاغدا: «ئاقى بولسا ئەلگى ئاۋۇن بەگلەرى»(109) دېگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئەسىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ جايلىرىدا دۇنيا ھاكىمى مەنىسىدە «ئاۋۇن تۇتقان ئەر»، «ئاۋۇنچى كىشى» ۋە «ئاۋۇنچى بۆگۈ بەگ»(110) دېگەندەك ئاتالغۇلارنى قوللىنىش ئارقىلىق، بۇ چۈشەنچىنىڭمۇ ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ ھاكىمىيەت قابىلىيىتىنىڭ ئىلاھىيەت تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «ئاللا بۇ قۇتنى ۋە ياخشى تەبىئەتنى كىمگە بەرسە، بۇ دۇنيا ھەرخىل نازۇ - نېمەتلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنلىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ بىر خىل ئىلتىپات ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ ئەينى دەۋردە قانداق ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنىڭ ئوچۇق بىر ئىپادىسى بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ھۆكۈمدارلارغا، ئومۇمەن باشلىقلارغا نەسىھەت تەرىقىسىدە يېزىلغان «مىنىڭ ئەردەم كەرەك بۇ جىھان تۇتقۇغا» ۋە «ئاۋۇنچىغا ئەردەم كەرەك مىنىڭ تۈمەن»(111) شەكلىدىكى قەيتلەرمۇ بۇ چۈشەنچىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ چۈشەنچىدە ئىنسانلار ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق ئايرىمـ

(109) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 3034 - بېيىتكە قارالسۇن.

(110) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 445 -، 446 -، 2056 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(111) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 284 -، 285 - بېيىتلارغا قارالسۇن. ئايرىمچە 940 - بېيىتتىكى «ئاۋۇن ئەركى بولدۇق = دۇنيا ھاكىمىيىتىنى تاپتىڭ» ۋە 4012 - بېيىتتىكى «ئاۋۇن ئىلچىسى = دۇنيا ھاكىمى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ ئەينى قاراشنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.



چىلىقلارغا ئورۇن بېرىلمىگەن. ئۇ يەنە پۈتۈن ئىنسانلارنى ۋە يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ھۆكۈمدارغا بېرىلگەن. يەر يۈزى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، ئىنسانلار بىر پۈتۈن جامائەدۇر؛ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە يالغۇز بىرلا ھۆكۈمدار بولىدۇ، بۇ ھۆكۈمدار ئىلاھىيەت ئاتا قىلغان قانۇنغا ئاساسەن يەر يۈزىنى باشقۇرۇشى كېرەك، دېگەن بۈيۈك بىرلىك ئىدىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. دېمەك، تارىختا كەڭ كۆلەملىك ئىشغالىيەتچىلىك بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردىكى بۈيۈك بىرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى پەلسەپىسىنىمۇ ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەن بۇ چۈشەنچە تەشكىل قىلغان(112).

بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تەتقىقاتچىلار ئىلگىرى ئىزاھلاپ ئۆتكىنىدەك، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردە ھۆكۈمدار ئىنساندىن تاشقىرى تۇرىدىغان بىر خىل مەخلۇق دەپ قارالمىغان(113). ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە قۇتقا ئىگە بولغان بىر ئادەمنىڭ پەقەت شۇنىڭغا لايىق ھەرىكەت قىلغان ۋاقتىدىلا ھۆكۈمدار بولۇپ قالالايدىغانلىقى ئاساس قىلىناتتى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ XVI بابىنى دۆلەتنىڭ، تېخىمۇ توغرىسى «قۇت»نىڭ سۈپىتىنى تەرىپلەشكە ئايرىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بۇ يەردە «قۇت»نىڭ ئۆزگىرىشچان خاراكتېرلىك ۋە تۇراقسىز تەبىئەتلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى

(112) كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» 228 - بەت؛ ئەينى ئاپتور: «تۈرك فۇتۇھات پەلسەپىسى ۋە مالازگىرت مۇھارىبەسى» تارىخ ئىنستىتۇتى مەجمۇئەسى، ئىستانبۇل 1971، 4 - سان؛ نىزامۇلمۇلكنىڭ «سۇلتان مەلىكشاھ جىھان ئائىلىسىنىڭ ئاتىسىدۇر، بۇ سەۋەب بىلەن ئۇنىڭ ئاتىلىق شەپقىتىمۇ شۇ نىسبەتتە كەڭ بولۇشى كېرەك» بىر قەيتى ئۈچۈن ئو. تۇران ئا. گ. ئې. 102 - بەتكە قارالسۇن.

(113) «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» 225 - بەتكە قارالسۇن.

قولدا تۇتۇشنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش ئىكەنلىكى ئۈستىدە ناھايىتى ئۇزۇن توختالغان. ئۇ بۇنى مۇنداق بىر ۋەقە ئارقىلىق جانلاندۇرۇپ بېرىدۇ: «ئاي تولدى (ۋەزىر) بىركۈنى ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. لېكىن ھۆكۈمدارنىڭ كۆرسەتكەن يېرىگە كېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا يانچۇقىدىن بىر توپنى چىقىرىپ ئۈستىگە ئولتۇرىدۇ. ھۆكۈمدار بۇنىڭغا خاپا بولىدۇ. قىلغان ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. ‹قۇت›قا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئاي تولدى شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: بۇ قىلغان ھەرىكىتىمنىڭ سەۋەبى ‹قۇت› بولۇپ يارىتىلىشىمدىندۇر. كۆرسەتكەن يېرىڭىزگە ئولتۇرماسلىق بىلەن ‹مېنىڭ ئۈچۈن ئورۇن يوق› دېمەكچى بولدۇم. نېمىگە ئوخشىشىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يەرگە بىر توپ قويدۇم. تېپتېز يەردە توپ قانداق دومىلىسا، دۆلەتمۇ (قۇت) شۇنداق دومىلايدۇ. بۈگۈن مەن بىر دۆلەتمەند، بىر توپقا ئوخشىشىمەن، تەبىئىتىم تۇراقسىز، ماڭا ئىشەنمە. بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەن بىر ئاقساقالنىڭ ئاغزىدىن بىر تۈركچە ماقالىنى ئاڭلا: ‹ئەي قۇتلۇق كىشى، سەن بۇ بوش بەختكە ئىشەنمە، ئەي ئاتاقلىق كىشى، سەن بۇ بەختكە ئىشەنمە. ئاقار سۇ، گۈزەل سۆز ۋە بەخت توختىماي، ھارماي ـ تالماي دۇنيانى كېزىدۇ. بەخت ئىشەنچسىز، ۋاپاسىز ۋە بىقارار. يۈرگەندە تېز ئۇچىدۇ، ئايىغى تايىدۇ›»(114).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇتنىڭ ئىشەنچسىز ۋە قارارسىزلىقىنى بۇ خىلدا تىلغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: «پەزىلىتىم بەك كۆپ. ئادەملەرگە بەخت كەلسە مەندىن كېلىدۇ، تەبىئىتىم مۇلايىم، يېشىم كىچىك. لېكىن بارلىق بەگ ۋە چوڭلارغا بارىدىغان يول مەندىن ئۆتىدۇ.

(114) «قۇتادغۇ بىلىگ» 660 -، 670 - بېيىتلارغا قارالسۇن.



ئارزۇ قىلىنىدىغان ھەممە نەرسە مېنىڭ قولۇمنىڭ ئاستىدا. ئۆزۈم نەدە بولسام، پۈتۈن ئارزۇلار مەن بىلەن بىللە ماڭىدۇ. ماڭا باغلىنىدۇ. ھۇزۇر مەندە، جاپا مەندىن قاچىدۇ. خۇشاللىق مەندە، خاپىلىق ماڭا يېقىنلاشمايدۇ. كىمنىكى ماڭا غادايسا، ئازاب ئىچىدە يوق بولىدۇ. كىم ماڭا بويۇن ئەگسە ئارزۇسىغا يېتىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن قۇت نەدە بولسا ئۇنىڭغا بويۇن ئەگ ۋە ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرسەت دۆلەت (قۇت) بىلەن قېرىشساڭ غەمدە قاتىدۇ بېشىڭ. قۇت (بەخت) كەلسە ئادەم ھەقىقەتەن بەختىيار بولىدۇ. بارلىق ئارزۇلىرىغا ئېرىشىپ راھەت ياشايدۇ.»(115)

قۇت (بەخت) سۆزىنى يەنە مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «ئادەملەر ئۆز ئىچىدە مېنى تۇراقسىز دەپ يامانلايدۇ. ھالبۇكى، تۇراقسىز بولۇشۇم ماڭا ئەيىب ئەمەس. ئۆزۈمگە ھەر دائىم يېڭى ۋە تازا نەرسىلەرنى تاللايمەن. بۇ قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى تىللايدۇ ۋە ئەيىب قويىدۇ. ھالبۇكى، تۆرەلگەن ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ. ئاللا نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ. بەختكە ئىشەنمە، كېلىدىيۇ، كەلگىنىدەك كېتىدۇ. بۇ دۆلەتكە ئىشەنمە، بېرىدۇ، ئالىدۇ. ئەي ھۆكۈمدار، ئەگەر قۇت (بەخت) تۇراقسىز (كېلىپ ـ كەتمەس) بولمىسا ئىدى، بۇ ئىقبال نېمىدېگەن چىرايلىق نەرسە بولاتتى ـ ھە!»(116)

ئۇنداق بولسا، پۈتۈن ئارزۇ ۋە نېمەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىرلا ۋاسىتىسى بولغان قۇتقا ئىگە بولغان بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشى، قانداق بىر ئادەم بولۇشى كېرەك؟ يۈسۈپ خاس ھا-

(115) «قۇتادغۇ بىلىگ» 673 -، 682 - بېيىتلارغا قارالسۇن.
(116) «قۇتادغۇ بىلىگ» 685 -، 695 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

جىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە بۇنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «بەخت تاپقۇچى تەۋەززۇلۇق بولۇشى، كىچىك پېئىل ھەم شېرىن سۆز بولۇشى كېرەك. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، ھەددىدىن ئاشماسلىقى، يامان ۋە سەت ئىشلارغا يېقىن يولۇقماسلىقى، يىغىلغان مېلىنى جايىدا ئىشلىتىشى، ھاياتىنى، مىجەزىنى، پەيلىنى تۈزىتىشى، كىبىر ۋە غۇرۇر بىلەن باشقىلارنى رەنجىتمەسلىكى، ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالماسلىقى ھەم ئۇلارغا بوزەك بولماسلىقى كېرەك. ھاراققا بېرىلمەسلىكى، بىكاردىن - بىكارغا مېلىنى چاچماسلىقى، تىلى ۋە قولى بىلەن ئويۇنغا ئارىلاشماسلىقى، خۇي - پەيلىدە دۇرۇس بولۇشى لازىم. مانا بۇلار تۇراقسىز قۇتنىڭ زەنجىرلىرىدۇر. قۇت مۇشۇنداق باغلانسا، قاچالمايدۇ. ئۇنداقتا بەختنى تاپقۇچى ئۇنى چۈشەپ قولىدا تۇتمىسا، ئۈركۈگەك بىر ۋەھشىي ھايۋاندەك قېچىپ كېتىدۇ ھەم ھېچكىم تۇتالمايدۇ. بەخت كېلىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ قېچىپ كېتىدۇ؛ مال بېرىدۇ، يېيىشنى بىلمىسەڭ ئېلىپ كېتىدۇ. ئىنسان تۇتۇشنى بىلسە، دۆلەت قاچماي تۇرىدۇ. دۆلەت قېچىپ كەتسە قايتا تېز يېنىپ كەلمەيدۇ»(117).

دېمەك، قۇتقا ئىگە بولۇش بىلەنلا ھەممە ئىشنىڭ ھەل بولمايدىغانلىقى بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قۇتقا ئىگە بولغاندىن كېيىنمۇ قۇت ھۆكۈمدارنىڭ ئەھۋالى ۋە ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىدۇ. ئارزۇ قىلغان پەزىلەتلەرگە ئىگە بولمىسا ياكى تۆۋەندە كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىمىسا، ئۇنداق ھۆكۈمدار ئىلاھىي ئىلتىپاتقا جايىز بولالمايدۇ. مۇبادا، مۇنداق ئاقىۋەت يۈز بەرسە، ئاللا ئۆزى ئاتا قىلغان ھۆكۈمدارلىق ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا لايىق بولمىغانلاردىن قايتۇرۇۋالايدۇ.

(117) 703 — 725 - بېيىتلارغا قارالسۇن.



دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەسىلىمۇ شۇ بولۇپ ۋە ئۇنىڭ بۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارىشى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىختىكى «قۇت» (بەخت) كۆز قارىشىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ (120). دېمەك، ھۆكۈمداردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋە «قۇت»نى (بەختنى) قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان ئالاھىدىلىكلەردۇر.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ھۆكۈمدار بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر يالغۇز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنلەرلا ئەمەس. تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەت ۋە ھۆكۈمدار ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، دۆلەتنىڭ ياخشى باش قۇرۇلۇشى ۋە ھەممىدىن بۇرۇن خەلقنىڭ ھۇزۇر ۋە ھالاۋىتى ئۈچۈن ئۇنىڭدا يەنە باشقا ئالاھىدىلىكلەرنىڭمۇ بولۇشى كېرەككى، بۇلارمۇ تۆۋەندە «ھۆكۈمدارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ھەققىدىكى بۆلۈمدە ئايرىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى: يۇقىرىدا بىز ئىپادىلەشكە تىرىشقان «قۇتقا لايىق بولۇش ۋە ئۇنىڭغا زۆرۈر ئىشلارنى ئورۇنداش» چۈشەنچىسى پۈتۈن ئۇيغۇر - تۈركىي قەۋملەردە ھۆكۈمدارلاردىن قەتئىي تەلەپ قىلىنىدىغان ۋەزىپىلەر ئۈستىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان چۈشەنچىلەردۇر. جۈملىدىن بىز تەتقىق قىلىۋاتقان ئەسەردە ئوغۇزلاردىمۇ باش قومانـ

(118) كۆكتۈركلەردە 716 - يىلى قاپاغان خاقاننىڭ ئورنىغا خاقان بولغان ئوغلىنىڭ قالايمىقانچىلىقلارنى توختىتىپ، تىنچلىقنى ساقلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن قۇتنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ھەققىدە كافەس ئوغلىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، 23 - بەتكە قارالسۇن.

دانلىرىغا قىلىنىدىغان ھۆرمەت ۋە ئىتائەتنىڭ چەكسىز ئەھمىيەتلىكى، باش قوماندانىنىڭ قانۇندا كۆرسىتىلگەن بەزى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا مەسئۇل ئىكەنلىكى، ئەگەر بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالمىسا، ھۆرمەت ۋە ئىتائەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، شۇ ئائىلىدىكى باشقا بىرسىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلىقلىرىنى فارۇق سۈمەرمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى(119).
يەنە بىر تەرەپتىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى: ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى «سىياسىي ھوقۇق»نىڭ مەنبەسىنى تەڭرىگە باغلاپ، ھۆكۈمدارنى تەڭرى ئالدىدا مەسئۇلىيەتلىك قىلىپ كۆرسىتىش بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە «مىللىي ئىرادە» دەپ ئاتىلىدىغان يۇقىرى مەرتىۋە مەسىلىسىنى يۇقىرى مەدەنىيەتنىڭ سايىسىدە ھەل قىلغان ۋە ئادەملەرنى ھۆكۈمدارنىڭ شەخسىي ئىنساپىغا سېغىنىشتىن قۇتۇلدۇرغان (120).
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئەلۋەتتە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىغان مۇستەبىت بىرى بولماستىن، ئالدى بىلەن تەڭرىگە ۋە كېيىن تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك قانۇن يولى بىلەن قول ئاستىدىكىلەرگە مەسئۇل بولىدىغان ۋە مەسئۇلىيەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغان مۇددەت ئىچىدە ھۆكۈمدار بولالايدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىرى بولاتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمدارنىڭ ھەم ئۆزى، ھەم قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ ئىنساندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر مەخلۇق بولماستىن، بەلكى نورمال بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋە باشقۇرۇش سالاھ-

(119) كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» 226 - بەتكە قارالسۇن.

(120) كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» 226 - بەتكە قارالسۇن.



ىيىتىنىڭ بەزى شەرتلەر ئاستىدا بەزى چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى.

## 2. دۆلەت ۋە سىياسىي ئىقتىدار ئۇقۇمى

تۈركىي خەلقلەر كۆك تۈركلەر زامانىدىن بېرى دۆلەت ئۇقۇمىدا «ئېل» (ئەل = ئېل) ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئېل» نىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى «دۆلەت» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكىمۇ مەلۇم. لېكىن بۇ يەردە دېيىلگەن دۆلەتمۇ چوقۇم ھەم چېگرىلىرى، ھەم ھۆكۈمدارى بولغان مۇئەييەن بىر دۆلەتتۇر (121).
بىز تەتقىق قىلىۋاتقان دەۋردە قاراخانىيلارنىڭمۇ بۇ سۆزنى شۇ مەنىدە ئىشلەتكەنلىكلىرى چوقۇم. چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە يېزىلغان «ئېل ئىتىگى تۆرۈسى» دېگەن سۆز توپتوغرا «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى» (122) مەنىسىدە بولغىنىدەك، «سەگەكلىك بىلەن ئارتتى بەگلەر ئېلى» جۈملىسىمۇ «بەگلەرنىڭ دۆلىتى ئېھتىياتچانلىق يۈزىسىدىن ئارتتى» (123) شەكلىدە بېرىلگەن ۋە بۇ سۆز ھەر ئىككى مەنىدە

(121) بۇ ئاتالغۇنىڭ ئورخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ ھەم «دۆلەت»، ھەم «خەلق» مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە تالات تېكىن يازغان A Grammer of orkhon Turkie, Bloomington, 1968. 334 - بەتكە ۋە باھائىددىن ئۆگەلنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II دېگەن ئەسىرىنىڭ 48 -، 121 - بەتلىرىگە؛ كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» 205 - بەتكە قارالسۇن.

(122) «قۇتادغۇ بىلىگ»، XXII - باب، ماۋزۇسى.

(123) «قۇتادغۇ بىلىگ» 2021 - بېيىتكە قارالسۇن. يەنە «ئېل» نىڭ «دۆلەت» مەنىسىدە كەلگىنى ئۈچۈن 1041 -، 1772 -، 1784 -، 1551 - ۋە باشقا بېيىتلارغا قارالسۇن.

ئىشلىتىلگەن. يەنە شۇ سۆز «بۇدۇن»، «خەلق»، «مىللەت» كە ئوخشاش مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. «قۇتادغۇ بىلىگ» تە يېزىلغان «قازىلىق، نائىبلىق، ۋەزىرلىك» «بۇ ئۈچ ئىشتا يارامسىز بولسا كىشى، يارامسىز بولۇر ھەممە خەلقنىڭ ئىشى» (بۇ ئۈچ ئىشقا يامان ئادەملەر قويۇلسا پۈتۈن خەلقنىڭ ئىشى يامان بولىدۇ) (124) دېيىلگەن بېيىتتىمۇ بۇ سۆزنىڭ دۆلەت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان باشقا بىر تەرەپ «ئىل» ئاتالغۇسىنىڭ (سۆزىنىڭ) شۇ زامانلاردا كۈن بىلەن بىللە ۋە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكى؛ ھازىرمۇ «ئەلگە، كۈنگە قارشى» ۋە باشقا مىساللارغا ئوخشاش شەكىلدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ دەۋردە «ئىل كۈن» دىن باشقا «قارا ئام بۇدۇن»، (125) «ئاۋام خەلق» (126) بولۇپمۇ كەڭ تارقالغان «بۇدۇن» (ئاۋام) (127) ئاتالغۇلىرىنىڭمۇ «خەلق» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

مەھمۇد قەشقەرى XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ «ئىل» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يوقاتماستىن بىرمۇنچە پەرقلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى تىلغا ئالغانىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسىردە «ئىل» سۆزىگە a (ۋىلايەت، b) ئاتنى بىلدۈرىدىغان بىر ئىسىم، c)

(124) «قۇتادغۇ بىلىگ» 5434 - بېيىتلارغا قارالسۇن.
(125) «قۇتادغۇ بىلىگ» XIX ماۋزۇسى.
(126 «قۇتادغۇ بىلىگ» 1787 - بېيىتكە قارالسۇن.
(127) «قۇتادغۇ بىلىگ »1040 - بېيىتكە قارالسۇن. يەنە بېسىم ئاتالاينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئىندېكسى) 110 - بەتكە قارالسۇن. XI ئەسىردە تۈركچىگە بۇ مەنىدە «خەلق» سۆزىمۇ كىرگەنىدى. قۇتادغۇ بىلىگ» 5192 - بېيىتكە قارالسۇن.



ئۇچۇقچىلىق، بوشلۇق (مەسىلەن: قۇۋۇق ئىلى)، ئىككى ھۆكۈمدار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھ يەنى تىنچلىق كېلىشىمى دېگەندەك مەنىلەر بېرىلگەن. (128)

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئىل» ئورنىدا «ۋىلايەت» سۆزىنى ئىشلىتىشى، بۇ سۆزنىڭ ھەرقانداق بىر دۆلەت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. لېكىن ئۇنىڭ ئەسىرىدە «ئىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇلسۇن» (129) دېگەن شەكىلدىكى يەنە بىر قەيتى بولسا، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك «ئىل» نىڭ «قانۇن بىلەن باشقۇرۇلغان» مۇئەييەن بىر «مەملىكەت» يەنى «دۆلەت» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ باشقا بىر ئىسپاتىدۇر.

ئۇنىڭ «ئىل (ئەل)، ئاتنىمۇ ئىپادە قىلىدىغان بىر ئىسىمدۇر» دەپ يازغىنىغا كەلسەك، بۇنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئارقىسىدىنلا يەنە ئۇنىڭ «چۈنكى ئات تۈركىي خەلقلەرنىڭ قانىتىدۇر» دېيىشى، (130) شۇ دەۋردە ئاتنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئورنىنى ئوقۇملۇق ۋە توغرا بىر شەكىلدە ئىپادىلىگەندەك، تارىختىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ جەڭ غەلىبىلىرىنىڭ سىرىنىڭمۇ بىرخىل ئىپادىسى بولالايدۇ. تۈركىي قوۋملار كۈچىدىن ھەرخىل شەكىللەردە پايدىلانغىنىدەك، گۆشىدىن، سۈتىدىن ۋە تېرىسىدىنمۇ پايدىلانغان بۇ ھايۋانغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشمۇ تەبىئىي ئىدى. ئەسلىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتچانلىقنى ۋە تېزلىكنى تەلەپ قىلىدىغان كۆچمەنچىلىك ھاياتتا مىنىدىغان

(128) «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئىندېكسى)، 175 -، 176 - بەتلەر، مەھمۇد قەشقەرى بۇ سۆزگە «ناچار ۋە قىممىتى يوق» مەنىسىنى بەرگەن. ئەمما بۇنى ئەسلى مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەپ ھېسابلىمايمىز.
(129) كېلىسلى I، 97 - بەت، ئاتالاي، I، 106 - بەت.
(130) كېلىسلى I، 49، ئاتالاي، I، 9، 48.

ۋە يۈك توشۇيدىغان ۋاستە خىزمىتىنى ئۆتىگەن ئات، غالىب ئەسكەرلەرنىڭمۇ ئەڭ يارامىلىق ۋاستىسى بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئات ئۇلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە «ئېل» لەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ۋە بۇ كەڭ كەتكەن مەملىكەتلەرگە بېرىشتا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزلىرىگە قاناتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئاتنى «ئېل» دېيىشلىرىمۇ بەك تەبىئىيدۇر. شۇنىڭدەك قاراخانىيلارنىڭ ئەمدى ئاخۇر (مىراخۇر) مەنىسىدە «ئېل باشى» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەنلىكلىرىنى تۆۋەندە ئايرىم سۆزلەيمىز (131).

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئېل» گە بەرگەن «ئوچۇقچىلىق ۋە بوشلۇق» مەنىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ بۇ مەنىگە مىسال قىلىپ بەرگەن «قوۋۇق ئېلى» ئىپادىسىدىن قارىغاندا، بۇ سۆز كۆپرەك ئۆينىڭ ئالدىدىكى ھويلىنى كۆرسەتسە كېرەك. يەنە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوردا ئىشىك ئاغىسىنى بىر يەردە «قاپۇغ ئېل باشى» (132) دەپ ئاتىغانلىقى ۋە «ئېل» سۆزىنى «قوۋۇق ئىشىكى» (133) مەنىسىدە ئىشلىتىشى قاراخانىيلارنىڭ بۇ سۆزنى ساراي ھويلىسى، ھۆكۈمدار ئىشىكىنىڭ ئالدى دېگەن مەنىلەردىمۇ ئىشلەتكەنلىكلىرىنى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە. ئۇنداق بولسا بۇ يەردىمۇ بىر ساھە، بىر زېمىن پارچىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(131) مەھمۇد قەشقەرى «ئېل»نىڭ بۇ مەنىسىگە، ئاساسەن ئۇلارنىڭ سەيىسلەرنىمۇ (ئات بېقىپ سۇيۇرغال ئالغۇچىلار — ت) «ئېلبېشى» دېگەنلىكىنى يازغانىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، كېلىسلى I، 48، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئاتالاي، I، 49- بەت.

(132) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2555 - بېيىتكە قارالسۇن.

(133) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2553 - بېيىتكە قارالسۇن.



بۇنىڭ مەملىكەتنى ھۆكۈمدارنىڭ (ئېلنى ئىلىگنىڭ) ئىشىك ئالدى يەنى ھويلىسى دەپ قوبۇل قىلغان قەدىمكى بىر قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ۋە شۇ سەۋەبتىن تۈركىي خەلقلەر ھاكىمىيەت كۆز قارىشىنىڭ بىر ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن.

ئاخىرىدا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئاتالغۇغا «سۈلھ» مەنىسىنى بەرگەنلىكىگە كەلسەك ئې. كافەس ئوغلى بۇ ھەقتە سوتسىئولوگ ۋە مۇتەپەككۇر زىيا كۆك ئالپ تۈركىي تىلدا «دۆلەت» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن «ئېل» سۆزىنىڭ ئەسلىدە «تىنچلىق» (ئەلچى) دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، «تۈركىي قەۋملەرنىڭ سوقۇشلىرى دائىملىق ۋە كەڭ كۆلەملىك بىر سۈلھكە كېلىشنى مەقسەت قىلاتتى» دېگەن بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھەقىقەتەن، تۈركىي قەۋملەرنىڭ سوقۇشلىرى تاسادىپىي، قان تۆكىدىغان، بايلىققا ئىنتىلىدىغان ئېپىزودائىي ۋە ئۈستۈنلۈك تالىشىش، شان ۋە شەرەپ قازىنىش ئارزۇسىدەك ئاددىي تۇيغۇلار بىلەن ئەمەس، توپتوغرا ئىنسانىيەتچىلىكنى مەنبە قىلغان «بۈيۈك بىرلىك» تىن ئىبارەت بىرخىل پەلسەپىۋى چۈشەنچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۈز بېرەتتى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئېل» سۆزىگە بەرگەن تەبىرى ۋە بىر - بىرىدىن پەرقلىقتەك كۆرۈنگەن بۇ تەبىرلەر ئەسلىدە بىر نېگىزدىن چىققان ۋە تۈركىي قەۋملەر ئىدارە قىلىش پەلسەپىسىنىڭ ھەرخىل شەكىلدىكى ئىپادىلىرىدىن ئىبارەت. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئېل» نى «دۆلەت» مەنىسىدە ئىشلىتىش ۋە شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە قەيت قىلىنغان «ئەلنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى» جۈملىسىنى، مەرھۇم ئاراتنىڭ تەرجىمە قىلغىنىدەك «مەملىكەتنى تۈزەش ئۇسۇلى»

دەپ ئەمەس، بەلكى «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى» (135) شەكلىدە چۈشىنىش ھەر ھالدا تېخىمۇ توغرا بولسا كېرەك.

يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەزى قەيتلىرىدە قاراخانىيلارنىڭ «ئېل» نى يۇقىرىدا ئېنىقلانغان مەنىلىرىگە قارشى كەلمەيدىغان بىر خىل شەكىلدە ۋە «سەلتەنەت» مەنىسىدىمۇ ئىشلەتكەنلىكلىرىنى دەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ (136). بۇ ھەقتە تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز.

سىياسىي ھاكىمىيەت ئۇقۇمىغا كەلسەك، ئى. كافەس ئوغلى قەدىمكى تۈركىي قەۋملاردا سىياسىي ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنىڭمۇ «قۇت» تەبىرى بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، بۇنىڭغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزلىرىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەنىدى (137). ئەمەلىيەتتىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «دۆلەتلىك ھۆكۈمدار» مەقسىتىدە «ئېلىگ قۇت» نى ۋە «ئىدۇق قۇت» ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆردۇق. بۇ سۆز يەنىلا يۇقىرىدا كۆرۈلگىنىدەك سىياسىي ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ يەنى ھۆكۈم قىلىش قۇدرىتىنىڭ مەنبەسىنى كۆرسىتىدىغان بىرخىل تەبىر ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. پىكرىمىزچە، ئۆزى ئىدارە قىلىش، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ھۆكۈم قىلىش ئىگىسى بولۇش ياكى ھۆكۈمەت قۇرۇش مەنىسىدە كېلىدىغان سىياسىي ھاكىمىيەت ئۇقۇمى قاراخانىيلاردا بۈگۈن بىز دەۋەتقان «دۆلەتنىڭ قولى ئۇزۇن»

(135) «قۇتادغۇ بىلىگ»، XXII باب ماۋزۇسى. ئەينى شەكىلدە 256 - بېيىتتىكى «ئېلىن ئېتمىش» سۆزىنى «مەملىكەتنى تۈزەش» دەپ تەرجىمە قىلىشتىن كۆرە، «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» شەكلىدە تەرجىمە قىلىش تېخىمۇ توغرىدەك قىلىدۇ.

(136) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1439 - بېيىتتىكى «كەچۈرمىش تىرىگلەگ بولدۇ يىلى، بۇ قالمىش تىرىگلىگ نىچە بىرگە ئېل» (ئۆتكەن ھاياتىڭ شامالغا ئوخشاش ئۆتۈپ كەتتى، قالغان ھاياتىڭ يەنە قانچىلىك سەلتەنەتلىك بولار؟) دېگەن سۆزلەرگە قاراڭ. ئايرىمچە «ئېل» نىڭ سەلتەنەت مەنىسى ئۈچۈن 566 -، 1454 - بېيىتلەرگە قاراڭ.

(137) «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 221 - بەتكە قاراڭ.



ئىپادىسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغىنىدەك «ئەلگىنى ئۇزۇن» تەبىرى بىلەن ئىپادە قىلىناتتى. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ تەبىرنىڭ ئەسلىمۇ «نوپۇز ۋە قۇدرەت» مەنىسىدىكى «ئۇزۇن» مەنىسىدىن كەلگەن (138). ئەمەلىيەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە «ئەي، ھاكىمىيەت ئىگىسى»، «ئەي، قۇدرەت ئىگىسى»، «ئەي، ھۆكۈمدار» مەنىلىرىدە «ئەي ئەلگى ئۇزۇن» (ئەي قولى ئۇزۇن) (139) سۆزىنى ئىشلىتىشتىن باشقا، «ھاكىم بولدۇق»، «ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتىڭ» مەنىسىدە «ئۇزۇن بولدى ئەلگىڭ» ئىپادىسىگە ئورۇن بەرگەنلىكى (140) شۇ چاغلاردا سىياسىي ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنىڭ قانداق تەبىر بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھەتتا «ئەلگى ئۇزۇن» نىڭ توغرىدىن توغرىغا «بەگ»، يەنى «ھۆكۈمدار» مەنىسىدە ئىشلىتىلىشى (141) ۋە يەنە ھۆكۈمدارغا خىتاب قىلىنغاندا «(ئاللا) قالىن خەلق ئۆزە قىلدى ئەلگىڭ ئۇزۇن» يەنى (خۇدا كۆپلىگەن ئادەملەر ئۈستىگە سېنى ھاكىم قىلدى) (142)

(138) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4296 - بېيىتقا قاراڭ.
(139) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1463 -، 5088 - 5978 - بېيىتلەرگە قاراڭ.
(140) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1464 - بېيىتكە قاراڭ.
(141) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5073 - بېيىتكە قاراڭ.
(142) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5192 - بېيىتكە قاراڭ. بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىساللارنى تېخىمۇ كۆپەيتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇ زادى ئېلىگ = ھاكىمىيەت كۈچەيدى (3075 - بېيىتكە قاراڭ)؛ ئېلىگ ئەلى بارچە بۇدۇنغا ئۇزۇن = ھۆكۈمدار پۈتۈن خەلققە ھاكىمدۇر (5064 - بېيىتكە قاراڭ)؛ ئۇزۇن قىلدى ئەلكىڭ = بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلدى (5086 - بېيىتكە قاراڭ)؛ ئېلىگ قىلدى ئېلكە كۆر ئەلكىڭ ئۇزۇن = ھۆكۈمدار دۆلەتتە سېنى سالاھىيەتلىك، نوپۇزلۇق ھاكىم قىلدى (5727 - بېيىتكە قاراڭ). ھەتتا بۇ كېيىنكى مىسالدا، سۆزنىڭ «ئىدارە قىلىش سالاھىيىتى» مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈلمەكتە. ئەمما قۇتتىن پەرقلىق ھالدا سالاھىيەتنى ھۆكۈمدار باشقا بىرىگە بەرمەكتە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئۆزا تۇر ئېلىگ» سۆزىنى «ھاكىم بولۇر» مەنىسىدە قوللانغان (2979 - بېيىتكە قاراڭ).

دېيىلىشىمۇ بۇ كۆز قاراشنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ. قاراخانىيلار
دەۋرىدە كىشىلەر سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ قۇتقا ئوخشاش
(شۈبھىسىز قۇتقا ئىگە بولۇشنىڭ بىرخىل نەتىجىسى بولۇپ)،
ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق ئىش دەپ قارايتتى. پەقەت قۇتتىن
پەرقلىق ھالدا، ھۆكۈمدار قولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆپەيلىدىن
پۇقرالارغا مەلۇم ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىگ»
تىكى «ئېلىگ قىلدى ئېلىنە كۆر ئەلگىنىڭ ئۇزۇن» دېگەن
سۆزلەرنىڭ «ھۆكۈمدار ساڭا مەملىكەت ئىشلىرىدا سالاھىيەت
بەردى؛ ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى بەردى» (143) مەنىسىدە
ئىشلىتىلگەنلىكىگە قارىغاندا، ھۆكۈمەت قۇرۇش ھوقۇقىنى ئاللادىن
ئالغان ھۆكۈمدارنىڭ بۇ ھوقۇقىنى دۆلەتنى باشقۇرىدىغان يۇقىرى
دەرىجىلىك باشلىقلار بىلەن بىللە ئىشلەتكەنلىكى، تېخىمۇ
توغرىسى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئۇلارنىڭ
ۋاستىسى بىلەن يۈرگۈزۈشى ئىنتايىن تەبىئىي بىر ھال. بۇ
ماۋزۇدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «بەگلەر ھاكىمىيىتىنى خىزمەتچى-
لەر ۋاستىسى بىلەن يۈرگۈزىدۇ، ئۇلار خىزمەتچىلىرى بىلەن
مەملىكەتنى تۈزەيدۇ» (144) دەپ ناھايىتى ئېنىق كۆرسەتكەن.
ئۇ بۇ يەردىمۇ ھاكىمىيەت مەنىسىدە «ئەلگى ئۇزۇن» سۆزىنى
قوللانغان. دېمەك، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى (قۇت) بىلەن ھۆكۈم-
دار (ئەلگى ئۇزۇن) بولغان بەگ ئۆز ئېلىدىكى بەزى
ھوقۇقلىرىنى باشقىلارغا بېرەلىگەن. مۇنداق بولغاندا، قۇت
ئىلاھى نېگىزلىك بولۇپ، ئاللا ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ.
دېمەك، بۇ يەردە «قۇت» بىلەن «ئەلگى ئۇزۇنلۇق» بىر - بى-

(143) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2727 - بېيىتكە قارالسۇن.

(144) «قاپۇغچى بىلە بەگلەر ئەلگى ئۇزار» — «تاپۇغچى بىلە ئەركلىگ ئىل كەنت تۈزەر» 2968 - بېيىتكە قارالسۇن.



رىدىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئۇقۇم بولۇپ
كەلگەن.

× × ×

يەنە بىر تەرەپتىن، قۇدرەت مەنىسىدىكى «ئەرك» سۆزىمۇ
سىياسىي ھاكىمىيەت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن پايدى-
لىنىپ «ئەركلىگ» سۆزى قۇدرەتلىك، قادىر مەنالىرىدە
ئىشلىتىلگىنىدەك(145)، توپتوغرا «ھۆكۈمدار» مەنىسىدىمۇ ئىشلى-
تىلگەن(146). دېمەك، «بۇدۇن ئەركى» (ياكى ئەركلىكى) سۆزىمۇ
خەلق ئۈستىدە ھاكىملىق قىلىش يەنى سىياسىي ھوقۇقنى قول-
غا ئېلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ(147)، ئومۇمەن، «ئەلگى
ئۇزۇن» بىلەن ئوخشاش مەنىدە كەلگەن.

قاراخانىيلاردا «ئېل» سۆزى «سەلتەنەت»، «ھاكىمىيەت»
مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلگەنىدى. بۇنىڭدىن «ئېل يەمەك»(148)
ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر مەنىدىكى «ئېل ئاشا-

(145) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 639 -بېيىتتە «ئەرك = قۇدرەت»؛ 1804 -
بېيىتتە «ئەركلىگ ئىدىم = قادىر، رەببىم» دېگەنلىرىدە قوللىنىلغان؛
يەنە 5151 - بېيىتتە «قۇدرەت ۋە قۇۋۋەت بىلەن ھۆكۈمدار بولغان
بېيىنىڭ ئاتاڭ ئىدى» مەنىسىدىكى «بەگ ئەردى ئاتاڭ ئېلىدە ئەرك تورك
تۈزە» مىسراسىغا قارالسۇن. بۇ يەردە «قۇدرەت» مەنىسىدىكى ئەرككە يان-
داش مەنىدە بولۇپمۇ قۇۋۋەت سۆزى ئورنىدا «تورك» سۆزىنىڭ قوللىنىلغان-
لىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكتۇر.

(146) 2968 - بېيىتكە قارالسۇن.

(147) 3017 ۋە 5885 - بېيىتلارگە قارالسۇن. بۇ ئورۇندا بو-
لۇپمۇ 3017 - بېيىتتىكى «بۇرۇن ئەركى بولدى مەنىڭ بۇ ئۆزۈم — ئۇزۇن
بولدى ئەلگىم يورىق تىل سۆزۈم» ئىپادىسىدىكى «ئەرك» ۋە «ئەلگى
ئۇزۇن» سۆزلىرى ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغان.

(148) 1929 - بېيىتكە قارالسۇن.

ماق»(149) سۆزلىرى «سەلتەنەت سۈرمەك» مەنىسىدە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «يىپۇمەدى كۆچكەي ئېلىن كىچ ئۇزۇن» (زالىم مەملىكەتكە ئۇزۇن ۋاقىت ھۆكۈمدار بولالمايدۇ) (150) شەكلىدىكى بىر ماقالىنى قەيت قىلىپ، «ئېل يەمەك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاپ بەرگىنىدەك، بۇ تۇراقلىق ئىبارىنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنقى زامانغا ئائىت ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىگ»تە ھۆكۈمدارغا نەسىھەت قىلىۋېتىپ «ئۇزۇن ئېل يېيەيىن تىسە ئاي بۆگۈ» (ئەي ھاكىم، ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرۈشنى خالىساڭ...) (151) دېگەن بىر مىسرانىڭ زىكرى قىلىنغانلىقى بۇ تېمىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېنىقلاپ بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە «قۇتادغۇ بىلىگ»تە شۇ مەنىدە «بەيلىك يەمەك»(152) دېگەن بىر سۆزنى ئىشلەتكەن. «ئېل» سۆزىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى «بەگلىك» (يەنى ھۆكۈمدارلىق) سۆزى ئىشلىتىلگەنلىكى ھەقىقەتەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ ۋە «ئېل» نىڭ بۇ يەردە قانداق مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

× × ×

بۇ ئورۇندا تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جەھەتكە

(149) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1480 - بېيىتكە قاراڭ. «ئاشاماق» سۆزىنىڭ «تاماق يېيىش» مەنىسىدە ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىندېكسى)، 42 - بەت؛ ئا. جەئفەر ئوغلى، «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈكى»، ئىستانبۇل، 1968، 23 - بەت.
(150) 2031 - بېيىتكە قاراڭ.
(151) 2033 - بېيىتكە قاراڭ.
(152) 2030 - بېيىتكە قاراڭ: «بەگلىك يېمەز = ھۆكۈمدارلىق قىلالمايدۇ.»



بىر ئىشارەت بېرىپ ئۆتۈش ھەر ھالدا پايدىلىقتۇر. «ئېلىگ» قاراخانىيلار ئىشلەتكەن ھۆكۈمدار ئۇنۋانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ سۆز «ئېل» لىك، يەنى «ئېلگە ئىگە» دېگەن سۆز بولۇپ، «ئېلىگ» تىن كەلگەنلىكىمۇ مەلۇم بولماقتا(153). «ئېل» باشتىن تارتىپ بېرىلگەن ئىزاھلار بويىچە، «دۆلەت»، «مەملىكەت» ۋە «سەلتەنەت» مەنىلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان بىر سۆزدۇر. دېمەك، «ئېلىگ» تارىختا ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن «دۆلەتلىك» ئىبارىسىگە ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، ھەم دۆلەتنىڭ، ھەم مەملىكەتنىڭ ھەمدە سەلتەنەتنىڭ ئىگىسى مەنىسىدە كەلمەكتە. بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش نېگىزدىن بولغان بۇ ئايرىم ئۇقۇملارنىڭ يالغۇز بىرلا ئۇنۋاندا ئىپادە قىلىنىشى تۈركىي قوۋملاردا ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ سەلتەنەت (ھۆكۈمەت) ئىگىسى بىلەن دۆلەت ۋە مەملىكەت ئىگىسىنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارايدىغانلىقى تەبىئىي نەتىجىسى بولۇپ، بۇ ھەقىقەتەن ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

× × ×

يۇقىرىدا بىز دۆلەت ۋە سىياسىي ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئەمدى، تۆۋەندە تۈركىي قوۋملاردا ھۆكۈمرانلىق پەلسەپىسىنىڭ ھۆكۈمدار، باشلىق، ئىدارە قىلغۇچىلاردىن نېمىلەرنى كۈتكەنلىكى ھەققىدە توختىلىمىز.

(153) «ئېلىگ» ئاتالغۇسى ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ «ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنۋانلىرى» دېگەن ماۋزۇسىدا ئايرىم توختىلىمىز. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كەڭ مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئو. تۇراننىڭ «ئېلىگ ئۇنۋانى ھەققىدە»، «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 1940 — 1952، VII - VII، 192 — 199 - بەتلىرىگە قاراڭ.

## B. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرىدىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بويىچە ھۆكۈمدارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى

### 1. ھۆكۈمدارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن ھالدا «ھۆكۈمدار ئالدى بىلەن ئېسىل نەسەبتىن بولۇشى لازىم» دەيدۇ. دېمەك، شۇ بويىچە «ئاتىسى بەگ بولسا ئوغۇلمۇ بەگ بولۇپ تۇغۇلىدۇ ۋە ئۇمۇ ئاتىسىدەك بەگ بولىدۇ.» يەنى شۇ بويىچە ئادەمنىڭ نەسلى - نەسەبى ياخشى بولسا، ئادەممۇ ياخشى تۇغۇلىدۇ ۋە ياخشى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۆرگە چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەگلىك مۇقەددەستۇر («ئىدۇق») ۋە ئەسلى ساپتۇر. ئەسلى ساپ بولغانلار ھەر دائىم پاكىزلىقنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقمۇ پاكىز بولۇشى لازىم. ھۆكۈمدار ئانىسىدىن تۇغۇلغاندا بەگلىك بىلەن تۇغۇلۇپ، كۆرۈپ، ئۆگىنىپ، ئىشلارنىڭ قايسىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمدارلىق بەگلەرنىڭ ئىشى بولىدۇ. ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئىشلىرىنىمۇ بەگلەر بىلىدۇ(154). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزلىرىدىن

(154) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1932 -، 1934 -، 1935 -، 1949 -، 1950 -، 1960 -، 1985 - بېيىتلارغا قارالسۇن، س.م. ئارسال «قۇتادغۇ بىلىگ» كە ئاساسلىنىپ، ھۆكۈمدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەنىدى (ئارسال «ھوقۇق (قانۇن)» 102 - بەت).



مەلۇم بولۇشىچە، قۇتلۇق نەسلىدىن (تەكتى ئېسىل) بولغان ۋە ئېسىل بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھۆكۈمدار بولالىغان ھەرقانداق ئادەمدە مۇنۇ ئالاھىدىلىكلەر بولۇشى لازىم:

جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ياخشى بىر ھۆكۈمدار جەسۇر (ئالپ)، قەھرىمان (قاتىغ)، قۇۋۋەتلىك (قۇچ قويۇچ)(155) ۋە ئىنتايىن يۈرەكلىك (تۈنىخ يۈرەك) بولۇشى كېرەك. چۈنكى ھۆكۈمدار، دۈشمەنگە پەقەت جەسۇرلۇق بىلەنلا قارشى تۇرالايدۇ. يەنى قورقۇنچاق ئەسكەرنىڭ جاسارەتكە كېلىشى ئۈچۈن قوماندان چوقۇم قەھرىمان ۋە جەسۇر بولۇشى لازىم. قىلىچ، ئايپالتا، ئوق ۋە ئۇرقىيا بىلەن قۇۋۋەت ۋە جاسارەت بولسىلا، باتۇر (قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن) مال خوسۇسىدا زادىلا ئەندىشە قىلمىسىمۇ بولىدۇ. دېمەك، ئالغۇر ئاق لاچىن يىرتقۇچ بولغىنى ئۈچۈن يەمدىن قانداق غەم قىلمىغان بولسا، كۆزى ئۆتكۈر ۋە جەسۇر ئادەم ئۈچۈنمۇ مال ئۆكسۈمەيدۇ.(156) بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، باشقۇرۇلىدىغان خەلق ئۈچۈن بەگ يەنى ھۆكۈمدار جەسۇر ۋە قەھرىمان بولغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى، چوڭ ئىشلارنى مۇشۇنداق سۈپەت-

(155) ر. ر. ئارات «قۇرچ» سۆزىنى «قۇۋۋەتلىك» دەپ تەرجىمە قىلغان. مەھمۇد قەشقەرى بۇ سۆزنى قاتتىق، چىڭ مەنىلىرىدە قوللانغاچقا، پولات «قۇرچ تەمۈر»؛ چىداملىق ۋە يىگىت ئادەملەرنىمۇ «قۇرچ ئەرەن» دېيىلەتتى (كېلىسلى I، 287 -؛ ئاتالاي I، 343 - بەتلەرگە قارالسۇن).

(156) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1949 -، 2043 -، 2044 -، 2054 -، 2055 - بېيىتلارغا قارالسۇن. ر. ر. ئارات، 1949 - بېيىتتىكى «ئالپ

لەر بىلەنلا قىناغلى بولىدۇ(157).

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمداردا بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەر ئارىسىدا ئالپلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى جەھەتتىمۇ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇتتەسىللىك كۆز قارىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە كۆپ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتكەن بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ، تارىختىن بېرى، تۈركىي خەلقلەر خاقانلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز(158).

**ئەقىللىك ۋە بىلىملىك بولۇش** يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە ھۆكۈمدارغا ۋە دۆلەت خادىملىرىغا نەسىھەت قىلىش شەكلىدە يېزىلغان سەھىپىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ سەھىپە ئەقىللىك بولۇشقا بولۇپمۇ بىلىملىك بولۇشقا ئاجرىتىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمدارلار بىلىم بىلەن خەلققە باشلىق بولۇشى، دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ئىدارە قىلىپ كەلدى. بۇ جەھەتتىن ھۆكۈمدارلار ھەرقاچان ئەقىللىك ۋە بىلىملىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى بىلىملىك، ئەقىللىك ۋە ھاكىم (بىلگە) ھۆكۈم-

ئاتىم» سۆزلىرىنى «جەسۇر» ۋە «قەھرىمان» دەپ تەرجىمە قىلغانىدى؛ مەھمۇد قەشقەرى «ئاتىم» سۆزىنى «ياخشى مەرگەن، ماھىر نىشانچى» دەپ قوللانغان. شۇڭا، بۇنداق ئادەملەر «ئاتىم» ياكى «ئاتىم ئەر» دېيىلەتتى (كېلىسلى I، 71، III، 280، I؛ ئاتالاي I، 75، III، 379).

(157) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1961 - بېيىتكە قارالسۇن.

(158) ئۆگەل: «تورك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 64 - بەت؛ ئا. تابەرى: «تورك دۆلەت ئەنئەنىسى»، 76 - بەتكە قارالسۇن.



دارنىڭ ھەر ئىككى دۇنيادا ئورنى يۇقىرى بولىدۇ(159). يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بەگ» سۆزى ئادەتتە بىلىم بىلەن باغلىنىق بىر سۆزدىن ئىبارەتتۇر. بۇ خۇسۇستا ئۇ شۇنداق دەيدۇ: بىلىم (بىلىك) سۆزىنىڭ «لام» ھەرپى چۈشۈپ قالسا «بەگ» (بىك) ئىسمى قالىدۇ(160). شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن بەگلىك ئورنىغا بىلىم قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمدار بىلىملىك بولغىنىدەك ئەقىللىكمۇ بولۇشى كېرەك. ئەقىللىك بولۇش بىلەنلا قالماي، ئەقىلنىڭ قىممىتىنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم. دېمەك، ھەرخىل ياخشىلىق ئەقىلدىن كېلىدۇ(161). ئەقىللىك ئادەم ئۇلۇغ بولىدۇ، ئەقىل ئىنسانغا نىسبەتەن مىڭ خىل پەزىلەتلەرنىڭ بېشى بولىدۇ(162). ئەقىل قاراڭغۇلۇقتا قالغان ئادەمنى چىراغتەك يورۇتىدۇ،(163) بەگ مەملىكەت ۋە قانۇنلارنى بىلىم بىلەن قولغا ئالىدۇ. ئەقىل بىلەن ئىشلارنى يورۇتىدۇ(164). دېمەك، ئەقىلنىڭ يالغۇز ئۆزىنىڭ چوڭ ئەھمىيىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بىر ھۆكۈمدار ئەسلى بىلىم بىلەن خەلقنى قولدا تۇتۇشى لازىم. بىلىم بولمىسا، ئەقىلنىڭ ئۆزى ئۇنچىۋالا ئىشقا يارىمايدۇ(165). ئەسلىدە پۈتۈن ئىنسان بالىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇلۇغدۇر. خىللانغانلار بولسا بىلىم بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ.

(159) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1951-، 1952-، 1972 - بېيىتلەرگە قارالسۇن.

(160) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1953 - بېيىتكە قارالسۇن.

(161) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1842 - بېيىتكە قارالسۇن.

(162) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1830 بېيىتكە قارالسۇن.

(163) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1840 - بېيىتكە قارالسۇن.

(164) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2713 - بېيىتكە قارالسۇن.

(165) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1968 - بېيىتكە قارالسۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇشنى لازىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قەتئىي پىكرى بىلەن دۆلەتنىڭ ئۈلىنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سۆزلىرىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «بەگلەر ئىشتا يېڭىلسە، بۇ بەگ كېسەلدۇر، ئۇنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. بەگ كېسەللىكىنىڭ دورىسى ئەقىل ۋە بىلىمدۇر. بەگ بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك. بەگنىڭ كېسەللىكىگە پەقەت مۇشۇ چارە داۋا بولىدۇ»(166). «ئىشنى بىلىپ باشلاش ۋە ئۇتۇقلۇق تاماملاش ئۈچۈن، بەگ ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇشى لازىم. ئەسلىدە ئىشنى ئەقىللىق ئادەملەرلا قىلالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىلسىز ئادەملەرنى ئىشتىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم. كىمدە ئەقىل، ئاڭ – ئىدرەك بولسا ئۇنى ئەر ساناپ، قانچە ماختىساڭ ماختا. ئەقىل، ئاڭ، بىلىم كىمدە تولۇق بولسا، ئۇ يامان بولسىمۇ ياخشى دەپ بىل، كىچىك بولسا چوڭ بىل. ئادەم ئۈچۈن ئەقىل نېمىدېگەن ياخشى نەرسە. ئەقىللىق ئادەملەرنى مەسلىھەتچى دەپ قاراش كېرەك»(167).

× × × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئادەم، ئېسىل ئادەم دېگەن نامغا ئەقىل بىلەنلا ئېرىشەلەيدۇ، بەگلەرمۇ دۆلەتنى بىلىم بىلەن باشقۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندىمۇ جاھان تۇتۇش ئۈچۈن ئادەمگە ئاڭ كېرەك. ئەل – يۇرتنى سوراش

(166) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1954 –، 1958 –، 1969 –، 1971 – بېيتلارغا قارالسۇن.

(167) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1989 –، 1990 –، 1993 –، 1995 – بېيتلارغا قارالسۇن.



ئۈچۈن بىلىملىك بولۇشى كېرەك(168). ئۇ يەنە خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بولغان قۇتمۇ ئەقىللىق ۋە بىلىملىك ئادەمگە لايىقتۇر، دەپ قارايتتى. «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى «ئەقىللىككە قۇت نېمە دېگەن ياراشقان؛ ئەقىللىككە ۋە ياخشى ھەرىكەت قىلغان بىلىملىككە سائادەت نېمىدېگەن ياخشى ماسلاشقان، ئۇيلا!» دېگەن خىتابلار بۇنىڭ بىر ئىسپاتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ سۆزىنى ئىلا (ئېلى) بېگى دەپ يازغان ۋە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى بىرىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش يولى بىلەن بۇنى مۇنداق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: «بىلىمسىزگە دۆلەت بىلەن قۇت كەلسە پۈتۈن خەلق بۇزۇلىدۇ ۋە مەملىكەتتە جۇت (ئاپەت) بولىدۇ؛ ئەگەر بەگلىك ئەقىللىك ئادەمنىڭ قولىغا كىرسە، ئۇ مەملىكەتنى ھۇزۇر – ھالاۋەتكە ئىگە قىلىدۇ»(169). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ سۆزىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش مۇمكىن. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىگ» نە بىلىم ۋە ئاڭ ئۈستىدە (X باب) توختالغىنىدەك، ئالىملار ئۈچۈنمۇ ئايرىم بىر باب ئايرىغان، بولۇپمۇ ئالىملارغا دائىر بابدا، خەلقنىڭ يولىنى يورۇتۇپ پايدىلىق ئىشلارنى ئىزدەپ، توغرا يولنى تۇتقانلارنىڭ ئالىملار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كېلىپ «ئادەم پەقەت ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ ۋە بىلىملىك ئادەمنىڭ ئورنى ئاسماندىنمۇ يۇقىرىدۇر» دېيىش بىلەن(170)، ئۆزىنىڭ ئالىملارغا ۋە بىلىمگە بەرگەن باھاسىنى ئىپادىلەيدۇ.

× × ×

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر – تۈركىي خەلقلەر ھۈن

(168) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 224 –، 303 – بېيىتلارغا قارالسۇن.

(169) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1778 –، 1781 – بېيىتلارغا قارالسۇن.

(170) «قۇتادغۇ بىلىگ» III بابى.

ئىمپېراتورلۇقىدىن بېرى تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىپ كەلگەن بىلىملىككە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرەتتى ۋە بىلگە ـ ھۆكۈمدار قارىشىدا چىڭ تۇرغانىدى(171). بۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ يەنە قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ھۆكۈمدارلىرىغا ئەقىللىك ۋە پەيلاسوپ (ھەكىم) مەنىسىدىكى بۆگۈ(172) سۈپىتى بىلەن خىتاب قىلغانلىقلىرىغا نەزەر سالايلى(173). يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىملىك سۈپىتى بىلەن بىللە ئەقىلگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىشى ۋە ھۆكۈمدارنىڭ ئەينى زاماندا ئەقىللىك بولۇشلىرى لازىملىقىنى بايان قىلغانلىقىغى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئۆز ئەسىرىنى تەشكىل قىلغان تۆت مەنبەدىن بىرىنى ئەقىل (ئۆگدۈلمىش) دەپ تاللاش بىلەن بۇنىڭغا قانچىلىك زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئارقىلىق شۇ زامانىدىكى ھاكىم چۈشەنچىسى، يەنى ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەردىكى ئىدارىچىلىق چۈشەنچىسىدە بىلگەنلىك بىلەن تەڭ ئەقىلچىلىكنىڭ شۇنچىلىك كەڭ تارقالغان بىر خىل كۆز قاراش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى.

پەزىلەتلىك قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئۆز ھۆكۈمدارلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالىپلىق ۋە بىلگىنلىككە ئوخشاشلا

(171) تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بىلىملىك بولۇش خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئۆگەلىنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 64 ـ بەتكە؛ ئا. تانەرىنىڭ «تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسى»، 50 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

(172) «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ كۆپ بەتلىرىدە يېزىلغان بۇ سۈپەتكە ئۆرنەك بولۇش ئۈچۈن 2056 ـ بېيىتكە قارالسۇن.

(173) قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بۆگۈ ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇشلىرىغا دائىر، ئۆگەلىنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 67 ـ بەتكە قارالسۇن.



ئەھمىيەت بەرگەن يەنە بىر ئالاھىدىلىك پەزىلەتلىك بولۇش ئىدى. ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەر «ئەردەم» سۆزىنى «پەزىلەت» مەقسىتىدە ئىشلەتكەنىدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئەردەملىك سۆزىنى پەزىلەتلىك مەنىسىدىمۇ ئىشلەتكەنتى(174).

تۈركىي خەلقلەرنىڭ، ھۆكۈمدارلىرىدىن ئومۇمەن پۈتۈن باشلىقلىرىدىن كۈتىدىغان پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا سېخىيلىق تۇراتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەھرىمانلىق ۋە بىلگىلىكتىن كېيىنلا سېخىيلىققا ئورۇن بېرىشىمۇ، بۇ چۈشەنچىنىڭ بىر ئىپادىسى بولسا كېرەك(175). ئۇ «بەگلەر سېخىي بولسا ئىسمى دۇنياغا تارىلىدۇ، نامى ۋە شۆھرىتى بىلەن دۇنيا قوغدىلىدۇ(176). بەگلەر سېخىي بولسا ئەتراپىغا كۆپ ئەسكەر توپلىنىپ ئارمىيە ھاسىل بولىدۇ، ئادەممۇ ئەسكەر ۋە ئارمىيە بىلەن تىلىكىگە يېتىدۇ» دەپ قارايتتى.

× × ×

ھەربىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن سېخىيلىق كېرەك بولغىنىدەك، شۆھرەتلىك بولۇش ئۈچۈنمۇ سېخىيلىق قىلىش ھەممىدىن مۇھىم. شۇ سەۋەبتىن، تۈركىي خەلقلەردىكى مەشھۇر ھۆكۈمدارلارغا ئىگە بولۇش خاھىشى بەك قەدىمكى

(174) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىندېكسى، 188 ـ بەت؛ ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 67 ـ بەت.

(175) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1951 ـ بېيىتكە قارالسۇن.

(176) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2050 ـ بېيىتكە قارالسۇن.

بىر ئەنئەنە ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ «ئالپ، كۈلۈگ بىلىگ» (قەھرىمان، شۆھرەتلىك، بىلىملىك) كۆز قارىشىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇر - تۈركىي قوۋملارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىدا كۆرۈلگەندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ھۆكۈمدار ئەينى ۋاقىتتا نام ۋە شۆھرەت ئىگىسى بولۇشى لازىم»(177) شەكلىدىكى قەيتىمۇ بۇنىڭ بىر ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ»تە سېخىيلىق ۋە بۇنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى بولغان مال ئۈلەشتۈرۈش ھەققىدە: «ئەي قەھرىمان، ئۈرۈپ ئال ۋە ئالغانلىرىڭنى يىگىتلىرىڭگە بەر. سېخىي بول، (مال) بېغىشلا، ئىچكۈز ھەم يېگۈز، ئەگەر مىلىك كېيىپ قالسا يەنە ئۈرۈپ ئال ۋە كەملىرىڭنى تولۇقلا»(178) دېگەن بىر ماقالىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇ شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «جاھان ھاكىمى ئاقىل بەگ نېمە ئۈچۈن خەزىنە توپلايدۇ؟ ئەسكەر نەدە بولسا شۇ يەردىن تەييار خەزىنە ئالىدۇ»(179). «قۇتادغۇ بىلىگ»تە بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بېيىتلار ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك كۆپتۇر. «بەگلەر مال تارقىتىشى ۋە ئەسكەر توپلىشى كېرەك؛ شۇنداق قىلغاندا قاچان خالىسا دۈشمەننىڭ مەملىكىتىنى ئىشغال قىلالايدۇ. خەزىنە نېمىگە لازىم؟ كۆپ ئەسكەر كېرەك. جاھان بەگلىرى ئۇچۇق قول - سېخىي

(177) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2083 - بېيىتكە قارالسۇن.
(178) 2052 - بېيىتكە قارالسۇن.
(179) 2056 - بېيىتكە قارالسۇن.



بولسا، ھەر ئىككى دۇنيادا تۆردىن ئورۇن ئالىدۇ»(180). مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەگلەر بېخىللىق قىلماسلىقى لازىم(181).

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سېخىيلىققا مۇناسىۋەتلىك سۆزلىرى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردىكى ئىدارە قىلىش چۈشەنچىسى بويىچە ھۆكۈمدارغا يۈكلەنگەن ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنىڭ خەلقنى ۋە ئەتراپتىكىلەرنى تويغۇزماق ئىكەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بويىچە ھۆكۈمدارنىڭ سېخىيلىقىنى خۇددى خەلقنى تويغۇزۇش ۋەزىپىسىنىڭ تەبىئىي بىر نەتىجىسى دەپ ھېسابلىغانىدى. شۇ چاغلاردا پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ۋە شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار سېخىي مەنىسىدە «ئاقى» سۆزىنى ئىشلىتەتتى. بۇ تىلىمىزدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

سېخىيلىققا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ھۆكۈمداردا بولۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر پەزىلەت كۆزى توق بولۇشتىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدار ئۈچۈن «ئاچكۆز بولما، ئاچكۆز كىشىگە پۈتۈن دۇنيانىڭ نېمەتلىرى يەتمەيدۇ؛ بۇ ئاچكۆزلۈك دورىسى ۋە داۋاسى تېپىلماس بىر ئاغرىق؛ جاھاندا بارلىق باغشىلار ئۇنى ساقايتالمايدۇ»(182) دېگەنلىكى،

(180) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 3030 -، 3031 -، 3034 - بېيىتلارغا قارالسۇن.
(181) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2061 - بېيىتكە قارالسۇن.
(182) «قۇتادغۇ بىلىگ» 200 - 2002 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزى توق بولۇشى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى.

× × ×

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بويىچە قارىغاندا، ھۆكۈمدار بولۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر خىسلەت شۇكى، ھۆكۈمدارنىڭ سۆزى توغرا، دۇرۇس، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەبىئىي چوقۇم ياخشى بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم. بۇ جەھەتتە «قۇتادغۇبىلىگ» دە: «خەلق بېگى ياخشى تاللانغان، كۆڭلى، تىلى تۈز، تەبىئىتى گۈزەل بولۇشى كېرەك»(183) دېيىلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بىر ھۆكۈمدارنىڭ تەبىئىتى ياخشى ۋە ھەرىكەتلىرى توغرا بولسا، ھاياتىمۇ خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇندىن باشقا، ھۆكۈمدارنىڭ تەبىئىتى ياخشى بولۇش بىلەن تەبىئىتى يەنە مۇلايىم بولۇشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلايتتى: «ئاللا ئۇنىڭ قولىغا قۇۋۋەت ۋە پەزىلەت نېسىپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن خەلقى، تەبىئىتى ھەم ياخشى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن مەملىكەتنى ۋە شەھەرلەرنى باشقۇرۇش بىلەن تىنچ، خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمدارنىڭ چىرايلىق خۇيى، تۈمەن مىڭ ياخشى پەزىلىتى بولۇشى كېرەك، ئاللا كىشىگە ياخشى قىلىق، شۇنداقلا ياخشى خۇلق-خۇي ئاتا قىلغان بولسا، بۇ دۇنيا بارلىق نېمەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ بولىدۇ، ئەگەر بۇ ھۆكۈمدارنىڭ خۇلقى ناچار بولسا، ھەممە ئىش

(183) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1963-بېيىتكە قارالسۇن.



تەتۈر ماڭىدۇ، خۇشاللىق غەمگە ئايلىنىدۇ»(184).

بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقىنىڭ قۇت (بەخت) كە ئوخشاش پەزىلەتلىك بولۇشنىمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ھېسابلىغانلىقى ۋە بۇنى ياخشى ھۆكۈمدار بولۇشنىڭ شەرتلىرى دەپ قارىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. دېمەك، ئۇلار «خۇدا بىر كىشىگە قۇت بىلەن بىللە پەزىلەتنىمۇ نېسىپ قىلسا، ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە قىلىقلىرىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى ۋە ئىش-ھەرىكىتى جەھەتتىنمۇ ئەلگە ئۆرنەك ۋە باشلامچى بولۇشى كېرەك»، يەنى «خەلق يولىنى، ئادىتىنى ھۆكۈمدارنىڭ يولى ۋە ئادىتىگە ماسلاشتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمدارلارمۇ خۇلقى، ھەرىكەتلىرىنى تۈزىتىشى كېرەك»(185) دەپ ھېسابلايتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە ھۆكۈمدارنىڭ تىلىنىڭ چىن-راست ۋە كۆڭلىنىڭ تۈز بولۇشىمۇ ئۇنىڭدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ئىدى، بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئېيتقاندا، يول قويغىلى بولمايدىغان ئەڭ يامان بىر قىلىق يالغانچىلىق قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھۆكۈمدارنىڭ سۆزى راست بولۇشى، خۇلقى ۋە ھەرىكىتى ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. خەلق ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن ۋە ياخشى ياشىسۇن. ئەكس ھالدا سۆزىدە تۇرمىغان بەگكە ئەسلا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.(186)

(184) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1951-، 1959-، 1963-، 1977-، 1981-، 1984 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(185) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2110-بېيىتكە قارالسۇن.

(186) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2010-، 2013-، 2037-، 2038-، 2062-بېيىتلار قارالسۇن.

× × ×

قاراخانىيلار بۇ جەھەتتىمۇ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردىكى مۇتەسسىل كۆز قاراشنى داۋاملاشتۇردى. بىز قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر خاقانلىرىنىڭ ئابىدىلىرىدە: «بۇ سۆزۈمدە خاتالىق بارمۇ؟» دەپ سوراش بىلەن ھەر ۋاقىت توغرا سۆزلەشكە تىرىشقانلىقلىرىنى، ئېتىقادلىرىنىڭمۇ ئۇلارنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز(187).

تۈركىي قەۋملەرنىڭ پەزىلەت دەپ ھېسابلايدىغان ۋە ھۆكۈمداردا بولۇشنى خالايدىغان خۇسۇسىيەتلەر ئىچىدە چوقۇم مۇلايىم، ئېغىر - بېسىق، كىچىك پېئىل، كۆيۈمچان، كەڭ قورساق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرمۇ بار(188). يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ جەھەتتە ھۆكۈمدارغا: «بەگ كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇشى، گۇناھكارنى كەچۈرگۈچى بولۇشى كېرەك»(189) دەپ خىتاب قىلىش بىلەن، لازىم تېپىلغاندا ئەپۇچان بولۇشنىڭ كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، تۈركىي خەلقلەردىكى

(187) بۇ ھەقتە تۆگەلنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II توم، 67 - بېتىگە قارالسۇن.

(188) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2049 -، 2073 -، 2122 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(189) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2122 - بېيىتكە قارالسۇن.



ئىدارە چۈشەنچىسىدە ئالدى بىلەن ھۆكۈمداردا بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە سەۋر - تاقەتلىك، ئېغىر - بېسىق بولۇش بىلەن بىللە ئېھتىياتچان بولۇش، بىپەرۋالىق قىلماسلىق ئەڭ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈمدار ئىشلىرىدا ئەسلا ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقى كېرەك، سەۋرچان ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇشى كېرەك. ئالدىراقسانلىق قورقۇشنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر بىر ھۆكۈمدار ئالدىراقسان بولسا، ھەر قاچان زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇ جەھەتتىن ھەرقانداق ئىشتا ئېغىر -بېسىق بولۇشى ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقى. پەقەت ئىبادەتتىلا ئالدىراقسانلىق قىلىشى كېرەك، گەپدانلىق ۋە ئاچچىقى يامان مىجەزلەرنىڭ ھەممىسى بىلىمسىزلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئالدىراپ قىلغان ئىش ئاچچىق بولىدۇ. (ھەتتا) ئالدىراپ يېگەن تاماق ئادەمنى ئاچچىق قىلىدۇ».

× × ×

ئېھتىياتچان بولۇش، بىغەم ۋە بىپەرۋا بولماسلىق، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغان پىرىنسىپلارغا كىرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە «بىر مەملىكەتنىڭ بېغى ئىككى نەرسىدىن ئىبارەت. بىرى ھوشيارلىق (ئېھتىياتچان)، يەنە بىرى

(190) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1966-، 1977-، 1988-، 1999- بېيىتلارغا قارالسۇن.

قانۇن. بۇلار ئاساستۇر»(191) دېيىش بىلەن بۇ تېمىنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە: دۆلەت ئىشىدا تەدبىرلىك بولۇش ۋە ھوشيارلىق قىلىش لازىم، بۇ دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىشى ئۈچۈن ھەر دائىم پايدىلىق بولغان بىر تەرەپ. ئۇ، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر شائىرلىرىدىن بىرىنىڭ بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك سۆزىدىن «سەگەكلىك ۋە ساقلىقنى كۆپ ئادەم ماختىغان، بىپەرۋالىق (غاپىللىق) يۈزىدىن تۈمەنلەپ ئادەم ئۆلگەن» دەپ نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئۆز نەسىھىتىنى يەنە مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «غاپىل بولما، ھەر ئىشتا ئېھتىياتچان بول، ھەر ئىككى دۇنيانى بىر ساقلىق (تەدبىر) بىلەن تىلىگىن. بىغەم كىشى (ئۆزىگە ئىشەنگەن) غاپىل قالىدۇ؛ دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا ئالدى بىلەن غاپىللار ئۆلىدۇ. ئاڭلاپ باق، ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دۈشمەننى يەڭگەن دۇنيا ھاكىمى نېمە دەيدۇ: ‹ئەي ھۆكۈمدار، دۆلەت(192) تاپاي دېسەڭ، ساق (ئېھتىياتچان) بول. شەرىئەتمۇ ساق بولۇشنى بۇيرۇيدۇ. غاپىل ئادەم كۆزىنى يۇمۇپ غەپلەتتە ئۇخلار، ئەي! پەيلى ناچار ئادەم، غاپىل بولما، ئېھتىياتلىق بول› ھۆكۈمدارنىڭ ئېھتىياتلىق بولۇشى مەملىكەتكە پايدا كەلتۈرىدۇ. بۇ پايدا بىلەن ئەل ھۇزۇرلۇقتا ياشايدۇ.»(193) يۈسۈپ

(191) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2015- بېيىتكە قارالسۇن.

(192) ئارات «قۇتادغۇ بىلىگ» 446 - نومۇرلۇق بېيىتتىكى «ئېل» سۆزىنى «مەملىكەت» مەنىسىدە تەرجىمە قىلغان. بىزچە «دۆلەت» مەنىسى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن «دۆلەت» دەپ ئالدۇق.

(193) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 440 - بېيىتكە قارالسۇن.



خاس ھاجىپ ھۆكۈمدارغا بەكمۇ دىققەتچان (ساق)(194) ۋە سەگەك بولۇشنى، غاپىل (بىغەم) بولماسلىقنى نەسىھەت قىلىپ كېلىپ مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلىدۇ: «غاپىللىق بىلەن زۇلۇم بىرگە بولسا، ئۇ چاغدا بەگلىك تامامەن بۇزۇلىدۇ. مەملىكەت خاراب بولىدۇ»(195).

شۇڭا، ھۆكۈمدار زادىلا زالىم بولماسلىقى كېرەك: «زالىم بەگ بەگلىكنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمايدۇ. چۈنكى خەلق ئۇنىڭ زۇلمىغا ئۇزۇن مۇددەت چىدالمايدۇ، زۇلۇم يېنىۋاتقان ئوت، يېقىنلاشقاننى كۆيدۈرىدۇ، بۇنىڭغا قارشى قانۇن — سۇغا ئوخشايدۇ، سۇ ئاقسا نېمەتلەر يېتىشىدۇ»(196). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قاراپ شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى: ھۆكۈمدار زالىم بولغان ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە زۇلۇم قىلغان چاغلاردا خەلق بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنىدىن قوغدىنىش ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ ئۇنى تەختىدىن چۈشۈرىۋېتىدۇ. بىز بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «ئەي، ھۆكۈمدار، كۈمۈش چاچساڭ باتۇر ئادەملەر توپلىنىدۇ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈمۈش توپلىساڭ ئەتراپىڭدىكى قىلىچلىق يىگىتلەر تارقىلىپ كېتىدۇ. بېخىل بەگ مال توپلاپ، خەزىنە يىغىدۇ. سېخىي بەگ ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئالىدۇ» (196).

(194) قاراخانىيلار دەۋرىدە «ئېھتىياتچان، سەگەك بولۇش» مەنىسىدىكى «ساق» سۆزىدىن پايدىلىنىپ «ساقچى=نۆۋەتچى» مەنىسىدە قوللىنىلاتتى.

(195) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2014-، 2024- بېيىتلارغا قارالسۇن.

(196) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2030 —، 2032 —، 3005 —، 3048 — بېيىتلارغا قارالسۇن.

بۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش ۋە دۈشمەن مەملىكەتلىرىنى ئىشغال قىلىش بىر خىل بايلىق مەنبەسى دەپ قارالسىمۇ، بۇ، ئەسكەرلەرنى ۋە خەلقنى تويغۇزۇش، ئۇلارنى توق تۇتۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇنى قىلىش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بولۇشى لازىم. ئەھمەدخاننىڭ تەختىدىن چۈشۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلۈش ھادىسىسى بۇنىڭغا بىر مىسال بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھۆكۈمدارلار سالاھىيىتىنىڭ بەزى شەرتلەر ئاستىدا چەكلىنىش ئەھمىيىتىنىڭ بىر تەرىپى مانا مۇشۇ يول بىلەن، يەنى زۇلۇم قىلغان ھۆكۈمدارنى ئىششىن ئېلىپ تاشلاش يولى بىلەن ئايان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا: «يېيدا مەدى كىچكەنىڭ ئېلىن كېچە ئۇزۇن» يەنى — زالىم سەلتەنىتىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشتۇرالمىدى — شەكلىدىكى بىر ماقالىنى قەيت قىلىشى بۇ جەھەتنى ئىسپاتلاپ بەرگىنىدەك، تۈركىي خەلقلەردىكى زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۇزۇن زامان تەختتە ئولتۇرالمايدىغانلىقىغا دائىر چۈشەنچىلەرنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىقلاپ بېرىدۇ.

× × ×

ئەمدى بىز، ھۆكۈمدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ



مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن يەنە بىرىگە ئۆتىمىز. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئادىل بولۇش ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ياخشى قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ خەلقنى ئادالەتلىك بىلەن باشقۇرۇشتىن ئىبارەت.

× × ×

يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بىر مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئاساسى بولغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرى قانۇندۇر (يەنە بىرى ئېھتىياتچانلىق ئىدى). ئۇ: «قايسى ھۆكۈمدار دۆلەتتە توغرا قانۇن تۈزسە ئۇ مەملىكىتىنى تۈزەپ، كۆڭلىنى يورۇتقان بولىدۇ. (بۇ جەھەتتىن) مەملىكەتتە ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرۈشنى خالىغان بىر بەگ، قانۇننى توغرا ئىجرا قىلىشى ۋە خەلقنى ئاسراش لازىم» دەپ قارايتتى. ئۇ يەنە: «قانۇن بىلەن دۆلەت كېڭىيىدۇ، جاھان تۈزۈلىدۇ. ئەگەر بەگلەر كۆڭلىنى ساپ تۇتۇپ قانۇننى ئىجرا قىلسا بەگلىك ئۇزۇن مۇددەت بۇزۇلمايدۇ، داۋاملىشىدۇ» دەپ ھېسابلايتتى.(197) دېمەك، قانۇن – نىزام بىلەن ئۆرپ – ئادەتنىڭ بەگلەردىن كەلگەنلىكى(198) توغرىسىدىكى چۈشەنچە تۈركىي خەلقلەردە قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قانۇنلارنى ۋە ئۆرپ – ئادەت ھوقۇقىنى تۈزەش ۋەزىپىسىنى «تەڭرى ھۆكۈمدارغا بەرگەن» دېگەن چۈشەنچىنىڭ

(197) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2017–، 2033–، 2034–، 2036–بېيىتلارغا قارالسۇن.

(198) «قۇتادغۇ بىلىگ» 1931 – بېيىتكە قارالسۇن.

بىر خىل ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك(199). شۇڭا، قاراخانىيلار بۇ جەھەتتىن تۈركىي خەلقلەردىكى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىلىرىنى راۋاجلاندۇرغان.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە: «بەگلەر ئادەت ۋە قانۇنغا قانىداق رىئايە قىلسا، خەلقمۇ شۇنداق ئىتائەت قىلىدۇ. (يەنى) خەلق يول ۋە ھەرىكىتىنى بەگكە قاراپ توغرىلايدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىدىن بۇرۇن ئۇ (بەگ) قانۇن ۋە ئادەتكە رىئايە قىلىشى كېرەك»(200) دېيىش ئارقىلىق قانۇن ۋە ئادەتكە رىئايە قىلىش ئىشىدا ھۆكۈمدارنىڭ قانچىلىك ئىنچىكە ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە بۇ جەھەتتىن خەلققە قانداق ئۆلگە ۋە باشلامچى بولۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

× × ×

تۆۋەندە ھۆكۈمدارنىڭ ئورۇنلىشى شەرت بولغان ئىشلار مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ياخشى قانۇنلارنى تۈزۈپ، بۇ قانۇنلارنى يۈرگۈزۈش ۋەزىپىسى ئۈستىدە ئايرىم توختىلىمىز. بۇ يەردە بۇ تېمىغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، بىز توختىلىۋاتقان دەۋردە قاراخانىيلار ھۆكۈم-

(199) بۇ ھەققىتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، ئۆكەلنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II توم، 72 - بەت؛ ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قۇتادغۇ بىلىگ ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 13 - بېتىگە قارالسۇن.

(200) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2110 -، 2111 - بېيىتلارغا قارالسۇن.



دارلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قانداق قىلىپ ئادىل ھۆكۈمدار بولۇپ داڭق چىقارغانلىقى(201) ۋە غەربىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا بېرىلگەن «ئەل - مۇئەييەد ئەل - ئادىل» ئۇنۋانى ھەققىدە توختىلىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ياخشى بىر ھۆكۈمداردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. مەسىلەن: ياخشى بىر ھۆكۈمدار ھايالىق (ئۇياتچان)، ھەممە ۋاقىت ئادەملەرنىڭ سەرخىلى بولۇشى كېرەك. ئاللا كىمنىڭكە شەرم - ھايا ۋە ياخشى خۇي بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا دۆلەت (قۇت) بىلەن بىللە كۆپ شان - شەرەپلەر بەرگەن بولىدۇ(202).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇت بىللەن بىللە شەرم - ھاياتى، ياخشى خۇي ۋە شەرەپنى بىر كىشىگە ئاللا تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان بىر خىل تۆھپە» دەپ ھېسابلايتتى. بۇنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «پەزىلەتنىڭمۇ ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ئىكەنلىكى» شەكلىدىكى چۈشەنچىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان باشقا بىر مىسال دەپ قاراشقا ئەرزىيدۇ.

ھۆكۈمداردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە كەيپ - ساپاغا بېرىلمەسلىك، پىتنە - پاسات تېرىماسلىق، قىمار ئوينىماسلىقمۇ بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئىچىملىك ۋە پاساتچىلىق تۈپەيلىدىن ئىستىقبال (قۇت) قولدىن كېتىدۇ. قىمار تۈپەيلىدىن ھۆكۈمدار مەملىكە-

(201) بۇغىراخان ھارۇن، ئېلىگ ناسىرخان ۋە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئادىل ھۆكۈمدارلار بولغانلىقىغا دائىر «ئەلكامىل» IX توم، 100-، 240 -، 299 - 298 -، بېيىتلارغا قارالسۇن.

(202) ـــ «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2005-، 2007 - بېيىتلەرگە قارالسۇن.

تىنى بۇزىدۇ ۋە مۇشكۇل ئەھۋالدا قالىدۇ. «دۇنيا بەگلىرى شارابقا ئۆگەنسە، مەملىكىتى ۋە خەلقى كۆپ ئاچچىق زىيان تارتىدۇ» (203). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ قەيتىگە ئۇيغۇن ھالدا قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە ئىچىملىك ئىچمەسلىكلىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغانىدى(204).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمدار مۇلايىم - كەمتەر، ھىممەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەك(205). ھىممەت بىلەن سىياسەت كېرەك. سىياسەت ئۈچۈن بەگلىك شەرتلىرىنى بىلدۈرىدىغان بىر ھۆكۈمدارنىڭ رىياسەتچىلىكى كېرەك. «بەگ مەملىكەت ۋە قانۇنىنى سىياسەت بىلەن تۈزەيدۇ، خەلق ھەم ئۇنىڭ سىياسىتىگە قاراپ، ھەرىكىتىنى يولغا سالىدۇ»(206). يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك ھالدا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر شائىرلىرىنىڭ مۇنداق بىر بېيىتىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «بەگلەرنىڭ ئىشىكىنى سىياسەت بېزەيدۇ، بەگ سىياسەت بىلەن مەملىكىتىنى تۈزەيدۇ»(207). ياخشى بىر ھۆكۈمدار يۇرتدارچىلىق ئىشىدا سىياسەتنى (بۇ يەردە دۆلەتنى تۈزەشنىڭ ئۇسۇل ۋە يوللىرىنى دېمەكچى — ت) ياخشى بىلىشى كېرەك.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلق-

(203) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2091-، 2093 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(204) يۈسۈپ قادىرخاننىڭ شاراب ئىچمەسلىكىگە دائىر گەردىزىنىڭ «زەينۇلئەخبار»، بارتولد: «تۈركىستان» I توم، 14 - بەتكە قارالسۇن، سۇلايمان ئارسلان خانمۇ شاراب ئىچمەسلىكى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغانىدى («ئەلكامىل»، IX جىلد 299 - بەتكە قارالسۇن).

(205) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2122-، 2124 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(206) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2127-، 2128 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(207) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2130 - بېيىتكە قارالسۇن.



ىنىڭ غايىسى ھۆكۈمدارلىرى يۇقىرى ئەخلاقىي قىممەت ۋە باشقا ئۈستۈن خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن شەخسلەر ئىدى. ئۇلاردا سانالغان بۇ پەزىلەتلەرمۇ كۆپ جايلاردا كۆرسىتىلگەندەك ھۆكۈمدارغا قۇتقا ئوخشاش ئاللانىڭ تۆھپىسى ئورنىدا بېرىلگەن، دەپ قارىلاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ھۆكۈمدارلار قۇتقا ئىگە بولۇشنىڭ داۋامى سۈپىتىدە بۇ پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئۆزلىرىنىڭ (ئىجابىي) خاھىشلىرىغا بىنائەن ھەرىكەت قىلىشى (ئەمەلىي) ھەرىكەتلىرىدە ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىلار دەۋرىدە راۋاجلانغان بۇ چۈشەنچىلەر ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقىدە ئۇزاق تارىختا ئىگە، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئېتىقادلارنى ئۆزىگە مەنبە قىلغانىدى. دەسلەپكى چاغلاردا تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ «خاقانلىرى» نىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىنى خۇدانىڭ يارىتىشىغا ۋە خۇدا ئاتا قىلغان ياخشى تەقدىر بىلەن تەلەيگە باغلىشاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە خاقان ياخشى بولمىسا، بەگلەر بىلەن خەلقنىڭ ئاساسەن بىر - بىرىگە قارشى تۇراتتى. ئىدارە قىلغۇچى بەگلەر بىلەن خەلق كېڭەش (كېلىشىم) ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت ئىچىدە بولۇشلىرى ئەڭ مۇھىم شەرت ئىدى (208). يۇقىرىدىكى تەرەپلەرنى بىرمۇ بىر يېزىپ چىققان يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدە «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ XXVIII بابىدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تىلغا ئېلىپ، ھۆكۈمدارغا بەزى نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. بۇ يەردە بىز ئىزاھلىماقچى بولغان ھاكىمىيەت ۋە ھۆكۈمدار چۈشەنچىسىنى ياخشىراق چۈشىنىشكە ياردەم

(208) ئۆگەلنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II توم، 66 - بەتكە قارالسۇن.

بېرەلەيدۇ، دېگەن ئوي بىلەن مۇھىم دەپ تاپقانلىرىمىزنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنداق دەيدۇ: «مەملىكەتنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ۋە ئارمىيە لازىم. ئەسكەرلەرنى بېقىش ئۈچۈن كۆپ مال ۋە بايلىققا ئېھتىياج چۈشىدۇ. بۇ مالنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلقنىڭ باي بولۇشى، بۇ بايلىق ئۈچۈن بولسا توغرا قانۇنلار كېرەك». «ياخشى نام ۋە شۆھرەت بىلەن داڭق چىقىرىشنى خالىغان بىر بەگ مۇنۇ بەش نەرسىنى ئۆزىدىن يىراق تۇتۇشى كېرەك: بىرىنچىسى، ئالدىراڭغۇلۇق (شاشماق)؛ ئىككىنچىسى، بېخىللىق؛ ئۈچىنچىسى، غەزەپ؛ تۆتىنچىسى، جاھىللىق؛ بەشىنچىسى بولسا يالغانچىلىق». «ئەي ھۆكۈمدار، نۇرغۇن ئەللەرنى قولدا تۇتاي دېسەڭ مۇنۇ ئۈچ ئىشنى قىل: ئوڭ قولۇڭ قىلىچ تۇتسا ۋە چاپسا، سول قولۇڭ بىلەن مال ئۈلەشتۈر. ئاغزىڭدىن چىققان سۆز شېكەردىن تاتلىق بولسۇن. شۇنداق بولغاندا بەگ - قۇل، چوڭ - كىچىك ھەممىسى ساڭا بويۇن ئېگىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ خەلق تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشى ۋە ئېتىبارلىق بولۇشى ئۈچۈن كۆڭلەر يۇمشاقلىق، شېرىن سۆزلۈك، ئۆز خۇلقلىق بولۇشى كېرەك. سۆرۈن يۈزلۈك، قوپال سۆزلۈك، تەكەببۇر ۋە مەغرۇر ئادەمدىن ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىدۇ. يېقىملىقلىق ۋە ئالدىراقسانلىق، شاللاقلىق (گەپدانلىق) ئاۋامنىڭ تەبىئىتى. بەگ بۇلاردىن يىراق بولۇشى كېرەك. ئاۋام خۇلقىنىڭ بەگكە يېقىن بولۇشى مۇۋاپىق ئەمەس، بۇ تەبىئەت بەگكە يۇقۇپ قالسا بەگ دەرھال قەدىر - قىممىتىنى يوقىتىدۇ. قارا، قۇلنىڭ رەڭگىدۇر. بەگلەر ئاق بولىدۇ. قارا



بىلەن ئاق شۇ خىلدا بىر - بىرىدىن ئايرىلغان. يېتىلگەن بىر بەگ بولۇش ئۈچۈن، پەزىلەتكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئېتى بەگ بولۇپ خۇلقى ئاۋامنىڭكىگە ئوخشاش بولسا، ئۇ خەلق ئارىسىدا ئاۋامدىنمۇ تۆۋەن كۆرۈنىدۇ. بەگنىڭ چىرايى گۈزەل، چاچ - ساقىلى كېلىشكەن ۋە ئوتتۇرا بويلۇق بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە نام ۋە شۆھرەتتە كامالەتكە يېتىشى كېرەك. دۈشمەنگە قارشى جەسۇر ۋە مەرد بولۇشى، چىرايلىقلىقىمۇ قارىغان كۆزلەرنى خۇشاللىق بىلەن پارلىتىشى كېرەك» (209).

× × ×

خەلقنىڭ پۈتۈن كېلىشمەسلىكلىرىنى بەگلەر تۈزىتىدۇ. بەگ مۇۋاپىق بولمىغان ئىشلارنى قىلسا ئۇنى كىم يولغا سالىدۇ؟ (چۈنكى) ئادەم پاكىز بولمىغان نەرسىلەرنى سۇ بىلەن تازىلايدۇ. ئەگەر سۇ پاسكىنا بولسا ئۇ نېمە بىلەن ۋە قانداق تازىلىنىدۇ؟ ئادەم ئاغرىپ قالسا تېۋىپ ئۇنىڭ دورىسىنى بېرىدۇ، ئەگەر تېۋىپ ئاغرىپ قالسا ئۇنىڭغا كىم دورا بېرىدۇ؟ (210)

---

(209) — «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2057 -، 2090 - بېيىتلارغا قاراڭ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغان بېيىتلىرىدە (2083 — 2090) چوشەندۈرۈلگەنلەر ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى تەقدىم قىلغان قەشقەر قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاپغاچ بۇغراخان ئەبۇئەلى ھەسەننىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇنىڭ چاچ - ساقىلىنىڭ كېلىشكەنلىكى، گۈزەل يۈزى، يېقىملىقلىق ۋە شۆھرەتلىكى ھەققىدە بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا بوي ئىكەنلىكى ھەققىدە چىڭ تۇرۇشى بىزنى بۇ قاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدى.

(210) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2017 -، 2019 - بېيىتلارغا قاراڭ.

«مەملىكەتنىڭ تىرىكى، ئۇلى، ساغلاملىقى، ئاساسى ۋە يىلتىزى ئىككى نەرسىگە باغلىق. بۇلاردىن بىرى خەلقنىڭ ھوقۇقى بولغان قانۇن، يەنە بىرى خىزمەت قىلغانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغان كۈمۈش. قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا خەلق خۇشال ياشىشى كېرەك. پۇلنى كۆرۈپ خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ چىرايلىرى كۈلۈشى كېرەك. بۇ ئىككى گۇرۇپپا (خەلق ۋە خىزمەتچىلەر) بەگدىن رازى بولسا، مەملىكەت رەتكە چۈشىدۇ، بەگمۇ تىنچ ياشايدۇ. ھەرقانداق بەگ ئەسكەرلىرىنى رازى قىلمىسا، قىلىچلار قىنىدىن چىقمايدۇ. بەگلەر قىلىچ بىلەن مەملىكەتلىرىگە ھاكىم بولىدۇ، قىلىچسىز غاپىل بەگ مەملىكىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. قىلىچ بىلەن ئايپالتا مەملىكەتنىڭ ساقچىسى، خەلققە باشچىلىق قىلغانلار قىلىچ بىلەن مەملىكەتنى قولغا ئالىدۇ. ئەي قۇدرەتلىك، قىلىچ بىلەن ئايپالتىنى ئۆزۈڭگە ساقچى قىل، (ئاساسەن) قىلىچ تەۋرىگەندە دۈشمەن قىمىلدىيالمايدۇ. ئەي بەگ، قىلىچ تۇتقۇچىنى ھەرۋاقىت رازى قىل» (211).

بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، بىز ئاساسەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىگە تايىنىپ ئېنىقلاشقا تىرىشىۋاتقان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقىنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى ۋە ھۆكۈمدار چۈشەنچىسى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزىدۇر. بۇ جەھەت يۇقىرىدا بىز پات - پات كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى ۋە «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلار بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدىكى «ھۆكۈمدارلىققا لايىق بىر بەگ قانداق بولۇشى كېرەك» (1921 -، 2173 - بېيىتلارغا

(211) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2132 -، 2145 - بېيىتلارغا قارالسۇن.



قارالسۇن) دېگەن تېمىنى ئاز دېگەندە 15 ماقال - تەمسىل، تۆت نەپەر قەدىمكى تۈركىي خەلق شائىرلىرىنىڭ بېيىتى ۋە ئۆتۈكەن بېگىنىڭ بىر قىسقارتىلما سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق شەرھلەپ، بۇ ئەنئەنىلەر نېگىزىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلىغان.

## 2 - ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىپىلىرى

(ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بويىچە ھۆكۈمداردىن تەلەپ قىلىنىدىغان ۋەزىپىلەر)

**خەلققە راھەت - پاراغەت بېغىشلاش.** تۈركىي خەلقلەردىكى دۆلەت چۈشەنچىسىنىڭ ۋە ئىدارە قىلىش پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىنى خەلقنى باي، راھەت - پاراغەتتە ياشايدىغان قىلىش تەشكىل قىلغان. ئومۇمەن خەلقنى تويغۇزۇپ، ئۈچىسى ئىللىغۇدەك كىيگۈزۈشتە ئىپادىلىنىدىغان بۇ ۋەزىپە تۈركىي خەلق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئادا قىلىشتا ئەڭ كۆپ دىققەت - ئېتىبارىنى بېرىشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا كېلەتتى. مەلۇم بولۇشىچە، بىلگە خاقان بۇ ھەقتە ئۆزى ئورۇندىغان ئىشلىرىنى مۇنداق دەپ بايان قىلغانىدى:

«خۇدا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن! قۇتۇم (بەختىم) بولغىنى ئۈچۈن! قىسمىتىم بار بولغىنى ئۈچۈن! ئۆلۈم ئالدىدىكى خەلقنى تىرىلدۈرۈپ تەربىيىلىدىم! يالىڭاچ خەلقنى كىيىملىك، كەمبەغەل خەلقنى باي قىلدىم! ئاز سانلىق خەلقنى كۆپ قىلدىم!...» (212).

قاراخانىيلارمۇ بۇ چۈشەنچىنى ئەڭ كەڭ كۆلەمدە داۋام

(212) ئۈچكىلىنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى»، II توم، 75 - بەتكە قارالسۇن.

قىلدۇرغان. ئۇلار بۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنكى، بىز يۇقىرىدا ھۆكۈمدارنىڭ سېخىي بولۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدە دېگىنىمىزدەك، ئۇلار بۇ چۈشەنچىنى «ئۇر! ئال! خەلققە ئۈلەشتۈر!» شەكلىدە بىر ئىسم (پارول) ھالىغا كەلتۈرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن، مەملىكەتتە كەمبەغەل ئادەم قويماسلىق ۋە خەلقلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئىشىنىڭ ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىگە دائىر بايانلار «قۇتادغۇ بىلىگ» دە كۆپ ئورۇن ئالغانىدى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ھۆكۈمدارغا: «مەملىكەتتە بىرەر ئادەم بىر كېچە ئاچ قالسا، خۇدا سەندىن نېمە ئۈچۈن ئاچ قالغانلىقىنى سورايدۇ»(214) دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بەگلەر ئالتۇن – كۈمۈشلۈك بىر تاغقا ئوخشايدۇ ۋە كۈمۈش كېنىنى قازغۇچى قانداق باي بولسا، ھۆكۈمدارنىڭ تەۋەسىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ سۆزلىرىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «بەگ ئادەملەرگە پايدىلىق ھەم سېخىي بولۇشى كېرەك. ئۇ جاھان خەلقىنى تويغۇزۇشى لازىم. ئەي ھاكىم بەگ! قۇياشتەك پارلا، خەلق سايەڭدە مول يېمەك ۋە ئىچمەككە ئىگە بولسۇن. خۇدا ساڭا بىر ئامانەت يۈكلىدى، ئۇ ئامانەتنى ساقلىغىن، ئۇنى سەندىن سورايدۇ!»(215).

«قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ بۇ قەيتلىرىمۇ ئەينى تېمىغا مۇناسىۋەتلىك: «بەگ خەلق ئۈچۈن بىر قۇتتۇر. بۇ جەھەتتىن قارىغاندىمۇ خەلقنى بەختلىك قىلىش كېرەك. خەلقنىڭ قۇتلۇق بولۇشى ئۈچۈن قورسىقىنى تويغۇزۇش لازىم. بەگلەر تىنگى

(214) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5165 – بېيىتكە قارالسۇن.
(215) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5165 – بېيىتكە قارالسۇن.



ئۈنچە – مەرۋايىتلارغا تولغان بىر دېڭىزدۇر. دېڭىزغا يېقىن تۇرغانلار باي بولۇشى كېرەك»(216).

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەي دۆلەتلىك ھۆكۈمدار! قۇللىرىڭنى گادايلىق نامىدىن قۇتۇلدۇرمىساڭ، كىشى قانداق قىلىپ بەگ بولىدۇ؟»(217) دېگەن خىتابىدىمۇ خەلقنى باي قىلىشنىڭ، گادايلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ھۆكۈمدارلىقنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى بەكمۇ ئوچۇق ئىپادىلىگەن. شۇ ۋەجىدىن، بىر ھۆكۈمدار يالىڭاچنى كىيىندۈرۈشى، ئاچنى تويغۇزۇشى بەرھەقتۇر(218). چۈنكى، خەلقنىڭ بايلىقى، بەگنىڭ بايلىقىدۇر(219). ۋە شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياخشى بەگ ئۆز مەنپەئىتىنى ئەمەس، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلىشى كېرەك. چۈنكى، ھۆكۈمدارنىڭ مەنپەئىتى خەلق مەنپەئىتىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ(220).

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزلىرىگە قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھۆكۈمدارلىق، تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، دۆلەت، خەلق ئۈچۈنىدۇر. دۆلەتمۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئىدارە قىلىنغۇچىلارنى تويغۇزۇشقا ۋە كىيىندۈرۈشكە

(216) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5355 –، 5356 – بېيىتلارغا قارالسۇن.
(217) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2983 – بېيىتكە قارالسۇن.
(218) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2982 – بېيىتكە قارالسۇن.
(219) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5545 – بېيىتكە قارالسۇن.
(220) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5353 – بېيىتكە قارالسۇن.

مەسئۇلدۇر. ئۇنىڭ كۆڭۈل تۈگدىنىڭ شەخسىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن قىلغان «ئەي ئادىل، پاك ۋە مۇلايىم بەگ، خۇدا ساڭا ئەقىل، بىلىم ۋە بىر مۇنچە پەزىلەتلەرنى بەردى. ھەر خىل ياخشىلىق ئۈچۈن ساڭا تەۋپىق بەردى، ئەل تويۇپ كىيىمى پۈتۈن بولدى» دېگەن خىتابىمۇ(221) مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىدارە قىلىش ئۆلچىمىنىڭ خەلقنى تويغۇزۇپ، كىيىندۈرۈش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق ھۆكۈمدارلىق خەلققە يېگۈزۈپ، كىيىم كىيگۈزۈش، مال بېرىش بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بىر ھۆكۈمدارنىڭ بۇ غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنى مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىشى، بولۇپمۇ ئارمىيىنى بېقىش، قىسقىسى خەلقنى بايلىققا ئىگە قىلىش كېرەك. ئۇ بۇ كۆز قارىشىنى شۇنداق تىلغا ئالىدۇ: «خەلقنى باشقۇرغۇچى ياكى بەگلىكنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى قىلىدىغان بىر بەگ، خىزمەتچىسىز ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ. خىزمەتچى بولغاندا شۈبھىسىز مال ۋە بايلىق لازىم بولىدۇ. (چۈنكى) مال بولمىسا باشقىلارنىڭ ئىشىغا ھېچكىم كۆمەكلەشمەيدۇ(222). يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن زاماندىش مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە: «كىمنىڭ مىلى كۆپەيسە بەگلىك ئۇنىڭغا يارىشىدۇ. بەگنىڭ قولى قىسقا بولۇپ قالسا، ئادەم توپلاشتا قىيىنچىلىق تارتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بەگنىڭ مىلىغا تەمە قىلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ»(223) دەپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ

221) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 3113 - بېيىتكە قارالسۇن.

(222) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 545- ، 5460 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(223) كىلىنبىلى I، 302 - بەت؛ ئاتالاي I، 362 -، 3 - بەتلەر.



يۇقىرىدىكى قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇنداق بولسا ھۆكۈمدار زادى قانداق بولۇشى كېرەك ۋە نېمىلەرنى قىلغاندا ئەتراپىدا ھەر دائىم ئىش قىلىدىغان ئادەملەر بولىدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» ھەققىدىكى بابىدا (LXXII.باب) بۇ تېمىدىكى قاراشلىرىنى شۇنداق بايان قىلىدۇ: «(ئەي ھۆكۈمدار) خەزىنىنى ئاچ، بايلىقنى ئۈلەشتۈر، ئادەملىرىڭنى سۆيۈندۈر، ئۇلارنىڭ ھەممە ئارزۇيۇڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئالتۇن ۋە كۈمۈش بەرگۈچى دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەگەر سەن ھەر دائىم ئۈستۈنلۈكتە تۇرىمەن دېسەڭ ئادەملەرنى رازى قىل، ئۇلارنى قەدىرلەپ، خۇش قىل، ئادەملىرىڭنى ئالدى بىلەن رازى قىل، كېيىن ئىش تەلەپ قىل. پۈتۈن ئارزۇلىرىڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ. دۈشمەنمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا باش ئېگىدۇ. ئادەملىرىڭنى كۆپەيت، سۆيۈندۈر. ئۇلارمۇ بىر كۈنى شېرىن جېنىنى ساڭا پىدا قىلىدۇ. ھۆكۈمدارلار ئادەملەرنى كۆپ توپلىشى، ئۇلارغا ئىنئام - ئېھسان بېرىشى، گادايىنى باي قىلىپ، ئاچنى تويغۇزۇشى كېرەك. خىزمەت قىلغۇچىلار بىرەر نەرسىنى ئۈمىد قىلىدۇ، خىزمەتكار ئۈمىدىنى ئۈزسە دەرھال كېتىپ قالىدۇ»(224).

× × ×

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ھۆكمىنى ئوبدان ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئارمىيىسىنى ۋە خىزمىتىنى قىلىۋاتقان دۆلەتنىڭ باشقا خىزمەتچىلىرىنىمۇ تويغۇزۇشى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى كېرەك. بۇ تېما ئۈستىدە ئايرىم توختىلىمىز.

(224) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5479-، 5514 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

بىز ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.

**قانۇنلار (تۆرۈ) نى تۈزۈپ يۈرگۈزۈش ئارقىلىق خاتىرجەملىك ۋە ئىنتىزام ئورنىتىش، ئادالەتنى يولغا قويۇش**

تۈركىي خەلقلەردىكى ھاكىمىيەت كۆز قارىشىدا دەسلەپكى دەۋرلەردىن بېرى ھۆكۈمدارغا يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ياخشى قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە قانۇننى ئادالەتلىك بىلەن يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ھۆكۈمدار، تويغۇزۇش ۋە كىيىندۈرۈشكە مەسئۇل بولغان تەۋەسىنى، قانۇن - ھۆكۈملىرى بويىچە ئادىل باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. يەنى كۆپچىلىكنىڭ يالغۇز راھەت ياشىشىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە خاتىرجەم ۋە تەرتىپلىك ياشىشىمۇ لازىم ئىدى. بۇمۇ پەقەتلا ياخشى قانۇنلارنى يولغا قويۇپ، بۇلارنى ئادىل بىر شەكىلدە يۈرگۈزۈش بىلەن ئەمەلگە ئاشاتتى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەردە «ئېل» يەنى دۆلەت بىلەن «قانۇن» بىللە سۆزلىنىدىغان ۋە بىر - بىرىدىن زادىلا ئايرىلمايدىغان ئەڭ مۇھىم ئىككى مۇئەسسەسە ئىدى. دۆلەت بىلەن ھوقۇق دۆلەت ھاكىمىيىتىدە تەڭ يۈرگۈزۈلەتتى(225).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، تەتقىقاتىمىزنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدىغان مەشھۇر سىياسەتنامىسى «قۇتادغۇ بىلىگ» تە، ھۆكۈمدارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈن تۇغدىغا بىۋاستە «كۆنى تۆرۈ» (يەنى ئادىل قانۇن) سۈپىتىنى بېرىش بىلەن، سەلتەنەتنىڭ پەقەت توغرا قانۇن بىلەن ئەمەلگە

(225) ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 72 - بەت، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە قانۇن ۋە ئۇنىڭ تەتبىق قىلىنىشى ھەققىدە ئىبراھىم كافەس ئوغلىنىڭ «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى». 219 - بەتكە قارالسۇن.



ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. بۇمۇ شۈبھىسىز قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر كۆز قارىشىنىڭ بۇ تېمىدىمۇ قانداق جانلىق بىر شەكىلدە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ ياخشى بىر مىسالىدۇر.

ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقىدىكى ئىدارە قىلىش چۈشەنچىسى بويىچە قارىغاندا، قانۇن خەلقنىڭ قولىدىكى بىردىنبىر ھوقۇق ئىدى. شۇڭا، خەلقنى قورسىقى توق، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىشتەك ياخشى قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش دۆلەتنى بەرپا قىلىش پەلسەپىسىنىڭ نېگىزى ھېسابلىناتتى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «دۆلەتنىڭ قىرنىكى، ئۇلى، ساغلاملىقى، ئاساسى ۋە يىلتىزى ئىككى نەرسىگە باغلىق. بۇلاردىن بىرى خەلقنىڭ ھوقۇقى (پايى، قىسمىتى = ئۈلۈشى) ھېسابلانغان قانۇن، يەنە بىرى خىزمەت قىلغۇچىلارغا ئۈلەشتۈرۈلگەن كۈمۈش»(226) دېيىشى، بۇ چۈشەنچىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن مالىشىشى لازىم بولغان ئاساسىي بىر قاراش ھالىتىدە قوبۇللىنىپ كېلىنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى ئۇتقا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئەركىنلىك، يەنە بىرى قانۇن» دېگەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قايسى بەگ مەملىكەتتە توغرا قانۇننى يۈرگۈزگەن بولسا، ئۇ مەملىكەتنى تۈزەتەلەيدۇ، خەلقىنى روناق تاپقۇزالايدۇ. شۇڭا، ئۇزۇن زامان ھۆكۈم سۈرۈشنى خالىغان ھۆكۈمدارلار قانۇننى ئادالەت بىلەن يۈرگۈزۈشى ۋە خەلقنى ئاسرىشى كېرەك. چۈنكى «قانۇن بىلەن مەملىكەت كېڭىيىدۇ ۋە جاھان تۈزۈلىدۇ»(227). مەملىكەتنى قولدا

(226) «قۇتادغۇ بىلىگ» 2132-، 2133 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(227) «قۇتادغۇ بىلىگ» 2015-، 2017-، 2033 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

تۈزۈش ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ۋە ئارمىيە كېرەك، ئارمىيىنى بېقىش ئۈچۈن بايلىق كېرەك، بايلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلق باي بولۇشى كېرەك. خەلقنىڭ بېيىشى ئۈچۈن ئادىل قانۇنلارنىڭ بولۇشى كېرەك(228). دېمەككى، پەقەتلا ئادالەت بىلەن باشقۇرۇلغان ۋە خاتىرجەم، تەرتىپ ئىچىدە بولغان بىر دۆلەتتە شەخسلەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئەركىن شۇغۇللىنىپ، ئۇنى ئالغا سۈرۈپ باي بولالايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى بېيىتلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان چۈشەنچە بويىچە قارىغاندا، خەلق قويغا ئوخشايدۇ، ھۆكۈمدار بولسا چوپانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمدار خەلققە چىن كۆڭلىدىن باغلىنىشى كېرەك. ئىشىكتە يىغىلغان كۆپ ئاچ بۆرىلەر (دۈشمەنلەر) ئالدىدا ھۆكۈمدارنىڭ قويلىرىمۇ ياخشى قوغدىلىشى كېرەك(229). مۇبادا، بىراۋ داۋاملىق ۋە مەڭگۈ بەگلىكنى خالايدىكەن، ئۇ ھالدا ياخشى قانۇن تۈزۈشى، ئادالەتتىن ئايرىلماسلىقى ۋە خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى يوقىتىشى كېرەك(230).

بۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنۇ ئىشلارنى قىلىش كېرەك، دەيدۇ: «توغرا قانۇن بىلەن ئادىل ئىش قىل، ھېچقاچان زۇلۇم قىلما. يامان قانۇن تۈزمە، ياخشى قانۇن تۈز، شۇنداق قىلساڭ ئۆمرۈڭ ياخشى ئۆتىدۇ. بەختىڭمۇ يۈكسىلىدۇ. ئەي قانۇن تۈزگۈچى، ياخشى قانۇن تۈز. يامان قانۇن تۈزگۈچى تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن ھېسابلىنىدۇ».(231)

(228) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2057 ــ، 2058 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.
(229) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1412 ــ، 1413 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.
(230) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1453 ـ بېيىتكە قارالسۇن.
(231) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1451 ــ 1456 ــ 1458 ـ بېيىتلەرگە قارالسۇن.



× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىچە، قانۇن، ھۆكۈمدارلىقنىڭمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ: «بەگلىك ۋە ئۇلۇغلۇق بەك ياخشى نەرسە، لېكىن ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسە قانۇندۇر. ئەمما ئەڭ مۇھىمى، قانۇننى توغرا يولغا قويۇش»(232) دەيدۇ. دېمەك، يۈسۈپ خاس «ھاجىپ دۆلەتنى باشقۇرۇشتا قانۇننىڭ ئادىل بولۇشىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ھەرىكەت قىلغان. ئۇ، قانۇننى تەسۋىرلىگەندە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىدۇ: بىر كۈنى ھۆكۈمدار (كۈن تۇغدى = ئادىل قانۇن) بىر كۈمۈش تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. بۇ تەختنىڭ بىر ـ بىرىگە چېتىلمىغان ئۈچ پۇتى بار ئىكەن. ھۆكۈمدار قولىغا چوك بىر پىچاق تۇتۇۋالغان، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئوراگۇن ئىسىملىك بىر ئاچچىق ئوت (ھىندى دورىسى)(233)، ئوڭ تەرىپىدە شېكەر تۇراتتى. ۋەزىرى ئايتولدى بۇلارنىڭ سەۋەبىنى سورىغان چاغدا، ھۆكۈمدار شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «مانا قارا، مەن بولسام

(232) «قۇتادغۇ بىلىگ» 453 ــ، 454 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.
(233) مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوراگۇننى «ھىندىستاندىن كېلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك» دەپ يازىدۇ (كېلىسلى I، 123 ـ بەت، ئاتالاي I، 136 ـ بەت). ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە شېكەرنىڭ زىددى قىلىپ كۆرسىتىلگىنىگە قارىغاندا («قۇتادغۇ بىلىگ» 772 ـ بېيىتكە قاراڭ) ئاچچىق بىر نەرسە بولۇشى كېرەك. مۇندىن باشقا ئىبراھىم كافەسئوغلىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 14 ـ بەت.) غا قارالسۇن.

ئادالەت(234) ۋە قانۇنمەن. قانۇننىڭ ماھىيىتى شۇلاردىن ئىبارەت، دىققەت قىل. قارا، مەن ئولتۇرغان بۇ تەختنىڭ ئۈچ پۇتى بار. ئۈچ پۇت ئۈستىدە تۇرغان ھېچقانداق نەرسە بىر تەرەپكە قىڭغايمايدۇ. ھەر ئۈچى تۈز تۇرغاندا تەخت مىدىرلىمايدۇ. ئەگەر ئۈچ پۇتىدىن بىرى قىڭغىيىپ كەتسە، قالغان ئىككىسىمۇ قىڭغىيىدۇ ۋە ئۈستىدە ئولتۇرغان يىقىلىپ چۈشىدۇ. تۈز نەرسىنىڭ ھەممە تەرىپى ياخشى بولىدۇ. دىققەت قىلىپ قارىساڭ ياخشى نەرسىنىڭ قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرى تۈز بولىدۇ. قانداقلىكى نەرسە قىڭغايسا ئەگرى بولىدۇ. ھەر ئەگرىلىكتە يامانلىقنىڭ بىر ئۇرۇقى بار. قارا، مېنىڭ قانۇنۇممۇ ئېگىلمەيدۇ. (توغرا) تۈز بولىدۇ. ئەگەر توغرىلىق ئېگىلىپ كەتسە، قىيامەت قوپىدۇ. مەن ئىشلارنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلىمەن. ئىنسانلارنى بەگ ياكى قۇل دەپ ئايرىمايمەن. قولۇمدىكى بۇ پىچاق ئۆتكۈر بىر خىل قورال. مەن ئىشلارنى پىچاقتەك كېسىپ بىر تەرەپ قىلىمەن. ئۆز ھەققىنى دەۋا قىلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىشىنى سوزمايمەن. شېكەرگە كەلسەم، ئۇ، مېنىڭ ئىشىكىمگە(235) زۇلۇمغا ئۇچراپ، ئادالەت ئىزلەپ كەلگەن ئادەملەر ئۈچۈن قويۇلغان. ئۇ ئادەم مەندىن شېكەردەك لەززەتلىنىپ ئايرىلىدۇ. خۇشال بولىدۇ. چىرايى ئېچىلىدۇ. بۇ ئاچچىق ھىندى ئوتىنى بولسا زومىگەرلەر ۋە ئادالەتتىن قاچىدىغانلار ئىچىدۇ(236). زالىملارنىڭ ئالدىدا قاشلىرىنى تۈرۈپ،

(234) ر. ر. ئارات «كۆنلىك» سۆزىنى توغرىلىق دەپ تەرجىمە قىلغان. ھالبۇكى، بۇ يەردە «ئادالەت» مەنىسىدە كەلگەن. خ. ئىنالجىق «(قۇتادغۇ بىلىگ) تۈرك ۋە ئىران سىياسەت - نەزەرىيە ۋە ئەنئەنىلىرى» ئەنقەرە، 1969، 265 - بەت.

(235) بۇ يەردە ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك جايى يەنى دىۋان.

(236) بۇ يەردىمۇ كونىنىڭ ۋارىيانتى «توغرىلىق» ئەمەس، «ئادالەت» بولۇشى كېرەك.



چىرايىمنى تۈتۈۋالىمەن. مەيلى ئوغلۇم، مەيلى تۇغقىنىم، مەيلى يېقىنىم بولسۇن؛ مەيلى يولۇچى ياكى ئۆتكۈنچى، مەيلى مېھمان بولسۇن، قانۇن ئالدىدا مېنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ھۆكۈم چىقىرىشتا ئايرىم مۇئامىلە قىلمايمەن. بۇ، بەگلىكنىڭ (دۆلەتنىڭ) ئاساسى ئادالەتتۇر. بەگلەر تۈز ۋە ئادىل بولسا دۇنيا بەختىيار بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، دۆلەتنىڭ ئاساسى ئادالەت يولى. بەگ ئادىل بولۇپ ئادالەتلىك قانۇن تۈزسە، بارلىق تىلەكلىرىگە ئېرىشىدۇ»(237).

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: قانۇن (تۆرۈ) بىرمۇنچە پىرىنسىپلارغىمۇ باغلىق. بۇ پىرىنسىپلارنى ئالدى بىلەن ئادالەت، ياخشىلىق، باراۋەرلىك، ئادەمگەرچىلىك دەپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قانۇن ئادىل ۋە خەلق ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «يامان يول تۇتما، ياخشى قانۇن تۈز، يامان قانۇن تۈزگۈچى ھايات تۇرۇپ ئۆلگۈچىدۇر» دېگەن سۆزلىرىمۇ بىزگە قانۇننىڭ ئالدى بىلەن پايدىلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئەسلەتمەكتە، ئاساسەن، خەلقنىڭ ئۆز ھوقۇقى بولغان قانۇننىڭ ماھىيىتىمۇ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ياقلايدىغان ۋە قوغدايدىغان بولۇشى كېرەك. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەننىگە كەلسەك، خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ

(237) «قۇتادغۇ بىلىگ»، XVII ۋە XVIII بابلار. بولۇپمۇ 771 -، 772 -، 786 -، 787 -، 788 -، 789 -، 800 -، 822 - بېيىتلارغا قارالسۇن. ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قۇتادغۇ بىلىگ ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، 13 - بەت.

كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بالا بىلەن ياتلارنى ئايرىمىغان، بەگ بىلەن قۇلنىڭ پەرقسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بىر قانۇن چۈشەنچىسى ھەقىقەتەن بىر زامانىۋى قانۇن چۈشەنچىسىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىگ» دە مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە پۈتۈن ئىنسانغا خىتاب قىلىنغان. ھۆكۈمدار كۈن تۇغدى (تۆرۈ) شۇنداق دەيدۇ: «ئالىم مېنىڭ تەبىئىتىمنى كۈنگە ئوخشىتىپ بۇ ئىسمنى قويدى. كۈنگە قارا، كۈن كىچىكلىمەيدۇ، دائىم پۈتۈن تۇرىدۇ. مېنىڭ تەبىئىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادالەت بىلەن تولغان. ھەرگىز كېمەيمەيدۇ. كۈن تۇغۇلىدۇ ۋە دۇنيانى يورۇتىدۇ، نۇرىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا چاچىدۇ. بىراق ئۆزىدە بىر نەرسە كېمىيىپ قالمايدۇ. مېنىڭمۇ ھۆكۈمىم شۇنداق»(238).

نىھايەت، بۇ قانۇن چۈشەنچىسى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان چۈشەنچىدۇر، بۇ نۇقتىنى «قۇتادغۇ بىلىگ»دىكى: «مېنىڭ بۇ قانۇنۇم قايسى ئەلگە كىرسە، ئۇ مەملىكەت باشتىن ئاياق تاشلىق ۋە قىيالىق بولغان ھالەتتىمۇ تۈزۈلىدۇ» دېگەن سۆزىمۇ بۇنى كۆرسىتەلەيدۇ(239).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، دۇنيانى يوق قىلىدىغان ئىككى نەرسە بار، بىرى ۋەزىپىگە سەل قاراش، يەنە بىرى ئادەملەرگە زۇلۇم قىلىش. شۇڭلاشقا، ياخشى بىر ھۆكۈمدار خەلقنى ئادىل قانۇنلار بىلەن ئىدارە قىلىش، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئېزىشىگە يول قويماسلىقى لازىم(240). ئەمەلىيەتتىمۇ (زورلۇق)، زۇلۇم بولغان يەردە قانۇن

---

(238) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 824 ـ، 828 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.

(239) «قۇتادغۇبىلىگ» 830 ـ بېيىتكە قارالسۇن.

(240) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2024 ـ 5576 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.



ھاكىمىيىتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭغا مۇۋاپىق مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «زورلۇق ئىشىكتىن كىرسە، تۈگلۈكتىن چىقىپ كېتىدۇ»(241) دېگەن سۆزىمۇ بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ شۇ ئەسىرىدە «قازى» سۆزىنى «رەسىم ـ قائىدە ۋە ئىنساپ» سۆزلىرى بىلەن شەرھلىگەنلىكى ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. قانۇننىڭ مەنىسى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىدىن باشقا ئىنساپنىمۇ توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەردىكى نىزام چۈشەنچىسى قانۇنغا «ئىنساپ» تەك بىرخىل مەنە بېرىش بىلەن خەلقنىڭ ھوقۇقى بولغان قانۇننى (تۆرۈنى) زۇلۇم ئالدىدا خەلقنى ئىنساپ ئارقىلىق ھىمايە قىلىدىغان ھۆكۈملەرنىڭ مۇجەسسەملىنىشى دەپ قارىغان. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، تۈركىي خەلقلەردە ئۆزلىرىنى بىر ئادەم (ھۆكۈمدار)نىڭ ياكى ئادەملەرنىڭ ئىنساپىغا ئەمەس، بەلكى قانۇننىڭ ئىنساپىغا (ھىمايىسىگە) تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئەنئەنە قەدىمدىن تارتىپلا داۋام قىلىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار زامانىۋى ھوقۇق چۈشەنچىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان «قانۇننىڭ ئۈستۈنلۈكى» نى XI ئەسىردىلا ھەتتا ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بۇرۇن يولغا قويۇش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا مېڭىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلغانىدى.

ئەمدى، قانۇننىڭ مەنىسىگە كەلسەك، بۇ ئاتالغۇ بىلەن تۈركىي خەلقلەر تارىختا ئىجتىمائىي ھاياتتا يولغا قويغان مەجبۇرىي قائىدىلەرنى ئىپادە قىلاتتى ۋە «ئومۇمەن قانۇن ۋە نىزام» مەنىسىدە ئىشلىتىلەتتى. بۇنىڭغا قارىغاندا: «تۆرۈ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنىڭ كەس-

---

(241) كېلىسلى II، 16 ـ بەت؛ ئاتالاي II، 18 ـ بەت.

كىمن ھۆكۈملىرىنىڭ بىرلەشمىسى ئىدى»(242). ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تۆرىسىز بىر دۆلەت ياكى جەمئىيەت بولالمايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنداق نەتىجە چىقىرىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە قانۇنسىز ياكى ھۆكۈمدارنىڭ شەخسىي ئىرادىسىگە باغلىق بىرخىل ئىدارە قىلىش شەكلى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. «خاقانلار يارلىقلىرىنى (ئەمر - پەرمان)، ھەكەملەر (سوتچىلار) قارارلىرىنى قانۇن بويىچە چىقىرىشاتتى»(243). مەھمۇد قەشقەرى دېگەندەك، خەلق بىۋاستە قانۇننىڭ ھىمايىسىدە ئىدى.

**ئۇرۇش كۈچى بىلەن دۆلەتنى ئىنتىزاملىق قىلىش ۋە كېڭەيتىش** بۇلارمۇ تارىخىي ئەنئەنىلەرگە مۇۋاپىق قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى(244). چۈنكى بارلىق قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدە بولغىنىدەك، قاراخانىيلاردىمۇ دۆلەتنىڭ ئاساسى ئۇرۇش كۈچى (ئارمىيە) ئۈستىگە قۇرۇلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەيلى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ياكى ئاسايىشلىقى ۋە تەرتىپلىك بولۇشى قورال كۈچىگە باغلىق. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەل - يۇرت قىلىچ بىلەن

(242) ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قۇتادغۇ بىلىك، ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 16 - بەت.

(243) شۇ ئەسەر، كۆرسىتىلگەن جاي. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۆرۈ» سۆزىنىڭ ۋارىيانتىنى «ئەر - رەسىم ۋەل ئىنساپ» سۆزلىرى بىلەن كۆرسەتكەن. بۇ يەردىكى «رەسىم» سۆزىمۇ قانۇننىڭ تۆرپ ۋە ئەنئەنە مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

(244) ئۇرۇش كۈچى بىلەن دۆلەت قۇرۇلۇپ تەرتىپكە سېلىش ۋە يېڭى ئېلىنغان يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر خاقانلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرى ئىدى. ئۆگەلنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 68 - بەتكە قارالسۇن؛ ئا. تانەرى، ئا. گ. ئې. 31 - بەت.



ئىدارە قىلىنىدۇ، ھۆكۈملەر قەلەم بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ»(245) دېيىشى، شۈبھىسىز بۇ چۈشەنچىنىڭ بىرخىل ئىپادىسىدۇر. يالغۇزلا دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋاسىتىسى بولغان قىلىچمۇ يالغۇز ئۆزىلا بىر مەنىنى بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ قەلەم بىلەن بىللە بولۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، مەملىكەتنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك كۆپ ئەسكەرگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. چۈنكى ھۆكۈمدارلار مەملىكەتلىرىگە پەقەت قىلىچ (ئارمىيە) بىلەن ھاكىم بولالايدۇ. قىلىچسىز ھۆكۈمدارلار غاپىل ھۆكۈمدارلار، ھالبۇكى، غاپىل ھۆكۈمدارلار دۆلەتلىرىگە ھاكىم بولالمايدۇ. بۇ جەھەتتىن قىلىچ بىلەن ئايپالتا دۆلەتنىڭ ساقچىسى بولۇشى كېرەك. خەلققە رەھبەرلىك قىلغۇچىلار پەقەت قىلىچ بىلەن باشقا مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە يېڭى مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلماقچى بولغانلارمۇ قىلىچ ۋە ئايپالتىنى ئۆزلىرىگە مۇھاپىزەت قىلغۇچىلىرى لازىم. چۈنكى قىلىچ ئىشقا سېلىنغان مۇددەت ئىچىدە دۈشمەن قىمىرلىيالمايدۇ(246).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ باتۇر، قەھرىمان، قۇۋۋەتلىك ۋە بەك يۈرەكلىك بولۇشلىرى كېرەكلىكىنى سۆزلىگەندە، چوقۇم ئۇلارنى ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى سۈپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە ھۆكۈمدار جاسارىتى بىلەنلا دۈشمەنگە قارشى تۇرالايدۇ ۋە يۈرەكسىز

(245) «قۇتادغۇ بىلىك»، 2711 - بېيىتكە قارالسۇن.

(246) «قۇتادغۇ بىلىك»، 2139 - 2140 ، - 2143 ، - 2144 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

ئەسكەرنىڭ جاسارەتلىنىشى ئۈچۈن قوماندان جەسۇر بولۇشى لازىم(247).

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇش كۈچى بىلەن يېڭى مەملىكەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈش غەلىبىسىنىڭ مەنبەسى دەپمۇ قارىلىپ، ھۆكۈمداردىن بۇنىمۇ ئورۇنداش تەلەپ قىلىناتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئالغىر ئاق لاچىنغا يەم تېپىش قىيىن بولمىغىنىدەك، جەسۇر ۋە كۆزى ئۆتكۈر ھۆكۈمدارغا مال تېپىش قىيىن بولمايدۇ» دېيىشى قىلىچ، ئايپالتا، ئوقيا بىلەن قۇۋۋەت ۋە جاسارەت بولسىلا، باتۇر ئادەم مال ئۈچۈن ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك، دېگەنلىكىدۇر. ئاقىل بەگ نېمە ئۈچۈن خەزىنە يىغىدۇ؟ ئەسكەر نەدە بولسا، شۇ يەردىن خەزىنە ئالىدۇ، دېيىشى چوقۇم بۇ چۈشەنچىنىڭ ئوچۇق ئىپادىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمدار ئۇرۇپ ئېلىشى، ئالغانلىرىنى ئەسكەرلىرىگە ئۈلەشتۈرۈشى، يەنى يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈشى كېرەك. ئەگەر مال كېمىيىپ قالسا يەنە ئۇرۇپ ئېلىپ كەملىرىنى تولدۇرۇشى كېرەك(248). شۈبھىسىزكى، بۇ يەردە ماللىرىنى ئۇرۇپ ئالىدىغانلار — دۈشمەنلەردۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە بۇ جەھەتنى بەكمۇ ئېنىق بىر شەكىلدە تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە: «ئەسكەر بەگلەرنىڭ قانىتى، قاناتسىز قۇش ئۇچالمىغىنىدەك، ئەسكەرسىزمۇ ھۆكۈمدارلىق قىلغىلى بولمايدۇ. بەگلەرنىڭ كۈچى ۋە قۇدرىتى ئەسكەر بىلەن مەلۇم بولىدۇ. بەگلەر ئەسكەر بىلەن تۈگۈنلەرنى يېشىدۇ (مۈشكۈل ئىشلارنى ھەل قىلىدۇ). قايسى بەگنىڭ ئەتراپىغا ئەسكەر كۆپ توپلانسا، ئۇ جاھاندا كۈچلۈك

(247) «قۇتادغۇ بىلىك»، 2043 —، 2044 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(248) «قۇتادغۇ بىلىك»، 2052 —، 2056 - بېيىتلارغا قارالسۇن.



بىر بەگ بولىدۇ. بەگلەر مال ئۈلەشتۈرۈشى، كۆپ ئەسكەر تېپىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا قاچان خالىسا، شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ مەملىكىتىنى قولغا چۈشۈرەلەيدۇ. خەزىنە نېمىگە يارايدۇ؟ كۆپ ئەسكەر كېرەك. ئەسكەر بولسىلا بەگلەردە مەملىكەت كەم بولمايدۇ. ئەگەر ئەسكەر بولمىسا، بەگ مەملىكىتىگە ئۇزۇن زامان ھاكىم بولالمايدۇ. مەملىكەتنى تۇتۇپ تۇرغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرى ساپ ئالتۇن، يەنە بىرى قىلىچتۇر(249). ئالتۇننى بېرىۋېرىپ قوللىرى قاپىرىپ كەتكەن بەگلەر (ۋاقتى كەلگەندە) قىلىچ ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ سۆز بىلەن مەملىكەتنى ئىدارە قىلىدۇ. قىلىچ نەدە بولسا كۈمۈشمۇ شۇ يەردە. كۈمۈش نەدە بولسا قىلىچ شۇ تەرەپكە قارايدۇ. ئەي ھۆكۈمدار! كۈمۈش چاچساڭ باتۇر ئادەملەر ئەتراپىڭغا توپلىنىدۇ. ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈمۈش توپلىساڭ، ئەتراپىڭدىكى قىلىچلىق يىگىتلەر تارقىلىپ كېتىدۇ. بېخىل بەگ مال توپلاپ، خەزىنە يىغىدۇ. سېخىي بەگ بۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئالىدۇ»(250).

× × ×

بۇنىڭدىن ئۇرۇش قىلىش ۋە دۈشمەن مەملىكەتلىرىنى ئىشغال قىلىش بىر خىل بايلىق مەنبەسى دەپ قارالسىمۇ، بۇ، ئەسكەرلەرنى ۋە خەلقنى تويغۇزۇش، ئۇلارنى توق تۇتۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇنى قىلىش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچى بولۇشى لازىم.

(249) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ XI ئەسىردىلا بىر دۆلەتنىڭ ياشىيالىشىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچكە باغلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىشى ھەقىقەتەن دىققەتكە ئەرزىيدۇ.

(250) «قۇتادغۇ بىلىك»، 3005 —، 3048 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

× × ×

ھەربىي كىچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋە باشقا مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىش مەسىلىسىدە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، XI ئەسىردە تولۇق مەنىدىكى بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمدارى ھالىتىگە كەلگەن قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئالدىغا غازات (مۇقەددەس ئۇرۇش) ۋە جىھاد (دىنىي ئۇرۇش) ۋەزىپىسى، يەنى غەيرىي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەللەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ۋەزىپىسى قويۇلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، كىرىش سۆزىمىزدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتى ھېسابلانغان بۇ ئىشلار بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان ۋە بۇ يولدا شېھىد بولغانلار «ئەل - مۇجاھىد»، «ئەل غازى» دېگەن سۈپەتلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن(251). بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە ھۆكۈمدارغا مۇنۇلارنى دەيدۇ: «ئەسكەر ۋە قوشۇن بىلەن كاپىر ياۋنى ئەزگىن، كۆڭۈل پاكلىقى بىلەن خۇدادىن قۇۋۋەت ۋە تەۋپىق تىلە، ئەسكەر، قوشۇن ۋە قورالىڭنى كاپىرلارغا قارات، بۇ جەڭدە ئۆلۈش، ئۆلۈم ھېسابلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆي - مۈلكىنى كۆيدۈر، بۇتىنى يىقىت، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت سال - ئەتراپىغا ئىسلام جامائىتىنى توپلا»(252)، «ئوغۇل - قىزلىرىنى ئەسىر ئېلىپ قۇل ۋە دېدەك قىل، ئالغان ئولجىلار بىلەن خەزىنە قۇر. ئىسلامنى ئېچىپ، شەرىئەتنى جارى قىل. شۇنداق قىلغاندا ئادەملەرنىڭ سەرخىلى بولۇپ ياخشى نامىڭ تارقىلىدۇ. مۇسۇلمانلارغا تەگمە ۋە تاجاۋۇز

(251) بۇ ھەقتە «مۇلھاقات» 132 - ، 135 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(252) ئۆي-ۋاقىنى كۆيدۈر، بۇتلىرىنى يىقىت، ئورنىغا مەسچىت سال، جامائەت توپلا»



قىلما، چۈنكى مۇسۇلمانلارغا خۇدا دەۋاگەر بولىدۇ»(253).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ھۆكۈمدارغا جىھاد ۋە غازاتتا ئۆلۈشنى نەسىھەت قىلغاندا ئۇ يەردىن ئالىدىغان بايلىق بىلەن خەزىنە قۇرۇشنى، قۇل ۋە دېدەكلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ئۇرۇپ ئېلىشنى بۇ ئىستىلا (پەتىھ) ھەرىكىتىنىڭ تەبىئىي بىر نەتىجىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ، «مۇسۇلمانلارغا تەگمە ۋە تاجاۋۇز قىلما» دېيىش ئارقىلىق دىنىي ئىسلامنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قورال كۆتۈرۈشنى كۇپۇرلۇق قىلىشقا يېقىن بىر خىل چوڭ گۇناھلاردىندۇر»(254) دېگەن ھۆكمىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

× × ×

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىسلام ئېچىشنى يەنى جىھاد ۋە غازاتنى تەۋسىيە قىلغاندا بۇ ھەرىكەتنىڭ نىشانىسىنىمۇ كۆرسەتكەن. بۇ نىشان بويىچە، قاراخانىيلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەيرىي مۇسۇلمانلار ۋە شۇنىڭدەك بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇددىست (بۇددىست ئۇيغۇرلاردۇر — ئەلۋەتتە) ئەللىرىدە ماۋرائۇننەھردىكى باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىدىمۇ ئىستىلا ھەرىكىتىدە بولدى. بىراق، بۇ كېڭىيىشلەرنىڭ مەقسىتى زادى جىھاد بولماستىن، بەلكى بۇ يۇرتلاردا خاتىرجەملىك ۋە ئىنتىزامنى ئورنىتىش مەقسەت قىلىنغانىدى. غەيرىي مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلارنىڭ كىرىشكەن ھەرىكەتلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا قىسقىچە توختالغانىدۇق. قاراخانىيلار X ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ بۇددىست

(253) «قۇتادغۇبىلىك» 5484 -، 5489 - بېيىتلارگە قارالسۇن.

(254) مەلىم سابىت، «جىھاد» IA، III توم، 199 - بەت.

ئۇيغۇرلارغا قارشى دەھشەتلىك كۆرەشكە ئاتلانغان ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇددىست ئۇيغۇرلاردىن بەزى شەھەر ۋە رايونلارنى (مەكلاققا ئوخشاش) تارتىۋالغانىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەرگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، بېسىۋېلىنغان بۇ شەھەردىكى بۇتخانىلار خاراب قىلىنغان ۋە بۇتلار چېقىلغان. بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ «بۇددىست قېرىنداشلىرىغا قارشى، خۇددى مۇسۇلمان ئوغۇزلارنىڭ جەند رايونىغا كەلگەندىن كېيىن غەيرىي مۇسۇلمان ئوغۇزلارغا قارشى ئۇرۇشقانلىرىغا ئوخشاش، دەھشەتلىك ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنداق دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، بۇ ئۇرۇشلارغا ئائىت خاتىرىلەر داستانلاشقان ۋە بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن كېيىنمۇ، يەنى XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قاراخانىلار ساھەسى مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا بۇ داستانلار ئۆز كۈچىنى جانلىق بىر شەكىلدە ساقلاپ قالغانىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆز ئەسىرىدە بۇ داستانلارغا ئورۇن بېرىشى، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكلىرىنى ۋە ئۆز ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ (255).

ئالدى بىلەن قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن ھالدا مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىش ۋە ئۇ يەرلەردە قۇتنىڭ (بەخت) تەلىپى بولغان قانۇن - ئىنتىزامنى يولغا قويۇش ۋەزىپىسى بار ئىدى.

(255) بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن ر. گەنج: «تۈركىي تىللار دىۋانى، دىكى بەزى داستان پارچىلىرىغا دائىر»، خەلقئارا فولكلور ۋە خەلق ئەدەبىياتى سىمىنەرى ئۇقتۇرۇشلىرى، ئەنقەرە، 1976، 33 - 43 - بەتلەر.



چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا دۈشمەن مەملىكەتلەرنى بېسىۋالغىلى ۋە ئۇ يەردىن خەزىنىلەرنى ئالغىلى بولاتتى. بۇ جەھەتتىن دۈشمەننىڭ مەملىكەتلىرىگە بېسىپ كىرىش ۋە ئۇ يەردىن بايلىق ئېلىش، ئالغان بايلىقلىرى بىلەن خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ھەمدە ئۆز خەلقىنى توق تۇتۇشمۇ ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر. ئاخىرىدا ئىسلام ھۆكۈمدارى سۈپىتى بىلەن جىھاد قىلىپ بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشمۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى قاتارىغا كىرەتتى. بىر ھۆكۈمدار بۇ خىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئارزۇلىرىغا يالغۇز ھەربىي كۈچ بىلەنلا ئېرىشەلەيتتى (256). يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بەگلەرنىڭ كۈچىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرى خەزىنە، يەنە بىرى قوشۇن ئىدى. ئىنسان بۇ ئىككى نەرسە بىلەن تىلىكىگە يېتەلەيدىغانلىقىغا ئوخشاش، بۇ ئىككى كۈچنىڭ سايىسىدە، ھۆكۈمدار بۈيۈك بولالايدۇ ۋە بۇ ئىككىسى جەم بولسا بەگلىك تاج - تەختى يۇقىرى بولىدۇ (257).

### 3. ھۆكۈمدارنىڭ پۇقرالار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى

ئەسلىدە بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەرمۇ توپتوغرا ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىپىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھېساپلىنىدۇ. پەقەت شۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقىدىكى ئىرادە چۈشەنچىسى، تۆۋەندە بىز توختىلىدىغان

(256) «قۇتادغۇبىلىگ»، 2051 - بېيىتكە قارالسۇن.

(257) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5462 - ، 5463 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

جەھەتلەرنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈشىنى خەلقنىڭ ئۆزلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەملەردىن كۈتىدىغان ھوقۇقى ئورنىدا كۆرگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئەسىرىدە بۇ جەھەتلەرنى «پۇقرانىڭ ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ھوقۇقلىرى» دەپ قەيت قىلغانىدى.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بايان قىلىشىچە، پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمداردىن تەلەپ قىلىدىغان مۇنداق ئاساسلىق ئۈچ ھوقۇقى بولىدۇ، ھۆكۈمدار پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ۋە ئۇلارنى مۈشكۈل ئەھۋالدا قالدۇرماسلىقى لازىم. بۇلاردىن ئەڭ مۇھىمى، پۇقرانىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلەشتە ئىشلىتىدىغان پۇلنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە «بۇلاردىن بىرى ئۆز مەملىكىتىڭدىكى كۈمۈش ساپ بولسۇن، ئەي بىلىملىك ئادەم، ئۇنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قال!» (258) دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇل مەنىسىدە كۈمۈش سۆزىنى ئىشلىتىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەلۇمكى، قاراخانىيلارنىڭ بازارلىرىدا ئۆتىدىغان پۇل ئومۇمەن كۈمۈش پۇل ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئاتەۋھىد ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە قاراخانىيلاردا چىقىرىلغان پۇللارنىڭ ئاز قىسمىنى مىس پۇل تەشكىل قىلغاندىن سىرت، كۆپ قىسمىنى كۈمۈش پۇل تەشكىل قىلىدۇ، دەپ يازغانىدى (259). يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار

(258) «قۇتادغۇ بىلىگ» 5574 –، 5575 – بېيىتلارغا قارالسۇن.
(159) «مۇزېيى ھومايۇن مەسكۇكاتى قەدىمەئى ئىسلامىيە كاتالوگى» IV قىسىم، ئىستانبۇل، 1331، 1، 36 – بەت.



دىۋانى» دىگەن ئەسىرىدە ئىشلەتكەن «يارماق» سۆزىنىڭ ۋارىيانتىنى «دەرھەم» سۆزى بىلەن بىرىشىمۇ شۈبھىسىز بۇ جەھەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەمەلىيەتتە مەھمۇد قەشقەرى «كۈمۈش» سۆزىنىڭ «ئاقچا» (دەرھەم) مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كېلىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى «چۈنكى، ئۇنىڭدا كۈمۈش بار» (260) دەپ ئىزاھلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭمۇ پۇل ئورنىدا «كۈمۈش» سۆزىنى ئىشلىتىشىنىڭ مەنىسى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۇلنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا مۇنچىۋالا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە قارىغاندا، شۇ دەۋردە بەزى ئىقتىسادىي زۆرۈرىيەتلەر نەتىجىسىدە قاراخانىيلار بازارلىرىدا ئۆتىدىغان دەرھەملەرنىڭ ساپلىقىنىڭ بەزى - بەزىدە بۇزۇلۇپ تۇرىدىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەيت قىلىشلىرىغا قارىغاندا، بۇ دەۋردە بازاردا نورمال ساپلىقتىكى پۇل «پۈتۈن يارماق» (261) دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭغا ئەكسىچە ساپ بولمىغان پۇللار «كەمتۈك يارماق» (262) دەپ ئاتىلاتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كەمتۈك يارماق بىلەن ئوخشاش مەنىدە «پۇچۇق يارماق» (263) دىگەن سۆزنى ئىشلىتىشىمۇ، شۇ چاغلاردا ساپلىقى بۇزۇلغان ۋە كەمتۈك پۇلنىڭ بارلىقىغا يەنە بىر مىسال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۈمۈشنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلغانلىقى يۇقىرىقى سەۋەبتىن بولسا كېرەك. ھازىرقى چاغدىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۇراقسىزلىق

(260) كېلىسلى: I، 310 – بەت؛ ب. ئاتالاي I، 371 – بەت.
(261) كېلىسلى: I، 334 – بەت؛ ب. ئاتالاي I، 398 – بەت.
(262) كېلىسلى: I، 96 – بەت؛ ب. ئاتالاي I، 105 – بەت.
(263) كېلىسلى I، 315 – بەت؛ ئاتالاي، I، 377 – بەت.

تۆپىلىدىن پۇلنىڭ كۇرسىنىڭ چۈشۈپ، باھانىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇش بىلەن جەمئىيەت (خەلق) نىڭ ئۈستىدىكى سېلىقنى ئېغىرلىتىۋېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار جەمئىيىتى-دىمۇ مۇشۇ مەسىلىنىڭ چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشى مۇمكىن. سۇ سەۋەبتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمداردىن تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇقىنىڭ ئاساسىنى پۇلنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەنىدى.

پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمداردىن تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇقىنىڭ ئىككىنچىسى «خەلقنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، زومىگەر-لىككە ۋە ئېزىشكە يول قويماسلىقتۇر»(264). ئادىل قانۇنلارنى تۈزۈش ۋە بۇنى يۈرگۈزۈش، جەمئىيەتتە خاتىرجەملىك ۋە ئىنتىزام ئورنىتىش، ھۆكۈمدارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقىدىكى ئىدارە چۈشەنچىسىدە بۇنى پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمداردىن تەلەپ قىلىدىغان بىر ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ.

× × ×

پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمداردىن تەلەپ قىلىدىغان ئۈچىنچى ھوقۇقى مەملىكەت ئىچىدىكى يوللارنى تىنچ تۇتۇپ، يول توسقۇچى قاراقچى ۋە باندىتلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىشنى تەلەپ قىلىشتۇر(265). يەنە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەملى-

(264) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5576 - بېيىتكە قارالسۇن.
(265) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5577 - بېيىتكە قارالسۇن.



كەت ۋە شەھەر ئىچىدە ئوغرىلارنى يوق قىلىش، يولۇچى ۋە كارۋانلارنىڭ خاتىرجەم سەپەر قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاش، مەملىكەتتە خەلقلەرگە زورلۇق قىلغانلارنى يوق قىلىشمۇ خەلقنىڭ ھۆكۈمداردىن كۈتىدىغان بىر ھوقۇقى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۇقرالارنىڭ بۇ ھوقۇقلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇ-لۇشىنى تەلەپ قىلىپ: «يامانىنى جازالاپ توغرا يولغا سال، يامانغا يامانلىق يارىشىدۇ. سەنمۇ شۇنداق قىل». «ياخشىنىڭ ئەركىن يۈرۈشى ئۈچۈن يامانىنىڭ زەنجىردە ياكى زىنداندا بولۇشى كېرەك، سەنمۇ شۇنداق قىل»(266) دەپ خىتاب قىلىدۇ.

ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردىكى ئىدارە قىلىش چۈشەنچىسى ئادىل ۋە ياخشى قانۇنلارنى خەلقنىڭ ھوقۇقى دەپ قانداق ھېساب-لىغان بولسا، پۇلنىڭ ساپلىقى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى، ئادىل ئىدارە قىلىش بىلەن شەھەرلەردىمۇ ھەم يوللاردىمۇ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ئورنىتىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋەت، قائىدە - نىزام ئىچىدە ياشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ھۆكۈمدارنىڭ خەلققە نىسبەتەن قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەجبۇرىيىتى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ھازىرقى زامان ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بويىچە قارىغاندىمۇ ئىدارە قىلغۇچىلاردىن ئاساسەن شۇ نەرسىلەر تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇنى بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا مەلۇم پرىنسىپلارغا باغلاپ ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بۇ يەردە شۇنى دەپ ئۆتۈش لازىمكى، يۇقىرىدا كۆپ جايلاردا كۆرسىتىلگىنىدەك قۇتقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن سەلتەنەت سۈرگەن ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمدار-

(266) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5546 - ، 5549 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

لىرى بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالىغان چاغدىلا ھۆكۈمدار بولالىغان. خەلقنىڭ بۇ ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمىغان چاغدا قانۇنىي ئورنىنىمۇ يوقىتىپ قويغان.

شۇ سەۋەبلىك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز خىيالىدا جانلاندۇرغان ئىدېئال ئىدارىچىلىقنىڭ پرىنسىپلىرى بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارى تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىمنىڭمۇ ئەينەن يۈرگۈزگەنلىكىنى بىلىمىز. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ، پۇل ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلغان ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆز ئىسمى بىلەن «تامغاچ دەرھەملىرى» دەپ داڭقى چىققان پۇللارنى سوقتۇرغانىدى(267). تامغاچ ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ دەۋرىدە جەمئىيەت بىخەتەر، خەلق راھەتتە ياشىغان. ئۇ ئادالەتتە داڭقى چىققان نۇشىرۋاندىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. ئۇ سەلتەنەت سۈرگەن چاغلاردا سەمەرقەنت ئەتراپىدا ئىنتايىن كۆپ باغلاردىكى بىرەر تال گۈلنىمۇ ئۆز ئىگىسىدىن بىسوراق ئۈزۈۋالماسلىقنى بۇيرۇق قىلغان؛ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. ئوغرىلىق قىلغان بىر بالىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى پۈتۈن دۆلەت خادىملىرى تىلىگەن بولسىمۇ ئەپۇ قىلمىغان، ھېلىقى بالىغا قەتئىي جازا بەرگەنىدى. ئۇ يول توسقۇچى ئوغرى ـ قاراقچىلارغا قارشى شىددەتلىك كۈرەش ئېلىپ بارغانىدى.

ئۇ زامانلاردا بارلىق غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقلارغا قارىماستىن، يول توسقۇچى قاراقچىلارنىڭ يىلتىزى قۇمۇرۇلۇپ كېتەلمىگەن. ھەتتا بىر كۈنى بۇ قاراقچىلار سەمەرقەنت قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىغا: «بىز يېشىل پىيازغا ئوخشايمىز، ئۈزۈۋەتـ

(267) ت. ز. ۋەلىدىنىڭ: «قاراخانىيلار» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ، 54 ـ بەت.



سىڭىز، يەنە كۆكلەۋېرىمىز» دەپ يازغان. تامغاچ خانمۇ بۇنىڭ ئاستىغا: «مەنمۇ باغۋەندەك، سىلەر نەدە باش كۆتۈرسەڭلار شۇ يەردە ئورۇپ تۇرىمەن» دەپ يازدۇرغانىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ھۆكۈمدار بۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىقىنى خىزمەت بېرىمەن، دېگەن ۋەدە بىلەن ئالدايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋە تۆت ئوغلىغا ساقچىلىق ۋەزىپىسىنى بېرىدۇ. يەنە ئۇنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن باشقا قاراقچىلارنىمۇ خىزمەتكە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ 300 گە يېقىن قاراقچىنى سارايغا توپلايدۇ. لېكىن بىر زىياپەتنىڭ ئاخىرىسىدا ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن يول توسىدىغان قاراقچىلاردىن ئەسەر قالمايدۇ. مەملىكەتتە تەرتىپ ـ ئىنتىزام كامالەتكە يېتىدۇ. ھېچكىمنىڭ بىر دەرھەم كۈمۈش پۇلى يوقالمايدىغان بولىدۇ، يوللارمۇ بىخەتەر بولىدۇ. مەملىكەت مال باھالىرىمۇ تۇراقلىق ئەھۋالغا چۈشىدۇ. ئەۋفى شۇ چاغدا يۈز بەرگەن مۇنۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلغانىدى: سەمەرقەنت قاسساپلىرى گۆش نەرخىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئەگەر ئۇلار دېگەن باھا تەستىقلانسا خەزىنىگە مىڭ دىنار تاپشۇرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ھۆكۈمدار بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە خەزىنىنىڭ مۇنداق پۇلغا ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىنى ئېيتىش بىلەن ھېچكىمنىڭ قاسساپلاردىن گۆش سېتىۋالماسلىقىنى، كىمكى سېتىۋالسا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. خەلق بۇ چەكلەشكە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ ـ دە، ھەر كۈنى بەش ـ ئالتە ئادەم بىرلىشىپ بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ گۆشكە بولغان ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قانچىلىك زىيان كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن قاسساپلار، بۇرۇنقى باھا بويىچە گۆش سېتىشتىن باشقا چارە تاپالمايدۇ(268). يەنە تامغاچ ئىبراھىم بۇغراخان

(268) «جەۋاھىر» 84 ـ 87 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

قەھرىمان جەڭچى ۋە ئېغىر - بېسىق ھۆكۈمدار دەپ داڭق چىقارغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دىندار ئادەم دەپمۇ تونۇلغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ فىقھىلار (دىنىي قانۇنچىلار) غا مەسلىھەت سالماستىن باج ئالماسلىق ياكى باجنى ئۆستۈرمەسلىكتەك ئىنساپلىق ھۆكۈمدار ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم(270). قىسقىسى، ئۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە ئىدېئال ھۆكۈمدار قىلىپ كۆرستىلگەن تىپنىڭ ئۆزى دېيىشكە بولىدۇ.

مۇشۇ يەرگە كەلگىنىچە، بىز تەتقىق قىلغان تېمىلار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئومۇمەن بولغىنىدەك، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقتىمۇ دۆلەت خەلق ئۈچۈن ئىدى. شۇڭلاشقا، دۆلەتنىڭ ۋە ئۇنىڭغا باشلىق بولغانلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىمۇ خەلقنى قورسىقى تويغۇدەك تاماقا، ئۇچىسى ئىللىغۇدەك كىيىمگە ئىگە قىلىش، ھەر جەھەتتىن راھەتكە ئېرىشتۈرۈش، ئادىل جەمئىيەتتە قانۇنلار بىلەن خاتىرجەملىك ۋە ئىنتىزام ئورنىتىش، قىسقىسى، خەلقنى ھۇزۇر - ھالاۋەت ئىچىدە ياشىتىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقى بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇيتتى. ھەممىنى تەلەپ قىلغۇچى يالغۇز خەلقلا بولامدۇ؟ يەنى ھۆكۈمدارنىڭ پۇقرالاردىن تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇقى يوقمۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمدارنىڭمۇ خەلقتىن تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇقلىرى بار ئىدى. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقىنىڭ ئىدارە چۈشەنچىسى بويىچە بۇ خۇسۇسىيەتلەرمۇ چوقۇم ئورۇنداشقا تېگىشلىك بۇرچ دەپ ھېسابلىناتتى.

(270) بۇ ھەقتە «ئەلكامىل» Ⅸ توم، 300 - بەتكە قارالسۇن.



## 4. پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمدار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق ھۆكۈمدارنىڭمۇ پۇقرالاردىن ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇنداق ئۈچ مۇھىم ھوقۇقى بولاتتى: بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، خەلق ھۆكۈمدارنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە بۇ ئەمر قانداق بولسا بولسۇن ئۇنى دەرھال ئورۇنلىشى كېرەك(271). بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھۆكۈمدارنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىشمۇ ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردە ئىدارە چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ خىل چۈشەنچىنىڭ شۇ دەۋردىكى سەلچۇقىي ئىمپېراتورلۇقىدىمۇ مەۋجۇتلۇقى بىزنىڭ قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلىماقتا. ئۆز ئەسىرىدە ئەمر - پەرمان مەسىلىسىگە ئايرىم بابنى ئاجرىتىشنى لايىق كۆرگەن نىزامۇلمۈلكنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمدارغا كۆرستىلىدىغان ھۆرمەت شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ھۆكۈمدار ئۆز پەرمانىنى بىكار قىلمىغۇچە، ھېچقانداق كىشى ئۇنى ئىجرا قىلماسلىققا جۈرئەت قىلماسلىقى كېرەك. شۇنىڭدەك، ھۆكۈمدار بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، پەرمانغا بويسۇنۇشتا ۋە پەرمانغا ئىتائەت قىلىشتا كۆرۈلىدۇ(272). يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە: «ھۆكۈمدارنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش پۇقرا ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم بۇ ئەمرگە رىئايە قىلىشى كېرەك» دېگەن بىر ماقالىنى مىسال كەلتۈرۈشى، ئۇيغۇر - تۈركىي

(271) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5580 - بېيىتكە قارالسۇن.

(272) «سىياسەتنامە»، 74 - بەت (11 فەسىل)؛ كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 5 - بەتكە قارالسۇن.

خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدە پەرمانلارغا مۇتلەق رىئايە قىلىش چۈشەنچىسىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداقلا بۇ چۈشەنچىدە خەلقنىڭ پەرمانغا ئىتائەت قىلىشقا قانچىلىك زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ(273).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز پۇقرالىرىدىن تەلەپ قىلىدىغان ئىككىنچى ھوقۇقى ئەسلىدە دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ھەققى ھېسابلانغان باجدىن ئىبارەت بولۇپ، پۇقرالار بۇ خەزىنە ھەققىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ، باجلىرىنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى كېرەك(274). دېمەك، دۆلەت بەزى ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي كۈچنى ئاھالىلەردىن داۋاملىق ئېلىش ئارقىلىق توپلايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ مۇئەللىپىنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمدارنىڭ پۇقرالار ئۈستىدىكى ئۈچىنچى ھوقۇقى، ئىدارە قىلىنغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇشىدا(275)، بىزچە، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشلىرى كېرەكلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولسا كېرەك. ھەتتا ھۆكۈمدارنىڭ دۈشمىنىگە پۇقرانىڭمۇ دۈشمەن بولۇشى لازىملىقىنىڭ تەكىتلىنىشى، بەلكى دۆلەت مۇداپىئەسىدە جانلىرىنىمۇ ئايىمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدىغان بىر جەھەت بولسا كېرەك.

ئەسەردە ئالدى بىلەن پۇقرانىڭ ھۆكۈمدار ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى، كېيىن ھۆكۈمدارنىڭ پۇقرالار ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بۇ تېمىدىكى

(273) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4999 - بېيىت — «رەئىيەتكە ۋاجىپ بېگى يارلىقى» غا قارالسۇن.

(274) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5581 - بېيىتكە قارالسۇن.

275 «قۇتادغۇ بىلىگ»: «ئۈچىنچى ياغىقا ياغى بولسالار — سەۋەرنىڭ كىم ئەرسە ئانى سەۋسەلەر» دېگەن 5582 - بېيىتكە قارالسۇن.



قاراشلىرىنى ۋە نەسىھەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق قىلساڭ سەن ئۆز ۋەزىپەڭنى ئۆتىگەن بولىسەن، ئۇلارمۇ سېنىڭ ھەققىڭنى ئۆتىگەن بولىدۇ. ئەي ئۇلۇغ، بۇ يولدا شۇنداق يۈرۈش كېرەك. پۇقرا مۇشۇنداق بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا پۇقرا بەگنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرىدۇ. بەگمۇ ھۇزۇر ئىچىدە شۆھرىتىنى دۇنياغا يايىدۇ. ئەي ھۆكۈمدار، ساڭا ئىككى جاھانلىق قىسمەت ۋە سائادەت بۇدۇر»(276).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئەسىرىنىڭ باشقا بىر يېرىدە يەنە ھۆكۈمدار بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە نىسبەتەن بولغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدىمۇ تەپسىلىي توختالغان: «ھۆكۈمدار مەملىكەتنىڭ بېگى، خەلقنىڭ ئۇلۇغى، ئۇنىڭغا رەئىيەنىڭ ھەممىسى ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامنى كۆرسىتىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ھەرىكەتلىرىنى تۈزەپ، سۆزىدە تۇرىدۇ. مەملىكەتتە يامانلارنىڭ ئىزىنى يوق قىلىدۇ، بەگنىڭ يارلىقىنى ئورۇنداش پۇقراغا ۋاجىپ. بەگ پۇلغا سېتىۋالغان قۇل بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەم سۆزىگە رىئايە قىلىشى كېرەك»(277).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدارە قىلغۇچى بىلەن قىلىنغۇچىلارنىڭ بىر - بىرلىرىگە بولغان ئۆزئارا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى ئىچىدە تۆۋەندىكىلەر ئىنتايىن ئەھمىيەتلىكتۇر.

1 - ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ئاھالىسىگە نىسبەتەن:

— پۇلنىڭ تۇراقلىقىنى، يەنە مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش؛

(276) «قۇتادغۇ بىلىگ» 4916 -، 5000 - بېيىتلەرگە قارالسۇن.

(277) «قۇتادغۇبىلىگ» 581 - بېيتىگە قارالسۇن

— ياخشى قانۇن تۈزۈپ، بۇلارنى ئادالەتلىك بىلەن يۈرگۈزۈش، زومىگەرلىك ۋە قالايمىقانچىلىققا يول قويماسلىق؛

— مەملىكەت ئىچىدە خاتىرجەملىك ۋە ئىنتىزامنى ئورنىتىش بىلەن ھوزۇر ۋە ئىشەنچ ئىچىدە ياشاشنى قولغا كەلتۈرۈش، ھۆكۈمدارنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق ۋەزىپىلەر يۈكلەنگەنلىكى، پۇقرالارنىڭ بولسا بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش كېرەكلىكىنى پۈتۈن رەئىيەتكە بىلدۈرۈش؛

2 - پۇقرالار ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن:

ھۆكۈمدارنىڭ ئەسلى - نەسلى قۇل بولسىمۇ، ئۇ داھىي دەپ ئېتىراپ قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىش؛

— خەزىنە ھەققى بولغان باجنى ياكى دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باشقا سېلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇش؛

— ھۆكۈمدارنىڭ دوستىنى دوست، دۈشمىنىنى دۈشمەن دەپ بىلىش؛

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدارە چۈشەنچىسى بويىچە ھۆكۈمدارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنىڭ خەلقنى راھەتكە چىقىرىش، ئاچ بولسا تويغۇزۇش، يالىڭاچ بولسا كىيىندۈرۈش ئىكەنلىكىنى دەپ ئۆتكەنىدۇق، دېمەك، دۆلەتنىڭ ئالدى بىلەن پۇقرانى توق، ئۈستىبېشىنى تولۇق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدارە ئەنئەنىسى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ھۆكۈمدارغا يەنە تويغۇزۇپ، كىيىندۈرىدىغان پۇقراسىغا قىممەتچىلىك ئازابىنى تارتقۇزماسلىق، ئۇلارنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇپ، خاتىرجەم، ئاسايىش ئىچىدە ياشايدىغان قىلىش ۋەزىپىسىمۇ يۈكلەنگەن. ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنى ئىدارە قىلىش



چۈشەنچىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە ئورۇن ئالغان، كېيىنكىلەر زادىلا توختالمىغان، لېكىن دىققەت قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان جەھەتلەرمۇ شۇلاردىن ئىبارەت ئىدى. زامانىمىزنىڭمۇ بەزى دۆلەتلەردە ئۆز پۇقرالىرىغا نىسبەتەن ئادا قىلىنمىغان، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى ئورنىغا قويۇلمىغان بۇ جەھەتلەر ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردە ئەڭ ئاز دېگەندە بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن ئۆزئارا ئادا قىلىنىدىغان مەجبۇرىيەت — ھوقۇق چۈشەنچىسى دائىرىسىدە ۋە ئاساسلىق پرىنسىپلار سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانىدى. بىزنىڭچە ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەت چۈشەنچىسىدىن سۆز ئاچقاندا، توختىلىپ ئۆتۈش لازىم تېپىلىدىغان جەھەتلەردىن بىرىمۇ مۇشۇ بولۇشى كېرەك.

ئەمدى ئاھالىگە كەلسەك، ئۆزلىرىنى ھەر خىل راھەت ۋە ھوزۇر - ھالاۋەتكە ئېرىشتۈرگەن دۆلەتكە ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ئورۇنداشقا تېگىشلىك جەھەتلەر، زامانىنىڭ ئۆلچەملىرى بويىچە ئەڭ ئاددىي پۇقرالىق ۋەزىپىلىرىدىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەس.

يۇقىرىدا بىز ھۆكۈمدار ۋە پۇقرالارنىڭ بىر - بىرىگە نىسبەتەن ئۆزئارا ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى بىز بۇ ئېمىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر جەھەتتىمۇ توختالماقچىمىز. بۇ «قۇمارۇ» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر خىل ۋارىسلىق بېجى بولۇپ، بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدى.

«قۇمارۇ» سۆزىنىڭ «خاتىرە ۋە ھەدىيە ئورنىدا بېرىلگەن مال» مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن مەھمۇد قەشقەرى «مۈلۈك ئىگىسى چوڭلاردىن بىرى ئۆلگەندە، مېلىنىڭ ئەڭ

ياخشى بىر قىسمى خاقان ئۈچۈن ئايرىلىدۇ. بۇ «قۇمارۇ» دېيىلىدۇ ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئادىتى»(278) دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ بىرنەچچە يېرىدە ئۇچرىغان بۇ سۆزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكىدەك ئېنىق - ئوچۇق مەنە بەرمىگەن. مەرھۇم ئارات «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى ئايىتولدىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەندە ئوغلىغا دېگەن سۆزلەر بىلەن(279) ئۇنىڭ ھۆكۈمدار كۈنتۇغدىغا يازغان «قۇمارۇ پۈتۈكى»(280) گە قاراپ، بۇ سۆزگە ۋەسىيەت مەنىسى بەرگىنىدەك(281) بۇ سۆزنى مىراس مەنىسىدىمۇ تەرجىمە قىلغان(282). بۇلاردىن بۇ سۆزنىڭ شۇنداق مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. ئەمما مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دېگىنىگە قارىغاندا، تۈركىي خەلقلەر، شۇنىڭدەك قاراخانىيلار ۋەسىيەت مەنىسىدە «تۇترۇغ» ياكى «تۇتسۇغ»(283) سۆزىنىمۇ ئىشلەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» كە قارىغاندا، XI ئەسىردىكى مۇسۇلمان قاراخانىيلار خەلقى ئارىسىدا كۆپىرەك «ۋەسىيەت» سۆزىنىمۇ ئىشلىتىلگەن(284). شۇڭا «قۇمارۇ» نىڭ ئەسلىدە مەھمۇد قەشقەرى ئىزاھلىغان مەنىدە ۋە «مىراس» دېگەن مەنىلەردىمۇ كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ باشقا بىر سەۋەب بىلەن تەكرارلاپ ئۆتكەن بىرقانچە سۆزىمۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭكىنى توغرا تاپقانلىقىنىڭ دەلىلى

(278) كېلىسلى I، 131 - بەت؛ ب. ئاتالاي I، 445 - بەت، 6 - بەت.
(279) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1341 - بېيىتكە قارالسۇن.
(280) قۇتادغۇ بىلىگ، (XXIII) باب، تېمىسى بىلەن 1354 - بېيىتكە قارالسۇن.
(281) (282) (284) «قۇتادغۇ بىلىگ» 286 - 1356 -، 1467 - 1469 - بېيىتكە قارالسۇن.
(283) كېلىسلى I، 75 - بەت، 384 - بەت؛ ب. ئاتالاي I، 79 - بەت، 462 - بەت.
(284) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1467 - 1469 - بېيىتلارغا قارالسۇن.



بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى پېرسوناژلارنىڭ بىرى زاھىت ئودغۇرمۇش ئۆلەر چاغدا ئىنىسى ئۆگدۈلمىشكە ۋەسىيەت قىلغاندىن باشقا ئۇنىڭغا بىر ئۆرۈق بىلەن ھاسىسىنى «قۇمارۇ» دەپ يادىكار قىلغان. ئۆگدۈلمىش ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە خاتىرە قىلىپ قالدۇرغان نەرسىسىنى ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا قويۇپ بۇلاردىن بىرسىنى ئېلىشىنى ئىلتىماس قىلغان. ھۆكۈمدار ئۆرۈقنى ئۆگدۈلمىشكە قويۇپ، ھاسىسىنى ئۆزىگە «قۇمارۇ» دەپ ئېلىۋالغان(285).

ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى، پۇقرالىرىنىڭ ئۆلگەنلىرىدىن بولۇپمۇ بايلىرىدىن بىر قىسىم مالىنى ئۆزى ئۈچۈن ئېلىش ۋە بۇنى بەرھەق دەپ بىلىش — ئۇلاردا كەڭ تارقالغان بىر ئادەت ئىدى. شۇڭا، «قۇمارۇ» نى ھۆكۈمدارنىڭ پۇقرادىن تەلەپ قىلىدىغان ھەقلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلىماق ھەر ھالدا خاتا بولمىسا كېرەك(286).

## C. ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەختىدە ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى ئالپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياب) نىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان بىرەيلەن ئولتۇرغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ خاندانى «ئال — ى ئافراسىياب» دەپ ئاتالغانىدى(287). خۇددى

(285) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 6321 -، 6327 - بېيىتلارغا قارالسۇن.
(286) سەلجۇقىيلارنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا بېرىلگەن ناملار ئارىسىدىكى «قۇمارتېكىن» دېگەن نام «قۇمارۇ» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، چۈنكى، سەلجۇقىيلاردا خوجايىن غۇلاملىرىنى ساتقاندا ياكى ھەدىيە قىلغاندا، «قۇمارتېكىن» (تېكىن — قۇل مەنىسىدە) دېيىلەتتى.
(287) بارتولد: «دەرسلەر»، 116 - بەت؛ پرىتساك: «قاراخانىيلار»، 251 - بەت.

جەمال قارشى ئۇلارنى ئافراسىياب نەسلىدىن دەپ قەيت قىلغـ
ىنىدەك(288) مـەھمۇد قەشقەرىمۇ «خان» ئۇنۋانـى هـەققىدە:
«خان، تۈركىي خەلقلـەرنىڭ ئەڭ بۈيـۈك ھۆكۈمـدارى بولۇپ،
ئافراسىياب ئوغۇللىرى خان دەپ ئاتىلىدۇ. ئافراسىياب خاقاندۇر»(289)
دەپ مەلۇمات بەرگەنىدى.

لېكىن بۇ خاندانلىقنىڭ قايسى تۈركىي خەلقلەر تەشكىـ
لىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى مـەسىلىسى خېلىدىن بېرى تالاش ـ
تارتىش تېمىسى بولۇپ كەلمەكتـە ۋە بۇ مـەسىلىدە بىرمۇنچـە
كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغـا چىقماقتا(290). شۇنـىڭ بىلـەن بىلـلە
ۋ. ۋ. بارتولد (291). ۋ. مىنورىسكى(292) ۋە ف. سۇمەرلەر(293)
كـۆرسىتىپ ئۆتكىنىـدەك، دۆلەتنى قـۇرغـۇچىلارنـىڭ ياغـمىلار
ئىكەنلىـكى كـۆپـرەك مۇقـىمـلاشماقـتـا. چـۈنـكى X ئەسىر
جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىن «ھۇدۇدۇلئـالەم» دە كۆرسىتىلىشىچە،
ياغمىلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى ۋە ئۇلارغـا باشلىق
بولغـان ھۆكۈمـدارلارمۇ ئۇيغۇر (توقـقۇز ـ غـۇز) ھۆكۈمـدار
ئائىلىسىدىن ئىـدى(294). شۇ مەنبەگە قارىغانـدا، قـەشقـەر ۋە
ئاتۇش (ئارتۇج) ناھىيىلـىرىمۇ شۇ چاغدا ياغمىلارنىڭ قـولىدا

(288) «مۇلھاقات»، 130 ـ بەت.

(289) كىلىسلـى III، 117 ـ بـەت؛ ئاتـالاي III، 157 ـ بەت.

(290) بـۇ قـاراش توغرىـلىـق پرىتساكنىڭ «قاراخانىيلار» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنىڭ 252 ـ بېتىگە قارالسۇن.

(291) بـارتـولـد دەسلەپتە قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغۇچىلارنـىڭ ياغمىلار ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، كېيىن بۇ قارىشىدىن ۋاز كېچىپ ئەسلى قۇرغۇچىلىرىنىڭ قارلۇقلار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى («تۈركىستان» 254 ـ بـەت؛ «ھـۇدۇدۇلئـالـەم»، ۋ. مىنورىسكى، لونـدون، 1937، 280 ـ بەت، 2 ـ نەشرى).

(292) «ھۇدۇدۇلئالەم»، 280 ـ بەت.

(293) «ئوغۇزلار»، 30 ـ بەت.

(294) «ھـۇدۇدۇلئـالـەم»، تەرجىمە، 96 ـ بەت؛ ئىزاھلار، 278 ـ، 280 ـ بەتلەر.



ئىدى ۋە قاراخانىيلار دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قـەشقەر بۇ
دۆلەتنىڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. قـاراخانىيلار
خاندانىنىڭ قەبرىستانلىقىمۇ ئاتۇشتا ئىدى. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە
بۇلاقلارنىڭ ياغما قەبىلىسىنىڭ تەركىبىدىكى بىر ئۆلۈش بولۇش
بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلاش ياشايدىغانلىقى كۆرسىـ
تىلگەنىدى. شۇنىڭدەك مەھمۇد قەشقەرىمۇ بۇلاقلارنىڭ ياغما
قەبىلىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى يازغـانىدى(295). يـەنـە بىر
تەرەپتىن «مۇجمەلۇت ـ تەۋارىخ ۋەل ـ قىساس» تـا ياغـما
ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «بۇغراخان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئوچـۇق
كۆرسەتكەن. پىكرىمىزچە، مانا بۇلار ياغمىلارنىڭ قـاراخانىيلار
دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىلـىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغـان ئەڭ
كۈچلۈك دەلىلدۇر(296).

شۇڭلاشقا بۇلارغا قاراپ شۇنداق دېيىشكـە بولـىدۇكى،
ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان ياغمىلار ئۇيغۇر دۆلـىتىنىڭ
ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن (840 ـ يىلى) غەربكـە كۆچـۈپ قـەشـقەر
رايونىغا كەلگەن، بۇ يەرلەرنى قارلۇقلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېـ
لىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. كېيىنچە ئۇلار مىڭلاق ـــ ئىلى
ۋادىسىغىمۇ تارقالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ يەنە بىر مۇـ
ھىم مـەركـىزى بالاساغـۇن (قـۇز ـ ئوردۇ = قـۇز ئۇلـۇس) راـ
يونىنىمۇ قوللىرىغا ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ ھۆكـۈمدارلىرىنىڭ
ئوڭايلىقچە «خان» ئۇنۋانىنى ئالغانلىقلىرىنىمۇ چوقـۇم ئۇيغۇر

(295) كىلىسلـى I، 116 317 ـ بەت؛ ئـاتـالاي I، 129 ـ 317 ـ بەتلەر؛ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قارىشىچە، بۇلاقلار بىر مەزگىل قىپچاقلارغا ئەسىر بولۇپ، كېيىن ئۇلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئەلكە بۇلاق» دەپ ئاتالغانلىرىمۇ بار ئىدى.

(296) بـارتـولد: «تـۈركىستان» I، 20 ـ بەت؛ ف. سۇمەر: «ئوغۇزلار»، 30 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

ھۆكۈمدار ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن كېلىپ
چىققان بولسا كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە، شۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى
دەپ ئالغا سۈرۈلگەن قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى «يابغۇ»
ئۇنۋانىنى قوللانغان، ھەتتا «ھۇدۇدۇلئالەم» دە ئېيتىلىشىچە،
قارلۇق ھۆكۈمدارلىرى «يابغۇ» ئۇنۋانىنى قەدىمدىن تارتىپ
قوللانغان دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەسەر يېزىلغان يىللاردا
(مىلادى 982 - يىلى) بۇ ئۇنۋانىنى تېخى قوللانمىغانىدى.
(297) بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا مەھمۇد قەشقەرىمۇ XI ئەسىردە
«قارلۇق چوڭلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان» دەپ «چۇغلان»(298)،
«ساغۇن»(299) ۋە «كۆل ئېركىن»لەرنى(300) كۆرسەتكەنىدى.
بىراق، بۇ ئاددىي ئۇنۋانلار ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى
ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، «قۇتادغۇ بىلىگ» دە قاراخانىيلارنىڭ
كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بۇ خۇ-
سۇستا كۆپىرەك بايان بېرىلگەن. شۇ جۈملىدىن يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدارغا خىتاب قىلغان چاغدا، قەدىمكى ئۇيغۇر
ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىدىن بىرىنى ئىشلىتىپ
«ئەي! ئىدۇق قۇت»(301) دېيىشىمۇ يۇقىرىقىلەي بۇنىڭ

(297) ««ھۇدۇدۇلئالەم»، 97 - بەتكە قاراڭ.
(298) كېلىنسلى I، 370 - بەت؛ ئاتالاي I، 444 - بەت.
(299) كېلىنسلى I «ھۇدۇدۇلئالەم»، 97 - بەتكە قاراڭ.
1، 773 - بەت؛ ئاتالاي 1، 304 - بەت. «ساغۇن ۋەكۆل ئۇنۋانلىرى ھەققىدە»،
ف. كۆپرۈلۈ: «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئۇنۋانلىرىغا دائىر ئىزاھلار»،
THiTM، II توم، ئىستانبۇل، 1939، 22 بەت.
(300) كېلىسلى I، 93 - بەت؛ ئاتالاي I، 108 - بەت.
(301) 939 - بېيىت: «يىر ئۆپدىكۆر ئايتولدىتۇردى ئۆرۈئايۇر ئەي
ئىدۇق قۇت، ئەي ئەزگۇ تۆرۈ» «ئىدۇققۇت» (ئىدىقۇت) ئۇنۋانى كۆك
تۈركلەر دەۋرىدە بېشبالىق رايونىدا ياشىغان باسمىل ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇنۋانى
ئىدى. 840 - يىلدىن كېيىن يەنە بېشبالىق رايونىغا كېلىپ بۇ يەردە بىر
دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز ھۆكۈمدارلىرىغا بۇ ئۇنۋانىنى قوللانغان ۋە
ئۆزلىرىنىڭ پايتەختىنى ئىدىقۇت شەھىرى دېگەنىدى.



بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ بىر يېرىدە ھۆكۈمدارغا
«ئەي مۇسۇلمان» مەنىسىدە «ئەي چوماق»(302) دەپ خىتاب
قىلغان. دېمەك، بىز «چوماق» سۆزىنى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ
«مۇسۇلمان» مەنىسىدە قوللانغان بىر سۆز ئىكەنلىكىنى مەھمۇد
قەشقەرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىلىۋالدۇق(303).

يۇقىرىدا بىز قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغان خاندانىنىڭ
تارىخى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى بايان قىلدۇق.
ئەمدى بۇ خاندانغا باشلىق بولغان ھۆكۈمدارنىمۇ تونۇشتۇرىمىز.
لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتەيلىكى، بىز تەتقىق قىلىۋاتقان
ئۇ دەۋر بەكمۇ ئۇزۇن جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن،
بۇ يەردە ئومۇمەن قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرىنىڭلا ئەھۋالىنى
تەتقىق قىلدۇق. ھۆكۈمدارلارنىڭ بەزى ئۇنۋان ۋە لەقەملىرى
بىلەن ئۇلارنىڭ مەجلىسلىرى، ئالىملار ۋە شائىرلار بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتلىرى، كۆرەك - پاراتلىرى ۋە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدىلا
توختالدۇق(304).

### 1. ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرى

بىز قاراخانىيلارنىڭ دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۈندى-
لىك ھاياتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشتىن ئاۋۋال، ئىشنى ئۇلار-
نىڭ ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرىدىن باشلاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.
ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرى ياكى ھاكىمىيەت سىمۋوللىرىنى

(302) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4701 - بېيىت: «بۇ مۇنچا ئىسىنمەك
ئازۇ تۈلمىاق تىلەك ئىككى بولدى ئاي ئەرسىگ چوماق،»
(303) كېلىسلى I، 381 - بەت، II، 3 - بەت؛ ئاتالاي I،
319 - بەت، II، 3 - بەت.

ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تەرتىپتە كۆرسىتىمىز:

(1) ئۇنۋان ۋە لەقەملەر، (2) خۇتبە، (3) تەڭگە، (4) ھۆكۈمەت مەركىزى (پايتەخت)، (5) ئوردا (6) ساراي (ئوتاغ)، (7) تەخت، (8) تاج، (9) كۈنلۈك (چەتر)، (10) بايراق، (11) تۇغ ـ سۇتۇق، (12) نۆبەت، (13) تون (خىلئەت).

بۇ ئالامەتلەردىن دەسلەپكى ئىككىسى مەنىۋى ئالامەت، ئۈچىنچىسى ھەم ماددىي، ھەم مەنىۋى ئالامەت، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ماددىي ئالامەتلەردۇر.

## ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۇنۋان ۋە لەقەملىرى

ئومۇمەن ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەرنىڭ (بۇ يەردە قاراخانىيلار جامائىتىنى تەشكىل قىلغانلارنىڭ) ھۆكۈمدارلارغا «بەگ» دەپ خىتاب قىلىدىغانلىقلىرى بىزگە مەلۇم. XI ئەسىردە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرى ئىچىدە «بەگ» سۆزى ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، مەيلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دېگەن ئەسىرىدە ۋە ياكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە شۇ دەۋردە ھۆكۈمدار ئۈچۈن بۇ ئۇنۋانىنىڭ قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق گۇمانغا يول قويمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇچۇق پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە مەھمۇد قەشقەرى «بەگ» سۆزىنىڭ ئەرەبچە ۋارىيانتى قىلىپ كۆپىنچە «ئەمىر» سۆزىنى قوللانغان بولسىمۇ، «بەگدىن تارتىقچى كەلدى» شەكلىدىكى بىر ئىپادىنى ئىزاھلىغان چاغدا، «بەگ» سۆزىنى «مەلىك» يەنى «ھۆكۈمدار»، «كارۇل» ئورنىدا

(304) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 9 ـ بەتكە قارالسۇن.



قوللانغان(305)، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا كەلسەك، ئۇ ئەسىرىنىڭ كۆپ يېرىدە «بەگ» سۆزىنى توپتوغرا «خاقان»، «خان» ياكى «ھۆكۈمدار» سۆزلىرىنىڭ ئورنىدا قوللانغان. مەسىلەن: ئۇ، «ئەگەر دىققەت قىلىپ نەزەر سالساڭ، جاھان بەگلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەگلىرىدۇر، بۇ بەگلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىسمى مەشھۇر ۋە ئىقبالى ئايان ـ بايان بولغان تۇڭا ئالپ ئەر (ئافراسىياب) ئىدى» (306) دېگەندە، «تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەگلىرى» دەپ چوقۇم تۈركىي خەلقلەرنىڭ خاقان ياكى قاغانلىرىنى كۆزدە تۇتقان. ئەمەلىيەتتىمۇ يۇقىرىدا بىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قاراخانىيلاردا ئافراسىيابنىڭ ئەڭ بۈيۈك خاقان ھېسابلانغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغانلىقلىرىغا ئىشەنگەن قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «خان» دەپ ئاتالغانلىقىغا دائىر يازغانلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە: «بەگلىككە سەزا بولغۇ تەگ بەگ» سۆزىنى «ھۆكۈمدارلىققا لايىق بىر ھۆكۈمدار» مەنىسىدە قوللانغانىدى (307). بۇمۇ قاراخانىيلاردا «ھۆكۈمدار» ئورنىدا «بەگ» ئۇنۋانىنى ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ ئەڭ ئېنىق ئىپادىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىرىدە ھۆكۈمدارغا ھەر دائىم «ئەي بەگ» دەپ خىتاب قىلاتتى (308).

بىز قاراخانىيلاردا «ھۆكۈمدارنىڭ يەنە بىر ئۇنۋانىنىڭ «ئىلىگ» ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋە بۇ سۆز ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرنى بەرگەنىدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن

(305) كېلىسلى I، 385 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 462 ـ بەتكە قارالسۇن.

(306) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 277 ـ بېيىتكە قارالسۇن،

(307) «قۇتادغۇ بىلىگ»، XXVII باب ماۋزۇسى.

(308) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1424 ـ، 1658 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.

خېلى بۇرۇن بۇ ئۇنۋان ئۈستىدە قىسمەتلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ
بارغان مەرھۇم ئو. تۇرانمۇ بۇ تېمىدا مۇنۇ مەلۇماتلارنى بەر-
گەنىدى: «ئېل — مەملىكەت ۋە ئۇ يەردە ئولتۇرىدىغان ئاھالە»،
«مەملىكەت ۋە ئاھالىلەرنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە ۋەكىللىك
قىلىدىغان دۆلەت ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى» ۋە دۆلەتنىڭ ئىنتىزام
ۋە تىنچلىق ئاملى بولۇش سەۋەبىدىن «سۈلھ» مەنىلىرىدە
كېلىدۇ؛ تۈركىي خەلقلەر دۆلەتنى «ئېل» دېگەندىن كېيىن
ئۇنىڭغا ئىگە ۋە ھاكىم بولغۇچىنى تۈركىي تىل قائىدىسى بويىچە
«ئېللىك» (كېيىنچە ئېلىك) يەنى «ئېللىق» (ساھىبۇد — دەۋلە ۋە
ساھىبۇل — مەملىكە) دېيىشلىرى تولىمۇ تەبىئىي بىر ھال (309).

ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار دۆلىتىدە «ھۆكۈمدار» مەنىسىدە
ئىشلەتكەن «ئېلىگ» ئۇنۋانىنى ھۇن، كۆكتۈرك، ھەتتا خەزەرلەر
بىلەن سەلچۇقىيلارمۇ ئىشلەتكەنىدى (310). بۇ ئۇنۋاننى كەڭ
كۆلەمدە ئىشلەتكەنلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلار (311) بولۇپ، بۇ
خۇسۇستا قاراخانىيلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىنى داۋام-
لاشتۇرغانلىقىدا شەك - شۈبھە يوق. XIII ئەسىرگە ئائىت ئۇيغۇر-
چە ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇنۋاننى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە
داۋاملىق ئىشلەتكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ (312).

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، قاراخانىيلار تارىخى ئۈستىدىكى
خىزمەتلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان O. پرىتساك «ئېلىگ»
ئۇنۋانىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن ئەمەلدارلىرىنىڭ
ئومۇمىي ئۇنۋانى سۈپىتىدە بولماستىن ئۆز قەبىلىلىرىگە يارىشا

(309) «ئېلىگ ئۇنۋانى ھەققىدە» 197 - بەتكە قارالسۇن.
(310) يۇقىرىقى ماقالە، 195 - ، 196 - بەتلەرگە قارالسۇن.
(311) يۇقىرىقى ماقالە، A.g-m-S 195 - بەتكە قارالسۇن.
(312) ئارسال: «ھوقۇق»، 78 - بەتكە قارالسۇن.



دۆلىتىنىڭ تۈپ قاغاندىن پەقەت ئىككىسىنىڭ «ئېلىگ» نامىنى
قوللانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى (313). ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئېلىگ»
سۆزى بۇ سۇلالە ئۈچۈن ئايرىم بىر خۇسۇسىيەت بولمىغىنىدەك
«ئېلىگ — خان» تەبىرىنىڭ قاراخانىيلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىدە
باشقا بىر ئوخشىمىزلىقلارمۇ بار. «چۈنكى بۇ يەردە ھەر ئىككى
ئۇنۋان (ئېلىگ ۋە خان) بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى دەرى-
جىنى بىلدۈرىدۇ. خان ياكى خاقان دەرىجە تەرتىپى جەھەتتىن
ئالغاندا ئېلىگدىن خېلى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئېلىگ — خان
تەركىبىگە ماۋرائۇننەھردە تۇنجى قاراخانىيلارنىڭ زاماندىشى
بولغان ئىسلام تارىخچىلىرى (ئەل — ئۇتبى) نىڭ ئەسىرىدە
ئۇچرايدۇ ۋە بۇ تەركىب ئاجايىپ بىر خىل ئارىلاشما نەتىجى-
سىدە مەيدانغا كەلگەن» (314). لېكىن بىرنەچچە تەرەپتىن
پرىتساكنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى بىز قوبۇل قىلالمايمىز. يۈسۈپ
خاس ھاجىپ مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» نى قاراخانىيلار-
دىن قەشقەر ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمانغا
تەقدىم قىلغانىدى. بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنۋانى «قۇتادغۇ بىلىگ»
نىڭ پەرغانە نۇسخىسىدا: «خاقانۇل — ئەجەللۇل مۇئەييەد
ناسىرۇل ھەق ۋەددىن تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى
ھەسەن بىن ئارسلان خان» دەپ ئاتالغان بولسا، يەركەندە
رەتلەنگەن بىر مەھكىمە ھۆججىتىدە ئۇنىڭ لەقەب ۋە ئۇنۋانلىرى:
«ئەل خاقانۇل - ئەجەللۇئىن - سەييىدۇل - مەلىكۇل مۇئەييەدۇل -
مۇزەففەرۇل - مەنسۇر ئىز زۇددىن مۇشەييىدۇد دەۋلە تىل قاھىرە
بۇرھانۇل مىللەتىل باھىرە ۋە كەھفۇل - ئۇممەتىت - تىناھىرە
غىياسۇل - مۇسلىمىن مەلىكۇل - مەشرىق ۋە - س - سىن تاۋغاچ
بۇغرا قاراخاقان ئەبۇ ئەلىينۇل - ھەسەن بىن سۇلەيمان ئارسلان
قاراخاقان مۇجتەبا خەلىفەتىللاھى ۋەلىيىي ۋە ئەمىرىل مۇئمىنىن»

(313) يۇقىرىقى ماقالە، 195 - بەتكە قارالسۇن.
(314) O. پرىتساك: «قاراخانىيلار»، 125 - بەت.

شەكلىدە يېزىلغان (315).

يەنە بىر تەرەپتىن، ھەسەن بىن سۇلايمان ئارسلان خان، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ھۆكۈمدارلىرىدىن بولۇپ، پىرىنساكىنىڭ دېگىنىدەك زادىلا «تۆۋەن دەرىجىدىكى قاغان» ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق بىر ھۆكۈمدارغا تەقدىم قىلغان بىر ئەسەردە، ھۆكۈمدار ھەققىدە كۆپ قېتىملاپ «ئېلىگ» دەپ زىكىر قىلىشى ھەتتا ئەسىرىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ھۆكۈمدارغا «كۈن تۇغدى ئېلىگ» نامىنى قويۇشى، بۇنىڭ بىر خىل تۆۋەن دەرىجىلىك قاغان ئۇنۋانى بولماستىن توپتوغرا خاقان ئۇنۋانى قىلىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئوچۇق ئىسپاتى بولالايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ كىرىش سۆزىدە كۆرسىتىلىشىچە، ساتۇق بۇغرا ئوغلى موساتوڭا بايتاش سۇلايمان ئارسلان ۋە شۇنىڭدەك ناسىر بىن ئەلىنىڭمۇ ئېلىگ ئۇنۋانى بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكىنى بىلىمىز. بۇلارنىڭ ھېچبىرى تۆۋەن دەرىجىلىك قاغان ئەمەس ئىدى.

ئۇندىن باشقا قاراخانىيلارنىڭ تەڭگىلىرىدە ئۇچرايدىغان «مۇئىززۇر - دەۋلە ئېلىگ ئەل خان ئەھمەد بىن ئەلى؛ شەرەفۇد - دەۋلە، ئەبۇل - مۇزەففەر ئارسلان خان ئېلىگ؛ ناسىرخان بىن ئەلى ئېلىگ ئەل - ئادىل ۋە مۇھەممەد بىن ئەلى ئېلىگ خان (ۋە ئېلىگ پادىشاھ)» دېگەندەك ئۇنۋان ۋە لەقەبلەر (316) ھەرگىزمۇ پىرىنساكىنىڭ دېگىنىدەك ئېلىگ - خان تەركىبىنىڭ غەلىتە بىر خىل ئارىلاشما نەتىجىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقمى-

(315) ر. ر. ئارات: «قۇتادغۇ بىلىگ»، I، ئىستانبۇل، 1947-، كىرىش، XVII بەتكە قارالسۇن.

(316) ئا. تەۋھىد: «مەسكۇكاتى قەدىمەئى ئىسلامىيە كاتالوگى»، IV، 1-، 36 - بەتلەرگە قارالسۇن.



غانلىقىنى، بۇ تەركىبنىڭ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلىپ، پۇللىرىغىمۇ يېزىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا قۇت (سائادەت) چۈشەنچىسىنىڭ قاراخانىيلاردا كەڭ كۆلەمدە ساقلىنىپ، قېلىنغانلىقى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «قۇتادغۇ بىلىگ» دە «ئېلىگ قۇتى» سۆزى، «دۆلەتلىك ھۆكۈمدار» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنىدى (317).

ئاخىرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ قەھرىمانلىرىدىن كۈن تۇغدى ئېلىگ ھەققىدە «ئېلىگ مە ئىدى ئەدگۈ سۇلتان تۇرۇر» (ھۆكۈمدار ناھايىتى ياخشى بىر سۇلتاندۇر) (318) دەپ قەيت قىلىش ئارقىلىق «ئېلىگ» سۆزىنى سۇلتان مەنىسىدە قوللانغان ۋە بۇ ئۇنۋاننىڭ نېمىنى ئىپادە قىلغانلىقىنى يەنىمۇ ئوچۇق كۆرسەتكەن. دېمەك، «ئېلىگ» ئۇنۋانى قاراخانىيلاردا توپتوغرا «ھۆكۈمدار» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن ۋە بۇ ئۇنۋان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرىنىڭ ئالاھىدە نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغانىدى.

قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن ئۇنۋانلىرىنىڭ «خان» ۋە «خاقان» ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. مەيلى شۇ زاماندىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن، مەيلى شۇ دەۋردىن بىزگە يېتىپ كەلگەن رەسمىي ھۆججەتلەردە بولسۇن ۋە قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى نامىدا ياسالغان تەڭگىلەردە بولسۇن بۇ ئەھۋال ئېنىق كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ ئۇنۋانلارمۇ ئۇلار ئۈچۈن يېڭى نەرسىلەر بولماستىن، ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن، تارتىپ ھەر خىل تۈركىي دۆلەتلەردە ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ

(317) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 720 - بېيىتكە قارالسۇن.

(318) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 3458 - بېيىتكە قارالسۇن.

كېلىنگەن(319). مەھمۇد قەشقەرىنىڭمۇ «خان»، «خاقان» ئۇنۋانلىرىنى «ئالپ ئەرتوڭا» بىلەن باغلاپ كۆرسىتىشى، بۇ ئۇنۋانلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلغانلىقىنىڭ بىر خاتىرىسى بولسا كېرەك. قاراخانىيلار ئومۇمەن بۇ ئۇنۋانلارنىڭ يالغۇز ئۆزىنىلا ئەمەس، «ئارسلان»، «بۇغرا»، «توڭا» دېگەنىدەك ھايۋان ئاتلىرىنى ياكى «تاۋغاچ» (تامغاچ، تابغاچ، تافغاچ)، «قارا»، «قادىر» ۋە «قىلىچ» دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن بىللە قوللانغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھايۋانلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا ھەر خىل ئۆرنەكلىرى بولغىنىدەك بىرەر ئۆنگۈن (توتېم) بولۇشلىرى ئېھتىمالغا بەكرەك يېقىن بولسىمۇ، ئو پرىتساكنىڭ ئارسلاننى چىگىللەرنىڭ، بۇغرانى ياغمىلارنىڭ ئۆنگۈنى شەكلىدە كۆرسەتكەنلىكىنى(320) ھېچ بولمىغاندا ھازىرچە ئېھتىيات بىلەن قوبۇل قىلىمىز، چۈنكى، مەسىلەن، ئارسلانخان ئاتالمىسى قاراخانىيلار ئۈچۈن يېڭى بىر ئۇنۋان بولماستىن بۇ ئۇنۋان ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىنگەن(321). ب. ئۆگەلنىڭ كۆرسىتىشىچە، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەختلىرى ئارسلان شەكلىدە ئىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردا ئارسلان خان ئۇنۋانىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىكتۇر(322).

يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىنغىنىدەك ياغمىلارغا رەھبەرلىك

(319) بۇ ئۇنۋانلار ھەققىدە ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 62 - بەت؛ ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 229 - بەتكە قارالسۇن. باھائىددىن ئۆگەلنىڭ قارىشىچە، تۈركىي خەلقلەر خان ئۇنۋانىنى بەك قەدىمدىن بېرى «ئىمپېراتور» مەنىسىدە قوللانغان.

(320) O. پرىتساك: «قاراخانىيلار»، 253 - بەت.

(321) ئۆگەل: «كىرىش»، I، 123 - بەت.

(322) ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى»، II، 141 - بەت.



قىلغان ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇرۇندىنلا بۇغراخان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇنۋانىنىڭ قاراخانىيلاردا كەڭ كۆلەمدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشىمۇ شۈبھىسىز ياغمىلارنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولۇشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا، «قۇتادغۇ بىلىگ» ھەدىيە قىلىنغان قەشقەر ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەننىڭ ئۇنۋانلىرى ئىچىدە بۇغراخان (خاقان) ئۇنۋانىنىڭ بارلىقى، شۇنىڭدەكلا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۇنۋانلىرى ئىچىدىمۇ ئارسلان خاقان (خان) ئۇنۋانىنىڭ بولۇشى، O. پرىتساك دېگەندەك، بۇ ئۇنۋانلارنىڭ قوللىنىلىشىدا ياغما، چىگىل ۋە باشقا قەبىلىلەردە قەبىلە پەرقلىرى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ دەۋر ئۈچۈن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن «خان» ۋە «خاقان» ھەققىدە خېلى كۆپ توختالغانلىقىغا قارىماستىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دېگەن ئەسىرىدە ھەر ئىككى ئۇنۋانغا نىسبەتەن سەھىپە ئاز ئاجرىتىلغان، ھالبۇكى، بۇ مەنىلەردە كۆپرەك «ئېلىگ» ۋە «بەگ» قوللىنىلغان(323).

يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىلەن 1068 - يىلى ۋاپات بولغان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئىبراھىم بىن ناسىرنىڭ ئۇنۋانلىرى ئىچىدىكى «قارا» (بۇغرا قارا خان) ئۇنۋانىغا كەلسەك، پرىتساك بۇنىڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە «شىمال» مەنىسىدە كېلىدىغان «قارا» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھوقۇقى بەلگىلىرىدە

(323) «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى «ياروق ياز فەسلىن ئۇلۇغ بۇغراخان ئۆگدىسىن ئايۇر» دېگەن IV بابىدا ئەبۇ ئەلى ھەسەن «خاقان» ئۇنۋانى بىلەن مەدھىيىلەنگەن (82 - بېيىتلار، 85 - بېيىتلار، 86 - بېيىتلار، 93 - بېيىتلار، 102 - بېيىتلار، 104 - بېيىتلار، 115 - بېيىتلار). خان ئۇنۋانى بولسا بۇ ئەسەرنىڭ «ئۇچ ئۇچ دۇخانى» (2966 -، 3815 - بېيىتلار) ۋە «تۈرك خانى» (3817 - بېيىت) دېگەن تېمىلىرىدا ئاران بىر قېتىمدىن ئورۇن ئالغان (5321 - بېيىت).

«ئۇلۇغلۇق»، «يۇقىرىلىق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل ئاتالغۇغا ئايلانغانلىقىنى ۋە قاراخانىنىڭ «ئۇلۇغ باشلىق» مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى(324) ئېيتقانىدى. بەزىلەر ھەتتا «قارا» نىڭ كۈچ مەنىسىدە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسەتكەنىدى(325). بۇ سۈپەتنىڭ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىغا ئۇنۋان سۈپىتىدە بېرىلگەنلىكىنى قەيت قىلغان مەھمۇد قەشقەرى، «بۇغرا قاراخان» ئۇنۋانىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە بۇ سۈپەتنىڭ بېرىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايە بارلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھېلىقى ھېكايىنى سۆزلىمىگەن ياكى «قارا» نىڭ بۇ يەردە قايسى مەنىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسەتمىگەنىدى(326). يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ تېمىدا كىچىككىنە بولسىمۇ بىرنەرسە دېمىگەنىدى.

يۇقىرىدا بىز «بۇغراخان» ئۇنۋانىنى ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇر - ياغما ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قوللانغانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋە قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغانلار ئۇيغۇر - ياغمىلار دەپ ئىزاھلىغانىدۇق. ئەمدى بىز، دىققەت - ئېتىبارىمىزنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر - ياغمىلار ھەققىدە سۆزلىگەندە ئۇلارنىڭ «قارا ياغما» دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغانلىقىغا قارىتىمىز(327). ئەجەبا، «بۇغرا قاراخان» ئۇنۋانىدىكى «قارا» دېگەن

(324) «قاراخانىيلار»، 251 - بەت.

(325) مەرچىل: «قاراخانىيلار»، 794 - بەت.

(326) كېلىسلى، III، 167 - بەت: ئاتالاي III، 221 - بەت. دېمەك، ئۇنىڭ «قارا» سۈپىتىنى بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىسىدىن مەقسەت بۇ ھېكايىنىڭ ئەۋفىينىڭ كىتابىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىر ھېكايە ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ خەلق چۆچەكلىرىگە ئاساسلانغانلىقى چوقۇمدۇر.

(327) كېلىسلى III، 25 - بەت؛ ئاتالاي III، 34 - بەت.



سۈپەت، ئۇيغۇر - ياغمىلارنىڭ مۇشۇ سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمىدۇ؟ چۈنكى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن، ئۇنۋانلىرى ئارىسىدا «قارا» دېگەن سۈپىتى بارلار ئومۇمەن «بۇغرا» بىلەن بىللە «بۇغرا قارا» شەكلىدە قوللانغان. لېكىن بۇ ھەقتە ئارتۇقچە بىرنەرسە دېيەلمەيمىز(328).

يەنە شۇ چاغدىكى ئۇنۋانلار ئىچىدىكى «تاۋغاچ» دېگەن ئۇنۋانغا كەلسەك، بۇ ھەقتىمۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەيت قىلغانلىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يازغان دەۋردە «تاۋغاچ» سۆزى ھەم «ماچىن» نىڭ جۇغراپىيىلىك ئاتىلىشى بولۇپ قوللىنىلاتتى ھەمدە تۈركىي خەلقلەردە «ماچىنلىق» ۋە كەڭ مەنىدىكى «چىنلىق» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھۆكۈمدارلارغا «تاۋغاچ خان» ئۇنۋانىمۇ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ «دۆلىتى بۈيۈك ۋە قەدىمى»

(328) «قارا» سۆزىنى تۈركىي خەلقلەر «شىمال» مەنىسىدىن باشقا كۆپرەك «ئاۋام=خەلق» مەنىسىدە قوللىنىلىدىغانلىقى مەلۇمدۇر (ف. كۆپرۈلۈ: «قەدىمكى تۈرك ئۇنۋانلىرىغا ئائىت ئىزاھلار»، 26 - بەت؛ ب. ئۆگەل: «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر»، د. ت. خ. ف مەجمۇئەسى، VI توم، 1 -، 2 - سانى (1948)، 22 - بەت.ن 33). «قارا» سۆزىنىڭ XI ئەسىردىمۇ ئاۋام مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە بۇنى توغرىسىدىن توغرا «قارا» (256 - بېيىتتىكى «ئۆلۈن ئۆتمىش ئۆرتو بايۇمىش قارا، قارا بايلىقىن قىلمىش ئۆزۈك تۆرا»)؛ «ئېل قاراسى» ۋە «قارا ئام بۇدۇن» (XII × باب ماۋزۇسى) شەكلىدە قوللانغانىدى. دېمەك، «قارا» سۆزى بارغانسېرى «قۇل» تائىپەسىنى بىلدۈرىدىغان بىر سۈپەت بولۇپ قوللىنىلىشقا باشلانغان. بۇنىڭغا ئۇيغۇن ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇلنىڭ سۈپىتىنى «قارا»، بەگلەرنىڭ سۈپىتىنى «ئاق» دەپ بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ («قۇتادغۇ بىلىگ»، 2080 - بېيىتكە قارالسۇن.).

(مۈلكى ئەزىم ۋە قەدىم) دېگەنلىك بولاتتى(329). ئۇنىڭ شۇ سۆزلىرىگە قاراپ قاراخانىيلارنىڭ ھەم سەلتەنەتلىرىنىڭ كونلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ھەمدە ئۆزلىرىنى چىننىڭ (شۈبھىسىز بۇرھان دەپ ئاتالغان ۋە چېگرىسىنىمۇ قەشقەر ئەتراپى دەپ بېكىتكەن تۆۋەندىكى چىن)(330) ھاكىملىرى دەپ چۈشەنگەنلىكى خۇلاسىسىنى چىقىرىش مۇمكىن. ئۇلار، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك «مەلىكۇل - مەشرىق ۋەس - سىن» ئۇنۋانىنىمۇ قوللانغان بولۇپ، پىكرىمىزچە بۇ ئۇنۋان «تاۋغاچ خان» ئۇنۋانىنىڭ ئەرەبچىگە قىلىنغان تەرجىمىسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى شەرقنىڭ ۋە چىننىڭ ھاكىملىرى دەپ

(329) كېلىنسىلى I، 378 - بەت؛ I، 0، پىرىتساك «تاۋغاچ» ئۇنۋانى ھەققىدە «قاراخانىيلاردا بۇ ئۇنۋان ھىجرىيە 280 - (مىلادى 893 - يىلى) يىلىدا كۆرۈلىدۇ... كېيىنچە بۇ سۆز ئالتايلىقلارنىڭ ئۆزلىرى ھەمدە جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقارغان كوچلۇك بىرلىكلىرى ئۈچۈن بىر خىل قەۋم ياكى دۆلەت ئاتالغۇسى بولۇپ قالغان چۈشىنىكسىز بىر ئاتالغۇدۇر. ئۇنۋاننىڭ سۆز مەنىسى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشمۇ قىيىندۇر» دېگەندى. يەنە ئۇ «تاۋغاچ» سۆزىنى ئالپ ئارتوگانىڭ نامىدىكى تۈركچە «بەبۇر. بارس» مەنىسىدىكى «توگا» كېلىنسىلى III، 272 - بەت؛ ئاتالاي II، 368 - بەت) سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. «قاراخانىيلار» 252 - بەت. بۇ ئاردا ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «تاۋغاچ» سۆزىنى ئۇيغۇر مەنىسىدە ئالغانلىقى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى «تاۋغاچ» سۆزى بىلەن جۇڭگولۇقلارنى (يەنى ماچىنلىقلارنى) دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇچۇق بىلدۈرگەن كېلىنسىلى III، 259 - بەت؛ ئاتالاي III، 350 - بەت).

(330) قەشقەرنىڭ جۇڭگوغا تەۋە ئىكەنلىكى بىلەن بىرلىكتە، تىبەت، قىرغىز، جۇڭگو ۋە ياغما دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى چېگرا ئۈستىدە بولغان چۈشىنىشكە دائىر «ھۇدۇد ۋەلئالەم» دېگەن كىتابنىڭ 96 - بېتىگە قارالسۇن.



ھېساپلىنىغانلىقلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى.

ئەمدى بىز شۇ دەۋردە قوللىنىلغان «قادىر» دېگەن ئۇنۋانغا كەلسەك، مەھمۇد قەشقەرى خاقانلارنىڭ قاتتىق، چوس مىجەزلىكلىرىنى «قادىر» دەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن خاقانلىق (قاراخانىيلىق) ھۆكۈمدارلىرىغا «قادىرخان» دەپ خىتاب قىلىنىدىغانلىقىنى يازغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، تۈركىي خەلقلەر قارا قۇش مەنىسىدە «قادىر قۇش» تەبىرىنى قوللىناتتى. بۇ سۆزنىڭ ھەقىقەتەن قاتتىق، چوس مەنىلىرىدە ئىكەنلىكى مەلۇم(331). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە يېزىلغان «قىلىقى قادىر» ئىپادىسىنى مەرھۇم ئاراتمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا «قاتتىق مىجەزلىك»، «ئىرادىلىك» دەپ تەرجىمە قىلغان(332).

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا بېرىلگەن يەنە بىر ئۇنۋان «قىلىچ» ئىدى، شۇڭلاشقا خاقانلار «قىلىچ خان» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ «پىلانلىغان ۋە ئويلىغان ئىشلىرىنى قىلىچتەك كېسىۋاتىدىغان خان» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى(333). ھازىرقى مەلۇماتلىرىمىزغا قارىغاندا، بۇ ئۇنۋان، شۇ دەۋردىكى بۇغراخان ھارۇننىڭ ئۇنۋانلىرى ئىچىدە بولۇپ، ھەر ھالدا «قارا» ۋە باشقا ئۇنۋانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاز قوللىنىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەيت قىلغان ھۆكۈمدار ئۇنۋانلىرى

(331) كېلىنسىلى I، 299 - بەت، 300 - بەت، ئاتالاي I، 359 - بەت.

(332) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 447 - بېيىتكە ۋە 5862 - بېيىتكە قارالسۇن. ئارات بۇ «قادىر» سۆزىنى «ئىرادىلىك» شەكلىدە تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈچۈن تەرجىمە بەك ئەركىن تەرجىمە بولۇپ كەتكەن.

(333) كېلىنسىلى I، 304 - بەت؛ ئاتالاي I، 364 - بەت.

دىن يەنە بىرى «ئىدۇق قۇت» (ئىدىقۇت) ئۇنۋانى كۆكتۈركلەر زامانىدا يۇرتلىرى بېشبالىق بولغان باسمىللارنىڭ باشلىقلىرىغا بېرىلگەن، بۇ ئۇنۋان مەلۇم بولۇشىچە، شۇ رايوندا يەرلىكلىشىپ، شۇ يەردە بىر دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغىمۇ بېرىلگەندى. ئۆز ئەسرىدە ئىلاھىي مەنبەلىك ھاكىمىيەت قۇدرىتى ياكى ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەققى قىلىپ خۇدا تەرىپىدىن بېغىشلانغان ھوقۇق مەنىسىدە «ئىدۇق قۇت» سۆزىنى ھەر زامان تىلغا ئالغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ(334) بۇ سۈپەت بىلەن ھۆكۈمدارغىمۇ خىتاب قىلىشى، شۈبھىسىز ئۇيغۇر (قەدىمكى تۈرك) ئەنئەنىلىرىگە باغلىقتۇر.

XI ئەسىردە قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلار (ۋە خاتۇنلار) ئۈچۈن قوللانغان ئۇنۋانلىرىنىڭ يەنە بىرى «تەركەن» ئىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئۇنۋان ھەققىدە «ئىل، گە خان بولغانلار ئۈچۈن خاقانىيە تۈركلىرى قوللانغان بىر خىل خىتابتۇر. خاقانلىق مەنسىپىدە بولمىغانلارغا بۇ سۆز بىلەن خىتاب قىلمايدۇ، بۇنىڭ مەنىسى ئىنائەت قىلغۇچى دېمەكتۇر» دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىشى ۋە بىر شېئىردا يېزىلغان «تەركەن» سۆزىنى تۇپتوغرا «خاقان» سۆزى ئورنىدا قوللىنىشى(335)، بۇ ئۇنۋاننىڭ شۇ زاماندا قانداق مەنىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا ئۆز ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ»نى تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ بۇغراخان (ئەبۇ ئەلى ھەسەن) ھەققىدە

(334) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 343 -، 354 -، 433 -، 1335 - بېيىتلەرگە قارالسۇن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىچىملىكتىن ۋە زىنادىن قېچىش لازىملىقى ھەققىدە نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن «بۇ ئىككى قىلىقتىن ئىدۇقۇت قاچار، ئۇل ئەركەچ غايىلىق يولىنى ئاچار» دەپ «ئىدۇققۇت» نىڭ قايسى مەنىدە قوللانغانلىقىنى كۆرسەتكەن. 1335 - بېيىت.

(335) كىلىسلى I، 9 - بەت، 368 - بەت؛ ئاتالاي I، 2 - بەت، 441 - بەت.



سۆزلىگەن چاغدا، بۇ ئۇنۋاننى داۋاملىق ھالدا «تەركەن قۇتى(336)» شەكلىدە قەيت قىلىشى، مەھمۇد قەشقەرى بەرگەن مەلۇماتنى توغرا دەپ ئىسپاتلىغاندىن تاشقىرى، ئۇنۋاننىڭ «ئىلىگ قۇتى» تەركىبىدە بولغىنىدەك، «قۇت» بىلەن بىللە ۋە دۆلەتنى «ھۆكۈمدار» مەنىسىدە قوللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئۇنۋانمۇ قاراخانىيلار ئۈچۈن يېڭى بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندىن بېرى قوللىنىپ كەلگەندى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇنۋاننىڭ كۆپرەك خاتۇنلار ئۈچۈن، قاراخانىيلاردىن باشقا سەلچۇقىيلار ۋە خارەزم شاھى باشلىق ھەر خىل تۈركىي دۆلەتلىرىدە قوللىنىلغانلىقىمۇ ھەممىمىزگە مەلۇم(337).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدار ھەققىدە سۆزلىگەندە كۆپىنچە «بۆكە» (قۇدرەتلىك)(338)، «ئۇنۇر» (بۆكە بىلەن مەنىداش)(339)، «ئازۇن ئەلچىسى» (دۇنيا ھاكىمى)، «بودۇن باشچىسى» (ھەر خىل ئۆزگىرىش شەكىللىرى بولۇپ «بودۇن باشلار ئەر»، «بودۇن باشلاغۇچى»، «ئىلچى»، «ئىلچى باشى»،

(336) «قۇتادغۇ بىلىگ» 109 -، 115 -، 121 - بېيىتلارغا قارالسۇن.

(337) O. تۇراننىڭ تەتقىقاتىچە ئۇنۋاننى دەسلەپ ئۇيغۇرلار قوللاندى. قاراخانىيلاردىن كېيىن سەلچۇقىيلار، خارەزمشاھلار، سالغۇرلۇقلار، ئالمالىقتىكى قارلۇقلار، كىرمان قاراقىتانلىرى ۋە تۆمۈرىلەر قوللانغاندى («تەركەن ئۇنۋانى»، «تورك ھوقۇق تارىخى مەجمۇئەسى» 1 توم 1941 — 1942) 67 -، 73 - بەتلەر. O. تۇران بۇ ئۇنۋان ئاناتولىغىمۇ كەلگەن، دېگەندى.

(338) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5105 - بېيىتكە قارالسۇن.

(339) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5524 - بېيىتكە قارالسۇن.

«ئىل بەگى»، «تىرىگا» (ياكى ئەرسىڭ توڭا)(340) ۋە «كۆك ـ بۆرى»(341) دېگەندەك سۈپەتلەرنى قوللانغانىدى.

شۇ دەۋردە قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۈركچە ئۇنۋانلىرى بىلەن ئىسلامى لەقەبلەرنىڭ بىللە ئىشلىتىلىشىغا كەلسەك، بۇ لەقەبلەرنىڭ شۇ دەۋر شارائىتىدا خەلىپىلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن لەقەبلەر ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن بىز توختىلىۋاتقان دەۋردە يالغۇز غەربىي قاراخانىيلاردىن ئەبۇ ـ ئىسھاق ئىبراھىمغا خەلىپە تەرىپىدىن 1061 ـ يىلى تون بىلەن بىللە لەقەبمۇ بېرىلگەنلىكىنى ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ بىر قەيتىدىن كۆرۈۋالالايمىز(342). ئەمما بۇغراخان ھارۇن (خەلىپە تەرىپىدىن بېرىلمىگەن تەقدىردىمۇ) «شىھابۇددەۋلە ۋە زاھىرۇد ــ داۋا» دېگەن بىر لەقەبنى ئۆزلۈكىدىن قوللانغانىدى. بۇ بىر ئايرىم ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قاراخانىيلارنىڭ بەزى ھۆكۈمدارلىرىنىڭمۇ شۇ يۆنىلىشكە مايىل بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق، كۆپىنچىسىنىڭ ئىسلامى لەقەبلىرىنىڭ، قاراخانىيلارنىڭ پۇللىرى ئۈستىدە خەلىپىنىڭ ئىسمى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىشى، بۇ

(340) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدار ئۈستىدە تولا قوللانغان «توڭا» ئۇنۋانى ھەققىدە، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىزاھاتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ بۇ ھەققتە مۇنۇ مەلۇماتنى بېرىدۇ: «توڭا بەبىر دېمەكتۇر. بۇنىڭ مەنىسى يىلنى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. بۇ ئىسىم تۈركىي خەلقلەردە ھېلىمۇ قوللىنىدۇ. بىراق، مەنىسى ئۆزگەرگەن، بۇ ئىسىم ئادەم ئىسمىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. توڭاخان ۋە توڭا تېكىن دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىملار كۆپ قويۇلىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۈيۈك خاقانى ئافراسىيابنىڭ ئۇنۋانى توڭا ئالپ ئەردۇر، بۇ بەبۇر (قاپلان) غا ئوخشاش كۈچلەك قەھرىمان ئادەم دېگەنلىك بولىدۇ» (كىلىسلى III، 172 ـ بەت: 16 ـ بەت. ئاتالاي II، 358 ـ بەت).

(341) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5378 ـ بېيىتكە قاراڭ.

(342) «ئەلكامىل»، IX توم، 300 ـ بەت.



لەقەبنىڭ قانۇنىي يوللار بىلەن ئېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «سۇلتان» دېگەن لەقەب ئۈستىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ دەۋردە يېزىلغان تارىخىي مەنبەلەردە قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرى ئىچىدە بۇ لەقەب ئۇچرىمايدۇ. بىراق، خاندان ئەزالىرى بۇنداق ئۇنۋاننى پەقەت XIII ئەسىردىلا قوللانغانىدى(343). يۇقىرىدا «ئىلىگ» ئۇنۋانىدىن سۆز ئاچقاندا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىر يېرىدە «ئىلىگ» نىڭ ئورنىغا «سۇلتان» سۆزىنى ئىلىشى، ھېچ بولمىغاندا سۇلتانلىقنىڭ قاراخانىيلار جامائىتى ئىچىدە بىر ئۇقۇم ھالىتى بىلىنىپ قارشى ئېلىنىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئويلايمىز(344) شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قايسى بەگنىڭ ئەتراپىغا جەسۇر ئەسكەر يىغىلسا ئۇ، جاھانغا ساھىبقىران بىر بەگ بولىدۇ»(345) شەكلىدىكى ئىپادىنى قوللىنىشى، كېيىنچە بەزى تۈرك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ لەقەبلىرى ئىچىدە ئۇچرايدىغان «ساھىبقىران» نامىنىڭ قاراخانىيلاردىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**خۇتبە.** ئىسلام دۆلەتلىرىدە ھۆكۈمدارلارنى خەلىپىنىڭ تەستىقلىشى قانۇنىي شەرتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم(346). بۇنداق قانۇنىي شەرتلەرنىڭ بىرىنچىسى دۆلەتتە

(343) كاپەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 299 ـ بەتكە قاراڭ.

(344) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 3458 ـ بېيىتكە قاراڭ.

(345) «قۇتادغۇ بىلىگ» ـ 3007 بېيىت. يەنە رەشىدى سەمەرقەندىنىڭ قادىرخان جىبرائىل ھەققىدە يازغان بىر شېئىرىدا ئۇنى «ساھىبقىران» دېگەنلىكىگە دائىر، «ئەۋفى لۇباب»، 375 ـ بەتكە قاراڭ.

(346) كۆيمەن: «سارای تەشكىلاتى»، 13 ـ بەت: كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 299 ـ بەتكە قاراڭ.

خەلىپىنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇلۇشى ئىدى. شۇنداقلا خەلىپە ئىسمىنىڭ ئارقىسىدىنلا خۇتبەدە ھۆكۈمدار ئىسمىنىڭمۇ زىكرى قىلىنىشى مۇستەقىللىق ئالامىتى دەپ سانىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭمۇ نامىغىمۇ خۇتبە ئوقۇلغانىدى. شۇڭلاشقا، ئىبنۇل ـ ئەسىر يۈسۈپ قادىرخان ئوغلى شەرەفۇد ـ دەۋلە ئەبۇ شۇجا ئارسلانخان نامىغا قەشقەر، خوتەن ۋە بالاساغۇن مۇنبەرلىرىدە خۇتبە ئوقۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى(347). دېمەك، باشقا ھۆكۈمدارلار ئۈچۈنمۇ خۇتبە ئوقۇلغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق. خەلىپە نامىغا خۇتبە ئوقۇلۇشقا كەلسەك، بۇنىڭغا دائىر يالغۇز بىر مىسال يەنىلا شۇ ئاپتور تەرىپىدىن قەيت قىلىنغانىدى. بۇ قەيتكە قارىغاندا قادىر بىللاھنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە، ۋاسىق بىللاھنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەبۇ ئابدۇللاھ بىن ئوسمان ئەل ـ ۋاسىقى قاراخانىيلار دۆلىتىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك ۋەلىئەھدى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ئېتىراپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغاندا، بۇغراخان ھارۇنمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتقانىدى(348).

**تەڭگە،** يېقىندىن تەختكە چىققان بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال قىلىدىغان ئىشلىرىدىن بىرى مۇستەقىللىق ئالامىتى دەپ ئۆز نامىغا پۇل قۇيدۇرۇش ۋە ئىسلام قائىدىسى بويىچە ئۆز ئىسمى بىلەن ئۇنۋانى ۋە لەقەبلىرىدىن بۇرۇن، ئەينى زامان خەلىپىسىنىڭ ئىسمىنى پۇلدا زىكرى قىلىش ئىدى. قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭمۇ شۇ ئەنئەنىگە ئۇيغۇنلاشقانلىقلىرى ھەممىگە مەلۇم. بىر مىسال قىلىپ غەربىي قاراخانىيلاردىن ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىن ناسىرنىڭ پۇللىرىدا خەلىپە ئەل ـ قائىم بى-

(347) «ئەلكامىل»، IX توم، 299 ـ بەت.
(348) ئەينى ئەسەر، 165 ـ بەت.



ئەمرۇللاھ ئىسمىنىڭ قەيت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ(349). چۈنكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك ئەل ـ قائىم بىئەمرۇللاھ مىلادى 1061 ـ يىلى ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىن ناسىرغا لەقەب ئۇنۋان ۋە تون ئەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇنۋان ۋە لەقەبلىرى ھەققىدە تەڭگە بەكرەك ئۇپراپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قاراپ تولۇق بىرنەرسە دېيىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇ سالدۇرغان دوختۇرخانا، مەدرىسەلەرگە ئائىت ھۆججەتلەر ئۈستىدە ئۇنۋان ۋە لەقەبلىرى مۇنداق قەيت قىلىنغان: «ئەل ـ خاقانۇل ـ ئەجەللۇس ـ سەييىدۇل ـ مەلىكۇل ـ موزاففەرۇل ـ مۇئەييەدۇل ـ ئەدل ئىمادۇد ـ دەۋلە ۋە تاجۇل ـ مىللە ئىززۇل ـ ئۇممە كەھفۇل ـ مۇسلىمىن مەلىكۇش ـ شەرق ۋەس ـ سىن تامغاچ بۇغرا قاراخان ئەبى ئىسھاق ئىبراھىم بىن ناسىر سەيىفى خەلىفەتىللاھى تەئالا ئەمىرۇل ـ مۇمىنىن»(350).

**ھۆكۈمەت مەركىزى (پايتەخت)** دۆلەت تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇنى باشقۇرىدىغان بىر مەركەزنىڭ، يەنى بىر پايتەختنىڭ بولۇشى چوقۇم. شۇ سەۋەبتىن قاراخانىيلارنىڭمۇ دۆلىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بەزى شەھەرلەرنى پايتەخت قىلغانلىقلىرى مەلۇم. ئۇلار ئۈچۈن دۆلەت مەركىزى ھالىتىدىكى ئەھمىيەتلىك شەھەرلەردىن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىللىرىدا پايتەخت بولغان قەشقەر ۋە بالاساغۇن بار ئىدى. شۇ سەۋەبدىن مەھمۇد قەشقەرى خاقانىيە تۈركىي خەلقىنىڭ پايتەختىنى «ئوردۇ» دەپ ئاتايدىغانلىقلىرى ھەققىدە توختالغاندا يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئىككى شەھەرنى مىسال

(349) ئا. تەۋھىد: «مەسكۇكاتى قەدىمەئى ئىسلامىيە كاتالوگى»، IV، 23 ـ بەت.

(350) مۇھەممەد قەدىر، Deux Actes، 305 ـ 334 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. دېمەك، قاراخانىيلار پايتەخت مەسىلىسىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلق ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى(351). شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت مەركىزىنى «ئوردۇ» دەپ ئاتىغان. مەھمۇد قەشقەرى بۇ مەسىلىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئوردۇ ـ خاقان ئولتۇرغان شەھەر دېمەكتۇر. شۇڭلاشقا خاقانلار ئولتۇرغان قەشقەر شەھىرى ئوردۇ ـ كەنت دەپ ئاتالغان(352).

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىش يىللىرىدا، دۆلەتنىڭ قورغۇچىلىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئۇيغۇر ـ ياغمىلارنىڭ توپلانغان رايونى قەشقەر (353) «ئوردۇ ـ كەنت» ئىسمى بىلەن شۆھرەت قازانغانىدى. قاراخانىيلار دۆلىتىنى قورغۇچىلارنىڭ تۇنجى مەركىزىنىڭمۇ بۇ يەر بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى «ئوردۇ» ھەققىدىكى سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ «ئوردۇ ـ بالاساغۇن يېقىنلىرىدىكى بىر شەھەردۇر، بالاساغۇن شەھىرىگە قوز ـ ئوردۇ ئىسمى بېرىلگەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىپادىسىدىن بالاساغۇننىڭ شىمالدىكى پايتەخت ياكى شىمالىي پايتەخت مەنىسىدە «قوز ـ ئوردۇ» ئىسمى بىلەن ئاتالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ھەقىقەتەن ئالدى بىلەن قەشقەر، كېيىنچە ئىشغال قىلىنغان

(351) تۈركىي خەلقلەردە دۆلەت مەركىزى، ئوردۇ ـ كەنتلەر ۋە ئوردۇ سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن ئۆگەل، «كىرىش» I، 287 ـ بەتكە قاراڭ.

352 كېلىسلى I، 112 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 124 ـ بەت؛ يەنە ئۆگەل، «كىرىش» I، 261 ـ بەت.

(353) ئۆگەل «كىرىش» I، 263 ـ بەتكە قاراڭ.



بالاساغۇن(354) شەھەرلىرى، دۆلەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىككى مۇھىم مەركەز بولۇپ، چوڭ رول ئوينىغانىدى. دېمەك، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، «ئوردۇ» سۆزى XI ئەسىردە قاراخانىيلار تەرىپىدىن پايتەخت مەنىسىدە قوللىنىلغان ۋە بۇ ئىسىم بىلەن تەنھا شەھەر ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىلا تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا شۇ دەۋردە «ئوردۇ» سۆزىنىڭ ساراي مەنىسىدىمۇ قوللىنىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە بەزىدە «كەلىپ تەگدى ئېلىگ تۆرۈر ئوردۇقا» (ھۆكۈمدار تۇرغان شەھەرگە كېلىپ يەتتى)(355) ۋە «ئۆلۈم بۇزدى ئوردۇ تەلىم كەنت ئۇلۇش» (پايتەخت بىلەن بىرمۇنچە شەھەر ۋە كەنتلەرنى ئۆلۈم ۋەيران قىلدى)(356). بۇ مىساللاردا كۆرسىتىلگەندەك ئوردۇغا پايتەخت مەنىسى

(354) بالاساغۇن شەھىرىنىڭ مىلادى 942 ـ يىللاردا غەيرىي مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن ئېلىنغانلىقى، ئالغۇچىلارنىڭ ئېھتىمال ياغمىلار ئىكەنلىكى ھەققىدە ف. سۈمەر: «ئوغۇزلار» 50 ـ بەتكە قاراڭ. شەھەرنىڭ كېيىنچە قەشقەر خانلىرى تەرىپىدىن ئېلىنغانلىقى ئېھتىمالدا ئۆگەل «كىرىش» I، 286 ـ بەتكە قاراڭ. ھالبۇكى قەشقەر، ئېھتىمۇ دەسلەپتە ياغمىلارنىڭ قولىدا ئىدى («ھۇدۇد ئۇلئالەم»، 96 ـ بەت)

(355) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 487 ـ ۋە 488 ـ بېيىتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەيت قىلىپ ئۆتكەن: «كەلىپ تەگدى ئېلىك تۆرۈر ئوردۇ، كا، ئۆگى كۆڭلى قولمىش تىلەك ئارزوكا، كىرىپ كەند ئىچىندە تىلەدى تۈشۈن، تۈشۈن بولمادى كۆر تارۇدى ئاژۇن» دېگەن قۇرلار. ئۇنىڭ «ئوردۇ» سۆزى بىلەن پايتەختنى دېمەكچى بولغانلىقىنى بەك ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

(356) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4834 ـ بېيىت، «ئۆلۈم بۇزدى ئوردۇ تەلىم كەند ئۇلۇس، ئۆلۈم بۇزدى قارشى سارايى ئەۋ ئۆكۈش». بۇ يەردىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردۇنى كەند ۋە ئۆلۈش بىلەن بىر قاتاردا يەنى شەھەر مەنىسىدە قوللانغان ۋە «قارشى» بىلەن سارايىنى ئۆي بىلەن بىرلىكتە مۇتالىئە قىلغان. بۇ ھەقتە ئۆگەل: «كىرىش» I، 285 ـ بەتكە قاراڭ.

بىرىلگەن، لېكىن كۆپ جايلاردا بۇ سۆز ساراي مەنىسىدە قوللىنىلغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندە يەنە توختىلىمىز.

يەنە بىر تەرەپتىن، ماتېرىياللاردا ھەر خىل دەۋرلەردە تىراز ۋە ئۆزكەنت دېگەن شەھەرلەرنىڭمۇ بۇ دۆلەتنىڭ مەركەزلىرى ئىچىدە ئورۇن ئالغانلىقىمۇ قەيت قىلىنغان. XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ سەمەرقەنت غەربىي قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى بولغان ۋە بۇخارامۇ خۇددى ئىككىنچى بىر مەركەزدەك قارالغان، ھۆكۈمدارلار بۇ يەردە ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدىكى ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن سارايلار سالدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن، يەركەن، بارسغان (ئاقسۇ)، ئاتباشى، شاش (تاشكەنت)، رىشتان، ئاخسىكەت ۋە بىنھاس بىلەن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئۈچۈن بولسىمۇ تېرمىز ۋە بەلخ قاتارلىق شەھەرلەر دۆلەتنىڭ مۇھىم رايون ۋە ۋىلايەت مەركەزلىرى ئىچىدە ئورۇن ئالغانىدى.

**ساراي (ئوردا)** قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ خاقانلىرى ئولتۇرىدىغان سارايغا «قارشى» دېگەن ئىسىمنىڭ بېرىلگەنلىكى مەلۇم. خۇددى مەھمۇد قەشقەرى «قارشى» سۆزىنى شۇ مەنىدە ئىزاھلىغىنىدەك(357)، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز ئەسىرىدە بۇ سۆزنى ئوخشاش مەنىدە كۆپ قوللانغان. ئۇ بىر بېيىتتا: «بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر، بۇ قارشى ئىچىندەكى قارشى تۇرۇر» (بۇ بەگلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئىسمى قارشى دېيىلىدۇ، بۇ قارشى ئىچىدىكىلەر دائىم بىر - بىرىگە قارشى تۇرىدۇ)(358) دېيىش بىلەن «قارشى» سۆزىنىڭ قايسى مەنىلەردە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن ھەمدە ساراي ئىچىدە بىر مۇنچە يوشۇرۇن ئويۇنلارنىڭ ئوينىلىدىغانلىقىنى ئىشارەت

(357) كېلىسلى I، 354 - بەت؛ ئاتالاي I، 423 - بەت.

(358) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4246 - بېيىت.



قىلىپ، ھەم بىر خىل ئەدەبىي - سەنئەت ئۆرنىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ «بەيلەز ئەۋى» سۆزىدە ب. ئۆگەلنىڭ بايانچۇرقاغان زامانىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغان بىر ماقالىسىدە «دۆلەت ئەۋى» ئىپادىسىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرسەتكەنىدى(359). يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان: «ئېلىگ بىر كۈن ئولدۇرۇپ ئۆز يالڭۇزۇن، ئەۋىن قىلدى خالى ئىرىكتى ئۆزۈن» دېگەن بېيىتىمۇ(360) ساراي ياكى ھېچ بولمىغاندا ھۆكۈمدار كۈندىلىك ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئورۇن مەنىسىدە «ئەۋ» (ئۆي) سۆزىنى ئىشلەتكەنلىكىمۇ، بۇ دۆلەت ئۆي دېگەن ئۇقۇمنىڭ بىر ئىزى بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە ھۆكۈمدار سارىيى ۋە قونۇقى دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىدا تېخىمۇ باشقىچە ئىپادىلەرنىڭمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇلاردىن بىرى، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك «ئوردۇ» ئىدى. يەنى بۇ سۆز ھەم پايتەخت، ھەم ساراي مەنىسىدە قوللىنىلغانىدى.(361) جۈملىدىن ئۇنىڭ «نەچچە قارشى ئوردۇ بەزەكلىگ ساراي، ئۆلۈم بۇزدى بارچا تۇرۇ قالدى، ھاي» (نەچچە قەسىر، ئوردا ۋە بېزەكلىك سارايىنى ئۆلۈم بۇزدى، ۋەيران قىلدى ۋادەرىغا!) دېگەن بىر بېيىتىدا(362) «ئوردا» ۋە «ساراي» سۆزلىرىنى «قارشى» دېگەن سۆز بىلەن بىر خىل

(359) ئۆگەل، «كىرىش» I، 273 - بەت. «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى 4834 - بېيىتتە «ئەۋ» سۆزىنىڭ «قارشى» ۋە ساراي بىلەن يانمۇ يان ۋە ئەينى مەنىدە قوللىنىلىشىمۇ بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

(360) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 765 - بېيىت.

(361) «ئوردۇ» نىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستلەردىمۇ ساراي مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى مەلۇمدۇر (ئا. جەففەر ئوغلى: «قەدىمكى ئۇيغۇر - توركچەسى سۆزلۈكى»، 142 - بەت.)

(362) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 6070 - بېيىت.

مەيدانىدا ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. خۇددى شۇ بېيىتتە كۆرسىتىلگىنىدەك بۇ چاغدا ئاللىقاچان مۇسۇلمان بولۇپ قالغان قاراخانىيلار «ساراي» سۆزىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىشلىتىشكە باشلىغانىدى. ب. ئۆگەلنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، «ساراي» سۆزى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردە دەسلەپتە «قۇتادغۇ بىلىگ» تە كۆرۈلگەن(363) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يەنە شۇ بېيىتتىن سارايلارنىڭ بېزەكلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمىز. باشقا بىر بېيىتتە بولسا، «ئەدىزكىڭ بەدىزلىك سارايىڭ قالىپ (ئېگىز، كەڭ ۋە بېزەكلىك سارايىڭ قېلىپ)»(364) دېيىش بىلەن بېزەلگەن بۇ سارايلارنىڭ ئېگىز ۋە كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئوردىنىڭ شەكلى ھەققىدە ئازدۇر - كۆپتۇر مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە «قارشى» ۋە «ئوردۇ» سۆزلىرى بىلەن ئۇيغۇرچىغا كېيىن كىرگەن «ساراي» سۆزىنىڭ يانمۇ يان ۋە بىر خىل مەنىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر مۇنچە قەيتلىرىمۇ بار(365).

مەھمۇد قەشقەرى بىلەن بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيتلىرىدىن باشقا مەنبەلەردىن قاراخانىيلار سارايلىرىنىڭ شەكلى ۋە تەپسىلىي ئەھۋالى ھەققىدە ئارتۇقچە مەلۇماتقا ئىگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت «تارىخىي بۇخارا» دا شەمسۇلمۇلك خان ناسىر بىن ئىبراھىم سالدۇرغان شەمساباد ھەققىدىكى قەيتلەر بۇ خۇسۇستا قىسمەن بولسىمۇ مەلۇمات بېرەلەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا شەمسابادتا يالغۇز ھۆكۈمدار ئولتۇرىدىغان داچىلار ئەمەس، باغچىلار، پاركلار

(363) ئۆگەل، «كىرىش» I، 271 - بەت.
(364) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1419 - بېيىت.
(365) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5176 -، 5179 -، 6113 -، 6433 -، 6434 -، 6436 - بېيىتلارگە قارالسۇن.



ھەتتا ھايۋانات باغچىسىمۇ بار ئىدى. شۇ كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە بۇ يەر «دارۇل - مۇلكى بۇخارا» نامى بىلەن تونۇلغان ۋە پايتەخت سەمەرقەنتتىن ھەر دائىم كېلىدىغان غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى بۇ يەردە ئولتۇرۇشقانىدى.(366)

ئۇتاغ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىمۇ ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرى ئىچىدە ئورۇن ئالغان(367) «ئۇتاغ» نى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر «چۇۋاچ» ئىسمى بىلەن ئاتايتتى. بۇ تېمىدىمۇ بىزگە مەھمۇد قەشقەرىدىن باشقا مەلۇمات بەرگۈچى يوقتۇر.

ئۇ: «قۇرۇۋى چۇۋاچ قۇرۇلدى، تۇغۇم تىكىلىپ ئورۇلدى سىرىسى ئوتۇن ئورۇلدى، قانچۇق قاچاق ئول تۇتار» (بۇ چېدىر تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمدارلىرى ئۈچۈن يىپەكتىن ياسالغان بىر چېدىردۇر. دەھشەتلىك ئىسسىقتىن، يامغۇردىن، قاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ)(368). شەكلىدىكى بىر تۈرلىكتە «چۇۋاچ» ھەققىدە بىزگە مەلۇمات بەرگەن. مەھمۇد قەشقەرى يەنە، ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، خاقاننىڭ دۆگىلەك چېدىرى قۇرۇلىدۇ، تۇغلار تىكىلىپ نەۋبەت دۇمباقلىرى چېلىنىدۇ، ئۇنىدىن كېيىن ئۇرۇش باشلىنىدۇ، دېگەنىدى. ئۇ، تۈركىي خەلقلەر خاقانلىرىغا بۇ چېدىرنىڭ (قۇببەتۇن لى املۇكىت - تۈرك) مەخسۇس ئىقلىم شەرتلىرىدىن قوغدىنىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكى شەكلىدە بىر

(366) «نەرشاھى»، 49 - بەت.
(367) كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 229 - بەت؛ ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 135 - بەتكە قارالسۇن.
(368) كىلىسلى I، 169 - بەت، II، 149 - بەت، ئاتالاي I، 195 - بەت، II، 190 - بەت.

ئىزاھات بەرگەن بولسىمۇ، ئەسىرنىڭ باشقا بىر يېرىدە چۇۋاچىنى دۆلەت چېدىرى (قۇببەتۇل - مۇلك)(369) ئىپادىسى بىلەن كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئوتتاغىنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى ماھىيىتىنىمۇ ئىزاھلاپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردىمۇ يۇقىرىدىكى ساراي مەسىلىسىدە «بەگلەر ئۆيى» سۆزى مۇناسىۋىتى بىلەن بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن «ئېل بەي = دۆلەت ئەۋرى» ئەنئەنىسىنىڭ بىر ئىزى سېزىلمەكتە. ب. ئۆگەل «قۇرۋى چۇۋاچ» سۆزىنىڭ خاقان چېدىرىنىڭ دۈگىلەك ۋە قۇببىلىق بولۇشى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى(370). بارلىق تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدە ھۆكۈمدارلىق سىمۋولى دەپ قارالغان ئوتتاغقا قاراخانىيلارنىڭمۇ خېلىلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مۇشۇنداق مەلۇم بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەكىل ۋە ماھىيىتى ھەققىدە ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز.

تەخت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار تەخت مەنىسىدە «ئورۇن» سۆزىنى ئىشلەتكەنىدى. شۇنداقلا بۇ سۆز شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىدا «يەر» ۋە «مەۋقە» مەنىسىنىمۇ بېرەتتى(371).

(369) كېلىسلى II، 7 - بەت، III، 45 - بەت؛ ئاتالاي II، 7 - بەت، III، 60 - بەت.

(370) ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى»، II، 136 - بەت. مۇشۇ ھەقتە ھەم تارىختىكى تۈركىي خەلقلەر ئوتتاغلىرى ھەققىدە بۇ يەردە كەڭ مەلۇمات بېرىلگەن.

(171) «ئورۇن» دەسلەپتە تۈركىي قوۋملاردا دۆلەت ئىچىدە ياكى مۇراسىملاردا كىشىلەرنىڭ ئىگىلەيدىغان ۋە ئولتۇرىدىغان يېرى مەنىسىدە ئىدى. كېيىن «شەرەپ يېرى ۋە مەۋقەسى» مەنىسىدە قوللىنىلدى. ئۇيغۇرلاردىن باشلاپ تەخت مەنىسىدىمۇ قوللىنىلدى. ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 140 - بەت؛ «ئورۇن» نىڭ زىياپەتلەردە ۋە يىغىنلاردا كىشىلەرنىڭ ئىگىلەيدىغان مەۋقەسىنى كۆرسىتىدىغان بىر مەنىدە قوللىنىلىشى ھەققىدە ئابدۇلقادىر (ئىنان) يازغان «ئورۇن ۋە ئۇلۇش مەسىلىسى» THiTM، I، 121 - بەتكە قارالسۇن.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئەي ئېلىگ، بۇ قارشى بۇ ئوردۇ ئورۇن، ساڭا تەگمىشى بىر تۈشۈن ئول كۆرۈن» (ئەي ھۆكۈمدار بۇ قەسىر، بۇ ئوردا - ساراي ۋە تەخت، سېنىڭ ئۈچۈن پەقەت بىر تۇرالغۇلۇق يەر)(372) دېگەنىدە «ئورۇن» سۆزى بىلەن «تەخت» - نى كۆزدە تۇتقىنىدەك، «قايۇ ئۆدتە ئەرسە بۇ كۈندە بۇرۇن، بىلىگلىككە تەگدى بەدۈكرەك ئورۇن» (قايسى ۋاقىتتا بولمىسۇن، بۇ كۈنگىچە تېخىمۇ يۈكسەكرەك ئورۇن ھەر دائىم بىلىملىككە تەگدى)(373) دېگەنىدىمۇ ئورۇن ۋە مەۋقەنى كۆزدە تۇتقان. شۇنداقلا يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇ دەۋردە «تەخت» سۆزىمۇ تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىشقا باشلىغانىدى(374). بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ تەختكە چىقماق مەنىسىدە «ئورناماق»(375) ۋە «تەختكە مىنمەك»(376) سۆزلىرىنى ئىشلەتكەنلىكلىرىمۇ مەلۇم. ئۆيدە ياكى چېدىردىكى «باش بۇلۇڭ = شەرەپ بۇلۇڭى» مەنىسىدىكى «تۆر» سۆزى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە كۆپرەك ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ قاراخانىيلار زامانىسىدا ھۆكۈمدارنىڭ تەختى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. ئۇ دەۋردىكى قاراخانىيلار تەختىنىڭ شەكلى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەتلا يۇقىرىدا بىر سەۋەب بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاي - تولدى ئېلىگنىڭ

(372) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5176 -، 5407 - بېيىتلارغا قارالسۇن. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورۇن ئورنىغا ئۆرگىن ياكى ئۆرگۈن سۆزىنى قوللانغانلىقىنى بىلىمىز. ئەجەبا، ئورۇن سۆزى ئۆرگۈن سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمىدۇر؟

(373) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 220 - بېيىت.

(374) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 92 -، 5805 - بېيىت: «ئېلىك تەختكە مىنسۇن بۆكۈن ئىنچرۇنۇپ، ياغىسى يىر ئۆپسۇ يىراق يىنچرۇنۇپ».

(375) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5738 - بېيىت.

بىر كۈنى بىر كۈمۈش تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقى ھەققىدىكى قەيتى بۇ مەسىلىدە بىزنى بەلكى مەلۇم يېكىرگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن(376).

تاج تۈركچىدە تاجنى ئىپادە قىلىدىغان بىر سۆز ئەزەلدىن بارمىدى؟ ياكى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر بۇ مەنىدە باشقا بىر سۆزنى ئىشلىتەتتىمۇ؟ بۇ ھەقتە بىز ھازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. پەقەت «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى «ياغىز يىر يەر قاتىنداكى ئالتۇن تاش ئول، قالى چىقسا بەگلەر باشىندا تۇش ئول» دېگەن جۈملىلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ(377). بۇ يەردىكى «تۇش» سۆزىنى ر. ر. ئارات «تۇغ نۇقتىسى» دەپ تەرجىمە قىلغان. مەھمۇد قەشقەرى بولسا تۇشنى «كەمەرگە تىقىلغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش توقا» دەپ ئىزاھلىغان(378). بۇنىڭغا قاراپ تۇشنى «تۇغ توقىسى» دېيىشتىن كۆرە، «تاج» ياكى «تاجغا تىقىلغان ئالتۇن توقا» دەپ ئىزاھلاشنى لايىق كۆرىمىز. ئۇ دەۋردە تۈركىي خەلقلەر توپتوغرا تاج سۆزىنى ئىشلىتەتتى. بۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيتلىرىدە(379) ۋە سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئىسھاق

(376) تۈركىي خەلقلەردە «تەخت» تېمىسىدا كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 139 - بەتكە قارالسۇن.

(377) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 212 - بېيىت.

(378) كىلىسلى III، 90 - بەت؛ ئاتالاي III، 125 - بەت.

(379) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 89 - بېيىتتا: «ئەي مىللەتكە تاج» ۋە 463 - بېيىتتا: «بۇ ئىككى يۇمشتا بەدۆر بەگ تاجى» دېيىلگەن.



ئىبراھىم بىن ناسىرنىڭ ئۇنۋانلىرى ئىچىدە «تاجۇل - مىللە» ئىبارىسىنىڭ بولۇشى بۇ جەھەتنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ(380). تاج ھەققىدە بىز ھەر قانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. چۈنكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مازارلىرىدا بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تاج كىيىش ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقى مەلۇم بولماقتا(381). مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى خەلقلەر تويى كېچىسى كېلىنلەرگە تاج كىيدۈرىدىغانلىقىنى ۋە بۇنى «دىدىم» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى(382). دېمەك، بۇنىڭدىن تاج كىيگۈزۈش ئەنئەنىسىنىڭ تويلارغىچە تارقالغانلىقىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**كۈنلۈك (چەتر)** بىز، شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ باشلىرىدا بىرخىل سەلتەنەت كۈنلۈكى دەپ ئاتىلىدىغان كۈنلۈكلەرنىڭ بارلىقىغا دائىر بىۋاسىتە مەلۇماتلارغا ئىگە بولالمىدۇق. پەقەت مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ باشلىرىدا «يۇغرۇش» ئۇنۋانلىق قارا رەڭلىك كۈنلۈك بولغانلىقىغا دائىر قەيتلىرىگە قاراپ(383)، ھۆكۈمدارلارنىڭمۇ باشلىرىدا كۈنلۈك بولغان

(380) مۇھەممەد قەدىر، Deux Actes، 314 - بەت.

(381) كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 230 - بەت؛ ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى»، II، 148 - بەت.

(382) كىلىسلى I، 333: - تەت ئاتالاي I، 397 - بەت.

(383) كىلىسلى III، 31 - بەت؛ ئاتالاي 41 - بەت. قاراخانىيلار ۋەزىرىنىڭ ۋەزىرلىك ئالامەتلىرى ھەققىدە بۇ تەتقىقاتىمىزنىڭ «مەركىزىي تەشكىلاتلار» دېگەن بۆلۈمىدە ئايرىم مەلۇمات بېرىلىدۇ.

دېيەلەيمىز. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «يۇغرۇش (ۋەزىر) خاقاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. يۇغرۇشقا قارا يىپەكتىن بىر كۈنلۈك (قۇببە) بېرىلەتتى ۋە بۇ كۈنلۈك ئىسسىقتا، يامغۇردا ۋە قاردا ئۇنىڭ بېشىغا تۇتۇلاتتى» دېگىنىگە قاراپ، ف. كۆپرۈلۈزادە قاراخانىيلاردا ھۆكۈمدارغا ۋە شاھزادىلەرگە ئاتالغان مەخسۇس كۈنلۈكلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇلارنىڭ قىزىل رەڭدە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى(384). ئەمەلىيەتتە، قاراخانىيلار قىزىل بايراق ۋە تۇغلارنى ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرى ۋە مۇستەقىللىك سىمۋولى قىلغانىدى. كۈنلۈك تېمىسىغا كەلسەك، ۋەزىرلەر كۈنلۈكىنىڭ قارا رەڭدە بولىدىغانلىقىنى مەھمۇد قەشقەرى ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قارا - قۇل رەڭگى، بەگ ئاق بولىدۇ؛ قارا ۋە ئاق شۇنداق ئايرىلغان»(385) دەپ ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭغا قاراپ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۈرلۈك سىمۋوللىرى ئارىسىدا ئاق رەڭنىڭمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتىمۇ كەسكىن بىرنەرسە دېيەلمەيمىز.

بايراق قاراخانىيلاردا بايراق تېمىسىدىمۇ بىزگە مەھمۇد قەشقەرىدىن باشقا ھېچكىم مەلۇمات بەرگىنى يوق. ئۇ مۇسۇلمان قاراخانىيلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇشلارغا دائىر قەيت قىلغان بىر داستان پارچىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاغدى قىزىل بايراق تۇغدى قارا تۇپراق،

(384) «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئۇنۋانلىرىغا ئائىت ئىزاھلار»، THiTM، Ⅱ. توم، 26 - بەت.

(385) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2080 - بېيىت.



يەتشۇ كەلىپ ئۇغراق توقۇشىپ ئالىن كەچتىمىز»(386).

ئۇنىڭ بۇ قەيتلىرىدىن ئۈچ نەرسىنى كۆرۈۋالالايمىز: بايراق قاراخانىيلاردىمۇ بۈگۈنكى ئىملا بويىچە ئىشلىتىلگەن ۋە قىزىل (قىرمىزى) رەڭدە بولاتتى. يەنە شۇ قەيتتە، سوقۇشتا ھال بايراقلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ھەققىدە سۆز ئېچىلغىنىغا قارىغاندا، تۇغلار بىلەن بايراقلارمۇ قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇش ئىشىدا نەقەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇن سەپلىرىنىڭ ئالدىدا «ئەلەم باشلاز ئەر» (ئەلەمدار) نىڭ بولۇشى ۋە ئەھۋالنى ياخشى بايقاپ تۇرۇشى لازىملىقى ئۈستىدە توختالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ قەيتىدىن، شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلارنىڭ «بايراق» سۆزى بىلەن بىللە «ئەلەم» سۆزىنىمۇ ئىشلەتكەنلىكلىرى ھەتتا بۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋان سۈپىتىدە ھەربىيلەرگە بېرىلگەنلىكىنى بىلۋالالايمىز. مەھمۇد قەشقەرى دولقۇنلىنىش مەنىسىدىكى پېئىلغا مىسال ئالغاندا، بايراق ھەققىدە سۆزلىگەنىدى. دېمەك، قاراخانىيلاردا بايراق دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىك سىمۋوللىرىدىن بىرى بولۇپ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلەتتى(387).

تۇغ — قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇستە-

(386) كېلىسلى Ⅲ، 138 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 183 - بەت. مەھمۇد قەشقەرى بايراقنىڭ ئەرەبچە ۋارىيانتىنى «ئەلەم» دەپ يازىدۇ.

(387) كېلىسلى Ⅱ، 162 - بەت: ئاتالاي 205 - بەت. بۇ يەردە «بايراقلار» دېگەن سۆز ئەرەبچە «ئەر رايات» بىلەن ۋارىيانتلاشقان.

قىلىنىدىك سىمۋوللىرىدىن بولغان ۋە بارلىق تۈركىي دۆلەتلەردە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن تۇغنىڭمۇ قاراخانىيلار دۆلىتىدە بەكمۇ دىققەت قىلىدىغان بىر خىل دۆلەت سىمۋولى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم بولماقتا. مەھمۇد قەشقەرى خاقانلىق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «توققۇز تۇغلۇق» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغاندا، مۇنۇ مەلۇماتنى بېرىدۇ: «تۇغ، ئەلەم دېمەكتۇر. توققۇز تۇغلۇق خان دېيىلىدۇ. مەيلى ۋىلايىتى قانچىلىك كۆپ، مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولسۇن، تۇغ توققۇزدىن ئارتۇق بولمايدۇ. چۈنكى توققۇز رەقىمىنى تەلەي دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ تۇغلار سارغۇچ قىزىل رەڭلىك (نارەنجىيىل ـ لەۋن) يىپەكتىن ياكى رەختتىن تىكىلىدۇ. بۇنىمۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ ھېسابلايدۇ»(388). ئۇ يەنە «ھال» سۆزى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇنۇلارنى قەيت قىلىدۇ: «ھال، خانلارغا ئەلەم (بايراق، تۇغ) ۋە دۆلەت ئادەملىرىنىڭ ئاتلىرىغا ئېگەر ياپقۇچى تىكىلىدىغان سۈس قىزىل رەڭدىكى بىر خىل رەخت. سارغۇچ قىزىل رەڭنى ھال دەپ ئاتايدۇ»(389). مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ خىل قەيتلىرىنى يۈتۈنلەي ئىسپاتلاش ماھىيىتىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ قۇياشنى خاقانغا ئوخشاتقان بىر بېيىتىدە شۇنداق دەيدۇ:

«ياشىق ئۆرلەدى يىردە ۋە قوپتى تۇغى،
ياقا كەلدى ئاشنۇ توقۇز ئال تۇغى»

(قۇياش كۆتۈرۈلدى، يەردىن توزان كۆتۈرۈلدى، توققۇز ھال تۇغ يېيىلىشقا باشلىدى)(390).

(388) «كىلىسلى Ⅲ، 92 – بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 127–، بەت
(389) كىلىسلى I، 77 – بەت؛ ئاتالاي I، 81 – بەت.
(390) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4893 – بېيىتكە قارالسۇن.



يۇقىرىقىلاردا ئوچۇق كۆرۈلىدۇكى، قاراخانىيلاردا خاقانلىق سىمۋولى ئاتالغان تۇغلارمۇ بايراقلارغا ئوخشاشلا ھال (سۈس قىزىل) رەڭدە ئىدى. ھەم توققۇز سانى، ھەم ھال رەڭگى تۈركىي خەلقلەردە ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى. بۇ يەردىكى تۇغ قاراخانىيلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن كۆك تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار زامانىدا ئات، قوتاز ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقلىرىدىن ياسالغان تۇغ بولماستىن، بەلكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەرەبچە «ئەلەم» سۆزى بىلەن ئىپادە قىلغان بىر خىل تۇغ بولۇپ، ئۇ، رەختتىن ياسىلاتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلاردا ئات ۋە قوتاز قۇيرۇقلىرىدىن ياسالغان تۇغلار دۆلەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇرۇشتا جەڭگە قاتناشقۇچىلارنىڭ نەيزە ئۇچلىرىغا ياكى ئاتنىڭ ئېگەرلىرىگە قادايدىغان ۋە «بەچكەم»(391) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل باتۇرلۇق ئالامىتى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلارغا، دۆلەت نامىدا خاقان تەرىپىدىن تۇغ بېرىش ئادىتى قاراخانىيلاردىمۇ داۋاملاشتۇرۇلغانىدى. بۇ مەسىلىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەزىرلىك ئالامەتلىرى ئارىسىدا تۇغقا ئالاھىدە ئورۇن بەرگىنىدەك (392)، «بەگلەرنىڭ

(391) قاراخانىيلاردا «بەچكەم» ئوغۇزلاردا «بەرچەم» دەپ ئاتىلىدىغان يىگىتلىك نىشانلىرى ھەققىدە ئاتالاي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىندېكسىگە قارالسۇن؛ بۇ تېمىدا تەتقىقاتىمىزنىڭ «ھەربىي تەشكىلات» بابىدا ئالاھىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر دۆلىتىدە بايراقلار ۋە تۇغلار (سىمۋوللار) ھەققىدە ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى»، Ⅱ، 142 – بەت؛ كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 229 –، 230 – بەتلەرگە قارالسۇن.
(392) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1036 – بېيىت: «ۋەزىرلىك ئاگار، بىردى تامغا ئاياغ، تۇغى كۆۋرۈكى بىرلە بىردى قۇياغ».

شۆھرىتىنى ئىككى نەرسە زورايتۇر: «ئىشىكىدە تۇغى، تۆرىسىدە داستىخىنى» (393) دېيىش بىلەنمۇ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ مەرتىۋە، ئابروي ۋە ھۆرمىتىنىڭ، ئۇلار ئىگە بولغان تۇغلارنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ سارايلىرىدا تۇغلىرىنى كۆتۈرىدىغان مەخسۇس تۇغچىلار بار ئىدى(394).

نەۋبەت قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرى ھېسابلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابىنىمۇ «تۇغ» دەپ ئاتايتتى. بۇ ھەقتە ئەينى دەۋرنىڭ ئىككى ئۇيغۇر يازغۇچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى ئاساسەن بىر خىل مەلۇمات بېرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «تۇغ، خاقاننىڭ ئالدىدا چېلىنىدىغان ناغرا ۋە دۇمباقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «خان تۇغ ئۇردى» دېيىلىدۇ، بۇ ھۆكۈمدار نەۋبەت ئۇردى، مەھتەرخانە چالدى دېگەنلىكتۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىدا بىز ئوتاغ مۇناسىۋىتى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن قەدىمكى بىر تۆتلۈكتە يېزىلغان «تۇغۇم تىگىپ ئۇرۇلدى» دېگەن مىسراغا مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇرۇش ئالامەتلىرى تىكىلىپ، دۇمباقلار (ئەت - تۇبۇل) ئۇرۇلدى» دەپ ئىزاھات بەرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىزاھاتىدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان جەھەتلەردىن بىرى «تۇغ» سۆزىنىڭ ئىككى مەنىسىنى ئوخشاشلا ئىپادە قىلىدىغان شەكىلدە ئىشلىتىلگەنلىكىدۇر. يەنى تۇغ،

(393) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2553 - بېيىت.

(394) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2557 - بېيىت.



ھەم تىكىلگەن، ھەم ئۇرۇلغان مەنىدە كەلگەنلىكىدۇر؛ يەنە بىرى، شۇ «تۇغ» سۆزىنىڭ ئەرەبچە مەنىسىنىڭ (ئالامەتۇل - ھەرب ۋەت - تۇبۇل) شەكلىدە بېرىلىشىدۇر. خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، بۇ مىسرادا ئورۇن ئالغان «تۇغ» سۆزىنىڭ ئىزاھاتىمۇ ئۇنىڭ ھەر ئىككى مەنىدە (سانجاق ۋە نەۋبەت) ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ بىر بەلگىسىدۇر.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «بۇلىت كۆكرەدى ئۇردى نەۋبەت تۇغى، ياشىن ياشنادى تارتتى خاقان تۇغى.» (كۆك گۈلدۈرلىدى، نۆبەت دۇمبىقىنى ئۇردى، چالدى خاقان دۇمبىقىنى، چاقماق چاقتى ۋە خاقاننىڭ تۇغىنى تارتتى) (395) دېگەن بىر بېيىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، تۇغنىڭ ھەم سانجاق، ھەم نەۋبەت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە. پەقەت بۇ بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا يېزىلغىنىدەك، ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسى ئىچىگە كىرگەن قاراخانىيلار «ئۇردا» ۋە «قارشى» سۆزلىرى بىلەن بىر خىل مەنىدىكى «ساراي» سۆزىنى پاراللېل ھالدا قانداق ئىشلەتكەن بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاشلا، تۈركچە تۇغقا پاراللېل قىلىپ شۇ مەنىدىكى «نەۋبەت» سۆزىنىمۇ ئىشلىتىشكە باشلىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، تۈركىي خەلقلەردە تۇغ ۋە دۇمباقنىڭ مۇستەقىللىك (ئەركىنلىك) سىمۋولى بولۇپ قوللىنىلغانلىقى خېلى بۇرۇنقى تارىخقا تاقىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى: باھائىددىن ئۆگەلمۇ خېلى بۇرۇن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بېرىپ - بېرىپ بۇ ئىككى ئۇنسۇر قاراخانىيلار زامانىسىغا كەلگەندە بىرلا «تۇغ» سۆزى بىلەن ئىپادە قىلىنى-

(395) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 86 - بېيىت.

دىغان بولغان (396). ئەمما ئۇلار ھاكىمىيەت سىمۋولى قىلىپ دۇمباقنى «كۆۋرۈگ» ئىسمى بىلەن داۋاملاشتۇرغانلىقى ھەم مەلۇم. ئەمەلىيەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ۋەزىرلىك ئالامەتلىرى ئارىسىدا كۆۋرۈگكىمۇ ئورۇن بېرىش بىلەن بۇ جەھەتنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى (397). كۆۋرۈگنىڭ «كۆبرۈگە» ئىملاسى بىلەن ۋە ھاكىمىيەت سىمۋولى سۈپىتىدە كۆك تۈركلەردىمۇ قوللىنىلغانىدى (398). دېمەك، قاراخانىيلار بۇ جەھەتتىمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى داۋام قىلدۇرغانىدى.

تون (خىلئەت) قاراخانىيلاردا ئۈستىگە ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى ۋە لەقىبى ئىشلەنگەن كىيىملەر «تىراز» دەپ ئاتىلاتتى ۋە ئومۇمەن بۇ كىيىملەر ھۆكۈمدارنىڭ سىمۋولى قىلىنغان رەختلەردە تىكىلەتتى. «تىراز» ھۆكۈمدار تەرىپىدىن دۆلەت ئادەملىرىگە بېرىلگەن چاغدا «خىلئەت» دەپ ئاتىلاتتى (399). قەدىمكى زاماندا غەزنەۋىيلەر ۋە سەلجۇقىيلاردىن ئىبارەت مۇسۇلمان – تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدىمۇ ھاكىمىيەت سىمۋوللىرى ئىچىدە ئورۇن ئالغان (400). «تىراز» ۋە «خىلئەت» سۆزى ئەسلىدە قاراخانىيلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا قوللىنىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەردىزى بۇغراخان

(396) مەيلى بۇ جەھەتتە، مەيلى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە تۇغ ۋە دۇمباق ھەققىدە مەلۇمات ئۈچۈن، ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى»، II، 145 - بەت.
(397) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2553 - بېيىت.
(398) كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 229 - بەت. 208 - بەتكە قارالسۇن.
(399) كۆيمەن: «سارايى تەشكىلاتى»، 20 - بەتكە قارالسۇن.
(400) ھەسەن ئەنۋەرى: «ئىستىلاھاتى دىۋانى»، «دەردەۋرەئى غەزنەۋىي ۋە سەلجۇقىي»، تېھران، 2535 (شاھىنشاھى)، 35 - بەت.



ھارۇننىڭ مىلادى 922 - يىلى، ئاغرىپ قىلىپ ماۋرا ئۇننەھردىن ئايرىلىدىغان چاغدا بۇخارا ۋىلايىتىنى ئابدۇلئەزىز بىن ناسىرغا تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە چىرايلىق خىلئەت كىيگۈزگەنلىكىنى يازىدۇ (401). يەنە بىر تەرەپتىن خەلىپىلەرنىڭمۇ رەسمىي ئېتىراپ قىلىشقان ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىغا «خىلئەت» بەرگەنلىكى مەلۇم. 1061 - يىلى غەربىي قاراخانىيلاردىن تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىمغا (402) ۋە 1103 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلاردىن ئەھمەدخانغا خەلىپىلەر تەرىپىدىن خىلئەت بېرىلگەنىدى. قاراخانىيلارنىڭ «خىلئەت» سۆزىنى بىر ئاتالغۇ ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكىگە دائىر مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ مەنىدە بەزى تۈركچە سۆزلەرنى قوللانغانلىقلىرى ھەققىدە مەلۇماتىمىز بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۆگدۈلمىشكە ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ۋەزىرلىك مەنسىپى بېرىلگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ شۇنداق دەيدۇ: «ئاياغ بىردى تادغا ئات ئۈستەم كەدۈت، ئاغىرلادى ئاشرۇ تۈكەل بولدى قۇت» (ئۇنۋان، تادغا – ئات، ئېگەر – جابدۇق ۋە تون بەردى؛ كۆپ ئېتىبار بەردى، ئۇ، تولۇق بەختكە ئېرىشتى) (403). بۇ بېيىتتىكى «كەدۈت» سۆزىنى ر. ر. ئارات «خىلئەت» دەپ تەرجىمە قىلغان. پىكرىمىزچە بۇ توغرا قىلىنغان تەرجىمىدۇر. يەنە «قۇتادغۇ بىلىگ» دە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدارغا خىزمەتكارلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئۇنۋان، تون ۋە ئابرۇي ئۈچۈن ئاۋارە بولىدىغانلىقىنى ئوقتۇرۇپ ئۆتىدۇ (404). بۇ يەردىمۇ

(401) «زەينۇلئەخبار»، بارتولد: «تۈركىستان» I، 12 - بەت.
(402) «ئەلكامىل» IX توم، 300 - 307 - بەت.
(403) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1766 - بېيىتكە قارالسۇن.
(404) «قۇتادغۇ بىلىگ» 5517 - بېيىت.

ر. ر. ئاراتنىڭ تەرجىمىسىدە كۆرسىتىلگىنىدەك «تون» سۆزىنىڭ «خىلئەت» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ «خىلئەت» سۆزىنىڭ ئورنىغا، ئومۇمەن چاپان، كىيىم مەنىسىدىكى «كەدۈت» ياكى «تون» سۆزلىرىنى ئىشلەتكەن دېيەلەيمىز. ئۇندىن باشقا «خىلئەت» سۆزىنىڭ يالغۇز كىيىملا ئەمەس، كەمەر، قىلىچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇستىباش بىلەن ئات، ئېگەر، چېدىر كەبى نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە(405)، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىدىكى بېيىتىدە كەدۈتتىن باشقا ئات ۋە ئات جابدۇقلىرى سۆزلىرىنىڭ ھەم «خىلئەت» مەنىسىگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتالايمىز. لېكىن، ھازىرچە بۇ تېمىدا بۇنىڭدىن كۆپرەك بىر نەرسە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز.

## 2. ھۆكۈمدارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى

بىزدە قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ھەققىدە مەلۇمات كۆپ ئەمەس. پەقەت بۇ دەۋرنىڭ ئىككى مەشھۇر يازغۇچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى ئومۇمەن قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ رەسمىي ۋە خۇسۇسىي ھاياتى ھەققىدە ئاز بولسىمۇ بەزى مەلۇماتلارنى بەرگەنىدى. نىزامىي ئارۇزىمۇ بىر خۇسۇستا بەزى ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگىنىدى. بۇ مەلۇماتلارنى بىر يەرگە توپلاش، ھەر ھالدا قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولار. شۇڭا، بىز قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ھەققىدە

---

(405) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 23 - بەت؛ ھەسەن ئەنۋەرى، «ئىستىلاھاتى دىۋانى»، 35 - بەت.



مەلۇمات بېرىشكە تىرىشقىنىمىزدا تېمىنى: (1) ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمەت تۇرمۇشى؛ (2) ھۆكۈمدارنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى؛ (3) ھۆكۈمدارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دېگەن ماددىلارغا بۆلۈپ سۆزلەيمىز. يەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، قاراخانىيلار سارىيىدا ۋە ئومۇمەن دۆلەت باشقۇرۇشتا، ھۆكۈمدار باشلىق پۈتۈن دۆلەت باشلىقلىرىغا خىتاب قىلغان چاغدا ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇلارنىمۇ تەكىتلەشنى لايىق تاپتۇق(406). چۈنكى بىر خىل «ساراي تىلى» دېيىشكە بولىدىغان بۇنداق خىتابلار شۇ دەۋرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش چۈشەنچىسى ۋە باشقۇرغۇچى بولغان ھۆكۈمدارلارغا بولغان ھۆرمەت ئىپادىلەش جەھەتتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر تەرەپتۇر.

مەھەممەت ئالتاي كۆيمەن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بىر دۆلەت خادىمى بولغان ھۆكۈمدارنىڭمۇ ھۆكۈمەت تۇرمۇشى ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشى بولۇشى چوقۇم. ئۇنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان بۇ ئىككى خىل تۇرمۇشىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق بەلگىلەش مۇمكىن ئەمەس(407). بىراق، ھەر خىل (قوپال) سىزىقلار بىلەن بولسىمۇ، ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمەت تۇرمۇشى ۋە

---

(406) — قاراخانىيلارنىڭ «ساراي تىلى» دەپ ئاتالغان بۇ ئاتالغۇلار ئۈستىدە ئۆز ۋاقتىدا ج. بروككېلمان بىر تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، (Hofsprache in AlturKestan, Donum Natalicium Shrijmen, 222·1929 Nijmen - utrecht — 227 بەت). ئۇنىڭ بۇ خۇسۇستا بەرگەن مەلۇماتلىرى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ساراي تىلىنىڭ ھەممىسىنى ئىپادىلەشتىن ئۇزاقتۇر. چۈنكى، ئۇ بۇ ماقالىدە تېخىمۇ كۆپرەك دەۋرنىڭ بەزى ئۇنۋانلىرى ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، ساراي تىلى ئاتالغۇلىرىغا ئاز ئورۇن بەرگەنىدى.

(407) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 41 - بەت.

خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىش ھەر ھالدا توغرا بولسا كېرەك.

## ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمەت تۇرمۇشى

بىر ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمەت تۇرمۇشى شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىكى خىزمەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئاساسلىقلىرىنى، ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىر باشلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، مۆتىۋەرلەر، ئۇندىن باشقا چەت ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلار تەشكىل قىلاتتى. بۇ ئۇچرىشىشلار، ھۆكۈمدارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ياكى كوللېكتىپ ھالىتىدە قوبۇل قىلىپ كۆرۈشۈش يولى بىلەن بولاتتى. XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇلاردىن ئايرىم كۆرۈشۈش ئۇسۇلىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈرگۈزۈلگەنلىكى، پەقەت بەزىدە كوللېكتىپ ھالدا قوبۇل قىلىش ۋە كۆرۈشۈشلەرنىڭمۇ بولغانلىقى مەلۇم.

ھۆكۈمدارلار بۇنداق ئۇچرىشىشلارنى نورمال ھالدا ئوردىدا ياكى ئوردا سىرتىدا بولغان كۈنلەردە ئوتاقلاردا ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق كۆرۈشۈشلەر ھۆكۈمدار ھۆكۈمدارلىق كىيىمىنى ياكى خەلىپىنىڭ خىلئىتى (تونى) نى، تاجنى كىيگەن ھالدا، كۈنلۈك، تەخت ۋە بايراققا ئوخشاش ھاكىمىيەت سىمۋوللىرى بىلەن بېزەلگەن سارايدا بولاتتى، دىپلوماتىك قائىدىلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن ساراي ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلاتىغا مەنسۇپ خادىملارمۇ بۇنداق قوبۇل قىلىشلاردا ھازىر بولاتتى.

قاراخانىيلارنىڭ ئوردىلىرىدا ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمەت تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزىدىغان بىرەر بۆلۈمى ۋە ياكى بىرەر ئىدارىسى



بارمىدى؟ باشقىچە ئېيتساق، ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر ئىشخانىسى بارمىدى؟ بۇ مەسىلىدە بىز ئۇچۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يازغانلىرىدا مۇنداق بىر ئورۇننىڭ، بىر ئىدارىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ئادالەت تىلەپ مەندىن ئىشىكىمگە كەلسە»(408) ۋە «نىزام بىلەن دەرگاھ ئىش تۈزگۈچى»(409) دېگەن مىسرالىرى بىلەن بولۇپمۇ «ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى(410)» دا تىلغا ئالغان «قاپۇ» سۆزىنى ئۇسمانلىيلاردا بولغىنىدەك، ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورۇن يەنى دىۋان مەنىسىدە قوللانغانىدى(411).
يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىدا ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرى ئىچىدىكى ساراي ھەققىدە سۆزلىگەندە «قۇتادغۇ بىلىگ» دە سارايىنى «بەگلەر ئۆيى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئېلىگ بىر كۈن ئولتۇرۇپ ئۆزى يالغۇزۇن، ئەۋىن قىلدى خالى ئىرىكتى ئۆزۈن» ۋە «ئوقۇدى كۆز ئاي تولدىغا قىلدى يول، بۇ ئايتولدى كىردى قاۋۇشتۇردى قول»(412) دەپ يازغانىدى. بۇنىڭ مەنىسى: «ھۆكۈمدار بىر كۈنى يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىدۇ ۋە خالى بولۇش ئەمرىنى بېرىپ(413)، ئۆينى بوشاتقۇزۇپ يالغۇز قالىدۇ؛ ئايتولدىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىدۇ، ئايتولدى كىرىپ ۋە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ» بولىدۇ. بۇ يەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئۆيىنى

(408) (409) (410) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 812 - بېيت، 4170 - بېيت. XIVIII باب ماۋزۇسى.
(411)، (412) 465 -، 766 - بېيتلەرگە قارالسۇن.
(413) ر.ر. ئارات، «ئەۋىن قىلدى خالى» ئىپادىسىنى، «خىلۋەت ئەمرى بەردى» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەركىن تەرجىمە بولغاچقا توغرا دەيمىز.

قىلدى خالى» سۆزى ئارقىلىق چوقۇم «ئىشلەۋاتقان ئۆينى، بۆلۈمنى بوشاتقانلىقى» نى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق. ئۇنداق بولمىغاندا، ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن پۈتۈن سارايىنى بوشاتقانلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولسا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى، دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى ۋە كۆرۈشۈشلەرنى «قوۋۇق» تا «بەگ ئەۋى» دەپ ئاتالغان ئايرىم بىر ئۆيدە ئېلىپ بېرىشاتتى. بۇ يەردە ھۆكۈمدارنىڭ كۈندىلىك ھۆكۈمەت تۇرمۇشىغا ئائىت پائالىيەت ئورنى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، ئەمدى ئۇنىڭ مۆتىۋەرلەر بىلەن بولغان ئايرىم ئۇچرىشىشلىرىغا كەلسەك، قاراخان ھۇزۇرىدا بولىدىغان كوللېكتىپ كۆرۈشۈشلەردە مەجلىسكە قاتناشقۇچىلارمۇ دىپلوماتىك قائىدىلەر بويىچە ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولاتتى. ئەگەر ھەر قانداق بىرى ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشنى تەلەپ قىلسا، بۇ تىلىكىنى ھاجىپقا ئېيتاتتى. ھاجىپ مۇناسىپ بىر ۋاقىتتا ئەھۋالنى ھۆكۈمدارغا يەتكۈزەتتى. كىم ئىكەنلىكىنى ۋە تەلىپىنى ئېيتىپ ھۆكۈمدارنىڭ رايىغا قاراپ، ئەگەر تەلەپ قىلغۇچى ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىنىدىغان بولسا، قوبۇل ۋاقتىنى تەلەپ قىلغۇچىغا ئۇقتۇراتتى(414). بۇنىڭ بىلەن مەيلى ھەرقانداق بىر تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ھاجىپقا ۋە دۆلەتنىڭ باشقا باشلىقلىرىغا بولغان تەلەپلىرى بولسۇن، مەيلى ھاجىپ ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمدارغا ئېيتماقچى بولغان ھەرقانداق بىر مەسىلىسى بولسۇن ھەممىسىدە قاراخانىيلارنىڭ ئادىتىدە مۇددىئا «ئۆتۈنمەك» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنەتتى (415). يەنە مۇشۇ سۆز

(414) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 506 — 510، 539 — 541، 568 - بېيىتلەر.

(415) يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا «ئۆتۈنمەك» سۆزىنى «ئەرز ئەتمەك (بىلدۈرمەك)» مەنىسىدە قوللانغىنىدەك (مەسىلەن: 529 —، 578 —، 2951 —، 4103 — بېيىتلەرگە قاراڭ)، مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆزنى ئەينى مەنىدە قوللانغان (كېلىسلى I، 173 - بەت؛ ئاتالاي I، 199 - بەت).



بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا خاقانغا ھەرقانداق بىر تىلەكتە بولغۇچى «ئۆتۈگلۈگ كىشى»(416) دېيىلەتتى. بۇ ئۆتۈنۈشنى ئۆزى ئورۇندىيالمىغانلار ياكى جازاغا تارتىلىدىغانلار، باشقا بىرىنى خاقان يېنىدا ئارىچى ۋە شاپائەتچى قىلاتتىكى، بۇ شاپائەتچىنى «ئۆتۈگچى»(417) دەپ ئاتىشاتتى.

خاقان ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىنىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە يەنىلا ئالدى بىلەن ھاجىپ تەلەپ قىلغۇچىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلاتتى. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئۆتۈنۈش ئومۇمەن ئۆرە، قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ھالەتتە بەجا كەلتۈرۈلەتتى(418). ئاخىرى ھۆكۈمدار ئۇنىڭ ھۇزۇرغا كەلتۈرۈلۈشىنى بۇيرۇيتتى. ھاجىپ تەلەپ قىلغۇچىنى «تاپۇغقا كۆرۈندۈرۈك»(419)، يەنى ھۇزۇرغا كىرگۈزەتتى. ھۇزۇرغا كىرىش — «تاپۇغقا كۆرۈنمەك» دېيىلەتتى(420). شۇ سەۋەبتىن يەنە خاقاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ھەرقانداق بىرىنىڭ رۇخسەت سورىشىنى «يول قولماق» (421)، ھۆكۈمدارنىڭ رۇخسەت بېرىشىنى «يول قىلماق»(422)، كۆرۈشۈش ۋاقتىنى «يول ئۆدى»(423)، كۆرۈ-

(416) — كېلىسلى I، 134؛ ئاتالاي I، 152.

(417) — «قۇتادغۇ بىلىگ»، 3767 - بېيىت. يەنە كېلىسلى II، 114 - بەت؛ ئاتالاي II، 144. «ئول مەنى ئۆتۈگچى تۇتۇندى».

(418) «ھاجىپ كىردى ئىلىگ تاپا يۈز ئۇرۇپ — ئىلىگكە ئۆتۈندى ئاداقىن تۇرۇپ».

(419)، (420)، (421)؛ (422) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 573 —، 3841 —، 766 —، 3768 —، 4896 — بېيىتلەر. ر.ر. ئارات، 3768 - بېيىتتىكى «قاپۇغچى تىدۇماز يا يول قىلغۇچى» مىسراسىنى، «قوۋۇقچى ياكى يول كۆرسەتكۈچى ماڭا توسقۇن بولالماس» دەپ خاتا تەرجىمە قىلغان. بۇ يەردە يول قىلغۇچى بىۋاسىتە ھۆكۈمدار يەنى ھۇزۇرىغا كىرىشكە «يول بەرگەن» (رۇخسەت قىلغان) بىرى مەنىسىدىدۇر.

(423) — «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2537 - بېيىت.

شۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى «يول كەسمەك»(424) دەيتتى.

ئەگەر هۆكۈمدارنىڭ ئۆزى هەرقانداق بىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولسا، ئۇ چاغدا يا ئۇنى دەۋەت قىلىشنى هاجىپقا بۇيرۇيتتى(425)، هاجىپ بولسا ئادەملىرىدىن بىرىنى (ئوغلان) ئەۋەتىپ شۇ ئادەمنى چاقىرتاتتى(426) ياكى ئۆزى خەۋەر بېرەتتى. بۇنداق ئىشنى دەۋەت قىلىش مەنىسىدە «ئۇقىماق»(427)، ئەۋەتىلگۈچىنى «ئۇقىتچى»(428) دەپ ئاتايتتى، شۇنداقلا هۆكۈمدارنىڭ ۋەزىر، هاجىپ ۋە باشقا مۆتىۋەرلەرنى هۇزۇرىغا چاقىرىشنى «دۇندەمەك» دەيدىغانلىقى مەلۇم(429). ئۇنىدىن باشقا قاراخانىيلارنىڭ بولۇپمۇ بۇ دۆلەتنىڭ تايانغان مۇهىم ئەزالىرىدىن بولغان چىگىللەرنىڭ هەرقانداق بىرىنىڭ بۇيرۇق بىلەن هۆكۈمدار هۇزۇرىغا چاقىرىلىشىنى «ئول تەگىندى» دەيدىغانلىقى مەلۇم. بۇ «خاقانىنىڭ (ياكى بەگنىڭ) هۇ-

424 «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2540 - بېيت: «يول كېسلىسە = قوبۇل ۋاقتى توگىسە».

(425) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 573 - بېيت: «يورى بار ئوقىغىل ئانى سەن ماڭا».

(426) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 574 -، 575 - بېيت: «بىر ئوغلان يوگورتتى تىلىن سۆز ئىدىپ».

427 «قۇتادغۇ بىلىگ»، 573 -، 766 -، 1580 - بېيتلەر: «كىشى ئىدتى تەركىن كۆر ئۆگدۈلمىشىگ ئوقىدى ئۆزۈكە بەكىتتى ئىشىگ».

428 «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5022 - بېيتتىكى «كىشى بارگا مىندىن ئوقىتچى ساڭا»، تەكلىپ قىلماق مەنىسىدىكى: «ئوقۇماق» سۆزى بوگۈنكى تۈركچىدە مۇراسىملارغا چاقىرىش مەنىسىدە هېلىمۇ قوللىنىلماقتا.

(429) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 955 - بېيت: «ئىلىك بىر كۈن ئاي تولدىنى ئۇندەدى». 1588 - بېيت: «بۇ كۈن ئەدلەپ ئىلىك مىنى ئۇندەدى».



زۇرىغا چىقىش ئۈچۈن ئۇ هازىر بولدى، كېلىش ئۈچۈن بۇيرۇق ئالدى» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى(430).

هۆكۈمدارنىڭ هۇزۇرىغا كىرگەن كىشى قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇراتتى(431). هۆكۈمدار بۇيرۇماستىن هېچقانداق سۆز سۆزلەنمەس ئىدى. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ هۆكۈمدار بۇيرۇشتىن بۇرۇن سۆز قىلغۇچىلارنى «هايۋان»، «تەلۋە» دېيىشلىرى، بۇ جەهەتتە قانچىلىك دىققەت قىلىنىدىغانلىقى هەققىدە بىزنى مەلۇم پىكىرگە ئىگە قىلىدۇ(432). خاقانىنىڭ هۇزۇرىغا كىرگەن ئادەم سۆزلەشكە بۇيرۇق بېرىلگەندىن كېيىن يا خاقانىنىڭ هۇزۇرىدا هۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ (يۈكۈنۈپ)(433) ياكى قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە ساڭگىلىتىپ تىز چۆكۈپ(434) ياكى يەرنى سۆيۈپ(435) سۆزلىمەكچى بولغانلىرىنى بىلدۈرەتتى. بەزىدە يەرنى سۆيۈپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن سۆزنى باشلايتتى(436). مەيلى يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ، مەيلى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئېنىق مەلۇماتلارنىڭ بولمىغانلىقىغا قارىماي، قوبۇل قىلىش جەريانىدا هۆكۈمدارنىڭ تەخت ئۈستىدە هۆكۈمدارلىق كىيىمى بىلەن، تاج كىيگەن هالدا بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ كۈمۈش تەخت هەققىدە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

(430) كېلىنلى II، 113؛ ئاتالاي II، 143.

(431) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 621 -، 766 -، 767 -، 4896 - بېيتلەر.

(432) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 959 -، 962 -، 963 - بېيتلەر.

(433) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 582 - بېيت.

(434) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 581 - بېيت.

(435) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 598 -، 1553 -، 1601 - بېيتلەر.

(436) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 939 -، 942 - بېيتلەر.

خاقانىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەنلەر، مەسىلەن: «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى ئايتولدى ياكى ئۆگدۈلمىشتەك ۋەزىرلىك مەنسىپىگە چىققان ياكى باشقا بىر سەۋەب بىلەن مەرتىۋىسى ئۆسكەن ۋە ھۆكۈمدارغا يېقىن بولغان بىرى بولسا، ھۆكۈمدار ئولتۇرۇشنى ئىشارەت قىلاتتى (بۇ ئىشارەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە ئاساسەن كۆز ئىشارىتىدۇر، دېيىلگەن) ياكى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇيتتى(437). ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغۇچى ئاستا ۋە ئەدەب بىلەن ئولتۇراتتى. كۆزلىرىنى يەرگە تىكەتتى. ئوڭ ـ سولغا قارىماستىن سۆزىنى سۆزلەيتتى ياكى جىم تۇرۇپ ھۆكۈمدارنىڭ سۆزىنى كۈتەتتى (438).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە، ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىغا چىقىش بىلەن ھوزۇردا قانداق ھەرىكەت قىلىشقا دائىر ناھايىتى كۆپ سۆزلەرنىڭ ئورۇن ئېلىشى، قاراخانىيلار دۆلىتىدە بۇ قائىدە ـ نىزام ئىشلىرىغا قانچىلىك دىققەت بىلەن رىئايە قىلىنىدىغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن. شۇ جۈملىدىن، ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلغان چاغدا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئىپادە قىلىشتىن بۇرۇن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىغا كىرىدىغان بىرىگە نىمىلەرنى نەسىھەت قىلغانلىقىنى «قۇتادغۇ بىلىگ» دىن نەقىل كەلتۈرەيلى: «بەگنىڭ ھوزۇرىدا بولساڭ ئىنتايىن دىققەت قىلغىن، قاراشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرگە قارىما ۋە ئۇلارغا نەزەرىڭنى سالما. بەگنىڭ ھوزۇرىدا بولغان چېغىڭدا كۆزۈڭ يەردە، قۇلىقىڭ تۆردە بولسۇن (تۆر ـ ھۆكۈمدار ئولتۇرغان تەخت)، قوللىرىڭنى قوۋۇشتۇر. پۇتۇڭنى جۈپلەشتۈر. ئوڭ قولۇڭنى سول

(437) 768 ـ، 955 ـ بېيتلەر.
(438) 769 ـ، 956 ـ بېيتلەر.



قولۇڭنىڭ ئۈستىگە قوي، ئىشىكتىن كىرىشتە ئوڭ پۇتۇڭ بىلەن كىر. ئەمر قىلىنسا ئەقىل ـ پىكرىڭنى يىغىپ ئاڭلا. ئۆتۈنۈش قىلغاندا قوللىرىڭنى تۆۋەنگە تاشلا، يۈكۈن، ھوزۇردىكى چاغدا ئوڭ ۋە سولغا قارىما. ھۆرمەت بىلەن تۇر، سۆزنى دىققەت قىلىپ ئاڭلا، سەندىن گەپ سورىسا، راست گەپ قىل، جاۋاب بەرسە ئەمرىنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇندا»(439).

مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمدارغا كۆرۈنۈشىنى قاراخانىيلار «تابۇغقا كۆرۈنمەك» دېيىشتىن باشقا يەنە، «كۆرۈنمەك» دەيتتى(440). بىرىنىڭ ھوزۇردا تۇرۇش ھالىتىنى «ئىلىگ ئۇترۇتۇرماق»(441) ياكى ئاددىيلا «ئۇترۇتۇرماق» (442) دەيتتى. ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلىشقا كەلسەك، قوبۇل قىلىنغۇچى يەر سۆيگەندىن كېيىن ئاندىن ئورنىدىن تۇراتتى (443)، چىقىدىغان چاغدا ھۆكۈمداردىن ئالغان بۇيرۇقنى ئۈچۈن «ئىلەل» (باش ئۈستىگە) دېيىشنى ئۇنۇتۇپ قالمايتتى(444). مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار خەلقى تەرىپىدىن «ئىلەل» سۆزىنىڭ يالغۇز بەگلەرگە، خاقانلارغا جاۋاب بەرگەندە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ۋە ماقۇل (خوپ) مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى (445). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا جاۋابەن دېيىلىدىغان «يەر ئۆپمەك» ۋە «ئىلەل» دېگەن سۆزلەرگە ۋەزىر

(439) 4051 ـ، 4060 ـ بېيتلەر.
(440) 2519 ـ، 2537 ـ بېيتلەر.
(441) 767 ـ بېيت.
(442) 1652 ـ بېيت.
(443) 3050 ـ، 3067 ـ، 6420 ـ بېيتلەر.
(444) 3281 ـ، 3946 ـ، 5027 ـ، 5622 ـ بېيتلەر.
(445) كېلىبلى I، 74؛ ئاتالاي I، 78.

ئۆگدۈلمىشنىڭمۇ ھۇزۇردىن ئايرىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئورۇن بەرگەنلىكىگە قارايدىغان بولماق، قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا بولسا بولسۇن، بۇ ئۇسۇلنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن ئورۇنداشقا تېگىشلىك بىر ئادەت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ (446).

يەنە بىر تەرەپتىن، «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ھۆكۈمدار كۈن تۇغدىنىڭ، ئاددىي بىر زاھىد ئودغۇرمىشنى قارشى ئالغاندا ئورنىدىن تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن قول سىقىشقانلىقى ۋە ئۆزىگە يېقىن يەردىن ئورۇن بېرىپ، ئىلتىپات ۋە ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئېلىپ ئېيتساق(447)، قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭمۇ ئالىملارغا قانچىلىك ئېتىبار بەرگەنلىكلىرىنى ۋە ئۇلارنى قارشى ئالغاندا دىپلوماتىك قائىدىلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويغانلىقلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ھۆكۈمدارنىڭ مەيلى دۆلەت باشلىقلىرى، مەيلى ھەر خىل ساراي خىزمەتچىلىرى بىلەن كوللېكتىپ كۆرۈشۈشلىرىگە كەلسەك، بۇلار ھەققىدە ئايرىم قوبۇل قىلىشلاردەك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ خۇسۇستا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، خاقاننىڭ ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىنىدىغان دۆلەت خادىملىرى ياكى يەرلىك ئەمەلدارلار «بىرۇق» (بۇيرۇق)(448)

(446) بۈيۈك سەلجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدىمۇ بۇ ئۇسۇلنىڭ تەتبىق قىلىنىشىغا دائىر كۆيمەن، «ساراي تەشكىلاتى» 44 - بەتكە قارالسۇن.

(447) 5035 -- 5039 - بېيىتلەر.

(448) كېلىسلى I، 316؛ ئاتالاي I، 378. مەھمۇد قەشقەرى «بىرۇق» ھەققىدە «خاقاننىڭ يېنىغا مەرتىۋىسىگە قاراپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان، ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ نامى» دېگەندىن كېيىن، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىنىڭ بۇيرۇقتىن كەلگەنلىكىنى ۋە بۇيرۇقنىڭمۇ بەگ (ئەمىر) دېمەك بولغانلىقىنى، چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ كەلگەنلەرگە شۇنداق ئەمىر بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.



دەپ ئاتىلىدىغان تەشرىپاتچىلار (كۆزەتكۈچىلەر) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىناتتى. بىرۇقلار كەلگۈچىلەرنى مەرتىۋىلىرىگە قاراپ نۆۋەت بىلەن ھۇزۇرغا چىقىراتتى ۋە كوللېكتىپ قوبۇل قىلىشلاردا يەنە مەرتىۋىلىرىگە قاراپ خاقاننىڭ ھۇزۇرىدا ئورۇن تىزەتتى. قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ دەرىجە ـ مەرتىۋىلىرىگە قاراپ رەتكە تىزىلىش «قۇرام» دەپ ئاتىلاتتى. (449) بۇ سۆزدىن پايدىلىنىپ، باشقىلار خاقان ئەتراپىدا بۇ شەكىلدە مەرتىۋىلىرىگە قاراپ ئورۇن ئېلىشلىرىنى ئىپادە قىلىش مەقسىتىدە «كىشىلەر قۇرام ئولتۇردىلار» دېيىلگەنلىكى مەلۇم. شۇ سەۋەبتىن يۇقىرىدىمۇ دەپ ئۆتكىنىمىزدەك كوللېكتىپ قوبۇل قىلىش ۋاقتىدىمۇ ھۇزۇرغا كىرگۈچىلەرنىڭ يەككە (ئايرىم) قوبۇل قىلىشتىكى قائىدە ـ نىزاملارنى ئورۇنداشقا مەجبۇر ئىكەنلىكلىرىنى تەخمىن قىلىش خاتا بولمىسا كېرەك.

كوللېكتىپ قوبۇل قىلىشلارنىڭ قانداق مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ھۆكۈمدارنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تەرتىپلىگەن زىياپەتلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلەت باشلىقلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى چوقۇم. بىز مەنبەلىرىمىزدىن ئالغان ئىمكانىيەتلىرىمىز دائىرىسىدە بۇ زىياپەتلەردىن ھۆكۈمدارنىڭ كۈندىلىك خۇسۇسىي ھاياتى ئۈستىدە توختالغاندا مەلۇمات بېرىشنى لايىق كۆردۇق. رەسمىي كوللېكتىپ قوبۇل قىلىشلار ھەر خىل تېمىلاردا مەسلىھەتلىشىش ۋە بەزى مۇھىم قارارلارنى چىقىرىش مەقسىتىدە بولاتتى. بۇ كوللېكتىپ قوبۇل قىلىش ۋە كۆرۈشۈشلەر سەۋەبى بىلەن لازىم تېپىلغاندا، ھۆكۈمدار ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ سىرتتىكى باشلىقلارنى

(449) كېلىسلى I، 346 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 413 ـ بەت «قۇرام كىشىلەر» ۋە «كىشىلەر قۇرام ئولتۇردىلەر».

ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىراتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ تىپقا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى يازغانلىرىغا قارىغاندا، قاراخانىيلاردا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا خاقاننىڭ ئادەملىرىنى ئۆزىنىڭ قېشىغا چاقىرىشىنى «ئىبارتىش» دەپ ئاتايتتى. «بەگدىن ئىبارتىشچى كەلدى» دېگەنلىك ھۆكۈمداردىن «دەۋەتچى» كەلدى دېگەنلىك ئىدى (450). نىزامى ئارۇزى بۇخراخان ھارۇننىڭ سۇلتان مەھمۇدتىن كەلگەن بىر خەتكە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن ماۋرائۇننەھر ئۆلىمالىرىنى توپلاپ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى تىلغا ئالغانىدى (451).

مەسلىھەت قىلىش مەسىلىسىگە سەلجۇقىيلار ۋەزىرى نىزامۇلمۈلكمۇ ئوخشاش (452) ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ تىپتا مۇھىم مەلۇماتلارنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى «كەڭەش» دەپ ئاتالغان مەسلىھەت يىغىنلىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، خۇدادىن ئادەملەرگە خەۋەر يەتكۈزگەن پەيغەمبەرمۇ «ھەممە ئىشتا مەسلىھەت بىلەن چارە تېپىلغانلىقىنى» ئېيتقاندىن كېيىن، ھۆكۈمدار ۋە دۆلەت ئادەملىرىنىڭ مەسلىھەتسىز ئىش قىلىشلىرى ئەسلا توغرا ئەمەس. شۇڭلاشقا، «بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كېڭەش قىلىش ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشى لازىم. ھەرقانداق ئىشنى بىلىپ قىلىش ۋە كېڭەش بىلەن قىلىش لازىم. كېڭەشمىگەن كىشى، ئۆز ئىشىدا زىيان تارتىدۇ ۋە ئاخىرى پۇشايمان قىلىپ زارلايدۇ. ئادەم ھەممە ئىشنى يېقىنلىرى بىلەن كېڭەش قىلىشى كېرەك. ھەر خىل ئىش كېڭەش بىلەن ھەل بولىدۇ.

(450) كېلىسلى I، 385 - بەت؛ ئاتالاي I، 462 - بەت.
(451) «چاھار ماقالە»، 41 - بەت.
(452) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى» 49 -، 51 - بەتلەر.



ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى ياخشى بىلەلمەيدۇ. ئۇنى باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلىشنىڭ زور پايدىسى بار. مەسلىھەتلەشسە، ئادەمنىڭ بىلىمى كېڭىيىدۇ. ئەگەر بۇ كېڭەشكە بىلىممۇ قوشۇلىدىغان بولسا، ئۇ ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ» (453) دەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ئائىت نەسىھەتلەرنى قىلغان چاغدا، ھۆكۈمدارنىڭ ئالىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «بۇلار (ئالىملار) ئادەمنى دۆلەتكە ۋە سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇلارغا ئىززەت ۋە ئىكرام قىل، نېمە دېسە شۇنى قىل، شەرىئەت يولىنى تۇت، ھۆكۈملىرىگە ئېتىراز بىلدۈرمە ۋە ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن ئېگىل. ئەي دانا ھۆكۈمدار، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ساقلا، يېمەك - ئىچمەكتىن تەمىنلە، ئۇلار موھتاجلىقتا قالمىسۇن. ئۇلار ئاسايىش ئىچىدە بىلىم ئۆگەتسۇن. بىلمىسەڭلەر ئۇلاردىن بىلىم ئۆگىنىڭلار» (454). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ سۆزلىرى كېڭەشمە خۇسۇسىدا ھۆكۈمدارغا ياردەم قىلىدىغانلار ئىچىدە ئەھلى بىلىملەرنىڭ، زىيالىيلارنىڭ مۇھىم ئورنىنى تونۇتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە ماسلاشماق كېرەكلىكىنى كۆرسەتكىنىدە، ئالىملارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنىمۇ ھۆكۈمدار تەرىپىدىن تەمىنلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇ دەۋردە سەلجۇقىيلار ۋەزىرى نىزامۇلمۈلكنىڭ بولۇپمۇ دىنىي ئالىملار بىلەن سۇلتاننىڭ كېڭەش قىلىشىنى ۋە ئۇلارغا دۆلەت خەزىنىسىدىن ئۆز مەئىشىتىنى تەمىنلىگۈدەك ياردەم بېرىلىشىنى تەكلىپ قىلغىنىغا قارىغاندا (455)، بۇنىڭ تۈركىي خەلق دۆلەت-

(453) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5649 -، 5560 - بېيتلار.
(454) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5551 -، 5554 - بېيتلار.
(455) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 62 - بەت.

لىرىدە ئورتاق مەسىلە ئىكەنلىكى مەلۇم.

قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئالىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر مەلۇماتلار ئاساسەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دېگەنلىرىدىن ئېلىنغان. بۇ ھەقتە ئىبنۇل - ئەسىرمۇ بۇغراخان ھارۇن، ئىلىگ خان ناسىر ۋە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ دىندار، ئادىل، ياخشىلىق قىلغۇچى (خەير سۆيەر)، ئالىملارنى، دىنىي زاتلارنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇلارغا ھەر دائىم ئىكرام قىلىدىغان ئادەملەر ھېسابلىنىپ شۆھرەت قازانغانلىقلىرىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى ئارسلانخانمۇ ئالىملارنى ۋە دىنىي زاتلارنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن. ھەر تەرەپتىن ئالىملار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشىپ ئىكراملىرىغا نائىل بولىدىكەن. تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بولسا فەقىھلەر بىلەن كېڭەشمەي تۇرۇپ باج ئالمايدىغان دەرىجىدە ئادىل ئىدى(456). زەينۇسسالىھىن لەقىبى بىلەن تونۇلغان ۋائىز ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھ بىن مۇھەممەد ئەش - شۇمانى ئەل - بەلخى شەمسۇلمۈلك ناسىرنىڭ مۇئەللىمى ۋە ئۇستازى ئىدى(457). شەمسۇلمۈلكنىڭ ئۆزى بولسا توشقان ۋە تونۇلغان ئىلىم ئىگىسى ئىدى. (458) ھەتتا تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم ئۆزى بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان ۋائىز ئەبۇ شۇجا ئەل - ئەلەۋىنىڭ «سەن ھۆكۈمدارلىققا لايىق ئەمەسسەن» دەپ خىتاب قىلىشى بىلەن بەكمۇ تەسىرلىنىپ كېتىپ، ئىشىك - دەرۋازىلىرىنى ئەتكۈزۈپ ھۆكۈمدارلىقنى تاشلاشقا تەييارلانغاندا،

(456) «ئەلكامىل»، IX توم، 100 -، 240 -، 298 -، 299 -، 300 - بەتلەر.

(457) سەمئانى: «كىتابۇل ئەنساب»، بارتولد، «تۈركىستان» I، 61 - بەت.

(458) «جەۋامى»، 85 - بەت.



ئىپەقەت جامائەتنىڭ «ئەبۇ شۇجانىڭ سۆزلىرى خاتا» دەپ ياۋۇرۇشلىرى ئارقىسىدا دەرۋازىلىرىنى قايتىدىن ئاچقانىكەن(459).

بىراق، ئالىملارغا شۇنچىلىك ئېتىبار بېرىدىغان قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن بەزىلىرى مەلۇم چۈشەنمەسلىكلەر تۈپەيلىدىن ئالىملارنى ئۆلتۈرگەنىدى. مەسىلەن: تامغاچ ئىبراھىم خان ئىمام ئەبۇل قاسىم سەمەرقەندىنى ئۆلتۈرگەنىدى. ئەۋفىنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا خاتاسى مۇشۇ بولۇپ، ھەتتا شۇ سەۋەبتىن خەلقلەرگە دۈشمەن بولۇپ قالغانىدى(460). ئۇنىڭ ئوغلى شەمسۇلمۈلك ناسىرمۇ ھىجرىيە 461 - يىلى (مىلادى 1068/69) ئىمام ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمايىل بىن ئەبى ناسىر ئەسسەففارنى ئۆلتۈرگەنىدى(461).

ھۆكۈمدارنىڭ كۆللىكتىپ قوبۇل قىلىشلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن بۇ تەپسىلاتلاردىن كېيىن يەنە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك قەيتلىرىگە قايتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ كۆز قارىشىچە، ھەر خىل تېمىلاردا مەسلىھەتچى بولۇپ ھۆكۈمدارغا ياردەملەشكۈچى ئالىملاردىن باشقا يەنە «ئۆگە»، «بىلگە ئۆگە»، «كۆك ئايۇق» ۋە «ئەر ئۆگە» ئوخشاش دۆلەت كېڭەشچىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ھەقتە تۆۋەندە يەنە ئايرىم توختىلىمىز. كوللېكتىپ قوبۇل قىلىشلارغا دائىر شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دېيىشىچە، ھۆكۈمدار ياغىز دۆلەت باشلىقلىرى، مەسلىھەتچىلەر ۋە ئالىملار بىلەنلا ئەمەستىن، لازىم تېپىلغاندا ئۆزىنى قوغدىغۇچى قاپۇچىباشى (ئىشىك ئاغىسى) ۋە ھەرەم خادىملىرى قاتارلىق ھەر خىل

(459) «ئەلكامىل» IX توم، 300 - بەت.

(460) «جەۋامى»، 85 -، 86 - بەتلەر.

(461) سەمئانى: «كىتابۇل ئەنساب»، 62 - بەت؛ «رىسالەئى پادىشاھىيە»، قەيسەرى رەشىد ئەفەندى كۈتۈپخانىسى. نومۇر 1110، 65 - بەت.

ساراي خىزمەتچىلىرى بىلەنمۇ كوللىكتىپ كۆرۈشەتتى: ئۇ قاپۇغچىباشىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا (يول ئۆدى بولسا)، ئۆز قىسمىنى يىغىپ، ھەممىنى ئۇ باشلاپ چىقىشى، ھۇزۇردا ئۇزۇن تۇرماسلىقى، كۆرۈنۈپلا چىقىپ كېتىشى، بۇ ئىسنادا ئىشىكتە ئورۇنغا بىرسىنى قويۇپ قويۇشى لازىم. ئەگەر خىزمەتچىلەر توپ ـ توپ (خىلىچە) بولۇپ ھۇزۇرغا چىقىدىغان بولسا، ئۇ يارامىلىق ۋە يارامسىزلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشى، قوبۇل قىلىش تاماملانغاندا (قالى يول كەلسە)، بىرىنىڭ سۆزى بولۇپ قالسا، قاپۇغچىباشى ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئۆزى كىرىشى، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈشى، ئىستەك ـ ئارزۇلىرىنى دەستەكلىشى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشى كېرەك(462). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ساراي خىزمەتچىلىرىنى كوللىكتىپ ھۇزۇرغا ئېلىپ كىرمەك ئىشىك ئاغىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خىزمەتچىلەردىن ئىلتىماسى بارلار بولسا ئۇنىمۇ ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىراتتى(463). قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئەمىر ـ ئۇمەرالار قاتناشقان مۇراسىمدە قوبۇل قىلىسىمۇ، ئەمما بۇ جەھەتتە بىزدە ئارتۇقچە مەلۇمات يوق.

(462) «قۇتادغۇبىلىگ»، 2537 ـ، 2541 ـ بېيىتلار. بۇيۇك سەلچۇقىيلار سارىيىدىمۇ مەيلى ھۆكۈمدارنىڭ مۇھاپىزىتىگە مەسئۇل قوماندانلارنىڭ، مەيلى باشقا دۆلەت ئۇلۇغلىرىنىڭ، ھۇزۇرغا چىقىپ بۇيرۇلغان خىزمەتلەرنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، ھۇزۇردا كۆپ تۇرماستىن ئادەملىرى بىلەن دەرھال چىقىپ كېتىشى لازىملىقىغا دائىر نىزامۇلمۇلكنىڭ قەيتى ئۇچۇن كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»: 44 ـ بەتكە قارالسۇن.

(463) سەلجۇقىلاردا ھۆكۈمدارنىڭ ئىچكى ئىشى توپەيلىدىن دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن بولغان كوللىكتىپ كۆرۈشۈشى «بارى خاس» دەپ ئاتىلاتتى. ھەر خىل مۇراسىملاردىكى كۆرۈشۈشلەر بولسا، «بارى ئام» دېيىلەتتى. كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى» 46 ـ بەتكە قارالسۇن.



قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئوردىدا، توغرىسى «قاپۇ»دا ئۆتكۈزگەن كۈندىلىك ھۆكۈمەت تۇرمۇشى ھەققىدە يۇقىرىقىلارنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئوردا سىرتىدىكى ھۆكۈمەت تۇرمۇشى ۋە بۇنىڭغا دائىر بەزى مۇراسىم ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپىمىز. ھۆكۈمدار مەلۇم بىر سەۋەب بىلەن (سەپەر ياكى مەملىكەت ساياھىتى) ئوردىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تۇرمۇشى ئات ئۈستىدە ۋە قونالغۇ قىلىدىغان ئوتاغدا ئۆتەتتى. بىراق، ھۆكۈمدارنىڭ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ كۆرۈشۈشكە تېگىشلىك بولغان بىرى بىلەن ئۇچرىشىشى ھەققىدە بولسۇن ۋە ياكى ئوتاغدىكى ۋاقىتتىكى قوبۇل قىلىش ئادەتلىرى ھەققىدە بولسۇن، بىزدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. شۇڭا، ئوتاغدىكى چاغلاردا يۈرگۈزۈلگەن قائىدە ـ نىزاملارنىڭ ئوردىدىكىگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقىلا بولىدۇ.

خاقانلارنىڭ ھۆكۈمەت تۇرمۇشىغا دائىر بەزى ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىگە كەلسەك، ئۇلار ھەرقانداق بىر يەرگە بارغاندا يانلىرىدىكى ئادەملىرى بىلەن ساقچى ـ پاسبانلىرىدىن تەركىب تاپقان كوللىكتىپ ــ «يورتۇغ» دەپ ئاتىلاتتى. مەھمۇد قەشقەرى ئۇنى «مەۋكىب» (توپ ــ كۆپچىلىك) مەنىسىدە دەپ ئىزاھلايدۇ(464). خاقانلارنىڭ مەيلى سەپەرگە چىققاندا، مەيلى باشقا سەۋەبلەر بىلەن تەرتىپلىگەن يىغىلىشلىرىغا (كۆرەكلىرىگە) قاتنىشىدىغان مەخسۇس ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئاتلىقلاردىن باشقا، يەنە پىيادە غۇلاملارمۇ بولاتتى، مۇنداقلارغا خانلىق ئاتلار تارقىتىپ بېرىلەتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا دېيىلىشىچە، «تۇغراغ» نامى بېرىلگەن بۇ ئاتلار كۆرەك ياكى سەپەر تۈگـ

(464) ــ «يورتۇغ» ھەققىدە مۇشۇ كىتابنىڭ «ھەربىي تەشكىلات» بابىدا ئالاھىدە مەلۇمات بېرىلگەن.

گەندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىناتتى(465). نىزامى - ئارۇزى مۇنداق كوللېكتىپ سەپەرلەر ۋاقتىدا، غەربىي قاراخانىيلاردىن خىزىر-خاننىڭ ئېتىنىڭ ئالدىدا باشقا قۇراللاردىن (ئېھتىمال توغ، بايراق ۋە باشقا ھاكىمىيەت ئالامەتلىرىدىن باشقا) يەنە 700 ئالتۇن ۋە كۈمۈش گۇرزە كۆتۈرگەن غۇلاملارنىڭ ماڭغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندى466 . بۇنىڭدىن قاراخانىيلارنىڭ كوللېكتىپ يۈرۈشلەردە (كۆرەكلەردە) ھەشەمەت ۋە تەنتەنىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى خاقانلار سەپەرگە چىققاندا ئۇلارغا يېمەكلىك ۋە باشقا ھەدىيىلەر تەقدىم قىلىناتتى ۋە بۇ «تانغۇق» دەپ ئاتىلاتتى دېيىلگەنىدى(467). بۇ سۆز، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىمۇ بىر خىل ئىملا بىلەن ۋە ھۆكۈمدارغا سۇنۇلغان ھەدىيىلەر ئارىسىدا كۆرۈلمەكتە. شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تانغۇقنى ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ (ئەبۇ ئەلى ھەسەن) تەختكە چىقىشىنى تەسۋىرلىگەن چاغدا تىلغا ئېلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەتتا ئۇ، ئۆز ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» نى ھۆكۈمدارغا تانغۇق (ھەدىيە) ئورنىدا سۇنغانلىقىنى، باشقىلار سۇنغان ھەدىيىلەرنىڭ ئۆتكۈنچى، ئۆز ھەدىيىسىنىڭ بولسا مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى دېگەنىدى(468). بۇ جەھەتتىن «تانغۇق» نىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەرىپلىگىنىدىن باشقا، يەنە تەختكە يېڭىدىن چىققان ھۆكۈمدارغا

(465) كېلىسلى II، 217؛ ئاتالاي II، 27,2، 3.
(466) «چاھار ماقالە»، 73 - بەت.
(467) كېلىسلى III، 270 - بەت، ئاتالاي III، 365 - بەت.
(468) 93 -، 99 -، 112 -، 113 - بېيتلارغا قارالسۇن. بروكىلمان، Hofsprache in Altturkestan، 226 - بەت.



سۇنۇلغان بىر خىل تەبرىكلەش ھەدىيىسى مەنىسىنىمۇ بار ئىكەنلىكىنى سېزىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، قاراخانىيلار ھەر قانداق بىر ئىش يولىدا ئارتۇقچە ھېرىپ - چارچاش، جاپا چېكىش مەنىسىدىكى «ئەمگەنمەك» سۆزىدىن ئېلىنغان، ھۆكۈمدار ئۈچۈن «خان قارشىغا ئەمگەندى» دېگەن بىر سۆزنى قوللانغانىدى. ئەمەلىيەتتە، «خان سارايغا چۈشتى» دېگەن مەنىدىكى بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدە «خان بۇ يولدا قاتتىق چارچىدى ۋە چۈشتى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا سۆزنى خانلارغا ۋە بەگلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن نازاكەت بىلەن قىلىنىدىغان خىتاب ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغانىدى(469). قاراخانىيلاردا ئۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەپەرلەر تۈپەيلىدىن ئادەمنى ھارغۇزىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردىن كېيىن، خاقانلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن سارايغا چۈشكۈن قىلىشلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇنداق بىر خىتاب قىلىش شەكلى قوللىنىلغانىدى. قاراخانىيلار دۆلىتىدە بىز ساراي تىلى دەپ ھېسابلايدىغان، دۆلەت باشلىقلىرىغا خىتاب قىلغاندا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر جۈملىسىدىن بۇ «ئەمگەنمەك» سۆزىنىڭ ئاناتولىيىچە كەلگەنلىكىنى تەخمىنلىيەلەيمىز. «دەستۇرنامەئى ئەنۋەرى» دىكى: «كەلدى پاشا ئەيلەنىپ قەدەم، ئەمەنىپ بىزىمچۈن قىلدى كەرەم» دېگەن مىسرالاردا قوللىنىلغان «ئەمەنىپ» سۆزى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «ئەمگەنمەك» سۆزى بىلەن ئاساسەن بىر مەنىدە قوللىنىلغان(470).

(469) كېلىسلى I، 215؛ ئاتالاي I، 215.
(470) Le Destan D'umur Pacha (Dusturname-i paris, Enveri)- Paris Iyene Melikoff — Sayar, 1954. 86 - بەت. شۇنىڭدەك مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئەمگەنمەك» سۆزىنى ئوغۇزلارنىڭ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى قەيت قىلغىنىغا قارىغاندا، «ئەمگەنمەك» سۆزى «زەخمەت چەكمەك» مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى مەلۇم.

## ھۆكۈمدارنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى

بىز قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھۆكۈمەت تۇرمۇشى ھەققىدە بىرقەدەر تولۇق مەلۇمات بېرەلىشكە ئېرىشقان بولساقمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولالمىدۇق. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە كۈن تۇغدى ئېلىگنىڭ زېرىككەن چاغدا ياكى ھەرقانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەتلىشىش لازىم تېپىلغان چاغدا، ئايتولدىنى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكى ھەققىدە توختالغانىدى. «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ھۆكۈمدار بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ دىئالوگلىرى شەكلىدە كەڭ ئورۇن ئىگىلىگەن بۇ سۆھبەتلەردە ھۆكۈمدارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي تەركىبى بولغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا ئائىت سۆھبەتلەر ئېغىر سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ھۆكۈمدارنىڭ كۈندىلىك خۇسۇسىي تۇرمۇشىنىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ياكى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى بىلەن ھۆكۈمەت تۇرمۇشى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن پەرقلەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يەنە «قۇتادغۇ بىلىگ» دە كۈن تۇغدى ئېلىگنىڭ زاھىد ئودغۇرمىش بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ مۇنداق ئالىم ئادەمنى دۆلەت خىزمىتىگە قويۇش ئارزۇسى ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ پىكىرلىرىدىن پايدىلانماقچى بولغانلىقىنى، يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، ھۆكۈمدارنىڭ ئەھلى ئىلىملەر بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ۋە ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكلىرىنىڭ بىر ئىشارىتى بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا، ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمەت تۇرمۇشىدا، بولۇپمۇ كېچەش يىغىنلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن ئالىملارنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرىپ، زىكرى - سۆھبەت قىلغانلىقىدىن ئالىملارنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقلىرىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي سۆھبەتلىرىدىنمۇ ئەھلى ئىلىملەرگە (زىيالىيلارغا) بەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ. قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خاس ھاجىپلىقى مەنسىپىگە كۆتۈرۈلگەن يۈسۈپنىڭ مەشھۇر سىياسەتنامىسى «قۇتادغۇ بىلىگ» دە سەلچۇقىيلار ئوردىسىدىكىگە ئوخشاش «نەدىم» لەرگە ئورۇن بەرمىگەنلىكى شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردا ئەنئەنىسىدە تېخى «نەدىم» چۈشەنچىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. نىزامۇلمۇلكنىڭ ئابباسىيلار ئوردىسىدا بار دەپ ھېسابلانغان نەدىملەرنىڭ، غەزنەۋىيلەر ئوردىسىغا سامانىيلاردىن كەلگەنلىكىنى، شۇنداق قىلىپ سەلچۇقىيلارغا بولسا غەزنەۋىيلەردىن كەلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشى(471)، ساراي نەدىملىرى ئەنئەنىسىنىڭ قەيەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

قاراخانىيلاردا بولۇپمۇ غەربىي قاراخانىيلاردا ھۆكۈمدارلارنىڭ خۇسۇسىي سۆھبەتلىرىدە شائىرلار چوڭ رول ئوينايتتى. نىزامى ئەرۇزى، لۇئلۇئى، كىلابى، نەجىبى، فەرغانى، ئەمئەقى بۇخارى، رەشىدى سەمەرقەندى، نەججارى ساغىرجى، ئەلىي بانىدى(؟)، پۇسەرى دۇرغۇش، ئەلى سىپەھرى، جەۋھەرى، سۇغدى، پۇسەرى تىشمە(؟) ۋە ئەلى شەترەنجى...لەرنىڭ ساراي شائىرلىرىدىن ئىكەنلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ شائىرلار بولۇپمۇ خىزىرخان زامانىسىدا خېلى ئىتىب-

(471) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى» 53 - ، 57 - بەتلەرگە قارالسۇن.

بارغا ئىگە بولغانىدى. ئەمەقى بۇخارى ئۆز زامانىدا «ئەمىرۇششۇئەرا» (شائىرلار باشلىقى) بولۇپ ھۆكۈمدارنىڭ مەجلىسلىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى، ئۇ ھەتتا بايلىققا پېتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قۇللىرى، چۆرە - كېنىزەكلىرى، يورغا ئاتلىرى، ئالتۇن ئېگەر جابدۇقلىرى ۋە كىمخاب تون - لىباسلىرى بار ئىدى. نىزامى ئەرۇزى ماۋرائۇننەھر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنلىرىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ھەققىدە بىزگە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھۆكۈمدار يىغىنلىرىدا ۋە باشقا مەجلىسلەردە ئالتۇن - كۈمۈش تاۋاقلاردا كەلتۈرۈلەتتى، بۇ تاۋاقلار «تاق ياكى جۈپ» دېيىلەتتى. خىزىرخاننىڭ مەجلىسىدە ھەر دائىم تۆت تاۋاق ئالتۇن كەلتۈرۈلەتتى. ھەر تاۋاقتا 250 دىنار بولاتتى. بىر قېتىمقى سۆھبەت ۋاقتىدا رەشىدى سەمەرقەندىنىڭ يازغان بىر شېئىرى خانغا بەكمۇ ياراپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا تۆت تاۋاق ئالتۇن (مىڭ دىنار) بىراقلا مۇكاپات بېرىلگەن(472). بۇنىڭدىن بىز مۇنداق يىغىن ۋە زىياپەتلەردە ھۆكۈمدارلارنىڭ ھەشەمەت ۋە دەبدەبىلىرىنىڭ تولۇق بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن ئارتۇقراق ئىشلارنىڭ قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، نىزامى ئەرۇزىنىڭ «ماۋرائۇننەھردە ئادەت ئىدى» دېگەنلىكىگە، سۆھبەت مەجلىسلىرىدە تاۋاقلاپ ئالتۇنلارنى كەلتۈرۈش ئىشىغا، بۇلارغا «جۈپ ياكى تاق» قا ئوخشاش تۈركچە ئىسىم بېرىلىشىگە قارىغاندا، بۇنىڭ پۈتۈنلەي تۈركىي خەلقلەر خاقانلىرىغا خاس بىر خىل ئادەت ئىكەنلىكىمۇ مەلۇم بولماقتا.

ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردىكى ئىدارە قىلىش چۈشەنچىسىگە قارىغاندا، خەلقنى تويغۇزۇشنى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە دەپ

(472) «چاھار ماقالە» 73، 75 - بەتلەر.



ھېسابلايدىغان قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بۇنداق سۆھبەت يىغىنلىرىدىن باشقا يەنە مەيلى دۆلەت باشلىقلىرىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەتلەر بولسۇن، مەيلى ھەر دائىم خەلققە ئاشكارا ھالدا ئۆتكۈزىدىغان زىياپەتلەر بولسۇن، خېلى مۇھىم بىر ئورۇننى ئىگىلەيتتى. قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ داستىخىنى ھەققىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك مەلۇماتلارنى بەرگەن مەھمۇد قەشقەرى، سارايدا خانلار ئۈچۈن ھازىرلانغان بىر خىل پۈتسىز شىرە ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ بۇنىڭ «ئىشكۈم» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى(473). يەنە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا «تادغالىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يېمەك ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى(474)، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تاماق يېيىش ئادەتلىرى جەھەتتە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تېخىمۇ قوزغايدۇ. ئۇ، بۇ سۆز ھەققىدە «بىر كىشىلىك يېمەك، ئەسلى تامغىلىق بولۇپ، تامغا ئۇرۇلغان دېگەنلىك بولىدۇ. خاقانلار ئىشرىقلىرىنى ۋە ئۆزلىرىگە مەخسۇس ھازىرلانغان يېمەكنى تامغىلايتتى. بۇلاردا بىر كىشىگە يەتكۈدەك يېمەك - ئىچمەك بولاتتى. خاقاندىن باشقا كىشى ئىشلەتمەيدۇ دەپ ئۈستىگە تامغا ئۇرۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «تامغالىق» سۆزى ھەربىر كىچىك ئىشرىق ۋە يېمەكنىڭ ئېتى بولۇپ قالغان» دەيدۇ. ئۇ يەنە «تامغالىق» نى «خاقاندىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۈستىدە تاماق يېمەسلىكى ئۈچۈن تامغىلانغان شىرە» دەپ ئىزاھلىغانىدى(475). ئۇنىڭ بۇ ئاخىرقى جۈم-

(473) كېيىلى I، 78 - بەت؛ ئاتالاي I، 107 - بەت.

(474) كېلىسلى I، 433 - بەت؛ ئاتالاي I، 527 - بەت.

(475) كېلىسلى I، 433 -، 4 - بەت؛ ئاتالاي I، 527 - بەت.

بىلىۋىدىن بىز، خاقانلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس داستىخانلىرى بار ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. قاراخانىيلار مۇشۇنداق قىلىش بىلەن خاقانلارنىڭ زەھەرلىنىپ قېلىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا قارشى تەدبىر قوللانغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىن زەھەرلىنىپ قېلىشىقا ئوخشاش بەزى خەتەرلىك ئەھۋاللارغا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەنىدى: «بەگ ئۈچۈن ھەر خىل خەتەرلىك بوغۇزدىن كېلىدۇ، بوغۇزنىڭ تەمى ئاشپەز ۋە ئىدىشچىنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئاشپەز بىلەن ئىدىشچى ئىشەنچلىك بولمىسا، بەگنىڭ خاتىرجەم يەپ - ئىچىشى قىيىن بولىدۇ»(476). ئۇندىن باشقا ئۇ ئىدىشچىباشىنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ ئىدىشچىباشى: «ئىچىملىكنى ئۆز قولى بىلەن ئارىلاشتۇرۇشى، ئۆزى تامغىلاپ ساقلىشى لازىم» (477) دېيىشىمۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تامغالىق» ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

شۇنداق قىلىپ «تامغالىق» نىڭ يالغۇز كىشىلىك بىر يېمەك ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، خاقان ئۈچۈن ھازىرلانغانلىقى قەيت قىلىنغان ۋە چوڭ بىر زىياپەت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن «ئىشكۈم» نى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇيەردىكى چوڭ زىياپەتنىڭ ھۆكۈمدار تەرەپتىن بېرىلىدىغان زىياپەتلەر بولۇشى مۇمكىنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بەگلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ

(476) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2890 -، 2891 - بېيىتلار. قاراخانىيلاردا ئاشچىباشى ۋە ئىچكىچىباشى بىلەن ۋەزىپىلىرى ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ «ساراي تەشكىلاتى» بۆلۈمىدە كەڭ مەلۇمات بېرىلگەن.

(477) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2902 - بېيىت: «ئۆزى ئەلگى بىلە قاتسا ئىچگۈ كۆرۈپ — ئۆزى بەكلەسە قودسا تامغا ئۇرۇپ».



بىرىنىڭ ئىشىكىدىكى توغى، يەنە بىرىنىڭ تۆرىدىكى داستىخىنى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ(478)، زىياپەت مەنىسىدە «لىۋ» سۆزىنى قوللانغان. لېكىن بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچىدا «قۇربانلىق يېمەك(479)» مەنىسىدە كۆرسىتىلىشى، «لىۋ» نىڭ كۆپچىلىك بىلەن يېيىلگەن يېمەكنى يەنى كىچىك داستىخاندىن كۆرە زىياپەتنى ئىپادىلەيدىغان بىر سۆز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. يەنە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردە زىياپەت «تەرگى» (تىرقى)(480) دەپ ئاتىلاتتى. ھۆكۈمدار زىياپىتىنى كۆرسىتىدىغان «بەگ تەرگىسى(481)» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ سۆزدىن كېلىپ چىققانىدى. داستىخان راسلىماق يەنى شۇ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا «تەرگى ئۇرماق» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «لىۋ»، «ئاش» ۋە «تىرقى» (تەرگى) سۆزلىرىنى بىر مىسرادا يانمۇيان قوللىنىشى بۇ ئۈچ سۆزنىڭ بىر خىل مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر مىسالدۇر(482).

«زىياپەت» سۆزى بۇلاردىن قايسىبىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنسا قىلىنسۇن، ھۆكۈمدارلارنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن زىياپەتلەر بەرگەنلىكى ئېنىق. لېكىن بۇ زىياپەتلەردىن باشلىقلار ۋە مۆتىۋەر زاتلارغا بېرىلگەنلىرى ھەققىدە قولىمىزدا مەلۇمات

(478) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2553 - بېيىت.

(479) ئا.جەئفەر ئوغلى، «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى»، 126 - بەت.

(480) كېلىسلى I، 169؛ ئاتالاي I، 194.

(481) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2861 - بېيىت. ر.ئارات «قۇتادغۇ بىلىگ» دە تىلغا ئېلىنغان بۇ سۆزنى «تىرقى» ئىملاسى بىلەن بەرگەن.

(482) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2549 -، 2551 - بېيىت.

يوق. شۇنىڭدەكلا ھۆكۈمدارنىڭ بۇ خىل زىياپەتلىرىگە كىملەرنىڭ چاقىرىلغانلىقى ھەققىدىمۇ بىر نەرسە دېگۈدەك ھالدا ئەمەسمىز. پەقەت ھۆكۈمدارلار بەرگەن زىياپەتلەرگە خەلقلەردىن كىملەرنىڭ قاتناشقانلىقلىرىغا دائىر مەنبەلىرىمىزدە بەزى مەلۇماتلار بار. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئەر ئاش ئاشادى» (ئادەم يېمەك يېدى) دېگەن بىر جۈملە ھەققىدە «خاقانىيە دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەر بۇنى خاقانلارنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ يېمەكلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىناتتى(483)» دېيىشى، خەلقلەردىن كىملەرنىڭ خاقانلارنىڭ ۋە بەگلەرنىڭ زىياپەتلىرىدە يېمەك يېگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى بايراملار ۋە خاندان ئەزالىرىنىڭ تويلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن يۇرتقا ئاشكارا داستىخان راسلايتتى ۋە زىياپەتلەر بېرەتتى. بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىر قەيتكە قارىغاندا، خانلارنىڭ تويلىرىدا ۋە بايراملاردا ئوتتۇز ئارشىن ئېگىزلىكىدە ۋە ئۇنى بۇلاش مەقسىتىدە ھازىرلانغان بىر داستىخان قاراخانىيلاردا «كەنچ لىيۇ» دېيىلەتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئوتتۇز ئارشىن ئېگىزلىكىدە» دېگەن قەيتىنى(484) ئىزاھلاش تەس بولسىمۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېرىلگەن زىياپەتلەردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇلاڭ تويى ئەنئەنىسىنىڭ قاراخانىيلار سارىيى-

---

483 كىلىسلى I، 181 - بەت، III، 191 - بەت؛ ئاتالاي I، 210 - بەت، III، 253 - بەت.

(484) — كىلىسلى III، 323؛ ئاتالاي III، 438، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەيتىدىكى «كەنچ لىيۇ» تەركىبىدىكى «لىيۇ» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئۇچرايدىغان زىياپەت مەنىسىدىكى «لىۋ» ئارىسىدىكى تاۋۇش ۋە مەنە ئوخشاشلىقىغا قاراپ بۇ ئىككى سۆزنى بىر يىلتىزدىن دېمەكچى بولىمىز.

(485) بۇ ھەقتە كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى» 59 - بەتكە قارالسۇن.



دىمۇ داۋاملاشقانلىقى ئوچۇق كۆرۈلمەكتە. نىزامۇلمۈلك بۇ ئەنئەنىنىڭ يەنە شۇ دەۋردە بۈيۈك سەلجۇقىيلار ئوردىسىدىمۇ داۋام قىلغانلىقىنى(485) قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى. شۇڭا، بۇ ئەنئەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىرلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىسى مەلۇمكى، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى يۇرتقا زىياپەت بېرىش ئۈچۈن ئۇلار دائىم دۆلەت ئىچىدە سەيلە - ساياھەت ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە زىياپەتلەرنى بېرىپ خەلقنى تويغۇزاتتى. بۇ زىياپەتلەر ھەققىدە سەلجۇقىيلار ۋەزىرى نىزامۇلمۈلكنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى خىزمەتچىلەرنىڭ يانلىرىدا ۋە ئاشخانىلاردا يېمەكلىكلەرنىڭ مول بولۇشىنى، پۈتۈنلەي دۆلەت قانۇنىغا ئائىت بىر ئىش دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. بۇنىڭغا قارىغاندا، قاراخانىيلارنىڭ بۇ ئەنئەنىلىرىگە كۆنۈپ قالغان چىگىللەر ۋە ماۋرائۇننەھرلىكلەر سۇلتان مەلىكشاھتىن ئۆزلىرىگە زىياپەت بېرىشنى كۈتكەن. لېكىن بۇ ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن «بىز سۇلتاننىڭ كەلگەن كۈنىدىن تارتىپ، كەتكەن كۈنىگىچە داستىخىنىدا بىر چىشلەممۇ نېنىنى يېمىدۇق» دەپ تەقەززاسىنى بىلدۈرگەنىدى. ئەمما بۇ ئەنئەنىنىڭ بۈيۈك سەلجۇقىيلاردا داۋاملاشقانلىقى مەلۇم. يەنە نىزامۇلمۈلكنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، تۇغرۇل بەگ «ئاتقا مىنىپ ساياھەتكە ۋە ئوۋغا چىققاندا» كېرەكلىك يېمەكلىكلەر تەييارلىناتتى ۋە قىردا داستىخان راسلىغاندا شۇنچىلىك مول يېمەكلىكلەر ئالدىدا پۈتۈن چوڭلار ۋە ئەمىرلەر ھەيران قالاتتى(486).

قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بەرگەن زىياپەتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ھەر ھالدا زىياپەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى ئال-

---

(486) ھ.ئىنالجىق، A.g.m، 270 - بەتكە قارالسۇن.

ئىدىن بەلگىلىنەتتى ۋە شۇنىڭغا قاراپ يېمەكلىكلەرنىڭ كەلتۈرۈلۈشىگە دىققەت قىلىناتتى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ساراي خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەمىرى ھېسابلىنىدىغان قوۋۇق باشىنىڭ (ئىشىك ئاغىسى) ۋەزىپىلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ «سارايدىن تاماق ئېشىپ چىققاندا، بۇلارنى پەتنۇسلارغا تىزىپ بەگنىڭ شەنىگە مۇناسىپ ھالدا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشى لازىم. ئىچكىرى ۋە تاشقىرىدىكىلەرنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماسلىق ئۈچۈن قانچە قاپ يېمەك تارقىتىش كېرەكلىكىنى مۆلچەرلەش لازىم(487)» دېگەنىدى. ساراي ئىشىك ئاغىسىنىڭ قانچە قاپ يېمەك تارقىتىش كېرەكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن چوقۇم تەكلىپ قىلىنغۇچىلارنىڭ سانىنى بىلىشى لازىم، ئەلۋەتتە. خەلققە ئوچۇق بېرىلگەن زىياپەتلەردە، تاماققا قانچە كىشىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئېيتىلغان زىياپەت ھەر ھالدا دۆلەت مۆتىۋەرلىرى ۋە سانى ئېنىق كىشىلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان بىر زىياپەت بولۇشى مۇمكىن. بۈيۈك سەلچۇقىيلاردىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۈچۈن ھازىرلانغان زىياپەتلەردە زىياپەتكە قاتناشقۇچىلار سانىنىڭ ئالدىن ئېنىق بولۇشى(488) بۇ پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ: «چوڭلار (ئۇلۇغلار) تائام يەپ بولۇپ داستىخاندىن تۇرغاندىن كېيىن، كىچىكلەرگە يېمەك ـ ئىچمەك تارتىش كېرەك؛ تاماق ھەممىگە تەلتۆكۈس يەتكۈزۈلۈشى، ھېچكىم چالا قالماسلىقى كېرەك، ئۇلار ئاچ قالماسلىقى لازىم. ئۇلار سېنى

(487) 2551 ـ، 2552 ـ بېيىتلار. بۇ ھەقتە، تۆۋەندە «ساراي تەشكىلاتى» بەھسىدە تېخىمۇ كەڭ مەلۇمات بېرىلىدۇ.

(488) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 59 ـ بەت.



سۆكۈپ قايتمىسۇن»(489) دېگىنىگە قارىغاندا، زىياپەتكە كەلگەن دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە چاكارلىرىمۇ نەزەردە تۇتۇلۇپ شۇلارغا قاراپ يېمەك ھازىرلىتىلغانلىقى ئېنىق.

«قۇتادغۇ بىلىگ» دە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ دەۋرنىڭ زىياپەتلىرىدە كۆپ خىل يېمەكلىكلەر، ھەر خىل شارابلار ۋە باشقا ئىچىملىكلەر ئىچىدە(490): «فۇقا، مىزاب، جۇلەكىبىن ۋە جۇلاب» دەپ ئاتىلىدىغان شەربەت ياكى مۇراببالار بار ئىدى(491). ئۇنىڭدىن باشقا قۇۋۋەت مەجۇنى قاتارلىق ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان بىرمۇنچە ئىچىملىكلەر يالغۇز ھۆكۈمدار ۋە بەگلەرنىڭ داستىخىنىدىلا بولاتتى(492).

مەھمۇد قەشقەرى يېمەك ياكى باشقا بىر سەۋەب بىلەن بەگنىڭ يېنىغا چاقىرىش ئىشىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ «ئۇۋۇت» دېيىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى (493). ئۆز ئەسىرىدە، زىياپەتكە دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە مەخسۇس بىر بۆلۈمنى ئايرىغان(494). يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە، مېھمانلارنىڭ خالاپ

(489) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4658 ـ، 4659 ـ بېيىتلار.

(490) XI ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ھەققىدە مەھمەت ئالتاي كۆيمەن يازغان «ئالىپ ئارسلان زامانى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش سىستېمىسى» SAD. III، ئەنقەرە، 1971، 15 ـ، 50 ـ بەتلەرگە قارالسۇن؛ ر. گەنج: «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قارىشىچە «XI ئەسىردىكى تۈركىي ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھالىتى» (تېخى بېسىلمىغان دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالە. ئەنقەرە، 1974)، 195، 223 ـ بەتلەر؛ تۈركىي خەلقلەرنىڭ يېمەكلىرى ۋە ئىچىملىكلىرى ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن ئۆگەل، كىرىش، III، 62، 325، 404 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

(491) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2904 ـ، 4656 ـ بېيىتلەر. ئارات جۇلەكىبىننى گۈل بالى (گۈلقەند)، جۇلابنى گۈل شەربىتى دەپ ئىزاھلايدۇ.

(492) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2887 ـ بېيىت.

(493) كېلىسلى I، 51؛ ئاتالاي I، 51 ـ بەت.

(494) «قۇتادغۇ بىلىگ»، LXVI باب.

يېيىشلىرى ئۈچۈن، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ پاكىز ۋە لەززەتلىك بولۇشى لازىملىقىغا ۋە يېمەك ۋاقتىدا ئىچىدىغان نەرسىلەرنىڭ چوقۇم كەم بولماسلىقىغا دىققەت قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، يېمەك يېيىلگەن يەردە ئىچىدىغان نەرسىمۇ بولۇشى شەرت، بۇ ئىككىسى (يېمەك ـ ئىچمەك) بىر ـ بىرىگە تەڭ بولۇشى كېرەك. يېمەكنىڭ يېنىدا ئىچىدىغان نەرسە بولمىسا، ئۇ يېمەك يېگۈچىلەرگە زەھەر بولىدۇ(495). يېمەك ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن مېھمانىنىڭ ئالدىغا مېۋە، قۇرۇق يېمىش ۋە تاتلىقلار قويۇلۇشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدارنىڭ ۋە باشقا ئۇلۇغلارنىڭ زىياپىتىگە بارىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن مۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ: «ئەگەر بەگلەر سېنى زىياپەتكە چاقىرسا، ئەدەب بىلەن تاماق يە، بۇنى ياخشى ئۆگەن. يېمەكنى بىسمىللا دېمەي يېگىن ۋە ئۇڭ قولۇڭ بىلەن ئال. باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى تائامغا قول ئۇزارتما، ئۇ يەردە پىچاق ئىشلەتمە، سۆڭەك غاجىلىما، باشقىلارغا يېمەك ئۇزارتما ۋە ئۈندىمە، ئاچچىقىدەك تاماق يېمە ۋە ئالدىراپ كەتمە، لېكىن ئاياللارغا ئوخشاش نازلىنىپ ـ تارتىنىپ ئولتۇرما».(596) ئۇ، باشقا بىر بابدا يۇقىرىدا دېگەنلىرىگە قوشۇمچە قىلىپ، ئۆزىدىن چوڭلار تائامغا قول سۇنغاندىن كېيىنلا، قول ئۇزىتىش كېرەكلىكىنى ۋە ئادەتنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ(597). ئۇ يېمەكنى ئۇششاق چايناپ يېيىشنىڭ لازىملىقىنى، ئىسسىق تاماقنى ئاغزىدا پۈۋلىمەسلىك كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ(598). تائامنى ئاز ۋە ئەدەب بىلەن يېيىش، مەۋسۇمىگە

(495) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4646 ـ، 4653 ـ، 4654 ـ، 4655 ـ بېيتلار.
(496) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4128 ـ، 4132 ـ بېيتلار.
(497) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4596 ـ بېيت.
(498) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4601 ـ بېيت.



ۋە باشقا قاراپ يېمەك يېيىشمۇ ئۇنىڭ مۇھىم نەسىھەتلىرىدىن بىرىدۇر(499).

قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۈندىلىك شەخسىي ھاياتى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ زىياپەتلىرى ھەققىدە بۇ جەھەتلەرنى سۆزلىگەندىن كېيىن يەنە شۇ دەۋرنىڭ زىياپەت بېرىش ۋە تەكلىپ قىلىش ئەنئەنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەلۋەتتە پايدىلىق بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا چوڭلارنىڭ زىياپەت ۋە تويلىرىغا بارغانلارغا ئۇ يەردە ھەدىيە سۈپىتىدە بېرىلگەن يىپەك رەخت پارچىلىرىنىڭ «پىچىتىش»(500) دېيىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بىر بېيىتىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ قارىشىنى تەكىتلەيدىغان مەلۇماتلارنى بەرگىنىدىن ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدارە قىلىش چۈشەنچىسىنىڭ خەلقنى تويغۇزۇش جەھەتتىن خېلىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ بېيىتى مۇنداق يېزىلغان:

«پىچىش قىل كىچىك يەتسە پىچگىل ئاغى،
ئۇ ساتىش تەرى(501) بىر كەسىلىپ چوغى»

(كۆچۈك يەتسە يىرتىش قىل، يىپەك رەختلەر تارقات، مۇمكىن

(499) «قۇتادغۇ بىلىگ» LXV باب.
(500) كېلىسلى I، 306؛ ئاتالاي I، 366 ـ بەت.
(501) «تەر» نىڭ ئىش ھەققى مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4462 ـ بېيىتكە قارالسۇن؛ بۇندىن باشقا «تەر» سۆزىنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشتا ئىشلىتىلگەنلەرگە بېرىلگەن ئىش ھەققى ۋە بۇنىڭدىن ئېلىنىپ ئىشچىنىڭمۇ «تەرچى» دېيىلگەنلىكىگە دائىر. كېلىسلى III، 148 ـ بەتكە قارالسۇن.

بولسا چىش كىراسىمۇ بەر، گەپ ـ سۆزلەر بېسىلسۇن(501)).

دېمەك، قاراخانىيلار جامائىتى ئىچىدە ھۆكۈمدار باشلىق باشقا مۆتىۋەرلەر زىياپەتكە كەلگەنلەرگە يېيەك رەختتىن (ئېھتىمال بىر كىيىملىكتىن بولۇشى مۇمكىن) چوقۇم كېسىپ تارقاتقان ۋە بۇنى ئۇلار «پىچىش» (يىرتىش) دەپ ئاتىغان. زىياپەتكە چاقىرىلغانلارغا يېمەكتىن كېيىن «چىش كىراسى» نامى بىلەن مەلۇم مىقداردا ھەدىيە بېرىش قاراخانىيلاردا يەنە بىر تۈرلۈك ئەنئەنە ئىدى. بۇ ئەنئەنە ئوسمانلى دەرگاھلىرىدا كېيىنكى زامانلارغىچە داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنگەنىدى(503). شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەر ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ ياخشى ئادەتلىرىدىن بىرى بولغان «چىش كىراسى» بېرىش قاراخانىيلاردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئەنئەنىدۇر. ئۇندىن باشقا «چىش كىراسى بەر، كەلگەنلەرنىڭ ئاغزى بېسىلسۇن» شەكلىدىكى ئىپادىدىن، بۇ ئەنئەنىلەر يىلتىزىنىڭ ئىنتايىن قەدىمكى زامانلارغا تاقىلىدىغانلىقى ۋە شۇ دەۋردە زىياپەتكە كەلگەنلەرنىڭ بۇنى تەمە قىلىپ كېلىدىغانلىقىمۇ مەلۇم بولۇپ، بۇنى ئالاھىدە سۆزلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇ كۆرسىتىلگەنلەرگە قارىغاندا، بۇلاڭ تويىمۇ شۇ ئەنئەنىنىڭ باشقىچە بىر خىل كۆرۈنۈشىدۇر.

قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۈندىلىك خۇسۇسىي تۇرمۇشىدا ئورۇن ئالغان باشقا مەشغۇلاتلارغا كەلسەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، ئىشىكئاغىسىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ: «ئەگەر بەگلەر سەپەرگە (سۈكە ـ جەڭگە)، ئوۋغا

(502) «قۇتادغۇ بىلىك»، 4661 ـ بېيىت.

(503) ـــ م. ز. پاكالىن: «ئوسمانلى تارىخ ئاتالغۇلىرى ۋە تېرمىنلىرى سۆزلۈكى»، 2 ـ باسمىسى. ئەنقەرە، 1971، I توم، 455 ـ بەت.



(قۇشقا)، چەۋگەنگە ياكى ئەلچى كىيىشكە چىققان ۋاقىتلىرىدا، بەگنى بەكمۇ دىققەت بىلەن كۆزىتىش كېرەك، (بەگنىڭ) بېشىغا بىھۇدە پالاكەتلەر كېلىشىنى توسۇش كېرەك. ئەگەر بەگلەرنىڭ بېشىغا بىرەر پالاكەت دۇچ كەلسە، بۇ ئوۋدا، قۇش سېلىشتا ياكى سەپەر ئۈستىدە دۇچ كېلىدۇ»(504) دېگىنىگە قارىغاندا، ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، جەڭ قىلىش ۋە باشقا ئىشلاردىن ئاشقان ۋاقىتلىرىنى ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش، قۇش ئوۋلاش، چەۋگەن ئويناش ۋە مەملىكەتنى كېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ مەقسەتتە ئۇلارنىڭ سارايلىرىدا «قۇشچى» (بۈركۈتچى)، «كىشچى» (قۇندۇز، تىيىن ۋە باشقا جۇۋۇلۇق ھايۋانلارنى ئوۋلىغۇچىلار) ۋە «ئوقچىلار» بىلەن «ياپچىلار» نىڭ بارلىقىمۇ مەلۇم بولماقتا(505). شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىقىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇش مۇمكىن بولمىدى. پەقەت مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «خان بۇ يەرنى قۇشلاقلادى» دەپ يازغانلىرىدىن بىز ھۆكۈمدارنىڭ مەلۇم يەرلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇش ئوۋلايدىغان جاي قىلىپ تاللىۋالىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز(506). شۇنىڭدەك يەنە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بەگنىڭ ئوۋغا چىقىشى(507)، ئوۋ(508) ۋە قۇش(509) ئوۋلىشى ھەققىدە يېزىشى، ئۇلارنىڭ شەخسىي ھاياتىدا ئوۋنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى ھەققىدە مەلۇم پىكىر ھاسىل

(504) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2581 ـ، 2583 ـ بېيىت.

(505) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2558 ـ بېيىت.

(506) كىلىسلى II، 218 ـ بەت؛ ئاتالاي II، 273 ـ بەت.

(507) كىلىسلى I، 76 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 81 ـ بەت.

(508) كىلىسلى I، 241 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 287 ـ بەت.

(509) كىلىسلى III، 221 ـ بەت؛ ئاتالاي III، 299 ـ بەت

قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ھۆكۈمدارنىڭ كۆڭۈللىك ياشاش ئەھۋالى ھەققىدىكى تېمىنى تاماملاشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىملىرى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىجرا قىلىدىغان بىر ئادەتنى بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. قاراخانىيلاردا بىر ھۆكۈمدار ياكى بىرەر بەگ ئۆلۈپ قالسا، مازارلىرىغا يېپىش ئۈچۈن جىنازىسىغا يېپەك رەختلەر يېپىلاتتى. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرى بۇ رەختلەرنىڭ ئۇ يەردە قانچە ۋاقىت يېپىقلىق تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن بولسىمۇ، كېيىنرەك بۇ رەختلەرنى پارچىلاپ يوقسۇللارغا تارقىتىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەنىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر – تۈركىي خەلقلەر مازارلارغا يېپىلغان بۇنداق يوپۇقلارنى «ئورتۈك(510)» ۋە «ئەشۈك(511)» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىغانىدى. قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ماتەم تۇتىدىغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، بۇ ماتەملەرنىڭ شەكلى ھەققىدە بىرەر مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز(512). يەنە بىر تەرەپتىن سەلچۇقىيلار سۇلتانى مەلىكشاھنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلگەن تاغىسى قاۋۇرد بەگكە خىتاب قىلىپ: «قېرىندىشىڭ (ئالپ ئارسلان) ئۈچۈن ‹ھازا› تۇتمىدىڭ. قەبرىسى ئۈستىگە يېپىش ئۈچۈن بىر يوپۇقمۇ ئەۋەتمىدىڭ» دېگىنىگە قارىساق(513)، «ئەشۈك» ۋە «ئۆرتۈك» ئەنئەنىسىنىڭ سەلچۇقىيلاردىمۇ بار بىرخىل ئادەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىپ تۇرىدۇ، بۇمۇ ئۇيغۇر – تۈركىي خەلقلەردىكى مەدەنىيەت

(510) كېلىسلى I، 95 – بەت؛ ئاتالاي I، 103 – بەت.
(511) كېلىسلى I، 69 – بەت؛ ئاتالاي I، 72 – بەت.
(512) «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئايتولدىنىڭ ۋە ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىگنىڭ ماتەم تۇتقانلىقىغا ئىشارەت قىلىنماقتا.
(513) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 99 – بەت.



بىرلىكنى ئىسپاتلايدىغان جەھەتلەردىن بىرىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، كۈن تۇغدى ئېلىگ ئايتولدى ئۈچۈن ماتەم تۇتقان(514) ۋە ئۇ يازغان ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇغاندىن كېيىنمۇ يىغلىغان(515). ئوغلىمۇ ئايتولدى ئۈچۈن يوغ (نەزىر) بەرگەن ۋە كەمبەغەللەرگە يوغ (نەزىر) بەرگەن ۋە كەمبەغەللەرگە پۇل (كۈمۈش) بىلەن تاۋار – دۇردۇن تارقاتقانىدى(516). ئۇندىن باشقا ئۆگدۈلمىش قېرىندىشى ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاش بىلەن پەرياد چېكىپ (ھۆكۈرەپ) يىغلىغان، تولغىنىپ بىئارام بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى تۆككەن(517). ھۆكۈمدار بولسا ۋەزىرى ئايتولدى ئۈچۈن ماتەم تۇتقاندەك ماتەم تۇتماستىن، پەقەت ئۆگدۈلمىشكە تەزىيە بىلدۈرگەنىدى(518). بۇ جەھەتلەردە ئاز بولسىمۇ ھۆكۈمدارنىڭ، ئۆلۈملەرگە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ھەققىدە بىزنى مەلۇم پىكىرگە ئىگە قىلماقتا.

## 2. ھۆكۈمدارنىڭ ساراي خىزمەتچىلىرى ۋە خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەردىن كۈتىدىغان ھەققىنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكى مەسىلىسىگە مەخسۇس بىر بابنى ئايرىغان ۋە ھۆكۈمدارنىڭ ھەر خىل خىزمەت ئەربابلىرىغا نىسبەتەن تۇتقان يولى ۋە ھەرىكەتلىرى-

(514) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1548 – بېيىت.
(515) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1562 – بېيىت.
(516) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1564 – بېيىت.
(517) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 6292 – بېيىت.
(518) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 6304 – بېيىت.

نىڭ قانداق بولۇش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا توختالغان. ئۇنىڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى ھۆكۈمدارنىڭ خىزمەتچى قۇللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە شۈبھىسىز شۇ دەۋرنىڭ كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ قاراشلىرىنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ھەر ھالدا پايدىلىق بولار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە قارىشىچە، بەگلەر خىزمەتچى قۇللىرىغا ۋە ئۇزۇن يىل ئۆزىگە خىزمەت قىلغۇچىلارغا قانداق ئىلتىپاتتا بولۇشلىرى كېرەكلىكىنى بىلىشلىرى كېرەك. ئەگەر قۇللار بەگنىڭ ئالدىدا خىزمەت بىلەن ئۇنىڭ ھەققىنى ئۆتىگەن بولسا، بەگمۇ قۇللىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاراپ ھەققىنى تۆلىشى كېرەك. ئەسلىدە خىزمەتچى دۇنيا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر دۇنيا تاپالمىسا، زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولىدۇ[519]. ئۇ سۆزلىرىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «بەگلەر زىممىسىدە خىزمەتچىنىڭ خىزمىتىنى باشلىماي تۇرۇپ ئالىدىغان نەرسىلىرى بار. ئەڭ ئاۋۋال يېمەك - ئىچمىكىنى بېرىشى، خىزمەت قىلىدىغان لازىملىق ئەسۋابلىرىنى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك. خىزمەت قىلىش — مۇشەققەتلىك ئېغىر بىر ئىشتۇر. بەگلەر بۇنى بىلسە، خىزمەتچى كۆپ غەيرەت قىلىدۇ. خىزمەت قىلغۇچى جېنىنى ۋە تېنىنى پىدا قىلىدۇ، قۇل بولغۇچى بەگنى رازى قىلىشنى خالايدۇ. ئۇلار ئىسسىق - سوغۇق، ئاچ - توق، ياياق ۋە يېلىڭ ھالدا قىلىچ ۋە ئوقنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەي ھۆكۈمدار بۇنى بىل، ئۇلار ھەر تەرەپكە بارىدۇ. شۇ يەرلەردە ئۇلار بەگلىرىنى راھەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇشەققەت چېكىدۇ. يەنە ئۇلار دۈشمەنگە قارشى ئالدىنقى

(519) 2952 — 2955 - بېيىتلار.



سېپىتە قوراللىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. بەگنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە ئاتىدۇ[520].

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، «ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇشەققەت تارتقان ۋە پىداكارلىق كۆرسەتكەن قۇللارغا نىسبەتەن ھۆكۈمدارمۇ شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ۋە ھەقلىرىنىمۇ تۆلىشى كېرەك. چۈنكى ھۆكۈمدارلار ھاكىمىيەتلىرىنى، پەقەت خىزمەتچىلىرى ۋاستىسى بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە مەملىكەتلىرىنى ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن رەتكە سالىدۇ (تاپۇقچى بىلە بەگلەر ئەلگى ئۇزار، تاپۇقچى بىلە ئەركلىگ ئىل كەند تۈزەر)»[521].

بەگلەر قۇللىرىغا ئىنئام قىلسا ۋە ئۇلارنى تەقدىرلەپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۆڭۈللىرىنى ئالسا، خىزمەتچىلەرمۇ ئۆزلىرىنى بەگلەر ئۈچۈن پىدا قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن خىزمەت قىلغانلارغا خىزمىتىگە قاراپ مول ئىنئام قىلىش، يېلىڭ بولسا كىيىندۈرۈش، ئاچ بولسا تويدۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمدارلار خەزىنىلىرىنى ئېچىپ، بايلىقلىرىنى تارقىتىپ ئادەملىرىنى خۇشال قىلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۇلار ھۆكۈمدارنىڭ ھەممە ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇلاردىن ئالتۇن - كۈمۈشنى ئايىماسلىق لازىم. ئەگەر بىر ھۆكۈمدار ھەر زامان دۈشمەنلىرىنى يەڭمەكچى بولسا، ئادەملىرىنى رازى قىلىشى، ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، ماختاپ غەيرەتكە كەلتۈرۈشى لازىم[522]. ئۇندىن باشقا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ھەر دائىم غالىب كېلىشنى تىلەيدىغان بىر ھۆكۈمدارنىڭ خىزمەتچىلىرى

(520) 2957 — 2962 - بېيىتلار.
(521) 2968 - بېيىت.
(522) 5479 — 5481 - بېيىتلار.

كۆپ بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان بۇ كۆپچىلىك خىزمەتچىلەرگە ھەر دائىم كۆپلەپ ئىنئاملار بېرىشى كېرەك، كەمبەغەللەرنى بېقىشى، ئاچلارنى تويدۇرۇشى كېرەك(523). شۇنداقلا قۇللارغا پايدىلىق بولۇش دەرىجىسىگە قاراپ ئۇلارغا ئىنئام قىلىشى، ئۇلارنى مال - دۇنيا بىلەن بېقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى ئۆستۈرۈشى لازىم...» (524)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە: «ھۆكۈمدارغا خىزمەت قىلغۇچىلار ئىككى خىل بولىدۇ، ئەركىن ئادەملەر ۋە قۇللار (بوشلار — قۇللار). قۇل خالىسۇن - خالىمىسۇن خىزمەت قىلىدۇ، ئەگەر ئىش قىلمىسا قامچا يەيدۇ. ئەركىن (ھۆر) ئادەم بولسا ياخشىلىقنىڭ قۇلىدۇر. ئۇلار ئۆز ئارزۇلىرى بىلەن خىزمەتكە كىرىپ قۇل بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ھۆكۈمدارلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى باھالىشى ۋە ئەمگىكىنىڭ بەدىلىنى تۆلىشى كېرەك. يەنە ھۆر ئادەمگە ھەر دائىم ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى قۇل ئورنىدا كۆرمەسلىكى كېرەك(525)»، «خىزمەتچىلەر قۇل ۋە ھۆر دەپ ئايرىلغاندىن باشقا يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەنمۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر خىلى پەقەت شەرەپ (يۈز - ئابروي) ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، شۇڭا ئۇلارغا شەرەپ بېرىش يولى بىلەن ئارزۇسىنى قاندۇرۇش كېرەك؛ يەنە بىر خىلى مال - دۇنيا تەلەپ قىلىدۇ. ھۆكۈمدارغا جېنىنى پىدا قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ مال - دۇنيا بېرىش لازىم. بەزىلىرى ھەم مال - دۇنيا ۋە ئابروي تىلەيدۇ ھەمدە ئۇنۋان، مەنسەپ ئارقىسىدىن قوغلىشىدۇ(526)».

(523) 5513 - بېيت.
(524) 5593 - بېيت.
(525) 2972 -، 2991 - بېيتلار.
(526) 5515 -، 5518 - بېيتلار.



خىزمەتچىلەرنى مۇشۇنداق گۇرۇپپىلارغا ئايرىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ سۆزلىرىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «ئەگەر (خىزمەتچى) جەسۇر ۋە قەھرىمان بولسا ئۇنىڭغا كۆمۈش بەر، قىلىچ ئوينىتىپ ساڭا شەھەر ۋە ئەللەرنى ئېلىپ بەرسۇن؛ بىلىملىك، ئەقىللىك، پاك يۈرەكلىك كىشى بولسا، ئۇنى ھۆرمەت قىل، ئېھسانلارنى بەر، ھىمايە قىل؛ يامان، زوراۋان بولسا ئۇنى زادىلا ئۆستۈرمە، مەملىكەتتە ھوقۇق (نوپۇز) بەرمە، ئۇ سېنى نادامەتتە قالدۇرىدۇ. كىملەر پايدىلىق، كىملەر پايدىسىز بۇلارنى تاللا. كىشى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغانلارنى پەرقلەندۈر. ياخشى كۆرگەنلەرنى سۆي، ياخشى كۆرمىگەنلەرگە قارشى يالقۇنجىغان ئوتتەك بول. مەملىكەتنىڭ پايدىسىنى (كۆزلەپ) سەن ئۆز مۇددىئايىڭ بويىچە ئىشلىگىن، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالما. ساڭا كىم پايدىلىق بولسا سەنمۇ ئۇنىڭغا پايدىلىق بول. پايدىلىق ئادەملەرنى ھەر زامان قەدىرلە، مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇر. مۇشۇنداق قىلساڭ يادلىنىسەن. خەلقىڭ بېيىدۇ، مەملىكىتىڭ ۋە سەلتەنىتىڭ روناق تاپىدۇ. ئۇ چاغدا خالىغىنىڭچە خەزىنە توپلىيالايسەن».(527)

«ھۆكۈمدار، قانداق قۇل بولسا بولسۇن، ئالدى بىلەن خىزمەتكە سېلىپ كۆرۈشى، خىزمەتتە پىشۇرۇشى، ياخشى سىنىشى ۋە بايقىشى كېرەك. ئۇندىن كېيىن ئۇنى ئۆستۈرۈپ يولىدا غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك».(528) «بۇنىڭ ئەكسىچە خىزمەتكار خاتالاشسا، ئۇنى چاقىرتىشى ۋە نېمە ئۈچۈن خاتالاشقانلىقىنى سورىشى كېرەك. ئەگەر خاتالىقى بولسا ئۇنى جازالاش لازىم،

(527) 5519 -، 5542 - بېيتلار.
(528) 635 -، 636 - بېيتلار.

يوق بولسا ياخشىلىق بىلەن كۆڭلىنى ئېلىش كېرەك».(529)

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇ يەرگە كەلگىچە، كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمدارنىڭ قۇللىرىغا نىسبەتەن قانداق قىلىش كېرەكلىكىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇ يەنە قۇللارنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقاندا ھۆكۈمدارىغا نىسبەتەن ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، «بەگكە يېقىن قۇل ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك. مەرتىۋىسى قانچىلىك يۇقىرى بولسا بولسۇن، ئۆزىنى خوجايىن بىلەن ئەسلا تەڭ تۇتماسلىقى كېرەك. بەگلەر ئوتقا ئوخشايدۇ، ئۆزىنى بىلمەستىن ئوتقا يېقىنلاشقانلار جەزمەن كۆيۈپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ بەگلەرنى ھەرگىز كەمسىتمە، بەگلەرگە غادايساڭ بېشىڭنى ئۈزىدۇ، ئەگەر قورقمىساڭ كۈچ بىلەن قورقۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ».(530)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدارغا دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغاندا، ئۇنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ شۇنداق دەيدۇ: «بۇلاردىن كېيىن قالسا ئاۋام پۇقرالىرىنىڭ (قارا خەلق) تۇرىدۇ. بۇلارنى قانۇن بىلەن ياخشى ئىدارە قىل، بۇلارمۇ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ، زۇلۇم سالما. زۇلۇم قىلساڭ، بۇ ئەلگە بىر بالا كېلىدۇ. بۇلاردىن بىرى — بايلار بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى كۈچلۈكلەر شۇلاردۇر. ئۇلاردىن كېيىنكىسى — ئوتتۇراھال كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بايلار قىلغان ئىشنى قىلالمايدۇ (ئۇلار

(529) 641 ـ، 642 ـ بېيىتلار.
(530) 650 ـ، 655 ـ بېيىتلار.



بەرگەن باجنى بېرەلمەيدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن كەمبەغەللەر (چىغايلار) تۇرىدۇ. ھەممىدىن بۇرۇن بۇلارنى ئاسراش كېرەك، بايلارنىڭ يۈكىنى ئوتتۇراھاللارغا يۈكلىمەسلىك كېرەك. ئۇنداق قىلساڭ ئوتتۇراھاللار بۇزۇلىدۇ ۋە ھالىدىن كېتىدۇ. ئوتتۇراھاللارنىڭ يۈكىنى كەمبەغەللەرگە ئارتماسلىق كېرەك، ئۇنداق قىلساڭ كەمبەغەللەر ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ ۋە پۈتۈنلەي قىرىلىدۇ. كەمبەغەللەرنى ئاسرىساڭ ئۇلار ئوتتۇراھال بولىدۇ. ئوتتۇراھاللار ئۆزىنى بىر ئاز ئوڭشىۋالسا باي بولىدۇ. كەمبەغەللەر ئوتتۇراھال بولسا، ئوتتۇراھاللار باي بولسا مەملىكەت باي بولىدۇ».(531)

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ باج ۋە باشقا مەجبۇرىيەتلەر توغرىسىدا ھەر كىمنىڭ كۈچىگە (قۇدرىتىگە) قاراپ مۇئامىلە قىلىشنى، بولۇپمۇ كەمبەغەللەرنى ئاسراشنى تەكىتلىگەن. بۇ قاراش ئۇيغۇر — تۈركىي خەلقلەردىكى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسى بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قارا خەلق» دەپ ھېسابلىغان ئاۋام ھەققىدە توختالغاندا، ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ قېرىندىشى ئودغۇرمىشقا قارا خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، شۈبھىسىز ھۆكۈمدار باشلىق پۈتۈن دۆلەت ئادەملىرىگە، خەلقنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ھەرىكەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى بىر غايە ھېسابلىغان. ئۇ بۇ تېمىدا شۇنداق دەيدۇ: «ئاۋام خەلقنىڭ مىجەزى پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلىمى، ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ خۇي ـ پەيلىگە يارىشا بولىدۇ. ئاۋام خەلق تەربىيىسىز بولىدۇ. مۇناسىۋەتتە قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدۇ. لېكىن بۇلارسىز ھېچقانداق ئىش

(531) 5559 ـ، 5567 ـ بېيىتلار.

پۈتمەيدۇ. ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بول، ئەمما ئۇلار بىلەن دوست بولما. ئاۋامنىڭ تەبىئىتى قاپقارا بولۇپ، ھەرىكىتىمۇ باشباشتاق بولىدۇ. قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن يېيىشنىلا بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ گالدىن باشقا قايغۇسى يوق. ئاۋامنىڭ ھەممە قايغۇسى — قورساق ئۈچۈن، ھەممە ئاۋارىچىلىقى گال ئۈچۈندۇر. ئاۋامنىڭ قورسىقى تويسا، تىلى ئۇزىرايدۇ، ئىتائەت ئاستىغا ياخشى ئېلىنمىسا، ئۆزلىرى ھاكىم بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا يۇمشاق سۆزلە، نېمە سورىسا بەر. يېمەك ئىچمەكنى كەم قىلىپ قويما».(532) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئانالىزلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاۋام (قارا خەلق) نىڭ ئاساسەن بۈگۈنكى قائىدە ۋە ھەرىكىتىگە ئوخشاش بىر خىل كۆرۈنۈشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۇستا سىياسىي كۆزەتكۈچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار جەمئىيىتىنى تۈرلۈك كەسپىي گۇرۇھلارغا ئايرىغان ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا توختالغان. بۇ كەسپىي گۇرۇھلار ئۆز قاتارى بويىچە ئەھلى ئىلىملەر (زىيالىيلار)، تېۋىپلار (ئوتاچىلار)، ئەپسۇنچىلار (ئەپسۇنچى ياكى مۇئەززىنلار)، چۈش ئۆرىگۈچىلەر (چۈشكە تەبىر بەرگۈچىلەر)، مۇنەججىملەر (يۇلتۇزچىلار)، شائىرلار (شېئىر يازغۇچىلار)، دېھقانلار (تېرىغۇچىلار)، ساتقۇچىلار (ساتىغچىلار)، ھايۋان يېتىشتۈرگۈچىلەر (چارۋىچىلار)، ھۈنەرۋەنلەر (ئۇزلار)، ئاخىرىدا كەمبەغەللەر (چىغايلار) دۇر. ئۇ، بۇلارنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئەھلى ئەۋلادى (ئەلەۋىيلەر) نى قويۇپ، ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئورۇن بەرگەن.

(532) 4320 ـ، 4331 ـ بېيىتلار.



بۇ كەسپىي ئەربابلارنىڭ كەسپلىرىنىڭ بارلىق ياخشى تەرەپلىرىنى ۋە ئادەملەرگە قانداق پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەر بىر كەسىپ ئەھلى ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىنى بۇ يەردە ئايرىم - ئايرىم سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت ئۇنىڭ ئەلى ئەۋلادى ۋە ئالىملار ھەققىدىكى سۆزلىرىدە ئۆز زامانىسىدا، مۆتىۋەرلەرگە ۋە ئالىملارغا نىسبەتەن قانداق مۇئامىلە قىلىشلىرى كېرەكلىكىگە دائىر قاراشنى تىلغا ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ گۇرۇپپا ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى قىسقىچە بىلدۈرۈپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇق. ئۇ ئەلى ئەۋلادى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەيغەمبەر (ساۋچى) ئەۋلادى، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلساڭ بەخت - سائادەت تاپىسەن. ئۇلارنى چىن كۆڭلۈڭدىن تولىمۇ ياخشى كۆرگىن. ئۇلارغا ياخشى قاراپ، ياردەم قىلغىلا. بۇلار، ئەھلى - بەيت، پەيغەمبەرنىڭ نەسلىدۇر، سەنمۇ ئۇلارنى سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ھەققى ئۈچۈن ياخشى كۆرگىن. ئاغزىدىن قاملاشمىغان سۆز چىقسىلا، ئۇلارنىڭ ئىچى - تېشىنى ۋە ئىش - ھەرىكىتىنى سورۇشتۇرمە».(533) مەلۇم بولۇشىچە شۇ دەۋردە سەلجۇقىيلار ۋەزىرى نىزامۇلمۇلكمۇ ئەسىرىدە پەيغەمبەر ئەۋلادىغا ئورۇن بەرگەن، بولۇپمۇ ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدىغان ئادەملىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇشى بىلەن ھۆزۈرىغا بېرىلىدىغان ھۆكۈمدارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقلىرىنى ئىپادىلىگەنىدى(534).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئالىملار ھەققىدە: «ئىلىم بىلەن خەلقنىڭ يولىنى يورۇتقۇچىلار ئالىملاردۇر. ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرۈپ، سۆزىنى قەدىرلەش كېرەك ۋە

(533) 4337 ـ، 4340 ـ بېيىتلار.

(534) كۆيمەن «ساراي تەشكىلاتى»، 75 ـ بەت.

ئاز - كۆپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگىنىش كېرەك. ئۇلار پايدىلىق ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىپ توغرا ۋە پاك يول تۇتىدىغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى بىر مەشئەلدۇر، ئۇلارنى ماللىرىڭدىن بەھرىمەن قىل، يېگۈزگىن، ئىچكۈزگىن. ئۇچۇق چىراي، شېرىن سۆز بىلەن خىزمىتىنى قىل. ئۇلارغا قوپال ۋە قاتتىق سۆز قىلما، كايىما، تۇز - تائام يېگۈز. ئۇلارنى قەدىرلە، ئىززەت قىل. سېنىڭ ئۈچۈن لازىم بولىدىغىنى ئۇلارنىڭ ئىلمىدۇر. ئۇلار ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنى قوي پادىسىنىڭ سەركىسى دەپ ھېسابلا. ئۇلار قوي پادىسىنى باشلاپ، توغرا يولغا باشلاپ ماڭسۇن. ئۇلار بىلەن ئارىلاشقىن. ياخشى ئۆت، شۇنداق قىلساڭ ھەر ئىككىلا دۇنيادا بەختلىك بولىسەن».(535)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدار — خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە دائىر بۇ نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى مۇشۇنداق بىلدۈرگەندىن كېيىن، زامانىسىنىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھەم بۇ تېمىغا دائىر بەرگەن مەلۇماتلىرى ۋە شۇ دەۋردە ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەن مۇناسىۋەتلەرنىمۇ قىسقىچە كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۆتۈش بۇ ھەقتە تېخىمۇ كونكرېت بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز ئۈچۈن ھەرھالدا پايدىلىق بولار. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا دېگىنىگە قارىغاندا، ھەر قانداق بىر ئىش چىققاندا، بەگ پۇقرالارنىڭ ھايۋانلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارغا پۇلسىز يۈك توشۇتۇش بىلەن بىرخىل مەجبۇرىيەت يۈكلەيتتى. «راپچات» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خىل سېلىقنىڭ ئىسمىنىڭ كەنچەكچە ئىكەنلىكىگە قاراپ(536)، بۇ سۆزنىڭ قەشقەر رايونىدىكى يېزىلاردىكى يەرلىك خەلق بولغان كەن-

(535) 4341 — 4354 - بېيىتلار.
(536) كىلىسلى I، 367 - بەت؛ ئاتالاي I، 451 - بەت.



چەكلەردىن ئېلىپ ئىشلىتىلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بەگلەر، مۇھىم ئىش بىلەن يېزىلارغا ۋە يايلاقلارغا چىققاندا، ئالدىن خەۋەر بېرەتتى. بۇنداق خەۋەر «چالىغ» دېيىلەتتى(537).

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردە خاقانلارغا ۋە بەگلەرگە سوۋغات تەقدىم قىلىشتىن تاشقىرى، باشقا ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ تۈرلۈك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىش ئادىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەگلەرگە ۋە باشقا مۆتىۋەرلەرگە تەقدىم قىلغان ئات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىيىلىرى «ئارتۇت» دېيىلەتتى.(538) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆز كېيىنچە ھەرخىل ھەدىيىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق ئاتالغۇغا ئايلانغان. خەلقنىڭ بەگكە سوۋغات تەقدىم قىلىشىغا جاۋابەن بەگمۇ ئۇلارغا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن بەزى سوۋغاتلارنى بېرەتتى. ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار، بەگ ۋە باشقا چوڭلار تەرىپىدىن سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن ئاتنى ئېلىپ كەلگۈچىگە قويغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بەخش قىلىپ بېرەتتى ۋە بۇنى «بۇت» دېيىشەتتى(539). ئۇنىڭدىن باشقا بەگلەر ۋە باشقا مۆتىۋەرلەر تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنغان ۋە ھۆرمەت كۆرگەن ئادەملەرنى «ئاغرىلىغ كىشى»(540) دەيتتى.

## 3. خاتۇنلار ۋە شاھزادىلەر

يۇقىرىدا بىز ھاكىمىيەت ئالامەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، قاراخانىيلار ئوردىسىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ھەققىدە

(537) كىلىسلى I، 313 - بەت؛ ئاتالاي I، 374 - بەت.
(538) كىلىسلى I، 100 - بەت؛ ئاتالاي I، 109 - بەت.
(539) كىلىسلى III، 85 ،6 - بەت؛ ئاتالاي III، 120 - بەت.
(540) كىلىسلى I، 53 - بەت؛ ئاتالاي I، 52 - بەت.

ئاز ـ كۆپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگىنىش كېرەك. ئۇلار پايدىلىق ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىپ توغرا ۋە پاك يول تۇتىدىغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى بىر مەشئەلدۇر، ئۇلارنى ماللىرىڭدىن بەھرىمەن قىل، يېگۈزگىن، ئىچكۈزگىن. ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆز بىلەن خىزمىتىنى قىل. ئۇلارغا قوپال ۋە قاتتىق سۆز قىلما، كايىما، تۇز ـ تائام يېگۈز. ئۇلارنى قەدىرلە، ئىززەت قىل. سېنىڭ ئۈچۈن لازىم بولىدىغىنى ئۇلارنىڭ ئىلمىدۇر. ئۇلار ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنى قوي پادىسىنىڭ سەركىسى دەپ ھېسابلا. ئۇلار قوي پادىسىنى باشلاپ، توغرا يولغا باشلاپ ماڭسۇن. ئۇلار بىلەن ئارىلاشقىن. ياخشى ئۆت، شۇنداق قىلساڭ ھەر ئىككىلا دۇنيادا بەختلىك بولىسەن».(535)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدار ـــ خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە دائىر بۇ نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى مۇشۇنداق بىلدۈرگەندىن كېيىن، زاماندىشى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھەم بۇ تېمىغا دائىر بەرگەن مەلۇماتلىرى ۋە شۇ دەۋردە ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەن مۇناسىۋەتلەرنىمۇ قىسقىچە كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئۆتۈش بۇ ھەقتە تېخىمۇ كونكرېت بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز ئۈچۈن ھەرھالدا پايدىلىق بولار. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا دېيىلىشىگە قارىغاندا، ھەر قانداق بىر ئىش چىققاندا، بەگ پۇقرالارنىڭ ھايۋانلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارغا پۇلسىز يۈك توشۇتۇش بىلەن بىرخىل مەجبۇرىيەت يۈكلەيتتى. «راپچات» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خىل سېلىقنىڭ ئىسمىنىڭ كەنچەكچە ئىكەنلىكىگە قاراپ(536)، بۇ سۆزنىڭ قەشقەر رايونىدىكى يېزىلاردىكى يەرلىك خەلق بولغان كەن-

(535) 4341 ـ، 4354 ـ بېيىتلار.
(536) كېلىسلىق I، 367 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 451 ـ بەت.



چەگلەردىن ئېلىپ ئىشلىتىلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بەگلەر، مۆھىم ئىش بىلەن يېزىلارغا ۋە يايلاقلارغا چىققاندا، ئالدىن خەۋەر بېرەتتى. بۇنداق خەۋەر «چالىغ» دېيىلەتتى(537).

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەردە خاقانلارغا ۋە بەگلەرگە سوۋغات تەقدىم قىلىشتىن تاشقىرى، باشقا ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ تۈرلۈك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىش ئادىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەگلەرگە ۋە باشقا مۆتىۋەرلەرگە تەقدىم قىلغان ئات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىيىلىرى «ئارتۇت» دېيىلەتتى.(538) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆز كېيىنچە ھەرخىل ھەدىيىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق ئاتالغۇغا ئايلانغان. خەلقنىڭ بەگكە سوۋغات تەقدىم قىلىشىغا جاۋابەن بەگمۇ ئۇلارغا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن بەزى سوۋغاتلارنى بېرەتتى. ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار، بەگ ۋە باشقا چوڭلار تەرىپىدىن سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن ئاتنى ئېلىپ كەلگۈچىگە قويغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بەخش قىلىپ بېرەتتى ۋە بۇنى «بۇت» دېيىشەتتى(539). ئۇنىڭدىن باشقا بەگلەر ۋە باشقا مۆتىۋەرلەر تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنغان ۋە ھۆرمەت كۆرگەن ئادەملەرنى «ئاغرلىغ كىشى»(540) دەيتتى.

## 3. خاتۇنلار ۋە شاھزادىلەر

يۇقىرىدا بىز ھاكىمىيەت ئالامەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، قاراخانىيلار ئوردىسىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ھەققىدە

(537) كېلىسلى I، 313 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 374 ـ بەت.
(538) كېلىسلى I، 100 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 109 ـ بەت.
(539) كېلىسلى III، 85 ـ 86 ـ بەت؛ ئاتالاي III، 120 ـ بەت.
(540) كېلىسلى I، 53 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 52 ـ بەت.

مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسلىكىمىزنى بىلدۈرگەنىدۇق. ئەمما تەخمىن قىلىشقا بولىدۇكى، ئوردىدا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار قىلىنىدىغان ئىدارە بۆلۈملىرىدىن باشقا، يەنە ھۆكۈمدارنىڭ خاتۇنلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ياشايدىغان، «ھەرەم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسمىمۇ بولاتتى. لېكىن ھازىرچە مەيلى ھۆكۈمدارنىڭ، مەيلى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بۇ يەردە قانداق ھايات كەچۈرگەنلىكلىرى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ. شۇنداقلا ھۆكۈمدارنىڭ خاتۇنلىرى بىلەن شاھزادىلەرنىڭ ھېچ بولمىغاندا بەزى سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇنۋانلىرىنى بولسىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش، بۇ ھەقتە بىر پىكىرگە كېلىش جەھەتتىن پايدىلىق بولار.

ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردىكى تاكى ھونلار زامانىسىدىن بېرى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن «قاتۇن» (خاتۇن) ئاتالغۇسى(541) قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ شۇ تەلەپپۇزدا تەلەپپۇز قىلىناتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆز ھەققىدە «خاتۇن — ئافراسىياب قىزلىرىدىن بولغانلارنىڭ ئىسمىدۇر» دېگەن ئىزاھىغا قارىغاندا(542)، بۇ دەۋردە ھۆكۈمدارنىڭ خاتۇنلىرىدىن باشقا، خاندانغا مەنسۇپ خانىكىلەرگىمۇ «خاتۇن» دەپ نام بېرىلگەن دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، «ئالتۇن تارىم»(543) ئۇنۋانىمۇ خاندانغا مەنسۇپ خاتۇنلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلەردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مولۇق ۋە ناز - نېمەت ئىچىدە چوڭ بولغان دېگەن مەنىدىكى «ئوغلاغۇ» سۆزى-

(541) كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 230 - بەت.
(542) كېلىسلى I، 343 - بەت؛ ئاتالاي I، 410 - بەت.
(543) كېلىسلى I، 331 - بەت، 2 - بەت؛ ئاتالاي I، 396 - بەت.



دىن ئېلىنغان. ئوردىغا مەنسۇپ خاتۇنلارمۇ «ئوغلاغۇ قاتۇن» دەپ ئاتىلاتتى(544). يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خاتۇنلار ھۆكۈمدار ئۇنۋانلىرىدىن ھېسابلانغان «تەركەن» بىلەن بىللە «تەركەن قاتۇن» دەپمۇ ئاتىلاتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىر تۆتلۈك شېئىر بۇنى ئوچۇق ئىسپاتلايدۇ:

«تەركەن قاتۇن قاتىغا،
تەگۈر مەندىن قوشۇغ.
ئايغىل سىزنىڭ تاپۇغچى،
ئۆتۈنۈر يەگى قاپۇغ».

(تەركەن خاتۇن يېنىغا مەندىن بىر قوشاق ئەۋەت ۋە شۇنداق دېگىن: سىزنىڭ خىزمەتكارىڭىز يېڭى خىزمەت تىلەيدۇ).(545)
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ تۆتلۈكى ئۈستىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتەيلى. ئاۋۋال «قاتىغا» سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يازما نۇسخىسىدا ھەمدە كېلىسلى نەشرىدە «قۇتىغا» دەپ يېزىلغان. كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە بولسا ب. ئاتالاي «مەننىڭ ئۆزى بۇدۇر» دەپ سۆزنى «قاتىغا» شەكلىدە ئېلىشنى لايىق تاپقان. گەرچە بۇ شەكىل چۈشىنىلگەن تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ پىكرىمىزدە سۆزنىڭ «قۇتىغا» ۋە شۇ سەۋەبتىن بىرىنچى مىسرانىڭمۇ «تەركەن قاتۇن قۇتىغا» شەكلىدە بولۇشى تېخىمۇ

(544) كېلىسلى I، 134 - بەت؛ ئاتالاي I، 138 - بەت؛ ر. ر. ئارات «قۇتادغۇ بىلىگ»، 126 - بېيىتتىكى «ئوغلاغۇ» سۆزىگە تەرجىمىسىدە ئورۇن بەرمەي، 3395 - بېيىتتە بولسا بۇ سۆزنى «نازلىق» مەنىسىدە تەرجىمە قىلغان. ھالبۇكى، 1426 - بېيىتتىمۇ يەنىلا ئەينى مەنىدە ئېلىنغان. ئا. جەئفەر ئوغلى بۇ سۆزگە «شەپقەتلىك، نازۇك، ئاجىز، يېقىملىق» قا ئوخشاش مەنىلەر بەرگەن، دېمەك، بۇ سۆز ھەققىدىكى ھەممە ئىزاھلار بىر - بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇرچە - تۈركچە سۆزلۈك» 139 - بەت).
(545) — كېلىسلى I، 314 - بەت؛ ئاتالاي I، 376 - بەت.

تۇغرىدۇر. چۈنكى، كۆكتۈرك ئابىدىلىرىدە بىلگە قاغاننىڭ ئانىسى ھەققىدە «ئۇماي تەگ ئۆگۈم قاتۇن قۇتىغا» (ئۇمايدەك ئانام قاتۇن قۇتىغا) دېگەن سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز(546). ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھۆكۈمدار ئۇنۋانلىرى ھەققىدە سۆز قىلغاندا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەركەن ئۇنۋانىنى ھېچقانداق يەردە ئۆز ئالدىغا ئىشلەتمىگەن. بۇنى دائىم «تەركەن قۇتى» شەكلىدە بەرگەن. بۇ جەھەتتىن ھۆكۈمدارغا تەركەن قۇتى دەپ خىتاب قىلغان قاراخانىيلاردىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلىرىنىڭ خاتۇنغىمۇ «تەركەن قاتۇن قۇتى» دەپ خىتاب قىلغانلىقلىرى بىزنىڭچە ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىندۇر. شۇ تۆتلۈكتە «سىزنىڭ تاپۇغچى» ئىپادىسىنى ئىشلەتكەن شائىر، ھەر ئېھتىمال بىلەن ئۆز ۋاقتىدا خاتۇننىڭ شەخسىي خىزمەتچىلىرى ئىچىدىكى بىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆكتۈركلەردىن بىرى ئۆزلىرىگە خاس ساراي خىزمەتچىلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان تۈركىي خەلقلەر خاتۇنلىرىنىڭ(547) بۇ ئەنئەنىلىرىنىڭ قاراخانىيلار خاتۇنلىرى تەرىپىدىنمۇ داۋام قىلدۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن. بىراق، بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار خاتۇنلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە قانداق رول ئوينىغانلىقلىرىغا دائىر مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسەتنامىسى «قۇتادغۇ بىلىگ»دە بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە دېمىگەنلىكى ھەتتا بۇ ئەسىردە خاتۇنلارنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغانلىقى دىققەت قىلىشقا

(546) ت. تېكىن، A.ә.e ، 235 - بەت.

(547) كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 230 -، 231 - بەتلەرگە قارالسۇن؛ كۆيمەن، «ساراي تەشكىلاتى»، 67 -، 68 - بەتلەر.



ئەرزىيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ «قانداق ئۆيلىنىش»(548) ۋە «بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى» (549) تېمىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا خوتۇنلار ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى، خوتۇنلار توغرىلىق ئۆز ئەسىرىدە نېمە ئۈچۈن جىملا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئىزاھلاشقا يېتەرلىكتۇر. ئۇ تەقۋادار بىر خوتۇن بىلەن نىكاھلىنىش، خوتۇنلارنىڭ تاشقىرىغا چىقماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر دائىم ئۆيدە مۇھاپىزەت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن: «خوتۇننىڭ ئەسلى گۆش، ئۇنى ياخشى ساقلاش كېرەك. ئۇنىڭغا قارىمىساڭ گۆش پۇرايدۇ، بۇنىڭ چارىسى يوق. بۇ جەھەتتىن خوتۇننى ھۆرمەت قىل، نېمە دېسە بەر، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئەت، ئەر كىشىنى ئۆيگە يېقىن يولاتما. چۈنكى ئەزەلدىن بۇلاردا ۋاپا يوق، كۆزى قاياققا باقسا كۆڭلى شۇ ياققا ئاغىدۇ» دېيىش بىلەن بۇ تېمىدىكى قاراشلىرىنى ئىزاھلايدۇ(550). مەلۇم بولۇشىچە، ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتى تېمىدا زور دەرىجىدە ئىسلام ئەنئەنىلىرىنى ياقلىغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ، شۇ سەۋەبدىن ئۆز ئەسىرىدە ئاياللار ھەققىدە سۆز قىلىشنى لازىم تاپمىغان بولسا كېرەك.

مەھمۇد قەشقەرىگە كەلسەك: ئۇنىڭ قاتۇن سۆزى مۇناسىۋىتى بىلەن «خان ئىشى بولسا قاتۇن ئىشى قالۇر» يەنى (خاننىڭ بىر ئىشى ياكى بىرەر ئەمرى بولغان ھامان خاتۇننىڭ ئىشى كېيىنگە قالىدۇ) (551) شەكلىدە قەيت قىلغان بىر ماقالىسى ئاز بولسىمۇ بۇ ھەقتە بىزنى بىر پىكىرگە ئىگە قىلماقتا. بۇ سۆزدىن ئېنىق مەلۇم بولۇشىچە، ئەسلى ئەمىر

(548) LXII باب.

(549) LXIII باب.

(550) 4519 -، 4521 - بېيىتلار.

(551) 544 - ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن يەرلەر.

ۋە ھۆكۈم ئىگىسى خاقان بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەمرى ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. بۇ يەردە، خاقاندىن كېيىنكى سۆز ئىگىسى يەنىلا خاتۇندۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ دېگىنى، قاراخانىيلار جامائىتىدىكى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرگىنىدەك، قاراخانىيلاردىن بۇرۇنقى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىغىمۇ بىر ئىشارەت بولالايدۇ.

قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى خاتۇنلار «قۇنچۇي»، «قاتۇن قۇنچۇي» دەپمۇ ئاتىلاتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، «قۇنچۇي» ئۇنۋانى، خاتۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئوردا ئايىملىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان سۈپىتىدە قوللىنىلاتتى (552). دېمەك، «خاتۇن» ئۇنۋانى، تېخىمۇ توغرىسى «تەركەن خاتۇن»، «باش خاتۇن»، «قۇنچۇي» ۋە «قاتۇن قۇنچۇي» دېگەنلەر ھۆكۈمدارنىڭ باشقا خاتۇنلىرىنىڭ ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدىغان بىر خىل ئۇنۋان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «قۇنچۇي» ئۇنۋانى شاھزادىلەرنىڭ خاتۇنلىرى ۋە خانىدانغا مەنسۇپ قىزلار ئۈچۈنمۇ بىر خىل ئۇنۋان بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، «تەركەن» ئۇنۋانىغا ئوخشاش قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردىكى خاتۇن ئۇنۋانلىرىدىن «قۇنچۇي» قاراخانىيلارغا ئۇيغۇرلار ۋاسىتىسى بىلەن كىرگەندەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز بۇ ئۇنۋاننىڭ كۆكتۈركلەر زامانىدىن بېرى ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. مەسىلەن: كۈلتېكىن ئابىدىسىدە بىلگە قاغاننىڭ «سىڭلىم قۇنچۇيۇغ بىرتىمىز» (بالدىزىم قۇنچۇيىنى بەردۇق) دېگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭغا قاراپ قاراخانىيلاردا خاندان ئەزاسى بولغان بارلىق خاتۇنلار قۇنچۇي ئاتىلاتتى، دەپ ئېيتالايمىز (553). يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۇنۋاننىڭ جۇڭگو

(552) كېلىسلى، Ⅲ، 181 - بەت؛ ئاتالاي، Ⅲ، 240 - بەت

(553) تەلئەت تېكىن، A.ə.e، 234 — 237 - بەتلەر.



ئوردىسىدىن ئۇيغۇر ئوردىسىغا كېلىن بولۇپ بارغان خەنزۇ مەلىكىلىرىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئۇنۋان سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ۋە بۇ سۆزنىڭ خەنزۇچە بىر سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىمىز (554).

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىگە قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە ھەم ھۆكۈمدار، ھەم خاتۇنلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «تەركەن» ئۇنۋانى، بۇ دۆلەت ۋاسىتىسى بىلەن سەلجۇقىيلار باشلىق باشقا بەزى تۈركىي دۆلەتلىرىگە، مەخسۇس بىر خىل خاتۇن ئۇنۋانى بولۇپ كىرگەندى. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىساللىرىدىن بىرى، سۇلتان مەلىكشاھنىڭ خاتۇنى جەلالىيە خاتۇننىڭ ئۇنۋانىدۇر. غەربىي قاراخانىيلاردىن شەمسۇلمۈلكنىڭ تاغىسى ئىسانىڭ قىزى بولغان بۇ خاتۇن سەلجۇقىيلار مەنبەلىرىدە «تەركەن خاتۇن» ئۇنۋانى بىلەن خاتىرىلەنگەن.

ھۆكۈمدارنىڭ ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئەر ئەۋلادلارغا كەلسەك، ئۇلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تېكىن ئۇنۋانىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى بىزگە مەلۇم. تېكىنلەرنىڭ ئوردىدىكى ھاياتى ھەققىدىمۇ مەلۇماتىمىز يوق. ئۇلار مەلۇم ياشقا كەلگەندىن كېيىن ئومۇمەن ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان مەلۇم رايونلارغا مەسئۇل بولۇشقا ئەۋەتىلەتتى. بىز بۇ خىل باشقۇرۇش ۋەزىپىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جەھەتتە كىتابىمىزنىڭ «يەرلىك تەشكىلاتلار» قىسمىدا ئايرىم توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇلارغا «تېكىن» سۆزى بىلەن بىللە بېرىلگەن باشقا بىرقانچە ئۇنۋان ئۈستىدە توختالماقچىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىگ»دە قاراخانىيلار خاندانىغا مەنسۇپ ئەر

(554) بۇ ھەقتە سەي ۋېنشېن، تې يونىنىڭ مەكتۇپلىرىغا قاراڭ: «ئۇيغۇرلار» (840 — 900)، تەيبېي، 1967، 4 - بەت.

ئەۋلادىنىڭ ئۇنۋانى سۈپىتىدە «تېكىن» سۆزى ئۈستىدە زادىلا توختالمىغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يازغۇچىسى مەھمۇد قەشقەرى بولسا بۇ سۆز ھەققىدە شۇ مەلۇماتنى بېرىدۇ. «تېكىن ئەسلىدە قۇل دېمەكتۇر. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ رەڭگى كۈمۈشتەك ساپ بولغان قۇلنى كۈمۈش تېكىن، باتۇر قۇلنى ئالپ تېكىن، خاسىيەتلىك قۇلنى بولسا قۇتلۇغ تېكىن دەپ ئاتايدۇ. كېيىنچە بۇ سۆز خاقانلىق ئائىلىسىنىڭ باللىرىغا ئىسىم بولۇپ قالغان. بۇ، يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. چاغرى تېكىن ۋە كۈچ تېكىن دېگەندەك رەت. بويىچە دوغان (بۈركۈت) تېكىن ۋە قۇۋۋەتلىك تېكىن دېمەكتۇر. بۇ سۆزنىڭ قۇللاردىن ئالىپ ئەرتوڭا ئوغۇللىرىغا ئىسىم بولۇپ قېلىشىغا كەلسەك، ئۇلار ئاتىلىرىنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى، چوڭ كۆرەتتى ۋە قاچانكى ئاتىلىرىغا سۆز قىلماقچى بولسا ياكى خەت يازماقچى بولسا، ئۆزلىرىنى كىچىك كۆرسىتىپ، ئاتىلىرىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن — قۇل شۇنداق قىلدى، قۇل مۇنداق ئىشلىدى، دېيىشەتتى. بارغانسېرى بۇ سۆز ئۇلارغا ئىسىم بولۇپ قالدى. قۇللار ئىسىملىرىنىڭ بۇلاردىن پەرقلىنىشى ئۈچۈن بۇ سۆزنىڭ يېنىغا باشقا بىر سۆز قوشۇلماقتا»(555).

ئەمما مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ھەققىدىكى ئىزاھاتى بىزنى تازا قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى «كۆل تېكىن»، «توڭا تېكىن» ۋە «يۇلۇغ تېكىن» دېگەن ئىسىملار، كۆكتۈركلەردە خاندان ئەزاسى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۇنۋان ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ۋە مەھمۇد قەشقەرى دېگەندەك قەدىمدىن قۇل مەنىسىدە ئىشلىتىلمىگەنلىكىگە دەلىل بولماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خاندان ئەزالىرىنى ئىپادە قىلىش مەقسىتى بىلەن ئىشلىتىلگەن

(555) كېلىسلى I، 346 - بەت، 7 - بەت؛ ئاتالاي I، 413 - بەت، 4 - بەت.



«چاغرى تېكىن» نى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇل تائىپىسى ئېرىشەلەيدىغان مەرتىۋىلەر ئارىسىدا كۆرسىتىپ (556)، بۇنىڭ خاندان سىرتىدا بولغانلار ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، تېكىن بەگ ئۇنۋانىمۇ دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئېرىشەلەيدىغان ئۇنۋانلاردىن بىرى ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەيتىدە «تېكىن» قاراخانىيلاردا ھەم خاندانغا مەنسۇپ شاھزادىلەر ئۈچۈن ھەمدە قۇللۇقتىن يېتىشىپ چىققان ئەمىرلەرنىڭ تاجى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. قاراخانىيلار خاندانىنىڭ سىرتىدا، بولۇپمۇ سامانىيلار ۋە غەزنەۋىيلەر دۆلەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان «تېكىن» ئۇنۋانلىق ئەمىرلەرگە بۇ ئۇنۋاننىڭ قۇللارنى تېپىپ كېلىپ مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە ساتىدىغان قۇل سودىگەرلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىندۇر. لېكىن قاراخانىيلاردا ھەم خاندان ئەزاسىنىڭ ھەمدە ئەمىرلەرنىڭ شۇ بىر خىل ئۇنۋاندا ئاتىلىشلىرى بىزنىڭچە ھازىرغىچە ئىزاھلانمىغان بىر مەسىلە بولۇپ قالماقتا. شۇ سەۋەبتىن، قاراخانىيلار خاندانىغا مەنسۇپ شاھزادىلەر تەرىپىدىن، بۇ ئۇنۋاننىڭ ئىسىملار بىلەن بىللە ئىشلىتىلىشىدىن باشقا يەنە، «ئالپ تېكىن»، «كۈچ تېكىن»، «بۆرى تېكىن»، «بۇغرا تېكىن» ۋە «ئارسلان تېكىن» دېگەندەك سۈپەتلەر ۋە ھايۋان ئىسىملىرى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىمىز.

يەنە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قارىشىچە، قاراخانىيلار خاندانىغا مەنسۇپ شاھزادىلەر «تەگىت» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ «تەگىت» سۆزىنى تېكىننىڭ قائىدىدىن سىرت كۆپلۈك ھالىتى، دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، خاندانىدىن بولمىغان ئوتتۇرا ھال

(556) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4068 - بېيىت.

ئادەملەرنىڭ چوڭلىرىنى (ئېتىبارلىقلىرىنى) ۋە خاقان باللىرىنىڭ كىچىكلىرىنى «ئۆگە تەگىت» دەپ ئاتايدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى (557). ئۇنىڭ ئىپادىسىدىن، تەگىت سۆزىنىڭ، كۆپرەك خاندانغا مەنسۇپ كىچىك ياشلىق ئوغۇل باللارنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

يەنە بىر تەرەپتىن، مەھمۇد قەشقەرى تېكىنلەر بىلەن خاقانلىق خانلىرىنىڭ نەسلىدىن بولغان خاتۇنلارغا ۋە بۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك باللىرىنىڭ ھەممىسىگە «تارىم» دېگەن لەقەبنىڭ بېرىلگەنلىكىنى ۋە خاقانلىق ئەۋلادىدىن بولمىغانلارنىڭ ئېتىبارى قانچىلىك چوڭ بولسىمۇ «تارىم» دېيىلمەيدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى (558). ئۇنىڭ بۇ ئىپادىسىگە قارىغاندا، «تارىم» دېگەن لەقەب، خاندانغا مەنسۇپ شاھزادە ۋە خانىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ باللىرىنى كۆرسىتىدىغان ئومۇمىي بىر ئۇنۋان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خاتۇنلارنىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا «ئالتۇن تارىم» دېگىنىگە يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. مەھمۇد قەشقەرى «بەكەچ» نىڭمۇ تېكىنلەرگە بېرىلگەن بىر لەقەم ئىكەنلىكىنى خاتىرىلىگەن (559). دېمەك، بەكەچمۇ خاقاننىڭ باللىرىغا خىتاب قىلىنغاندا قوللىنىلىدىغان ئۇنۋانلاردىن ئىدى.

(557) كېلىسلى I، 297 - بەت؛ ئاتالاي I، 355 - بەت، 6: مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئۆگە تەگىتى» شەكلىدە ئىزاھلىشىغا قاراپ، ر.ر. ئارات «قۇتادغۇ بىلىگ» دە «ئۆگە يا تەگىت» ئىپادىسىنى (1868 - بېيىت)، ھۆكۈمدارنىڭ باش مۇشاۋىرى (ئۆگە) ۋە ئەڭ ئاددىي قۇل (تەگىت) دەپ تەرجىمە قىلغان. بىزچە بۇ مۇۋاپىق بولمىغان. چۈنكى تەگىتنىڭ قۇل مەنىسى بولسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئەمىرلىككە كۆتۈرۈلگەن بىر قۇلنى كۆرسىتىدىغانلىقى چوقۇمدۇر.

(558) كېلىسلى I، 331 - بەت، 2 - بەت؛ ئاتالاي I، 396 - بەت.

(559) كېلىسلى I، 298 - بەت، 9 - بەت؛ ئاتالاي I، 357 - بەت. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قارىشىچە، سۆز «بەكەچ» بولۇپ سۆزلەنگىنىدە، تېكىنلەرگە بېرىلگەن بىر لەقەب بولۇپ (بەكەچ ئارسلان تېكىنگە ئوخشاش)، «بەكەچ» بولۇپ سۆزلەنگىنىدە «بەكچەك»، «كىچىك بەگ» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى.



## 2 - بۆلۈم ئوردا تەشكىلاتى

ئوردا ئەينى زاماندا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مەركىزى بولغاچقا، دۆلەتنىڭ باشلىقى بولغان ھۆكۈمدارنىڭ ئوردا تەشكىلاتىدىمۇ ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا، ئومۇمەن مەيلى دائىمىي بولۇپ تۇرىدىغان قوبۇل قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە قائىدىلىرى بولسۇن، مەيلى ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك مۇئەسسەسىلىرى بولسۇن، ئانچە تەرتىپلىك ئەمەس ئىدى. بىز ئوردا تەشكىلاتىنىڭمۇ باشلىقى بولغان ھۆكۈمدارنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت ھەشەمەتلىك ۋە قائىدىلىك تەرەپلىرىنى يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. شۇڭلاشقا، ئوردا تەشكىلاتىغا ئايرىلغان بۇ بۆلۈمدە، مەخسۇس ئوردا مۇئەسسەسىلىرى يەنى سارايدىكى ھەر خىل خىزمەت بۆلۈملىرى، ساراي خىزمەتچىلىرى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە بۇ ۋەزىپىلەر تۈپەيلىدىن مەيلى ھۆكۈمدار بىلەن، مەيلى بىر - بىرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوردا تەشكىلاتى ئىچىدە ئورۇن ئالغان خىزمەتچىلەر ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، ئالدى بىلەن ئىدارە ۋە ھەربىي ۋەزىپىلىرى يۈزىسىدىن ئوردا تەشكىلاتى ئىچىدە ئورۇن ئالغان ھاجىپ، قوۋۇقچىباشى، جاندار (مۇھاپىزەتچىلەر)، سىلاھدار (قورالدار) ۋە ئەلەمدارغا ئوخشاش خىزمەت خادىملىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن

ھۆكۈمدارنىڭ بىۋاسىتە ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

## A. ئوردىدىكى مۈلكىي ۋە ھەربىي مەنسەپدارلار

### 1. ئۇلۇغ ھاجىپ، ھاجىپلار ۋە بىرۇق (ۋەزىر) لەر

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەشقەر سارىيى، ئەۋفىنىڭ سەمەرقەنت سارىيى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئوردا تەشكىلاتىدا ھۆكۈمداردىن، بارلىق دۆلەت تەشكىلاتىدا ھۆكۈمدار ۋە ۋەزىردىن قالسا ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ ئۇلۇغ ھاجىپ ئىدى (560). يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە ھاجىپقا بۇ دەرىجە تەرتىپىگە ئۆيغۇن ھالدا ئورۇن بەرگىنىدەك، ھاجىپنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلارمۇ بۇنى كۆرسەتمەكتە.

تۈركىي خەلقلەردە ياكى قاراخانىيلاردا ھاجىپلىق مۇئەسسەسى بەك قەدىمكى بىر تارىخقا ئىگە ئىدى. ئۇلار بۇ ئورۇندا ئولتۇرغان ئادەمنى بۇرۇن «تايانغۇ» دەپ ئاتىشاتتى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇنۇ مەلۇماتنى بېرىدۇ: «تايانغۇ ئەسلىدە ھاجىپ دېمەكتۇر، بۇ مەنىدە ھاجىپ سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىشى كەڭ تارقالغاندىن كېيىن تايانغۇ تاشلىنىپ قالغان. بۇ، ئۇلارنىڭ ئىشەندى دېگەن

(560) ئەۋفىنىڭ شەمسۇلمۇلك زامانى ئۈچۈن ئۇلۇغ ھاجىپ ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىغا دائىر «جەۋامى»، 85 ـ بەتكە قاراڭ؛ بۈيۈك سەلجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدىمۇ ئۇلۇغ ھاجىپ ئۇنۋانى قوللىنىلغانىدى. (كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، I. 100 ـ بەتكە قاراڭ).



مەنىدىكى «تاياندى» سۆزىدىن كەلگەن. ھۆكۈمدار ھاجىپلارغا ئىشىنىدۇ. پۇقرالارمۇ ئۇلارغا ئىشىنىدۇ؛ ئۇلار ئۆز تىلەكلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ھاجىپ ئارقىلىق ھۆكۈمدارغا يەتكۈزۈشەتتى ۋە جاۋابىنىمۇ ئۇ ئارقىلىق ئېلىشاتتى» (561). مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بەرگەن بۇ مەلۇماتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شۈبھىسىز غەربتىن كەلگەن ئىسلام تەسىرلىرى بىلەن قاراخانىيلار، بۇ ئورۇننىڭ ئىگىسىنى «تايانغۇ» دېيىشنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ھاجىپ» دېيىشكە باشلىغان (562). يەنە بۇ ئىزاھاتتىن مەلۇم بولىدۇكى، ھاجىپلار ھۆكۈمدار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا بىر ۋاستە بولۇپ، خالىغان ھەرقانداق كىشى ئۆز تىلىكىنى بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھۆكۈمدارغا يەتكۈزەلەيتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «ئۇلۇغ ھاجىپ شۇنداق بىر ئادەم بولۇش كېرەككى: بەگنىڭ ئۆزى ۋە مەملىكەت خەلقى ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن، خەلقمۇ ئۇلارغا دۇئا قىلسۇن» دېيىش بىلەن ھاجىپنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسىنىڭ ۋاستىچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى (563). يەنە ئۇنىڭ ھاجىپ ھەققىدىكى «ئەسلى نەسەبى پاك، مىجەزى ياخشى بولۇشى لازىمكى، ئۇ خەلققە پايدا يەتكۈزسۇن» (564) ۋە «ھاجىپ

(561) كېلىسلى III، 281-بەت؛ ئاتالاي III، 380-بەت؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «ئىمانىغۇ تايانغۇ كىشى بولدى قىز» شەكلىدىكى بىر مىسراسىدا ئەينى سۆزنى «ئىشەنچلىك ئادەم» مەنىسىدە قوللانغان («قۇتادغۇ بىلىگ»، 6467 ـ بېيىت).

(562) «تايانغۇ» سۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادا بەك ئۇزۇن زامان قوللىنىلدى. ئەۋفىمۇ قارا قىتان قوماندانلىرىدىن بولغان ۋە 1210 ـ يىلى خارەزمشاھ مۇھەممەد بىلەن تىرازدا بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەسىر چۈشكەن ۋە خارەزمدە ئۆلتۈرۈلگەن بىر تايانغۇدىن قارىغاندا، («لۇباب» 101 ـ، 166 ـ، 187 ـ بەتلەر). بۇ يەردە تايانغۇنىڭ ئىسمىدىن كۆپرەك ئۇنۋان بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىندۇر، دېگەنىدى.

(563) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2433 ـ بېيىت.

(564) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2437 ـ بېيىت.

بولۇش ۋە ئالدىغا ئۆتۈپ كىشىلەرگە يول كۆرسىتىش» (565) دېگەندەك خاتىرىلىرىمۇ بۇ جەھەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەقىقەتەن ھاجىپنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مانا بۇ ۋاستىچىلىك ئىشىدۇر. باشقىچە ئېيتساق، ھاجىپ، ئىدارە قىلىنغۇچىنىڭ ئىدارە قىلىنغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ئادەمدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بىر بەگنىڭ كۆرەر كۆزى ئۇلۇغ ھاجىپتۇر» (566) دېيىش بىلەن بۇ ھەقىقەتنى ئىنتايىن ياخشى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئىدارە قىلىنغۇچىلار، شۈبھىسىز ئەڭ يوقسۇل ئادەمدىن تارتىپ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى بەگلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھاجىپمۇ بارلىق ئادەملەرنىڭ تىلەك ۋە ئارزۇلىرىنى ئورۇنداش ھالىتىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگۈچى ھاجىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ-كىچىك پۈتۈن دۆلەت ۋە ساراي خىزمەتچىلىرىدىن ئەرز-ھال ئېيتقۇچىلارنى ئالدى بىلەن شۇ قوبۇل قىلاتتى (567). ئۇلۇغ ھاجىپ خەزىنىچى ۋە كاتىپقا ئوخشاش يۇقىرى مەنسەپلىك خىزمەتچىلەردىن تارتىپ تىكىمچى ۋە موزدۇزلارغا ئوخشاش ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرگىچىلىك ھەممە ئادەم بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئاڭلايتتى (568). بولۇپمۇ يوقسۇل، تۇل ۋە يېتىملارنىڭ تەلەپلىرىنى ۋە شىكايەتلىرىنى ئاڭلاش ۋە ھۆكۈمدارغا يەتكۈزۈش ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى بولغىنىدەك، زۇلۇمغا ئۇچراپ ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىش ۋە ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇ-

(565) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2485 - بېيىت.
(566) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2489 - بېيىت.
(567) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2493 - بېيىت.
(568) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2494 - بېيىت.



رىغا ئېلىپ كىرىشمۇ ھاجىپنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن ئىدى (569). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاجىپ ھەققىدە سۆز قىلىپ «ھاجىپ بەك ئەقىللىك، كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى، يوقسۇل، تۇل ۋە يېتىملارغا مېھرىبان بولۇشى كېرەك» (570) دېيىشىمۇ شۈبھىسىز ئۇنىڭ مۇشۇ ۋەزىپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇنىڭدىن باشقا، قانداق سەۋەبتىن بولسا بولسۇن، ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈچىلەرگە يول كۆرسىتىش ۋە ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇراسىم ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ئۆز جايىدا بەجا كەلتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشمۇ ھاجىپنىڭ ئىشى ئىدى. (571) ھاجىپنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھۇزۇرغا كىرمەكچى بولغان بىرىنىڭ قانداق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى ئايتولدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈش پايدىلىق بولسا كېرەك. مەلۇم بولۇشىچە، ھۆكۈمدارنىڭ ئىشىكىدە خىزمەت قىلىشنى ئويلىغان ئايتولدى بۇ ئارزۇسىنى ئاغىنىسى كۈسەنىشكە ئېيتىدۇ. كۈسەنىش ھۆكۈمدارنىڭ سىرداش مەھرىمى بولغان «خاس ھاجىپ» نى ياخشى تونۇيتتى. شۇڭا، ئايتولدىنىڭ

(569) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2498 - ، 2499 - بېيىت. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «مەزالىم ۋاقتى» شەكلىدىكى قەيتى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەرز-شىكايەتلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن شەخسەن مەزالىمغا (دەۋا سوراشقا) چىققانلىقلىرىنى ئوچۇق بىر شەكىلدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىشنىڭ قايسى ۋاقىتتا، قانچە كۈندە بىر قېتىم بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر چۈشەنچە بېرىلمىگەن.

(570) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2473 - بېيىت.

(571) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2427 - بېيىت. ر. ر. ئارات بۇ يەردە «يول ئاغزىدا ئەرسە كىشى باشلاغۇ» شەكلىدىكى قەيتنى «يول ئاغزىدا بولسا كىشىلەرگە رەھبەرلىك قىلار» دەپ تەرجىمە قىلغان. بىزنىڭچە «ھۇزۇرغا چىقماقچى بولغانلارغا رەھبەرلىك قىلار» دېيىلسە تېخىمۇ توغرا بولاتتى.

تىلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ. ھاجىپ «ئالدى بىلەن مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ھۆكۈمدارغا يەتكۈزىمەن. قاچان كېلىدىغانلىقى ۋە قايسى كۈنى ھۇزۇرغا كىرىدىغانلىقى شۇ چاغدا بەلگىلىنىدۇ» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ كۈسەمىش بىلەن ئايتولدى ئوردىغا بارىدۇ. ئىشىكتە يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ مېڭىپ ئىچكىرىگە كىرىشىدۇ. ھاجىپنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ. ئاخىرى ھاجىپ ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ ئولتۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئورۇن كۆرسىتىدۇ، كۈسەمىشنىڭ ئىشى مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ ۋە چىقىپ كېتىدۇ. ھاجىپ ئايتولدىدىن قانداق تىلىكى بارلىقىنى سورايدۇ، ئۇ بولسا، ھۆكۈمدارغا خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنى، ئۇنىڭ ئىشىكىدە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ «ھاجىپ مۇناسىپ كۆرسە، بۇ سۆزۈمنى ھۆكۈمدارغا ئىلتىماس قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ. ھاجىپمۇ «مەن ئالدى بىلەن سېنىڭ سۆزۈڭنى، تىلىكىڭنىڭ نېمىلىكىنى، ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى ھۆكۈمدارغا ئېيتاي، سەن سەۋر قىلىپ تۇر. ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر پەيتى بولىدۇ. ئالدىرىماسلىق ۋە ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتىنى كۈتۈش لازىم» دەپ ئۇنى قايتۇرىدۇ.

ئاخىرى ھاجىپ مۇۋاپىق پۇرسەتنى تېپىپ بۇ ئەھۋالنى ھۆكۈمدارغا ئېيتىدۇ. ئايتولدىنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە تەكتىنى ھۆكۈمدارغا چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭ ئەقىللىك ۋە بىلىملىك بىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھۆكۈمدارمۇ «ئۇنى كەلتۈر، كۆرۈپ باقاي، ئۇنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كىر» دېيىدۇ. ھاجىپ



ھۆكۈمدار ھۇزۇرىدىن چىققاندىن كېيىن غۇلاملىرىدىن (572) بىرىنى چاپتۇرۇپ ئايتولدىغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئايتولدى خۇشاللىق بىلەن دەرۋازىغا يېتىپ كېلىدۇ، ھاجىپ ئۇنى قارشى ئېلىپ ئىچكىرىگە باشلايدۇ ۋە تۆردىن ئورۇن بېرىدۇ. كېيىن ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئايتولدىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ «چاقىر، كىرسۇن» دېيىشى بىلەن ھاجىپ چىقىپ «ھەي ئايتولدى، تۇر! ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىر» دەيدۇ. ئايتولدى ھۇزۇرغا كىرىپ تىزلىنىدۇ ۋە بېشىنى ئېگىپ سۆز قىلىدۇ(573). بىز بۇ يەردە بۇ ۋەقەلىكنى نەقىل كەلتۈرگەنلىكىمىز، ھاجىپنىڭ ئىدارە قىلىنغۇچىلار ياكى دۆلەت خىزمەتچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھەم ھۆكۈمدار بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتىچىلىك ئىشىدا ئوينىغان رولى ھەققىدە كىتابخانىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ يەردە ئايتولدى، شۇ چاغقىچە ھۆكۈمدار زادىلا تونۇمايدىغان ئادەتتىكى بىر ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. شۇڭلاشقىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھېكايە قىلغان ئەھۋالمۇ

(572) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 574 - بېيت. ئارات، «بىر ئوغلان يۇگۇرتتى تىلىن سۆز ئىدىپ» شەكلىدىكى ئىپادىنى «بىر ئۈچ ئوغلاننى خەۋەر قىلىشقا ماڭغۇزدى» دەپ تەرجىمە قىلغان. بىزنىڭچە بۇ يەردە «ئوغلان» سۆزىنى «ئۈچ ئوغلان» دىن كۆپرەك، «غۇلاملىرىدىن يەنى ھاجىپنىڭ خىزمىتىدە بولغان قۇللىرىدىن بىرى» دەپ ئېلىش تېخىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى بىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئوغلان» سۆزىنى «ئەبد» (قۇل) نىڭ ۋارىيانتى سۈپىتىدە قوللانغىنىدەك (كېلىسلى I، ئاتالاي I، 373)، «غۇلام» نىڭ ۋارىيانتى سۈپىتىدە قوللانغانلىقىنى ھەتتا بۇنى ھۆكۈمدارنىڭ ئەسكەرلىرىگە (شۇبىھىسىز خاس ئەسكىرى) قارىتىلغانلىقىنى بىلىمىز (كېلىسلى II، 217؛ ئاتالاي II، 272، 3). دېمەك، بۇنىڭدىن بىز ھۆكۈمداردىن باشقا يەنە دۆلەت مۆتىۋەرلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە خاس قۇللىرىنىڭ «غۇلام» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

(573) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 486 - 582 - بېيت.

شۈبھىسىز توغرا كەلگەن بىرىنىڭ ھۇزۇرغا كىرىشى ئۈچۈن مېڭىشقا تېگىشلىك يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. باشقا مۆتىۋەرلەرنىڭ بولسا توپتوغرا ھاجىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۇزۇرغا كىرىش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرگەنلىكىدە ۋە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كۈتمىگەنلىكلىرىدە گەپ يوق.

ھاجىپنىڭ ئەلچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ۋەزىپىلىرىدىن باشقا بىر ۋەزىپىسى بار ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ھەقتىكى خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ كېلىپ - كېتىشلىرىدە ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئۇزىتىش بىلەن بىللە قايتىشلىرىغا رۇخسەت قىلىش ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك سوۋغات - ئىنئام بېرىش ۋە باشقا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىشمۇ ھاجىپنىڭ ئىشى ئىدى (574). ئۇ، ئەلچىلەرنىڭ ياتاقلىرى، يېمەك - ئىچمەكلىرىنى تەمىنلەشتىن باشقا ئەھۋاللىرىغا قاراپ سوۋغات بېرىش - بەرمەسلىكىنى ھەم قارارلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى (575). ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىدىكى مۇراسىم ئۇسۇل ۋە ھۆرمەتنىڭ بەجا كەلتۈرۈلۈشىمۇ شۈبھىسىز ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ ئەمرىدە باشقا ھاجىپلارمۇ بولاتتى. «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى «ئۇلۇغ ھاجىپ شۇنداق بىر ئادەم

(574) ئارات، «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ 2495 - بېيىتىنىڭ 2 - مىسراسىدىكى «بوشۇغ بىرگۈ ئاچىغ ئولارقا تەگىش» ئىپادىسىنى، «ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان سوۋغات ۋە ھەدىيەلەرنىڭ بېرىلىشىگە» شەكلىدە تەرجىمە قىلغان. قايتىشقا قىلىنغان رۇخسەتنى بولسا ھېچ تىلغا ئالمىغان. ھالبۇكى، «بوشۇغ» سۆزى يات بىر ئەلنىڭ ئەلچىسىگە بېرىلگەن قايتىش رۇخسىتى بولۇپ، تەرجىمىدە ئورۇن ئالمىغانلىقى مۇھىم بىر كەمچىلىكتۇر.

(575) يۇقىرىقى كىتاب، 2496 - بېيىت.



بولۇشى كېرەككى: ئۇ باشقا ھاجىپلارغا باش بولسۇن» (576) دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئەمرىدە ھەرخىل مەرتىۋىدىكى ھاجىپلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكىنىدەك، «ھاجىبۇل - ھۇججاب» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى بەكمۇ ئېنىق بولغان «ئۇلۇغ ھاجىپ» سۆزىمۇ بۇ جەھەتنى ئىسپاتلىماقتا. ھەتتا قاراخانىيلار ئوردىسىدا، بۈيۈك سەلجۇقىيلار سارىيىدىكى ساراي ھاجىبى (ھاجىبى دەرگاھ) غا ئوخشاش «خاس ھاجىپ» دەپ ئاتالغان ئايرىم بىر ھاجىپنىڭ بارلىقىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەكمۇ كۆپ ئىشلەتكەن ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ شۇنىڭدەك ئۆز ئۇنۋانىنىڭ خاس ھاجىپ بولۇشى بۇنىڭ ياخشى دەلىلى. چۈنكى، شۇ دەۋردە «خاس» سۆزى «ھۆكۈمدارغا مەخسۇس» مەنىسىدە ئىشلىتىلەتتى. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەركەن رايونىدا يېزىلغان تېرىلغۇ يەرلەرنى سېتىش ھۆججەتلىرىدە تۆت ھاجىپنىڭ ئىسمىنىڭ ئايرىم - ئايرىم يېزىلغانلىقىمۇ تۈرلۈك ھاجىپلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ (577).

لېكىن بۈيۈك سەلجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدا بولغىنىدەك، ھۆكۈمدارنىڭ رەسمىي قوبۇل قىلىشلىرىغا ئۇلۇغ ھاجىپ (578) بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلاتتىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمىز. ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ھاجىپ زېرەك بولۇشى ۋە قانۇننى بەك ياخشى بىلىشى لازىم» (579)، «قانۇن - نىزام - قائىدىلەرنى يولغا قويۇش ئىنچىكە بىر ئىشتۇر،

(576) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2432 - بېيىت.

(577) خۇئارت، Trois Actes، 615 -، 622 -، 624 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(578) بۈيۈك سەلجۇقىيلاردا ھاجىپلار ۋە ۋەزىپىلىرى ھەققىدە، كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى» 28 - بەتكە قارالسۇن؛ ئۇزۇن چارشىلى: «مەدخەل» 33 - بەتكە قارالسۇن.

(579) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2474 - بېيىت.

ئۇلۇغ ھاجىپ بولارنى تەرتىپكە سېلىپ يول ۋە ئىشكەلەرنى ئاچىدۇ» (580) دېگەن سۆزلىرى كوللېكتىپ قوبۇل قىلىشلارغا دائىر مۇراسىم — ئۇسۇل ۋە ئادەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئىشىنىڭمۇ ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى: ئۇلۇغ ھاجىپلار بۇ ئىشنى بىرۇق (بۇيرۇق) دەپ ئاتىلىدىغان تەشرىفات (كۈتـكۈچى) خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئورۇندايتتى. چۈنكى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا رەسمىي قوبۇللاردا دۆلەت چوڭلىرىنى ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىدا مەنسەپ ۋە مەرتىۋـلىرىگە قاراپ ئولتۇرغۇزۇش ئىشى «بىرۇق» دەپ ئاتالغان ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغانىدى (581). يەنە ئۇنىڭ قارىشىچە، ھۇزۇرغا قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ دەرىجىلىرىگە قاراپ تىزىلىپ ئولتۇرۇشلىرىنى «قۇرام ئولتۇرۇش» دەپ ئاتايـدىغانلىقىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

بۇلاردىن باشقا، يۇقىرىدا بىز قىسقىچە نەقىل كەلتۈرگەن ئايتولدى ھېكايىسىدىمۇ كۆرۈلگىنىدەك، ئۇلۇغ ھاجىپ بىلەن باشقا ھاجىپلارنىڭ ئەمرىدە ھەر خىل ئىشلارغا چاپتۇرۇپ خىزمەتلىرىنى قىلدۇرىدىغان غۇلاملىرىمۇ بار بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇلارنى ئومۇمەن «ئوغلان» (582) ۋە «ھاجىپ كىشىسى» (583) دەپ ئاتىغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەۋفىنىڭ، شەمسۇلمۇلك ناسىرخاننىڭ ئۇلۇغ ھاجىپى ھەققىدە مەلۇمات

(580) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2490 – بېيىت.

(581) كېلىسلى I، 316؛ ئاتالاي I، 378. مەھمۇد قەشقەرى «بىرۇق» سۆزىنىڭ ئەسلىنىڭ «ئەمر بۇيرۇق» سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭچە بارلىقى كۆكتۈرك تارىخىغا ئائىت كىتابلاردىن بىزگە بىلىنگەن بۇيرۇقنىڭ ئىزىنى ئاختۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

(582) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 574 –، 575 – بېيىتلار.

(583) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 520 – بېيىت.



بەرگەندە، ئۇنىڭ پايتەخت سەمەرقەنتتە ئەمەس، بۇخارادا، سارايىنىڭ ۋە بۇسارايغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقان «ۋەكىل» لىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈشى (584)، ھاجىپلارنىڭ ساراي ئىشلىرىنى ۋە شەخسىي ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئادەملىرىنىڭـمۇ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا ئەمەقى بۇخارىنىڭ بىرمۇنچە تۈركىي قۇللىرى بولغان بۇ دەۋردە ئۇلۇغ ھاجىپنىڭمۇ ئۆزىگە ئائىت قۇللىرىنىڭ ۋە باشقا خىزمەتچىلىرىنىڭ بولۇشى بەكمۇ تەبىئىي بىر ئەھۋال ئىدى.

بۇ جەھەتلەرنى خاتىرىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ، ئۆز ئەسىرىدىكى باشقا ھاجىپلار ۋە خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تۆۋەندە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. ئەڭ يۇقىرى مەنسەپتىكى بەگلەردىن تارتىپ ئەڭ كەمبەغەل ئادەملەرگىچە ھەرقانداق بىرىنىڭ دەردىنى ئاڭلاش، لازىم تېپىلغاندا ھۇزۇرغا يەتكۈزۈش، ھېچ بولمىغاندا، تەلەپـلىرىنى ھۆكۈمدارغا يەتكۈزۈپ، ئالغان جاۋابىنى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە يەتكۈزۈش، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق ھەم ھۆكۈمدار بىلەن ھۆكۈمەت ھەمدە ھۆكۈمدار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش؛

2. زۇلۇمغا ئۇچرىغان دەردمەنلەرنى ياكى ئادالەتسىزـلىككە ئۇچراپ ئادالەت تەلەپ قىلغۇچىلارنى ھۆكۈمدار ھۇزۇرىغا كىرگۈزۈش؛

3. مۇراسىملاردا ۋە كوللېكتىپ قوبۇل قىلىشلاردا، ھۇزۇرغا كىرگەن دۆلەت چوڭلىرىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى بىرۇقلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن، مەرتىۋىلىرىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش؛

4. چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ ھەرخىل ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش؛

(584) «جەۋامى» 85 – بەت.

بۇلاردىن باشقا ھاجىپلارنىڭ مەسىلەن: ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەنلىكىمۇ بىزگە مەلۇم(585). شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىمۇ بېجىرەتتى.

XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى ھاجىپلىق مۇئەسسەسەسى بىلەن ۋەزىپىلىرىنى مۇشۇنداق بېكىتكەندىن كېيىن، بۇ جەھەتتە زامانىۋى سارايلار بىلەن بەزى سېلىشتۇرمىلاردا بولۇش ھەرھالدا پايدىلىق بولار. مەسىلەن: سەلجۇقىيلار ئوردىسىدا ھاجىپنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىچىدە چەت ئەل ئەلچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر تەرەپنىڭ بارلىقىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق. غەزنەۋىيلەر ئوردىسىدا بولسا بۇ ئىشنى رەسۇللارنىڭ قىلىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم(586). ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىر نىزامۇلمۈلك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر سوت خاتىرىسىدىن (587)، بۈيۈك سەلجۇقىيلاردا ھاجىپلارنىڭ مەيلى شىكايەت قىلغۇچىلارنى سوراق ۋاقتىدا ھۇزۇرغا (مەھكىمىگە) كىرگۈزگەنلىكى، لازىم كۆرۈلگەندە ھۆكۈمدار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا، نورمال زامانلاردىكى ۋاستىچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۈيۈك

(585) بىز توختىلىۋاتقان دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، بۇغراخان ھارۇننىڭ غەزنەۋىيلەرگە ھاجىبلاردىن بىرىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە «بەيھەقى»، 694 ـ بەتكە قارالسۇن.

(586) بۇ ھەقتە «بەيھەقى» 647 ـ، 666 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. مەملۇكىلەر سارىيىدا ئەلچىلەر بىلەن «مېھماندار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەمەلدار ئالاقىدار بولاتتى (ئۇزۇن چارشىلى: «مەدخەل» 359 ـ بەتكە قارالسۇن).

(587) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 31 ـ بەتكە قارالسۇن. بۇ يەردە نىزامۇلمۈلكنىڭ ھاجىپقا: «مەن سېنى پەقەت ھۇزۇرۇمغا كېلەلمەيدىغان ئاجىز فېقىرى بىچارىلار بىلەن مومايلار ئۈچۈنلا خىزمەتكە سېلىۋاتىمەن. سەن بۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا يەتكۈزمىگەنلىكىڭدىن ساڭا ئېھتىياجىم قالمىدى» دېگەنلىكىنى سىبت ئىبنۇل جەۋزىدىن نەقىل قىلىپ، يازغان.



سەلجۇقىلار سارىيىدىكى ھاجىپلىقنىڭ ھۆكۈمدار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسى، ھۆكۈمدار بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىش(588)، سارايىنىڭ باشقا تۈرلۈك ئىشلىرىنى قىلىش ۋە رەسمىي قوبۇل قىلىشلاردا مەرتىۋە ـ دەرىجىلىرىگە قاراپ ئولتۇرغۇزۇشتەك ۋەزىپىلىرىنىڭ (589)قېشىدا تېخىمۇ كېيىنكى ئورۇندا تۇراتتى.

سەلجۇقىيلاردا بۈيۈك ھاجىپ ۋە ھاجىپلار ئومۇمەن ئەمىرلىك مەنسىپىگە ئىگە ھەربىي (قىلىچ ئەھلى) قوماندانلار ئىدى(590). بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا سەلجۇقىيلاردا، بىرى ساراي خىزمەتچىلىرى، يەنە بىر تەخمىنەن 50 كىشىلىك ئەسكەر بىرلىكلىرىنىڭ قوماندانلىرى بولغان(591) ئىككى خىل ھاجىپ كۆرۈلمەكتە. غەزنەۋىيلەردە ساراي ھاجىپلىرى ئايرىم ئىدى(592) ۋە قوماندان ھاجىپلار بولسا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى(593). بۇنىڭغا ئوخشاش قاراخانىيلاردا ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ ۋە قول ئاستىدىكى ھاجىپلارنىڭ ھەربىيلەردىن ئىكەنلىكىگە دائىر ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق(594). ئەكسىچە، بۇ تەتقىقاتىمىزنىڭ ئانا مەن-

(588) ئۇزۇن چارشىلى «مەدخەل» 33 ـ بەتكە قارالسۇن.

(589) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى» 29 ـ بەتكە قارالسۇن.

(590) يۇقىرىقى ماقالە، كۆرسىتىلگەن يەر.

(591) كۆيمەن: «ھەربىي تەشكىلات» 41 ـ بەت.

(592) سۇلتان مەسئۇدنىڭ ساراي ھاجىپى ئەرتېگىن ھەققىدە: «بەيھەقى» 987 ـ بەتكە قارالسۇن.

(593) بۇ ھەقتە «بەيھەقى» ئىندېكس (بولۇپمۇ ئالتۇنتاش، بەگ تۇغدى، بەي تېگىن، تاشى ـ فەرراش ماددىلىرى) كە قارالسۇن.

(594) بارتولد سامانىيلارنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارى مۇنتەسىر بۇخاراغا ئاخىرقى قېتىم يۈرۈش مەقسىتىدە يولغا چىققىنىدا، ئەسكەرلىرىنىڭ، ئىلىگ (قاراخانىيلار) خانىنىڭ ھاجىپلىرى سۇلايمان ۋە سافى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكلىرىنى يازىدۇ («تۈركىستان» 270 ـ بەت)، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىككى ھاجىپ، قوماندان بولۇپ كۆرۈنمەكتە. لېكىن بۇنى كېيىنكى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەربىي قاراخانىيلاردا قوماندانلىق قىلىدىغان ھاجىپلارنىڭ بولغانلىقى توغرىلىق ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەسمىز.

بەسىنى تەشكىل قىلغان «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ يازغۇچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەر ھالدا قەلەم ئەھلىدىن خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىگە چىققانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسىرىنى دىققەت بىلەن كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە بولساق، ئۇنىڭ ئاسترونومىيە، خىمىيە، تەبىئىي پەنلەر، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، بولۇپمۇ ئەدەبىياتتا ئوخشاش ئىلىم تارماقلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى ۋە ئىنتايىن ياخشى تەربىيە ئالغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ بىر ھاجىپ سۈپىتىدە ئۆز ئەسىرىدە ھاجىپلىقنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىچىدە ئەسكەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر خاتىرىگە ئورۇن بەرمىگەنلىكىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دېگەن ئەسىرىنىڭ باشقا بىر بابىدا، دۆلەت ئىشىكىدىكىلەرنىڭ دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندە ھاجىپلىقمۇ ئورۇن بەرگەن. بۇمۇ، ھاجىپلارنىڭ ئىشىك خىزمەتچىلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققانلىقلىرىغا دائىر بىر مىسال بولالايدۇ(595).

بۇ ئەھۋالدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلاردىكى ھاجىپلىق مۇئەسسەسى بىلەن، سامانىيلار ۋە غەزنەۋىيلەر ئارقىلىق سەلجۇقىيلارغا ئۆتكەن ھاجىپلىق مۇئەسسەسەسى ئوتتۇرىسىدا، ماھىيەت ۋە ۋەزىپىلىرى جەھەتتىن قارىغاندا، XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەنىلا خېلى مۇھىم پەرقلەر بار ئىدى. مانا بۇ جەھەت بىزنىڭ پىكرىمىزچە، «تايانغۇ» ئىسمى بىلەن ھاجىپلىق مەمۇرىيىتىنى خېلى بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن قاراخانىيلار دۆلىتى ساسانىي - ئابباسىي ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرۇپ كېلىنگەنگە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان سەلجۇقىيلارغا قارىغاندا، ئۆزلىرىگە خاس بىر ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسىگە،

(595) 4065 - بېيت.



چۈشەنچىسىگە ۋە تەشكىلاتىغا ئىگە ئىدى. يەنى قاراخانىيلار شۇ دەۋردە غەربدىن كەلگەن تەسىرلەردىن خېلى يىراق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدارە قىلىش ئەنئەنىلىرىنى زور دەرىجىدە قوغداپ قالغانىدى(596).

يەنە بىر تەرەپتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، ياخشى بىر ھاجىپقا خاس خۇسۇسىيەتلەر ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىنى شۇ دەۋرنىڭ چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىن قىسقىچە قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇلۇغ ھاجىپ ئىشەنچلىك. دۇرۇس، دىندار، ئەسلى نەسەبى ساپ، مىجەزى مۇلايىم بىر ئادەم بولۇشى كېرەك(597). ئۇنىڭدىن باشقا كۆزى توق، ھايالىق ۋە نازۇك بولۇشى، زېرەك ھەم تۈرلۈك بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. كۆزى توق كىشى خىزمەتتە پارىخورلۇق قىلمايدۇ، ئەگەر ھاجىپ پارىخورلۇق قىلسا ھۆكۈمدارمۇ كۆلكىگە قالىدۇ(598). ھاجىپ ئىنتايىن سەگەك ۋە ئىدراكلىق بولۇشى كېرەك. چىراي - ھۆسنى گۈزەل، چاچ - ساقىلى سىلىق تارالغان، ئاۋازى ئەرلەرچە، سۆزلىرى ئېنىق بولۇشى كېرەك. ھاجىپ دائىم باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا بولىدىغانلىقى

(596) تۈرك - ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىغا ئاساس سالغان ئابباسىي تەشكىلاتىدۇر. ئەمەۋىيلەردىن بىزى بازلىقى بىلىنگەن ھاجىپنىڭ ۋەزىپىلىرى ئارىسىدا ئەلچىلەر بىلەن شىكايەت ھەم تەلەپچى كىشىلەرنىڭ ئىلتىماسلىرىنى ئاڭلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك جەھەتلەرنىڭ ئورۇن ئالمىغانغا ئوخشاش، سامانىيلار دەۋرىدىمۇ بۇنىڭغا دائىر ھېچبىر مەلۇمات يوق (م. ف. كۆپرۈلۈ: «ھاجىپ». v/1، iA جىلد، 30-، 36 - بەتلەر؛ ھەسەن ئىبراھىم ھەسەن: «تارىخۇل ئىسلامى» قاھىرە، 1964، I جىلد، 442 - بەت، II جىلد، 5 -، 264 - بەتلەر: ئارسال: «ھوقۇق» 6 -، 105 - بەتلەرگە قارالسۇن. ئارسالنىڭ ئۇلۇغ ھاجىپنى «بۈيۈك ۋەزىر» دېيىشى توغرا ئەمەس).

(597) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2436 -، 2437 - بېيتلار.

(597) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2441 -، 2442 - بېيتلار.

ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۈزى كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنۈشى كېرەك. ھاجىپ كەمتەر بولۇشى، كەمبەغەل، تۇل، يېتىملەرگە مېھرىبان بولۇشى لازىم. ئۇ قانۇننىمۇ ياخشى بىلىشى، شېرىن سۆز بولۇشى، تىل ۋە سۆزنى تېيىشى كېرەك(599).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، خىزمەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئىنچىكە خىزمەت ھاجىپلىقتۇر. شۇڭلاشقا، ھاجىپلار بەزى يەرلەردە ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ھۆكۈمدارنىڭ سۆزىدىن قەتئىي چىقماسلىقى، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىكى، قوبۇل ۋاقتىدا ھوشيار تۇرۇشى، ھەممىلا سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىۋەتمەسلىكى كېرەك(600). ئۇنىڭدىن باشقا ئاڭلىغان ھەر-قانداق نەرسىنى ئاشكارا قىلماسلىقى، نامۇناسىپ ئىشنى كۆرگەندە كۆزنى يۇمۇپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان بولۇشى، ئۆزىنى تۇتۇشى ۋە توغرىلىق بىلەن ياشىشى لازىم. يەنە قوبۇل ۋاقتىدا كۆزىگە، ئىلتىماس قىلغاندا سۆزلىرىگە دىققەت قىلىشى، ھەتتا ۋاقىتسىز ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرمەسلىكى، سوراشتىن بۇرۇن دوكلات قىلماسلىقى كېرەك(601). يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاجىپنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە «ھۆكۈمدارغا ۋاقتى كەلگەندە يۈز كۆرسەت، سوئاللىرىغا جاۋاب بەر»(602) دېگەن بىر تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماقالىسىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ بارلىق يازغانلىرى ياخشى بىر ھاجىپنىڭ قانداق بولۇشى ۋە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكىنىدەك، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئادەملىرى بىرلۈپمۇ ھاجىپلىق تېمىسىدا ئۇيغۇر - تۈركىي

(599) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2453-، 2483- بېيتلار.
(600) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2504-، 2505- بېيتلار.
(601) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2511-، 2520 - بېيتلار.
(602) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2523 - بېيت.



خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىدارە قىلىش چۈشەنچىسىنىڭ مەلۇم پرىنسىپلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## 2. قوۋۇقچىباشى (ئىشىكئاغىسى)

قاراخانىيلارنىڭ ئوردا تەشكىلاتىدا ھۆكۈمدار ۋە ئۇلۇغ ھاجىپتىن قالسا ئەڭ چوڭ مەنسەپ ئىگىسى قوۋۇقچىباشى («قاپۇغ باشلار ئەر» ياكى «قاپۇغ ئېل باشى») ئىدى. بۇ جەھەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئەسىرىدە قوۋۇقچىباشىغا ھاجىپلىقتىن كېيىنلا ئورۇن بەرگەنلىكىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، قوۋۇقچىباشىنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىمۇ بۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوردا تەشكىلاتىدا شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن قوۋۇقچىباشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرى مۇنداق ئىدى:

1. ھەرخىل خىزمەتلەر ئۈچۈن ئوردىغا ئادەم ئېلىش؛

2. ھەرخىل ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ ھۇزۇرغا كىرىشى، ئۇلارنى خىزمەتكە تەيىنلەش ۋە خىزمەتتىن بوشىتىش قاتارلىق بارلىق شەخسىي مەسىلىلىرىگە مەسئۇل بولۇش؛

3. ئوردا خىزمەتلىرىنىڭ مۇنتىزىم ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش، زۆرۈر بولغان كونتروللۇقنى يولغا قويۇش؛

4. مەيلى ئوردىدا بولسۇن، مەيلى ئوردا سىرتىدا بولسۇن، ھەرخىل خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى قوللىنىش، ھۆكۈمدارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولۇش.

بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، ئوردىنىڭ ھەرخىل ئىشلىرىغا قوۋۇقچىباشى مەسئۇل ئىدى. ئۇ، سارايغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنى سۈرۈشتۈرەتتى. ئۇلار گۇلىسىدىكى ئەڭ ھوشيار ۋە

ئىشقا يارايدىغانلارنى تاللاپ خىزمەتكە ئالاتتى(603). خىزمەتكە ئېلىنغانلارنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى ۋە كىملەر بىلەن ئىشلەيدىغانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئۇلارغا كۆرۈنگىچە ئۇلارنى كونترول قىلىش، يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلىرى، ئات - ئۇلىغىدىن خەۋەر ئېلىشتەك ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلەشمۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن ئىدى(604). ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمدار ساراي خادىملىرىنى قوبۇل قىلىدىغان چاغدا، قول ئاستىدىكىلەردىن ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە لايىق ۋە يارايدىغان ياكى يارىمايدىغانلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. بۇ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر خىل ئىلتىماسلىرىنى يەتكۈزۈش، مۇۋاپىق ئىلتىماسلىرىنى قوللاش ۋە ئۇلارغا بۇ جەھەتتە يار - يۆلەكتە بولۇش قوۋۇقچىباشىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرى ئىدى. يەنە قول ئاستىدىكىلەرگە ھۆكۈمداردىن ئىنئام ئېلىپ بېرىش، بەزىلىرىگە ئات - ئۇنۋان، بەزىلىرىگە ئۆزىگە لايىق ۋەزىپە ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ۋاستىچىلىك قىلىش، كىمنىڭ قانداق خىزمەت قىلغانلىقلىرىنى كۆزىتىپ، يارايدىغىنى قايسى، پايدىلىقى قايسى، ھەتتا كېلىچەكتە پايدىلىق بولىدىغانلىرى قايسى ئىكەنلىكىنى بېكىتىش، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمدارغا بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلىش، لايىق بولغانلارنى ئۆستۈرۈشكە تەۋسىيە قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى قوۋۇقچىباشىنىڭ ئىشى ئىدى(605). ھۆكۈمدارنىڭ، خىزمەتچىلەرگە قىلىدىغان ئىلتىپاتى ۋە تەقدىرلەش ھەققىدىكى يارلىقلىرىنى ئىشىك خىزمەتچىلىرىگە ئۆزى يەتكۈزۈش، سارايدا ھەركىمنىڭ ئولتۇرىدىغان، تۇرىدىغان يەرلىرىنى دائىم تەرتىپلىك تۇتۇشمۇ قوۋۇقچىباشىنىڭ

(603) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2534 - بېيت.
(604) «قۇتادغۇ بىلىگ» 2562-، 2564 - بېيتلار.
(605) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2537-، 2545 - بېيتلار.



خىزمەتلىرىگە دائىر ۋەزىپىلىرىدىن ئىدى (606).

ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا يېمەك پەتنۇسى كىرگەن چاغدا ئۇنى كۆزدىن كەچۈرۈش، لايىق بولمىغان نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئۇنى چەكلەش، ئىچىملىكلەردىن شەربەت چىقارغاندا تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش، يول بويى ئۇنىڭغا ھەرقانداق يات قولنىڭ تەگمەسلىكىگە دىققەت قىلىش ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى (607). بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قوۋۇقچىباشى بۇخىل ۋەزىپىسى ۋە سالاھىيىتى بىلەن ھەم ئاشچىباشىنىڭ ھەمدە ئىچكىچىباشى (ئىدىشچى) نىڭ ئەمىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن باشقا يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق بولۇپمۇ ھۆكۈمدارنى زەھەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا بولۇپمۇ ھۆكۈمدار بەرگەن زىياپەتلەرگە ئاش - تائاملار تارتىلغاندا پەتنۇسلارغا قاراپ بۇلارنى ھۆكۈمدارنىڭ شەنىگە لايىق ھالدا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش، ھېچقانداق كىشىنىڭ ئاچ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك تائام كېرەكلىكىنى مۆلچەرلەشمۇ قوۋۇقچىباشىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. بۇنى خېلى بۇرۇن دەپ ئۆتكەنىدۇق(608). سارايدا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاقساپ قالماسلىقى ئۈچۈن قوۋۇقچىباشىنىڭ ئاشپەز ۋە شارابچىلاردىن باشقا تۆشەكچى، تۇغچى ۋە ئوۋچىلارنىمۇ ئالدىدا تۇرغۇزۇشى، شۇنداقلا قۇشچى (بۈركۈتچى)، ئوقچى ۋە ئوقياچىلارنىمۇ ھەر كۈنى سارايدا تەييار تۇتۇشى لازىم

(606) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2546-، 2547 - بېيتلار.
(607) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2549-، 2550 - بېيتلار.
(608) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2551-، 2552 - بېيتلار.

ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز(609).

يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق ھۆكۈمدارغا ھەرقانداق بىر يامانلىق كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن باشقا، سارايىنىڭ كېچىلىك ۋە كۈندۈزلۈك مۇھاپىزەت قىلىنىشى بىلەن ساراي سىرتىدا ھۆكۈمدارنىڭ ھەرخىل خەتەرلىك ئەھۋاللارغا قارشى قوغدىلىشىمۇ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك قوۋۇقچىباشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە كېچىدە «ياتىغاق»(610) دەپ ئاتىلىدىغان كېچىلىك نۆۋەتچىلەرنى كېرەكلىك يەرلەرگە تۇرغۇزاتتى. ھەممە ئىشنىڭ ئۆز جايىدا ۋە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز نۆۋەتچىلىكىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، سارايىنىڭ دەرۋازىلىرىنى قاراپ تۇرۇپ ئەتتۇرۇش، تاڭ سەھەردە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە كېلىپ «تۇرغاق» (611) دەپ ئاتىلىدىغان كۈندۈزلۈك نۆۋەتچىلەرنى سارايىنىڭ كېرەكلىك يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ ھۆكۈمدارنى ۋە سارايىنى قوغداش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى ھېسابلىناتتى(612).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمدارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا - قازالار ئوۋدا، يۈرۈشلەردە، چەۋگەن ئويۇنىدا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتلەردە كېلەتتى (613). شۇڭلاشقا، قوۋۇقچىبېشى

(609) 2557 -، 2558 - بېيىتلەر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە قوۋۇقچىباشىنىڭ سارايدىكى ئىچ خىزمەتلەرنىڭ يېگانە باشقۇرغۇچىسى ئىكەنلىكى توپەيلىدىن ئۇنىڭغا، قوۋۇق مەنىسىدىكى «ئېل» سۆزىدىن پايدىلىنىپ (2253 - بېيىتتە قارالسۇن) «قاپۇغ ئېل باشى» دەيدۇ (2555 - بېيىت).

(610) «ياتىغاقلار» ھەققىدە تەتقىقاتىمىزنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى» قىسمىدا كەڭ مەلۇمات بېرىلگەن.

(611) — ئارات، 2536 - نومۇرلۇق بېيىتنىڭ تەرجىمىسىدە «تۇرغاق» سۆزىنى «نۆۋەتچى» دەپ تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ «ياتىغاق» نىڭ ئەكسىچە، «كۈندۈز نۆۋەتچىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. «تۇرغاقلار» ھەققىدىمۇ «ھەربىي تەشكىلات» قىسمىدا ئايرىم مەلۇمات بېرىلدى.

(612) قۇتادغۇ بىلىگ»، 2533 -، 2535 -، 2536 - بېيىتلار.

(613) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2583 - بېيىت.



ھۆكۈمدار يۈرۈشكە، ئوۋغا، چەۋگەن ئويۇنىغا ياكى ساياھەتكە چىققاندا ئۇنى ئىنتايىن دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە، بالا - قازالارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مەسئۇل ئىدى. ئىشەنچسىز ئادەملەر بولسا، ئۇلارنى ھۆكۈمراندىن يىراقلاشتۇرۇشى ۋە گۇمانلىق ئادەملەرگە نىسبەتەن ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىشەنچلىك، توغرا، ھۆكۈمدارنى ياخشى كۆرىدىغان، سادىق كىشىلەرنىڭلا ھۆكۈمدارنىڭ ئەتراپىدا بولۇشلىرىغا دىققەت قىلاتتى (614).

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھۆكۈمدار مەيلى چەۋگەن ۋە ئوۋغا ئوخشاش تەنھەرىكەت ۋە تاماشا ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى ئەلنى كۆرۈش ساياھىتى ۋە يۈرۈشلەرگە ئوخشاش دۆلەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسۇن، سارايدىن ئايرىلغان چاغلىرىدا «يورتۇغ» دەپ ئاتالغان ئۆز ئادەملىرى ۋە قوغدىغۇچى ئەترىتى بىلەن بىللە بولاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيت قىلىشلىرىغا قارىغاندا، بۇنداق ئەھۋاللاردا قوۋۇقچىباشى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى ئېلىش جەھەتتە قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى بىلەن ھەمكارلىشاتتى، ھەتتا «يورتۇغ» مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوۋۇقچىباشىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا: «قوماندان بەگنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنى تەرتىپكە سالغاندا ھېچكىمنىڭ ئالدىغا كەتمەسلىكى ۋە ئارقىدىمۇ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىشى، كىچىك مەنسەپتىكىلەر چوڭلارنىڭ ئارىسىغا كىرمەسلىكى، يىراقتا ۋە سىرتتا يۈرۈشكە تېگىشلىكلەر يېقىن يولىماسلىقى لازىم»، بولۇپمۇ «ھەر كىمنىڭ سارايدىكى ئورنى ۋە مەنسىپى قانداق بولسا يورتۇغدىمۇ

(614) «قۇتادغۇ بىلىگ» 2581 -، 2582 -، 2584 -، 2585 - بېيىتلار

شۇنداق بولۇشى كېرەك» (615) دەپ كۆرسەتكەنىدى. دېمەك، بۇنىڭدىن بىز قوۋۇقچىباشىنىڭ لازىم تېپىلغاندا يورتۇغقا قوماندانلىق قىلىدىغانلىقىنى ياكى ئەڭ بولمىغاندا يورتۇغنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تۈزەشتە قوماندان بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بولۇپمۇ ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تەشكىللەش ۋە كونترول قىلىش جەھەتتىن قوۋۇقچىباشىنىڭ ھەربىي خىزمەتنىمۇ ئۆتەيدىغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە قوۋۇقچىباشىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى لازىملىقىغا دائىر بەرگەن مەلۇماتى بىزنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ: «شۇ ئىككى نەرسە سارايىنىڭ زىننىتىدۇر. بۇلار بەگنىڭ نامىنى يۈكسەلدۈرۈپ بەختكە يول ئاچىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى ھۆر ئادەم بولغان ئۇلۇغ ھاجىپ بولسا، يەنە بىرى — ئىشىكنىڭ ئەھلى بولغان قوۋۇقچىباشى. بۇ ئىككى كىشى بىلەن ساراي (دۆلەت ئورگىنىدىكى ئىشلار) تەرتىپكە سېلىنىدۇ، ھۆكۈمدارنىڭ نامى ئۇلۇغلۇق بىلەن ھەر يانغا تارقىلىدۇ» (616). ئەجەبا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ھۆر ئادەم بولغان ئۇلۇغ ھاجىپ» ئىپادىسى بىلەن، ئىشىكئاغىسىنىڭ ئەركىن كىشى ئەمەسلىكىنى سۆزلىمەكچىمۇ؟ باشقا بىر ئىپادە بىلەن ئېيتساق، قوۋۇقچىباشى، ھۆكۈمدارنىڭ خاس غۇلاملىرىدىن تەشكىل تاپقان ئالاھىدە ئەسكەرلىرى ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ بۇ مەنسەپكە ئىگە بولغان قىلىچ ئەھلى، ھاجىپ بولسا قەلەم ئەھلى ئادەملەردىنمىدۇ؟ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەر خىل ئىلمىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئورۇنغا قەلەم ئەھلى سۈپىتىدە چىققان بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە قوۋۇقچىباشىنىڭ

(615) «قۇتادغۇ بىلىگ» 2586، — 2588 —، بېيتلار.

(616) 2554 — 2556 — بېيتلار.



ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھەربىيلىككە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى، ھەتتا ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن بولۇشى، بۇ ئورۇننى ئىگىلىگەن ئادەمنىڭ قىلىچ ئەھلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېھتىمالغا كۆپرەك يېقىندۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ تېمىدا ھازىرچە ئارتۇق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز.

پۈتۈن ساراي خىزمەتچىلىرىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان قوۋۇقچىباشىنىڭ، يالغۇز ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ئەمەس، ئۆز ئەمرىدىكى ھەر خىل خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەنمۇ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. بۇ جۈملىدىن ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يات (مۇساپىر) كىشى خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە ئوردىغا كەلگەن بولسا، ئۇنى قارشى ئېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقىچە ياتاق ۋە ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئىشىنىڭمۇ قوۋۇقچىباشىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى (617). ئۇنىڭ قارىشىچە، قوۋۇقچىباشى خىزمەتچىلەرنىڭ ھالىنى سوراپ تۇرۇشى، ئاچ - توقلۇقى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك (618). موھتاج بولغانلار بولسا، ئېھتىياجىنى قامدىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا خىزمەتچىلەردىن بىرەرى سارايغا كەلمىسە، نېمە بولغانلىقىنى سوراپ سۈرۈشتۈرۈشى، ئەگەر ئاغرىق بولسا ئەھۋال سورىشى، ھورۇنلۇق قىلغان بولسا ئۇنى ئۇيالدۇرۇشى لازىم (619)؛ ياخشى بىر قوۋۇقچىباشى دوستلىرى بىلەن بىللە، ئۆز قوشۇنىدىكى ياكى قول ئاستىدىكى ئادەملەرنى بەزىدە ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ

(617) «قۇتادغۇ بىلىگ» 2562 - بېيت.

(618) «قۇتادغۇ بىلىگ»، ئارات 2564 - نومۇرلۇق بېيتنىڭ تەرجىمىسىدە «كىيىملىرى كونىرىغانمۇ؟» دەپ ئالغان.

(619) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2564 -، 2567- بېيتلار.

قىلىشى، يېگۈزۈپ - ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئۇلارنى قۇرۇق قول قايتۇرماي ئىنئام بېرىشى لازىم؛ قوۋۇقچىباشى بۇ خىزمەتنى جان - تېنى بىلەن قىلىشى، ناھايىتى سادىق بولۇشى لازىم(620)؛ شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۇ قاراڭغۇ تۈننى ئىشىكتە يورۇتۇشى، يورۇق كۈننىمۇ ئىشىكتە پاتۇرۇشى كېرەك. ساراي خىزمەتلىرىگە لايىق قانۇن - قائىدىلەرنى ياخشى بىلىشى، ئەڭ مۇھىمى داستىخىنى كەڭ، ئۆزى بەك سېخىي بولۇشى، ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام بېرىپ ئەتراپىغا كۆپ ئادەملەرنى توپلىشى لازىم.

بۇنداق خۇسۇسىيەتلەرنى ھۆكۈمدار بىلەن بىللە باشقا ساراي ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە ھەر دائىم تەۋسىيە قىلىدىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، شۈبھىسىزكى، قول ئاستىدىكىلەرنى تويغۇزۇشنى، ئېھساندا بولۇشنى، چىش كىراسىنى (ھەقلىرىنى) بېرىپ كۆڭۈللىرىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىشنى قاراخانىيلار زامانىسىدىكى دۆلەت ئادەمگەرچىلىكى چۈشەنچىسىنىڭ بىر خىل شەرتى ھېسابلايتتى.

قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى قوۋۇقچىباشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلىرى بار ئىدى. بارلىق ساراي خىزمەتلىرىنى نۇقسانسىز ئورۇنداش جەھەتتىن ئۇنى غەزنەۋىيلەر ۋە سەلچۇقىيلار سارايلىرىنىڭ بۈيۈك ھاجىپىغا(621) ياكى ھاجىپى دەرگاھىغا(622) ئوخشاتقانلىقى بولىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ داستىخىنى ۋە زىياپەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپىسى جەھەتتىن بولسا شۇ سارايلار-

(620) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2529 - بېيىت.

(621) نىزامۇلمۇلك: «سىياسەتنامە»، 130 - بەت (31 - باب)-كە قارالسۇن.

(622) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 28 - بەت؛ ئۇزۇن چارشىلى: «مەدخەل»، 33 - بەتكە قارالسۇن.



نىڭ ۋەكىلى خاس (خاس ۋەكىل)(623) نىڭ ياكى ۋەكىلى دەرنىڭ(624) ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ ئوردىسىنى كېچە - كۈندۈز قوغدىشى جەھەتتىن بولسا بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئوردىسىدىكى ۋەكىلى خاسنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندايتتى(625). ھۆكۈمدارنىڭ ساراي سىرتىدا بولغان چاغلىرىدىكى قوغدىنىش ۋەزىپىسى جەھەتتىن بولسا سەلچۇقىيلار سارىيىدىكى سىلاھدار(626) بولۇپمۇ جاندارنىڭ(627) ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنمەكتە(628). تۆۋەندە كۆرۈنگىنىدەك، ئەۋفى تامغاچ خان ئىبراھىم زامانىسىدە سەمەرقەند سارىيىدىمۇ جاندار مەنسىپىنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ جەھەت ئۇ يازغان دەۋردە ھۆكۈمدار-

(623) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 31-، 32 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(624) ھەسەن ئەنۋەرى: «ئىسلاھاتى دىۋانىيە»، 45 - بەتكە قارالسۇن.

(625) بۈيۈك سەلچۇقىيلار سارىيىدا كېچە نۆۋەتچىلىرى (پاسىبان)، ساراي (يەنى كۈندۈز) نۆۋەتچىلىرى (نۆبەتىياتى خاس) ۋە قوۋۇقچىلارنىڭ (دەربانان) ۋەزىپىلىرى ھەم كونتروللىرى ھەققىدە «سىياسەتنامە»، 136 - بەت (35 - باب)؛ كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 36 -، 37 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(626) — سىلاھدار توغرۇلۇق كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 32 - بەتكە، ئۇزۇن چارشىلى، «مەدخەل»، 34 - بەتكە قارالسۇن.

(627) جاندار ۋە ۋەزىپىلىرى ھەققىدە ئۇزۇن چارشىلى: «مەدخەل»، 34 -، 81 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(628) س. م. ئارسال، ھەر ھالدا قوۋۇقچىباشىنىڭ بولۇپمۇ ساراي خىزمەتچىلىرىنى ئورۇنداش جەھەتتىن مەسئۇل بولغان ئىشلىرىغا قاراپ، ئۇنى «ساراي نازىرى» دەپ ئاتىغان («ھوقۇق» 107 - بەت)، بىزنىڭچە توغرا ئەمەس. چۈنكى قوۋۇقچىباشىنىڭ قاراخانىيلار سارىيىدا مەخسۇس بىر مەمۇرىيەت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

نىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغانلارنى «جاندار» دەپ ئاتىسا كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا مۇشۇنداق مۇھىم بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆز قىلماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

قوۋۇقچىباشى بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداشتا شۈبھىسىز قول ئاستىدىكى بىر توپ خادىملارغا تايىناتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوۋۇقچىباشىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ھەققىدە «ھىل» (قىسىم) ۋە «قولداش» سۆزىنى قوللانغان(629). بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ خېلى كۆپچىلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بەگلەرنىڭ ۋە باشقا چوڭلارنىڭ قول ئاستىدا تۇرغۇن مالايلار ۋە باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇلارنى «قولداش» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى(630). ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ياغۇز ھاجىپ، قوۋۇقچىباشى ۋە باشقىلارنىڭلا قول ئاستىدا خىزمەتچىلەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مۆتىۋەرلەرنىڭ قول ئاستىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سانى ئوخشاش بولمىغان خېلى كۆپ غۇلام ۋە باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن قوۋۇقچىباشى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەر خىل خىزمەتلەرگە قاراپ قانداق ئاتالار ياكى ئۇنۋانلار ئالغانلىقى، يەنى ئۇلارنى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. قوۋۇقچىباشىنىڭ ئورنى ۋە ۋەزىپىلىرى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىمىزدىن مەلۇم بولۇشىچە، قوۋۇقچىباشى مەرتىۋە جەھەتتىن ئۇلۇغ ھاجىپتىن ھەر قانچە كېيىن تۇرسىمۇ، قاراخانىيلار ئوردىسىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئادەم ھېسابلىناتتى. يەنە ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن

(629) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2537 —، 2559 — بېيىتلار.
(630) كېلىسلى I، 21 — بەت؛ ئاتالاي I، 22 — بەت.



قارىغاندىمۇ، زاماندىش باشقا دۆلەتلەرنىڭ سارايلىرىدا بۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەمۇرىيەت يوق بولۇپ(631)، قوۋۇقچىبېشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئىشلار باشقا سارايلاردا مەلۇم مەمۇرىيەتلەر تەرىپىدىن بېجىرىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن، قوۋۇقچىبېشى تەسىس قىلىشتىمۇ قاراخانىيلار ئوردىسى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى ۋە بۇ جەھەتتىن غەزنەۋىيلەر ۋە سەلجۇقىيلارنىڭ ئوردا تەشكىلىدىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى.

### 3. جاندار (قوغدىغۇچى)

خېلى بۇرۇنلا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، «جاندار» ھۆكۈمدار ۋە ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مۇھاپىزەتچىلەرگە بېرىلگەن ئىسىم بولۇپ، جاندارلارنىڭ ئەمىرلىرىگىمۇ «ئەمىرى جاندار» دەپ ئاتىلاتتى. ئۆز دەۋرىدىكى قاراخانىيلار ئوردىسىدا جاندارلىقنىڭ بارلىقىغا دائىر مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. قوۋۇقچىباشىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، ھۆكۈمدارنى ۋە سارايىنى قوغداش ئىشىنىڭ ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەنىدۇق. شۈبھىسىزكى ئۇ، بۇ ئىشلارنى قول ئاستىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرگە يۈكلەيتتى. شۇڭا، مۇھاپىزەتچىلەر (ياتىغاق، تۇرغاقلار)نىڭ باشلىرى بىۋاستە قوۋۇقچىباشىغا قاراشلىق ئىدى. يەنە

(631) ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى قۇرۇلۇۋاتقان دەۋردە ئوردا تەشكىلاتىدا كۆرۈلگەن قوۋۇقچىباشىنىڭ سارايىنىڭ مۇھاپىزىتى ۋە قوغداش ئىشىغا مەسئۇل بولغانلىقىنى، قوۋۇقچىلار كەتخۇداسى (باشلىقى) ۋە چاۋۇشباشى (ئوفىتسېر) بىلەن بىرلىكتە دىۋان يىغىنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە-يوسۇنلارنى ئورۇنلايدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار سارايىنى قوغداش ۋەزىپىسى جەھەتتىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئىدى (ئا. تانەرى: «ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش دەۋرىدە ھۆكۈمدارلىق قۇرۇمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ساراي ھاياتى — تەشكىلاتى»، ئەنقەرە، 1978، 228 — بەتكە قارالسۇن.

بىر تەرەپتىن، ئەۋفى غەربىي قاراخانىيلاردىن تامغاچ خان ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم (مىلادى 1068 - يىلى ۋاپات بولغان) دەۋرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە، خاننىڭ ئوغرى ۋە يول توسقۇچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئوغرىلارنىڭ باشلىقىغا جاندارلىق ۋەزىپىسى بەرگەنلىكىنى، بۇ ئادەمنىڭ ۋاستىسى بىلەن قاراقچىلارنى خىزمەتكە ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇلاردىن 300 دەك ئادەمنى سارايغا توپلاپ بىر زىياپەتتىن كېيىن ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، شۇنداق قىلىپ قاراقچىلارنى يوقاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى(632). ئەۋفىنىڭ بۇ قەيتىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئىزاھلاشقا بولىدۇ. ئۇ، ياكى ئۆز زامانىسىدە ھۆكۈمدارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىلارنى «جاندار» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ ئاتالغۇنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن، ياكى بولمىسا غەربىي قاراخانىيلاردا ھەقىقەتەن جاندارلىق بار بولغان. ئەمما شەرقىي قاراخانىيلار ئوردىسىدا جاندارلىقنىڭ، ھېچ بولمىغاندا «قۇتادغۇ بىلىگ» يېزىلغان يىللارغىچە مەۋجۇت بولمىغانلىقىنى ياكى ئاز دېگەندە «جاندار» ئۇنۋانىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتالايمىز. چۈنكى ئەگەر بار بولغان بولسائىدى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قاراخانىيلار ئوردىسىنى بەك ياخشى بىلىدىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدار ۋە سارايىنى قوغداش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر مەنسەپتىن چوقۇم سۆز ئېچىشى مۇمكىن ئىدى.

## 4. سىلاھدار (قورالچى)

قاراخانىيلارنىڭ ئوردا تەشكىلىدە مۇنداق بىر ئورۇننىڭ بارلىقىنى XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەركەندە

(632) «جەۋامى»، 68-، 87 - بەتلەر.



تۈزۈلگەن يەر سېتىش ھۆججەتلىرىدىن بىرىنىڭ گۇۋاھچىلىرى ئىچىدە «بەكىر سىلاھدار» ئىسمىنىڭ يېزىلىشىدىن بىلىۋالالايمىز (633). سىلاھدار - ھۆكۈمدارنىڭ قوراللىرىغا قاراش، شۇنىڭدەك سارايىنىڭ قورال ئىسكىلاتىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى ئىدى. مۇراسىملاردا ھۆكۈمدارنىڭ قوراللىرىنى كۆتۈرگۈچىلەرگىمۇ بۇ ئۇنۋان بېرىلەتتى. ئەمەلىيەتتە مۇراسىملاردا قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭمۇ ئالدىدىكى قاتاردا قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئادەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. شۇڭلاشقا، سىلاھدارلارنىڭ بېشىدا باشقا تۈرك - ئىسلام دۆلەتلىرىدە بولغىنىدەك بىر ئەمىرى سىلاھ (قورال باشلىقى) نىڭ بولغانلىقى چوقۇم. لېكىن بۇ تېمىدا ئارتۇقچە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

## 5. ئەلەمدار (بايراقچى)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئۇرۇشلاردا بايراقچى (ئەلەمدار) نىڭ ئۇرۇشنى ياخشى كۆزىتىشىنى، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىدىغان (ئارقا سەپتىكى) ئەسكەرلەردىن ھېچكىمنىڭ سەپنىڭ سىرتىدا قالماسلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئەلەمدارنىڭ ئۇرۇش سېپىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى(634). يالغۇز ئۇرۇش تەرەپىلىدىن بولسىمۇ مۇشۇنداق بىر ۋەزىپە ئۆتىگۈچىنىڭ بارلىقىدىن ھۆكۈمدارنىڭ بايراق ۋە سانجاقلىرىنى كۆتۈرىدىغان ۋە قوغدايدىغان بىر

(633) ش. تېكىن: «بىلىنگەن ئەڭ قەدىمكى ئىسلامىي - تۈركچە تېكىستلەر: ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت»، «يەر سېتىش ھۆججەتلىرى» SAD، IV، (1975)، 162 - بەت.

(634) 2346 - بېيىت.

بايراقدارلار گۇرۇپپىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ ھېسابقا ئېلىش كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ دەۋردە قاراخانىيلار ئوردىسىدا يەنە مەخسۇس بىر «تۇغچىلار» گۇرۇپپىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى(635). ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمدارنىڭ تۇغلىرىنى كۆتۈرۈش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى. گەرچە خېلى بۇرۇن كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، «تۇغ» سۆزىنىڭ قاراخانىيلاردا «نۆۋەت» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ، تۇغچىلار ھەربىي مۇزىكانتلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن دېگەن چۈشەنچىگە كەلسەكمۇ، بىراق، بىزنىڭچە بۇ ئېھتىمالدىن يىراق. يەنە بىر تەرەپتىن يۈسۈپنىڭ سۇ باشى مەنىسىدە، بەزىدە «سۇ، باشلىغۇچى ئەر» دېگەن ئىپادىنى قوللانغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇلسا، «ئەلەم باشلىغۇچى ئەر» نىمۇ ئەلەم باشلىقى مەنىسىدە قوللانغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشكە بولىدۇ.

## B. باشقا ساراي خىزمەتچىلىرى

### 1. ئاشچىباشى (ئاشپەزلەر باشلىقى)

قاراخانىيلار سارىيىدىكى مۇھىم ئورۇنلاردىن بىرىنىڭ «ئاشچىباشى» ئىكەنلىكى مەلۇم. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە «ئاش باشچى»، «ئاش باشچىسى»، «ئاش ئىچىچىسى(636)» ۋە «ئاش باشچى خانسالار» دېگەندەك ئاز - پاز پەرقلىق ئىپادىلەر بىلەن قەيت قىلغان ئاشپەز باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسى، قاچا ۋە داستىخان (ئاياق ۋە تىركى(637)) نى

(635) 2824 - بېيىت.
(636) 2824 - بېيىت.
(637) 2824 - بېيىت، 2878 - بېيىت. شۈبھىسىزكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تىركى - ھۆكۈمدار داستىخىنىدۇر.



دەپ بىلدۈرۈلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاشچىباشىنى سەلچۇقىيلار سارايلىرىنىڭ چاشنىگىرىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ھۇزۇرغا كىرىپ چىقىشتا ھەردائىم ئالدىغا قارىشى كېرەك»(638) دېگەنلىكىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا داستىخان سېلىش ئىشىغا بىۋاسىتە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئورۇن ئالغان «ئىشتا جام ئادەملەر توپى، يېمەك ئوغرىلىرى ئاشخانىغا يىغىلسا...»(639) دېگەن سۆزلەرگە قارىساق، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ داستىخىنىنى باشقۇرۇشتىن سىرت، ئاشخانىنى باشقۇرۇشقىمۇ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ جەھەتتىنمۇ بۈيۈك سەلچۇقىيلاردىكى «خانسالار» بىلەن ئاناتولىيدىكى سەلچۇقلار سارىيىدا بىز كۆرگەن «ھاۋايىجسالار»(640) غا ئوخشىشىپ كېتىشى مۇمكىن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئورۇنغا ئىگە بولغۇچىنى «ئاش باشچى خانسالار» دەپ ئاتىشىمۇ(641) ئۇنىڭ ھەم ھۆكۈمدار داستىخىنى ھەمدە ساراي ئاشخانىسى ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى بولسا كېرەك.

(638) 2869 - بېيىت.
(639) 2861 - بېيىت.
(640) ئۆزۈن چارشىلى: «مەدخەل»، 85 - بەتكە قارالسۇن.
(641) «قۇتادغۇ بىلىگ»، XXXVI باب ماۋزۇسى. شۇنداق بىلىنىدۇكى، «ئاشچى باشى» دېگەن بۇ تۈركچە ئىسىم قەدىمدىن بېرى تۈركىي خەلقلەر سارايلىرىدا مەۋجۇت ئىدى. XI ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلامى - ئىران تەسىرى بىلەن بۇ ئۇنۋانغا يانداپ «خانسالار» سۆزى قوشۇلدى. ئەسلىدە خانسالارلىقنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن چاشنىگىردىن ئايرىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزۈن چارشىلى: «مەدخەل» 36 - بەتكە قارالسۇن. يەنە بىر تەرەپتىن شىنەمسولمولك ناسىر زامانىدا غەربىي قاراخانىيلار سارىيىدا خانسالارلىق قىلغان بىرىنىڭ ئاخىرىدا ئامىللىققا تەيىنلىنىشى، ساراي خىزمەتچىلىرىنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن ۋىلايەت ئىدارىسىدىمۇ خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ («نەرشاھى» 29 - بەت).

ئاشپەز باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندە، ھۆكۈمدارنىڭ جېنىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان قوۋۇقچىباشىغا باغلىق ھالدا ئىشلەيدىغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئاشپەز باشلىققا ئايرىغان قۇرلارمۇ پۈتۈنلەي شۇ ئامانلىق مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇ، بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى سۆزلەيدۇ: «بۇ ئىشقا كامىل ۋە پاك ئىنسان لازىم. ئادەملەر ئارىسىدىن توغرا، دۇرۇس، تاللانغان بىرى بولۇشى، يېمەك - ئىچمەك ئىشى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇشى لازىم. كۆڭلىدىن بېرىلگەن بىر ئادەم، توغرا ۋە دۇرۇس كىشى، بېگىگە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، جېنىنى، بېشىنى پىدا قىلىدۇ. بەگلەر ئۈچۈن ھەرخىل خەتەر گالدىن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا بەگلەر ھەرقانداق يەردە ئۆزىنى كۈزىتىشى، بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمەكتە ئېھتىيات كۆزىنى ئېچىشى كېرەك. خەلققە باشلىق بولغان كىشىنىڭ مىڭلاپ دۈشمىنى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاشپەز ئىشەنچلىك، توغرا، پىشقان بىرى بولمىسا، يېمەك - ئىچمەكتە بەگلەرنىڭ ھالى خەتەرلىك بولىدۇ»(642).

يۈسۈپ، ھۆكۈمدارنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئاشپەزلەر باشلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، مۇنداق ئىشنى پىشقەدەم، كۆپ سىنالغان، ئىشەنچلىك بىرىگە بېرىلىشى كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىشقا پىشقەدەم، كونا بىر خىزمەتچى كېرەككى، ئاچچىقنى، تاتلىقنى ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ۋاقتىدا تەييارلىشى ھەم بەگكە كۆيۈنۈشى كېرەك. چۈنكى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، سىڭدۈرگەن

(642) 2828 — 2835 - بېيتلار.



ئەمگىكى كۆپ بولسا، بەگ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كۆيۈنىدۇ. ئاشپەز باشلىقىنىڭ كۆزى توق ھەمدە كۆڭلى باي بولۇشى، پاكىز ۋە ھۆسن - چىرايى ئايدەك نۇرلۇق بولۇشى لازىم. يەنە ئۇ، دىن - شەرىئەتنى بىلىدىغان تەقۋادار بولۇشى كېرەككى، بۇنداق كىشىدىن توغرىلىق كېلىدۇ. ئاشپەز پاكىز بولسا پاكىز تاماق بېرىدۇ. تامىقى سۆيۈلۈپ - سۆيۈلۈپ يېيىلىدۇ. ئاچكۆز كىشى تاماققا پىخسىقلىق قىلىدۇ ۋە ئاشنى بۇلغايدۇ. ئاش پاكىز بولسا، ئادەمنىڭ تامىقىدا قالىدۇ. پاسكىنا كىشىنى تاماقتىن يىراق تۇتۇش لازىم. ئاشپەزنىڭ چىراي - شەكلى كۆركەم، قىلىقلىرى چىرايلىق بولۇشى، چاچ - ساقىلى قىرىلغان، سىلىق تارالغان، شېرىن سۆخەن، دىلى - بىلەن تىلى بىردەك بولۇشى لازىم. ئەگەر ئاشپەز باشلىقى ئەگرى بولسا، ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ ھەممىسى ئەگرى بولىدۇ. ئاشپەز باشلىقى ئەقىللىك ۋە بىلىملىك بولۇشى، تاماق ۋاقتى بولغاندا چەبدەس بولۇشى كېرەك. قائىدە - يوسۇن بويىچە ھەرىكەت قىلىپ خىزمەت قىلىشى، كىرىش - چىقىشتا ئۆزىنى توغرا تۇتۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بىرى ئاشپەز باشلىقى بولسا، داستىخاننى ۋە خالتىلارنى ياخشى باشقۇرىدۇ ۋە بەگمۇ ئۇنىڭدىن شۈبھىلەنمەستىن غىزالىنالايدۇ»(643).

بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، ئاشپەز باشلىقىنىڭ سىنالغان ۋە ئىشەنچلىك بىرى بولۇش بىلەن تەڭ مەيلى كىيىم - كېچەك، مەيلى قىلىق - قىياپىتى جەھەتتىن پاكىز، رەتلىك ۋە كېلىشكەن بىرى بولۇشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بار. بۇلارمۇ ھۆكۈمدار ھوزۇرىغا داستىخان سېلىشى ھەمدە ئاشخانا ئىشلىرىدا ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئىشلەيدىغانلىقى مەلۇم. يۈسۈپ بۇ خىزمەت-

(643) 2836 — 2878 - بېيتلار.

چىلەر ھەققىدە بولۇپمۇ ئىدىشچىباشى (شاراب باشلىقى) تېمىسىدا خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇنى تۆۋەندە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

يۈسۈپنىڭ يەزگەن بۇ مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن، ئاشپەز باشلىقىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. ئاشخانىغا نەرسىلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈش، ئاشخانىنى باشقۇرۇش ئىشلىرى بىلەن تاماقلارنىڭ پىشۇرۇلۇشىغا نازارەت قىلىش؛

2. ھۆكۈمدارنىڭ داستىخىنىنى ھازىرلىتىش، قوشۇقچىباشىنىڭ رەھبەرلىكىدە تاماقلارنى ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىش؛

3. ھەرقانداق قىلىپ تاماقلارنى ۋاقتىدا ۋە قائىدە - يوسۇن بىلەن تەقدىم قىلىش؛

4. تەقدىم قىلىنغان تاماقلارنىڭ پاكىز، بولۇپمۇ زەھەرلىنىشكە قارشى ئىشەنچلىك بولۇشىغا قوشۇقچىباشى بىلەن بىللە مەسئۇل بولۇش.

بۇنىڭغا قارىغاندا، قاراخانىيلار ئوردىسى ئاشپەز باشلىقى مەسىلىسىدىمۇ ئۆزى بىلەن ئەسىرداش باشقا ئوردىلار بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر ئوخشاشلىقتا ئىگە بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى. غەربتىن كەلگەن ئىسلام - ئىران مەدەنىيەت تەسىرلىرى بولسا بۇ تىمىدا يالغۇز «خانسالار» ئۇنۋانىغىلا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

## 2. ئىدىشچىباشى (ئىچىملىك باشقۇرغۇچى)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە ئاشپەز باشلىقىدىن كېيىن ئىدىشچىباشى ئورۇن ئالغان. بىزچە قەدەھ، ئىستاكان



ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان «ئىدىش» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە ئىچىملىك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدىنلا مەلۇم بولغىنىدەك، ھۆكۈمدارنىڭ داستىخىنىنىڭ ياكى سارايدا بېرىلگەن زىياپەتلەرنىڭ شاراب - لىرىنى تەييارلاشقا مەسئۇل بولغۇچىلارنىڭ باشلىقى «ئىدىشچى - باشى» دېيىلەتتى. شۇڭلاشقا، سەلجۇقىيلار سارىيىدا «شارابدارى خاس»(644) ئۇنۋانى بىلەن ئاتىلىدىغان ساراي خىزمەتچىسى «ئىدىشچىباشى» بىلەن ئەينى ئىشنى قىلغانلىقى چوقۇم. يۈسۈپنىڭ «ئىچىملىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن ۋە كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ئۇنىڭ قولىدىن شاراب ئىچسۇن»(645) دېيىشىمۇ ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە شۇ ئىپادە، ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداۋاتقان چاغدا ھۆكۈمدارنىڭ ئىچىملىك يولى بىلەن زەھەرلىنىپ قېلىشىغا قارشى تۇرۇپ ئۇنى قوغداشقا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاشپەز باشلىقىغا ئوخشاشلا بۇ جەھەتتىن ئىچىملىك باشلىقىنىڭمۇ قوشۇقچىباشىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

«قۇتادغۇ بىلىگ» دە يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشتا ئىچىملىكنى ياخشى ساقلايدىغان ۋە بۇنى تەييارلاشنى بىلىدىغان بىر ئىچكۈچى (ئىدىش تۇتقۇچى) لازىم. ئۇ، بۇ ئىش ئۈچۈن لازىملىق ھەرخىل نەرسىلەرنى بولۇپمۇ سالامەتلىككە

---

(644) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 33 - بەت، ئۇزۇن چارشىلى: «مەدخەل»، 35 - بەت.

(645) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2881 -، 2882 - بېيتلارغا قارالسۇن.

پايدىلىق، دورا خىللىرىدىن بولغان بەزى چۆپلەرنى(646) ھەر دائىم ساقلىشى لازىم. ئۇلار ھەزىم قىلدۇرغۇچى، قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى ياكى تازىلىغۇچى دورىلارنى تەييارلىسۇن. ئىچىملىك ۋە شارابتىن باشقا قۇرۇق، ھۆل مېۋە، بارلىق يېيىدىغان، ئىچىدىغان، يالايدىغان نەرسىلەر ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن بوغۇزغا كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىملىك باشلىقى ناھايىتى پۇختا ئادەم بولۇشى لازىم. ئۇ، پەرتىن ئىشلىرىنى توغرىلىق بىلەن قىلىشى، يارىماس كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماسلىقى لازىم(647).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىچىملىك باشقۇرغۇچىنىڭ ئىچىملىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن يېمىشلەر جەھەتتىكى ۋەزىپىلىرى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئىچىملىكنى ئۆز قولى بىلەن ياسىشى، ئۆزى مۆھۈرلەپ، ئۆزى ساقلىشى كېرەك. يېمەك - ئىچمەككە قوشۇلىدىغان بارلىق دورىلار ۋە شىپالىق چۆپلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئارىلاشتۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. قۇرۇق، ھۆل مېۋە بىلەن گىلەنت، جولابقا ئوخشاش شارابلارنى ئۆزى ھازىرلاپ، ئۆزى ساقلىشى كېرەك»(648).

«قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئىچىملىك باشلىقىنىڭ ساقىيلىرى ئۈستىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان. بۇنىڭ ئاشخانا خىزمەتچىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. «ئىچىملىك باشلىقىنىڭ

(646) ئارات، 2887 - تومۇرلۇق بېيىتتە «ئۆت» سۆزىنى توغرىدىن - توغرا «ئوت» دەپ تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، سۆزنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىشىلغاندەك بۇ يەردە ئوتتىن ئىبارەت ساقلىنىدىغان پايدىلىق بەزى ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ.

(647) 2886 - 2901 - بېيىتلار.

(648) 2902 - 2904 - بېيىتلار.



ساقىيلىرى(649) ياش بولۇشى (ساقالسىز)، رەڭگىرويى كۆركەم بولۇشى لازىم. ساقال - بۇرۇتى چۈشۈرۈلگەن(650) بولۇشى، غۇلاملارنىڭ يۈزى تولۇنئايدەك، بويى تال چىۋىقتەك، چېچى قارا ۋە كۆرۈنۈشى سۈرەتتەك گۈزەل، بەللىرى ئىنچىكە، يەلكىسى كەڭ، بەدىنى ئاق، مەڭزى قىزىل بولۇشى كېرەك. ئۇلار يېشىل، ھاۋارەڭ، سېرىق، ھال يىپەك تون كىيىپ تاماقلارنى توشۇسا(651) يارىشىدۇ. ئىچىملىكلەرگە قىل، تۈك ۋە ئوت - چۆپ چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ساقالسىز ۋە پاكىز بولۇشلىرى كېرەك. قەدەھتە قىل بولسا ئىچىملىك بۇلغىنىدۇ. قىلنىڭ مەيلى تاماققا، مەيلى سۇغا چۈشۈپ قېلىشى ئېتىقسىز بىر ئىش بولىدۇ. قەدەھچى پاكىز ۋە خۇش پېئىل بولسا، ئۇنىڭ قولىدىن ئىچىملىك ئىچسە ئۇ سىڭىدۇ»(652).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە قىلغان ئىشى

(649) يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەنىدە «بوسغۇت» سۆزىنى قوللانغان بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قارىشىچە، ئەسلى مەنىسى سەنئەت ئەربابلىرىنىڭ يېنىدا ئىشلەيدىغان شاگىرتلار ئىدى (كېلىسلى I، 376 - بەت؛ ئاتالاي I، 451 - بەت). يۈسۈپ بۇلارنى ئىدىش تۇتقۇچى (قەدەھ تۇتقۇچى) دەپمۇ تىلغا ئالىدۇ (2925 - بېيىت).

(650) ئارات «يالىڭ يۈزلۈگ ئوغلان» ئىپادىسىنى «بۇرۇتى خەت تارتمىغان» دەپ تەرجىمە قىلغان. ئەينى جۈملىنى «يۈزلىرى قىرىلغان» شەكلىدە تەرجىمە قىلىش بىزچە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ جۈملە، ساقىيلارنىڭ «ئوغلان» دېيىلگەنلىكىنى ۋە بۇلارنىڭ غۇلاملاردىن تاللانغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

(651) 2916 - بېيىت. بۇ ئىپادىنى يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، ئاشپەز يېمەكلىرىدىمۇ ئەينى سۈپەتلەرنىڭ ئىزدەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. يەنە بىر تەرەپتىن ر.ر. ئارات «ئاشاغۇ» سۆزىنى «يېمەك» دەپ تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، بىزچە، تۈرلۈك يېمەكلىكلەر مەنىسىدە قوللىنىلىشى كېرەك.

(652) 2916 - 2920 - بېيىتلەر.

نازاكەتلىك بولغىنى ئۈچۈن ئىچىملىك باشلىقىنىڭمۇ ھەر
جەھەتتىن ئىشەنچلىك بىر ئادەم بولۇشى لازىملىقىغا ئىشارەت
قىلىپ بۇ ئىشنىڭ خۇددى ئاشپەز باشلىقىغا ئوخشاش ئۇزۇن
يىللىق سىناقلاردىن ئۆتكەن، نەپسىنى تۇتالايدىغان، تۇتقان بىرى-
گە تاپشۇرۇلۇشى لازىملىقىنى سۆزلەيدۇ(653): «ئىدىشچى ئىشەنچ-
لىك، سەمىمىي - سادىق، كۆز - كۆڭلى توق، قىلىقى شۇنچىلىك
چىرايلىق، كۆڭلى، ئەقلى ۋە يۈرىكى توپتوغرا بولۇشى، ئۇنىڭدىن
باشقا زېدراكلىق ۋە بىلىملىك بولۇشى لازىم» (654).

ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن ھەر خىل خەتەرنىڭ بوغۇزدىن كېلىپ-
دىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى بۇ يەردىمۇ تەكرارلاپ
ئۆتكەن يۈسۈپ(655) بوغۇز لەززىتىنىڭ ئاشپەز ۋە ئىدىشچىنىڭ
قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇلار ئىشەنچلىك بولمىسا، ھۆكۈم-
دارنىڭ خاتىرجەم يەپ - ئىچىشى بەكمۇ قىيىن بولىدىغانلىقىنى
بىلدۈرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمدارغا شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:
«ئەي ھۆكۈمدار، شۇ بىر قانچە ئىشقا سادىق، كۆزى توق، ھايا
ئىگىسى ئەسىل ئادەملەرنى تاللا، بۇلارنىڭ بىرى يالۋاچ
(ئەلچى)، بىرى - پۈتۈكچى (كاتىپ)، بىرى ئىدىشچى، بىرى
بولسا ئاشپەز. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ياخشى تاللا. ئەگەر
ئەلچى بىلەن كاتىپ يېتىلگەن ئادەم بولمىسا بۇنىڭ زىيىنى
مەملىكەتكە يېتىدۇ. ئەگەر شارابدار ياكى ئاشپەز يارىماس —
خام ئادەم بولسا ئۇنىڭ زىيىنى ھاياتلىقنىڭ ھۆلى بولغان

(653) 2884 - بېيىتكە قاراڭ. يۈسۈپ بۇ يەردە يا ئۆز قېرىنداشنى (ئۆز ئىگدىشى) ياكى ئۇزۇن زامان سىنالغان (سىناش يەلىن) ئىپادىسىنى قوللانغان. يۈسۈپ، ھەرھالدا ھۆكۈمدارغا بەك يېقىن ۋە سادىقلىقى سىنالغان بىرى مەنىسىدە بۇ سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ھۆكۈمدارنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىرىنى بۇنداق ئىشقا قويۇشى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

(654) 2885 —، 2896 —، 2900 - بېيىتلارغا قاراڭ.

(655) 2891 - بېيىت.



چانغا تېگىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسى ساپ قانچىلىك ئىشەنچلىك
بولسا بولسۇن، ئۆزۈڭنى، ئۆزۈڭدىن ياخشى قوغدىيالايدىغان
بىرى بولمايدۇ(656).

ئىدىشچىلىكنىڭ باشقا ئىدىشچىلار بىلەن بىللە كۈندىلىك
ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئىشخانىسى، مەسىلەن: سەلچۇقىيلار سارىيى-
دىكىگە ئوخشاش شارابخانا بارمىدى؟ بۇ ھەقتە ھەر قانداق
مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، لېكىن بىزدە، بار ئىكەنلىكىنى
ئېتىراپ قىلمايدىغانغا ھېچقانداق سەۋەب يوق. يەنە بىر تەرەپ-
تىن، ئۇنى ھەزىم قىلىش دورىسى، تازىلىغۇچى، قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى
مەجۇن ۋە باشقىلارنى ھازىرلاشنى بىلىدىغان بىرى
بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى سۆزلەرگە قارىغاندا، ئازدۇر -
كۆپتۇر تىبابەتچىلىكتىن خەۋىرى بار بىرى بولۇشى ياكى ھې-
چبولمىغاندا بۇ جەھەتتە بىرەر تېۋىپ بىلەن ھەمكارلىشىپ
ياسىغانلىقى ئېھتىمالدۇر.

ئىدىشچىباشنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ماددىلار بويىچە مۇنداق
كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. كېرەكلىك پۈتۈن ئىچىملىك بىلەن مەجۇن، ھەزىم
قىلدۇرغۇچى، تازىلىغۇچى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ھازىرلاشتا
ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە بۇلارنى
ئۆزى ھازىرلاش؛

2. ھازىرلانغان ئىچىملىكلەرنى، كېرەكلىك ماتېرىيال-
لارنى ھەر دائىم قۇلۇپلاش ۋە ئىشەنچلىك يەردە ساقلاش؛

3. داستىخاندا بولۇشى لازىم بولغان ھۆل ۋە قۇرۇق
مېۋە، يېمىش ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەييارلاش؛

4. ئىچىملىك، مېۋە، مەجۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
نەرسىلەرنى دەل ۋاقتىدا قوۋۇقچىباشنىڭ كونتروللۇقىدا داستى-

(656) 2927 —، 2940 - بېيىت.

خانغا تەقدىم قىلىنىشى ۋە ساقىيلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن داستىخانغا ھازىر بولغانلارغا ئىكرام قىلىش؛

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى: سەلجۇقىيلار ئوردىسىدىكىگە ئوخشاش، قاراخانىيلار ئوردىسىدا ساقىينىڭ باشچىلىقىدا ئايرىم ساراي ساقىيلىرى دېگەن گۇرۇپپا ئادەم يوق بولۇپ، بۇ ئىشنى ئىدىشچىبېشىنىڭ ساقىيلىرى ئورۇنداپ كەلگەنىدى. بۇمۇ، قاراخانىيلارنىڭ ئوردا تەشكىلىدە قاراخانىيلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئەنئەنىلىرىنى داۋام قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىسپاتى بولسا كېرەك.

### 3. ئىلباشى (ئاتخانا باشلىقى — مىراخور)

«قۇتادغۇ بىلىگ» دە «ئىلباشى» ھەققىدە توختالغان بولسىمۇ ۋەزىپىسى ئۈستىدە كۆپ مەلۇمات بېرىلمىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بارلىق مۇھىم ئورۇنلار ئۈچۈن ئايرىم بابلار ئايرىلغان بۇ ئەسىرىدە، بۇ ھەقتە ئايرىم بىر بابنىڭ بولماسلىقى ئىلباشىلىقتا ئارتۇقچە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ساراي ئىشكىدىكىلەرنىڭ دەرىجىسىمۇ دەرىجە ئۆسەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەندە بەزىسى ھايىل (ھىل = يۈز بېشى) بولۇپ، ھايىلباشى بولىدۇ. بەزىسى ئات - ئايغىرلارغا ئىلباشى بولىدۇ(657)» دېيىش بىلەن ئىلباشىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭمۇ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكىنىدەك ئۇنىڭغا ھايىلباشىلىقتىن كېيىنلا ئورۇن بەرگەنلىكى كۆرۈلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئارقىسىدىنلا سۇ باشلىقىنىڭ قەيت قىلىنىشى، بۇ تىزىشنىڭ مەنسەپكە قاراپ قىلىنغانلىقى مەسىلىسىدە بىزنى شۈبھىلەندۈرمەكتە.

يۈسۈپنىڭ شۇ قىسقىغىنا ئېنىقلىمىسىدا مەلۇم بولۇشىچە،

(657) 4064 – بېيت.



قاراخانىيلار سارىيىنىڭ ئىلباشىسى، باشقا سارايلارنىڭ ئەمىرى ئاخورى (مىراخور)دۇر. بۇ جەھەتكە مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئىل» نىڭ ئەينى زاماندا ئاتنى ئىپادىلەيدىغان بىر سۆز ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئات باققۇچىنى «ئىلباشى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى قەيت قىلغانىدى.(658) ئەمما بىز نە ئىلباشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان باشقا ئېغىل خىزمەتچىلىرىنى، نە ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئاتلار بېقىلىدىغان ئېغىل ھەققىدە بىر نەرسە دېگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز. مەلۇم بولغان بىر نەرسە بار دېسەك، ئۇ بولسىمۇ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ شەخسەن ئۆزلىرىگە قاراشلىق ئاتلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكى، پاراتلاردا ۋە يۈرۈشلەرگە چىققان ۋاقىتلاردا غۇلاملاردىن ئاتلىرى يوقلارغا بۇ ئاتلاردىن بېرىپ تۇرىدىغانلىقىدۇر(659). پاراتلار ياكى يۈرۈشلەر تۈگىگەندىن كېيىن غۇلاملاردىن تاپشۇرۇۋېلىنغان بۇ ئاتلارنى «تۇغراغ» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدۇق.

### 4 — جامەدار (كىيىمچى)

جامەدار، ھۆكۈمدارغا ئائىت كىيىملەرنى ساقلىغۇچى بولۇپ، جاندارلىق تىپىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاشلا جامەدارلىقنىڭمۇ XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار سارىيىدا بارلىقىغا دائىر بىرەر مەنبەلەرگە تايىنىدىغان مەلۇماتىمىز يوق. مەيلى بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ، مەيلى مەھمۇد قەشقەرى ۋە باشقا زاماندىش مۇئەللىپلەر قاراخانىيلار سارىيىدا مۇشۇنداق بىر خىل خىزمەت

(658) كېلىسلى I، 49 – بەت؛ ئاتالاي I، 49 – بەت.
(659) كېلىسلى II، 217 – بەت، ئاتالاي II، 3 – 272 – بەت.

ھەققىدە سۆز ئاچمىغان. پەقەت ئەۋفىنىڭ «جەۋامىئۇل — ھىكايەت ۋە لەۋامىئۇر — رىۋايەت» ناملىق ئەسىرىدە بۇنىڭغا دائىر بەزى مەلۇماتلارغا ئورۇن بېرىلگەن. ئەۋفىنىڭ قارىشىچە بۇرۇن بىر نەچچە قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لۈكچەكلەر گۇرۇھىنى يوقىتىشقا بەل باغلىغان تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم، ئوغرى - قاراقچىلاردىن 300 كىشىنى ئېغىزدا خىزمىتىگە ئالىدۇ. ئۇلارغا كوللېكتىپ زىياپەت بېرىدۇ. ھەممىسى بۇ يەرگە ھازىر بولىدۇ ۋە ھۆكۈمدارنىڭ قولىنى سۆيىدۇ. كېيىن جامەدارلار ئۇلارنى جامەخانىگە ئاپىرىدۇ ۋە ئاخىرى باشقا بىر سارايدا ياكى سارايىنىڭ باشقا بىر بۆلۈمىدە ھەممىسىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرىدۇ(560).

ئەگەر ئەۋفىگە ئىشىنىشكە توغرا كەلسە، ھېچ بولمىغاندا ئىككىنچى يېرىمىدا غەربىي قاراخانىيلار ئوردىسىدا ھۆكۈمدار كىيىملىرى ساقلىنىدىغان (شۈبھىسىز تىكىلىدىغان) بىر جامەخانا ۋە بۇ يەردە ئىشلەيدىغان جامەدارلار بار ئىدى. «جامەدار» ۋە «جامەخانا» دېگەندەك ئىسىملارنىڭ ھېچ بولمىغاندا مۇشۇنداق بىر يەرنىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىسپات بولالايدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى ۋە ئۇنۋانلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ز. ۋ. توغاننىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئەۋفىنىڭ «جامەدارلار، ئۇلارنى جامەخانىگە ئاپىرىشتى» شەكلىدىكى خاتىرىسىنى، ئۇلارغا ئۇ يەردە كىيىملەرنى تىكىشتى دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن بولسا(661)، جامەخانا قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئادەملەرگە كىيىم تىككۈدەك زور ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىدى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزلى—

(660) «جەۋامى» 86 –، 87 – بەتلەر.

(661) توغان، «قاراخانىيلار» 56 – بەت.



رى مەنسۇپ بولغان خىزمەت گۇرۇپپىلىرىغا قاراپ كېيىنىشلىرى لازىم بولغان ئالاھىدە پاسوندىكى كىيىملەرمۇ مۇشۇ يەردە تىكىلەتتى. ئۇنداقتا بىز «ئەمىرى جامەخانا» دەپ ئاتىيالايدىغان باش جامەدارنىڭ ئەمرىدىمۇ خېلى كۆپ جامەدارنىڭ بولۇشى مۇمكىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ خىل ۋەزىپە ھەققىدە سۆز ئاچمىغانلىقىنى ئىزاھلاش بەكمۇ قىيىن. ئۇنىڭ بۇ تېمىدا سۆز قىلمىغانلىقىغا قاراپ ئۆز ئەسىرىنى يازغان دەۋردە قەشقەر سارىيىدا كەم دېگەندە جامەدار ئۇنۋانىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

## 5. باشقا ساراي خىزمەتلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە بۇ يەرگىچە بىز تەتقىق قىلغان ساراي مەنسەپدارلىرىنىڭ كۆپ چىلىكى ئۈچۈن ئۆز ئەسىرىدە ئايرىم بابلارنى ئايرىغان بولسىمۇ، ئۇستىدە ئارتۇقچە توختىلىشنى لايىق كۆرمىگەنلىكى مەلۇم بولغان بەزى خىزمەت ئەربابلىرىمۇ يالغۇز ئىسمىنى ئاتاش بىلەن كۇپايىلەنگەن. ئۇنىڭ، قوۋۇقچىباشىنىڭ ۋەزىپىلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن دائىم كونترول ئاستىدا تۇتۇلۇشى لازىم بولغانلار ئىچىدە ئىسمىنى ئاتىغانلاردىن تۆشەكچىلەر، تۇغچىلار، قۇشچىلار، كىشچىلەر ۋە ئوقچى – ياچىلاردۇر(662). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسمىنى ئاتاش بىلەن كۇپايىلەنگەن بۇ ئەرباب ھەققىدە قىلغان ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئالغان ئىسىملاردىن بەزى خۇلاسىلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ.

(662) 2557 –، 2558 – بېيىتكە قارالسۇن. ئارات 2558 – نومۇرلۇق بېيىتنىڭ تەرجىمىسىنى بەرگىنىدە يالغۇز «ئوقچى» دەپ، ياي ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمىگەن.

بۇلاردىن تۆشەكچىلەرنىڭ سەلچۇقىيلار سارىيىدا بىز كۆر-
گەن فەرراشلار(663) بىلەن ئوخشاش خىزمەتلەرنى قىلىدىغان
ئادەملەر ئىكەنلىكى چوقۇم. مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار
دىۋانى» دا ھۆكۈمدارلارنىڭ تۆشەك يايغۇچىسىنى «ئوردۇباشى»
دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلغىنىدا، بۇنى «فەرراشى» سۆزى
بىلەن تەرجىمە قىلغان.(664)شۇ دەۋردە قاراخانىيلارنىڭ «ئوردۇ»
سۆزىنى ساراي مەنىسىدىمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ
ئۆتكەنىدۇق. بۇنىڭغا قارىغاندا ئوردۇ باشىنىڭ، تۆشەكچىلەرگە
باشلىق بولغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ۋە قول ئاستىدىكىلەر
بىلەن بىللە، تۆشەك يېيىش ۋە باشقا مەفرۇشات (ئۆي بېزەش)
ئىشلىرىدىن باشقا سارايىنىڭ ھەر خىل يۈگۈر - يېتىم خىزمەت-
لىرىنى قىلىدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. سەلچۇقىيلارنىڭ ئەكسـ-
چە، قاراخانىيلار بۇ خىزمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرچە
ئۇنۋانلارنىمۇ ساقلاپ قالغان.

توغچىلار ھەققىدە باشتا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. قۇشچىلارنى
مەرھۇم ر . ر. ئارات «بۈركۈتچىلەر» دەپ تەرجىمە قىلغان. ھەر
ھالدا بۇ ئەڭ مۇۋاپىق تەرجىمە بولسا كېرەك. چۈنكى، قۇشچى-
لارنىڭ ھۆكۈمدارغا مەخسۇس ئوۋ بۈركۈتلىرىنى بېقىپ بېرىش
ۋە ئوۋ جەريانىدا بەلكى ئۇلارنى ئىشلىتىشكىمۇ مەسئۇل بولغان-
لىقىنى ئېيتالايمىز. ئەمەلىيەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ
بىلىگ» دە ھۆكۈمدارنىڭ قۇش ئوۋىنى باشقا ھايۋانلارنى

(663) بۇ ھەقتە كۆيمەن «ساراي تەشكىلاتى» 36 -، 37 -
بەتلىرىگە قارالسۇن، يالغۇز «ئوقچى» دەپلا «ياي» ھەققىدە بىر نەرسە
دېمىگەن.

(664) كېلىسلى :I، 118 - بەت؛ ئاتالاي I، 124 - بەت. «ئوردۇ
باشى = ئىسمۇلفەرراشى لملمۇلك»



ئوۋلاشتىن ئايرىم ھالدا سۆزلىگىنىدەك(665). مەھمۇد قەشقەرى-
مۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ھۆكۈمدارنىڭ قۇش ئوۋلاشـ-
رىدىن (666) ۋە مەلۇم بىر يەرنى قۇشلاق (قۇش ئوۋلاشقا
مەخسۇس ئاجرىتىلغان يەر)(667) قىلىۋالىدىغانلىقى ھەققىدە
سۆزلەپ ئۆتكەنىدى. بۇ ئىپادىلەر، ھۆكۈمدارنىڭ ھەر دائىم
قۇش ئوۋلاشقا بارىدىغانلىقلىرىنى ۋە بۇ مەقسەتتە سارايدىكى
قۇشچىلارغا ئوۋ قۇشلىرىنى باقتۇرۇپ، بۇلارنىڭ ۋاسىتىسى
بىلەن ئوۋ قىلىدىغانلىقلىرىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەنىدى.

كىشچىلەرگە كەلسەك(668) ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى
ھەققىدە كەسكىن بىر نەرسە دېيەلىگەن ھالدا ئەمەسمىز.
«كىش» سۆزى ئۇ زاماندا «ئوقلۇق = ساداق» ۋە «سامۇر»
دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلاتتى(669). بۇ سۆزنىڭ قۇشچىدىن
كېيىنلا قەيت قىلىنىشىغا قاراپ، «كىشچى» دېيىشتىن مەقسەت،
سامۇر ۋە باشقا تېرىسىدىن جۇۋا قىلىنىدىغان ھايۋانلارنى
ئوۋلاشقا مەسئۇل بولغانلارنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك.
ئوقچى - ياچىلار ھەققىدە ئايرىم توختالغىنىغا قارىغاندا بۇ
يەردىكى كىشچىنى «ساداقچى» دەپ تەرىپلەش توغرا بولمىسا
كېرەك.

ئوقچى - ياچىلار ھەققىدىمۇ ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز يوق.
بۇلار ھۆكۈمدارنىڭ غۇلاملىرىدىن بولغان خاس ئەسكەرلىرىگە

(665) 2583 بېيت.

(666) كېلىسلى III، 221؛ ئاتالاي III، 299.

(667) كېلىسلى I، 218؛ ئاتالاي I، 273.

(668) ئارات 2558 - بېيىتنى «ئوۋچى» دەپ تەرجىمە قىلغان.
ئەمما ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات
بەرمىگەن.

(669) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 334 - بەتكە قارالسۇن.

مەنسۇپ پىيادە قوشۇنلىرى بولۇشى مۇمكىن بولغىنىدەك، ئۇلار
ئۇۋ ئىشلىرىنى قىلىدىغانلار بىلەن تەڭلا خاتىرىلىنىشىگە قارى-
غاندا، ھۆكۈمدارنىڭ ۋەھشىي ھايۋانلارنى ئۇۋلىشىدا ئىشلىتىش
ئۈچۈن يېتىشتۈرۈلگەن خىزمەتچىلىرى بولسا كېرەك. ئەمەلىيەت-
تىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يېتىشتۈرۈلگەن بىر ساراي
خىزمەتچىسى ھەققىدە «ياخشى مەرگەن ۋە جەسۇر بولسا،
ئوقچى - ياچى بولىدۇ» دېگەنلىكى(670) بۇ ئېھتىمال توغرىسى-
دىكى قارىشىمىزنى كۈچەيتىدۇ. لېكىن، يۇقىرىدا دېيىلگەن
ئوقچى - ياچىلارنىڭ، كېيىنچە ۋە كۈندۈز نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان
ساراي قوغدىغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان ھەربىي بىرلىكلەر
بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

قاراخانىيلار ئوردىسى ھەققىدە مەنبەلىرىمىزدە سۆزلەنگەن
ئىنكانىيەت دائىرىسىدە بىز مەلۇمات بېرەلىگەن بۇ خىزمەتچى-
لەردىن باشقا خىزمەتچىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ جۈملىدىن
ئېيتقاندا، ئەۋفىنىڭ نەقىل كەلتۈرگەن بىر ھېكايىسىگە قارايدى-
غان بولساق، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ھەر قانداق
بىر يەرگە ماڭغاندا، ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ «يول
بوشىتىڭلار، يول ئېچىڭلار» دەپ ۋارقىرايدىغان
دۇرباشلىرى بار ئىدى(671). يەنە بىر تەرەپتىن، مەھمۇد قەشقەرى-

(670) 4046 - بېيتكە قاراڭ.

(671) «جەۋامى» 96 - بەت. بۇ ھېكايىدە قەشقەر خانىنىڭ خىزىر
بەگ ناملىق بىرىگە «ساڭا خانلىق بېرىمەن، پەيزە، چەتر (كۈنلۈك) ۋە دۇر
باش ئېھسان قىلىمەن» دېگىنىگە قارىغاندا، «پەيزە» «چەتر» دىن باشقا، ئالدىدا
«دۇر باش» دەپ ئاتىلىدىغان ئوفتىسېرلارنىڭ يۈرىدىغانلىقى ھۆكۈمدارلىق
ئالامەتلىرىدىن ئىدى. بۇ ئوفتىسېرلار ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ: دۇرباش
(يول بېرىڭلار، يول ئېچىڭلار) دەپ توۋلاپ ماڭىدىغانلىقلىرى تۆۋەندىن بۇلارغا
مۇشۇ نام بېرىلگەن (ئۆزۈن چارشىلى، «مەدخەل» 37 - بەت). يەنە بىر
تەرەپتىن، ئومۇمەن موڭغۇل دەۋرى ئاتالغۇلىرىدىن ئىكەنلىكى بىلىنگەن
«پەيزە» نىڭ بۇ يەردە قەيت قىلىنىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.



ىنىڭ دېيىشىچە، ھەرقانداق بىر ئىش بولغاندا ياكى ھەرقانداق
بىر ئىشنى باشلاشتا، ھۆكۈمدارنىڭ ھاشىيەلىرىنى يىغىشقا
چاقىرىشقا مەسئۇل بولغان «تارتىغچىلار» مۇ ساراي
خىزمەتچىلىرىدىن بولسا كېرەك(672). قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى
غۇلاملىرىنىڭ (ئوغلان) ئوردا تەشكىلاتىدا مۇھىم رول ئوينىغان-
لىقلىرىنى ۋە بۇلارنىڭ بالداقمۇ بالداق يۇقىرى ئۆرلەپ،
يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ساراي خىزمەتلىرىگە ھەمدە باشقا
مەمۇرىي ئورۇنلارغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ
ئۆتكەنىدۇق، ھۆكۈمدارنىڭ غۇلاملىرىغا قارىغاندا ئىككىنچى
ئورۇندا تۇرۇش بىلەن بىللە، باشقا ساراي چوڭلىرىنىڭمۇ، ھەر
خىل ئىشلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىدە ئىشلەتكەن غۇلاملىرىنىڭ بار-
لىقىنىمۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە سارايدا ھەر
خىل دەرىجىلەرگە ئىگە بولغانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە بىر-
بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىمۇ بەزى تەۋسىيە-
لەردە بولغانىدى. بۇ شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلارنىڭ ساراي
خىزمەتچىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قىسمەن بولسىمۇ يېنىق-
لاش جەھەتتىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ، بۇ ھەقتە
شۇنداق دېگەنىدى: «سارايغا كىرگەندە دىققەت قىل، ئىشىكنى
كىم قەدىرلىسە، سەنمۇ ئۇنى ھۆرمەت قىل، كۆرەڭلىمە، قولۇڭنى
پۇلاڭلىتىپ كىرمە، سالام بەرگەندە نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنى
قىلما. ئولتۇرماقچى بولساڭ ئۆز ئورنۇڭنى بىلىپ ئولتۇر.
كىشىلەرنى رەنجىتمە، ئۇلارغا نازاكەتلىك مۇئامىلىدە بولغىن،
كېكىرتىكىڭنى قاتتىق قىرما ۋە تۈكۈرمە. مۇنداق قىلىش ئەدەب-
سىزلىك بولىدۇ ۋە ئابرۇيىڭنى قاچۇرىدۇ. يەنە بەدىئاشقان قورما

(672) كېلىسلى I، 385 - بەت؛ ئاتالاي I، 462 - بەت؛ مەھمۇد قەشقەرى
بۇ چاقىرىش ئىشى «تارتىغ»، چاقىرغۇچى «تارتىغچى» دېيىلەتتى دېگەنىدى.

ۋە يانپاشلاپ ياتما. قاقاقلاپ كۈلمە، تىرناقمۇ ئالما. پۇتلىرىڭنى كېرىپ ئولتۇرما. بۇلار ئادەمنى خار قىلىدۇ ۋە بەختىنى قاچۇرىدۇ. ئەگەر ئۆز تەكتۈشلىرىڭ بىلەن ئولتۇرغان بولساڭ، ھۆكۈمدار چاقىرغان ھامان ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئالدىغا كىرگىن.»(673)

ئۇ، بۇ تېمىدىكى نەسىھەتلىرىگە مۇنۇلارنىمۇ قوشۇمچە قىلىدۇ: «سارايدىكى ئادەملەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش كېرەك. ئۇلارغا ئارىلىشىپ بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرۇش كېرەك. سەن بەگكە يېقىن بولۇشنى خالىساڭ، سارايدىكىلەر بىلەن يېقىن ئۆتۈشكە تىرىشقىن. سارايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچ خىل بولىدۇ. بۇلاردىن بىرى، ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلاردۇر. ئۇلۇغلارغا خىزمەت قىلساڭ سەنمۇ سائادەتكە ئېرىشىسەن. ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلا، خىزمىتى ئۈچۈن يۈگۈر. ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلار ئارزۇسىغا يېتىدۇ؛ يەنە بىرى، سەن بىلەن تەڭتۇشلاردۇر. ئۇلارنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرساڭ دۈشمەن، يېقىنلاشتۇرساڭ دوست بولىدۇ؛ يەنە بىر خىلى سەندىن كىچىكلەر بولۇپ، ھاياتنىڭ ئاچچىق ۋە تاتلىق مىنۇتلىرى شۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ. غەيرەت قىل، كىچىكلەرنىڭ سېنى بوزەك قىلىشىغا يول قويما. ئۇلار بىلەن چاقچاقلاشما (تىلىڭنى ئويناتما). تىلىڭنى يىغقىن. ئۇلار خىزمەت قىلغاندا ھەرقانداق بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا جازالىغىن. ئۇلارنى بوش قويۇپ بەرمە، دائىم سۈرۈشتە قىلىپ تۇر، ئۆزۈڭگە تەڭتۇشلارنى دوست تۇتقىن.»(674)

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك-

(673) 4110 ـ، 4125 ـ بېيىتلار.

(674) 4168 ـ، 4203 ـ بېيىتلار.



كى، سارايدىكى مەنسەپ ئىگىلىرى قول ئاستىدىكىلەرنى ۋە ھەر خىل خىزمەتلەرگە يۈگۈرگۈچىلەرنى «يۇمۇشچى» دەپمۇ ئاتايتتى. بۇ تەبىر ۋەزىپە، ئىش مەنىسىدىكى «يۇمۇش» دېگەن سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك (675).

(675) 2542 ـ، 5955 ـ بېيىتلەر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، يۇمۇشچىلار، ئەربابلارنىڭ ئۆزئارا خەۋەرلىشىشلىرىدە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

# 3 - بۆلۈم مەركىزىي ۋە يەرلىك تەشكىلاتلار

## A. باشلىقلارنىڭ دەرىجىلىرى

### 1 - مەمۇرىيەتلەر ۋە ئۇنۋانلار

كىتابىمىزنىڭ بۇ بۆلۈمىدە ئەينى زاماندىكى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ۋە يەرلىك تەشكىلاتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشتىن بۇرۇن، بۇ تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەرنىڭ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا سارايى ئىشكىدە ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىن باشلاپ، قانداق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىغا دائىر بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىنى قىسقىچە كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۆتۈش ھەر ھالدا پايدىلىق بولسا كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلارنىڭ باشلىقلىرىغا، ئورۇنلىرىغا قاراپ بېرىلگەن ئۇنۋانلار ھەققىدىمۇ مەلۇم پىكىرگە ئىگە بولۇش مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە دۆلەت خادىمى، خىزمەتكار ياكى خىزمەتچى مەنىسىدە بەزىدە «ئىلچى



كىشى»(676) بەزىدە «ئىشچى(677)» ۋە بەزىدە «تاپۇغچى(678)» ئىسمى بىلەن خاتىرىلەپ ئۆتكەن بۇ ۋەزىپە ئىگىلىرى ھەققىدىكى كۆز قارىشىغا قارىغاندا، بۇلار ئىككى خىل ئادەملەر ئىدى، ئۇلاردىن بىر خىلى كىچىك يېشىدىلا خىزمەتكە ئېلىنغانلار، يەنە بىر خىلى يېتىلگەندىن كېيىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەر. يۈسۈپ بۇلاردىن كىچىك چېغىدىلا خىزمەتكە كىرىپ ئۆزىدىن ۋە غۇرۇرىدىن كەچكەنلەرنىڭ بەك ياخشى بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى بۇ شۇ دەۋرنىڭ ھۆكۈمران چۈشەنچىسىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر - ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا بىر ئۇچرايتقان غۇلام سىستېمىسىنىڭمۇ بۇ چۈشەنچىدىن كەلگەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈسۈپ بۇ يەردىمۇ ھۆكۈمدار ئوردىسىغا جەلىبدىن مۇناسىۋەتلىك باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ سارايلىرىغا غۇلام (ئوغلان) بولۇپ كىرگەن بىر قۇلنىڭ قانداق يېتىشتۈرۈلۈشى كېرەكلىكى مەسىلىسىنى ئەتراپلىق تۈردە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە: «ئادەم سارايدا خىزمەت قىلىشنى خالىسا كىچىكىدىنلا خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆگىنىشى، ھەرىكەتلىرىنى شۇ بويىچە تۈزەپ كىرىپ - چىقىش يوسۇنلىرىنى بىلىشى، ئۇنىڭ قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرى ئەدەب دائىرىسىدە بولۇشى لازىم. مۇنداق ئادەم ئەتىگەن تۇرۇپ خىزمەتكە ھازىر بولۇشى، سۆز ۋە ھەرىكىتىدە كەمتەر بولۇشى كېرەك. ھەر قانداق ئىشنى تېز ھەم ئۆز ۋاقتىدا قىلىشى، ئىشقا دىققەت قىلىپ كۆز ۋە قۇلاقنى ئوبدان ئىشقا سېلىشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىدىن چوڭىغا خىزمەت قىلغاندا تىلىنى مەھكەم تۇتۇشى، چوڭ - كىچىك سۆزلەرنى قىلماسلىقى

(676) 5912 - بېيىت.

(677) 2777 -، 2808 - بېيىتلار.

(678) 203 -، 5371 - بېيىتلار.

كېرەك. بۇ جەھەتلەرگە دىققەت قىلالىغان كىچىكلەر خىزمىتىنى ئۆتىشاپ كېتەلىسە، بېگىنگە يېقىنلىشىپ خىزمەت يولىنى توغرا باسالايدۇ. كىرىپ - چىقىشتا، تىلەك - مەقسەتلىرىنى ئىزھار قىلىشتا قائىدە بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى بىلىشى كېرەك. كىچىك ئەمەلدارلار بۇ دەرىجىگە يېتەلىسە، بەگ ئاندىن ئۇلارنى ئىشقا بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەرىجىگە يېتەلىگەن بىر خىزمەتچى ئەقىللىق ۋە تەبىئىتى توغرا بولۇپ، خىزمىتىنى بەگكە ئوبدان بىلدۈرەلىسە تېز ئۆسىدۇ ۋە دۆلەتلىك بولىدۇ. ئېتىشتا مەرگەن ۋە جەسۇر بولسا ئوقچى - ياچى بولىدۇ؛ قىلىقلىرى توغرا بولسا تاغىچى (مۆھۈردار) بولىدۇ؛ تەبىئىتى پاك، چىراي - شەكلى گۈزەل بولسا بەگ ئۇنى ئىدىشچى (ساقىي) قىلىدۇ؛ خەت ۋە ھېسابنى بىلسە خەزىنىچى قىلىدۇ؛ شۇنداقلا خېتى چىرايلىق، ئەقىل - ئىدرىكى جايىدا، ياخشى بولسا كاتىپ بولىدۇ».(679)

بۇنىڭغا قارىغاندا، خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ - چىقىش ۋە ھۇزۇردا بولۇشتا تېگىشلىك ئۆرپ - ئادەتلەرنى ياخشى بىلىش لازىملىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇرۇن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھۆكۈمدار ھۇزۇرىغا كىرمەكچى بولغان ھەر قانداق بىر ئادەم ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتىنى بىلەن ئاتلاپ ئىچكىرىگە كىرىشى، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالدا قول قوشتۇرۇشى، پۇتلىرىنى جۈپلەشتۈرۈپ ئالدىغا قارىغان قىياپەتتە تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمدارغا بىر نەرسە دېمەكچى بولسا تىزلىنىپ، قوللىرىنى يانىغا ساڭگىلىتىپ، ئوڭ - سولغا قارىماستىن ھەر زامان ھۆرمەتتە تۇرۇشمۇ ھۇزۇردا بولۇشنىڭ ئەدەبلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇلاردىن باشقا ھۇزۇردا بولغان بىر كىشى، ئىنتايىن دىققەت قىلىشى،

(679) 4031 — 4048 - بېيتلەر



كۆرۈشكە بولمايدىغان تەرەپلەرنى كۆرمەسلىكى، ھۆكۈمدار ئەمر قىلسا ئۇنى جان - دىل بىلەن ئاڭلىشى، ھۆكۈمدار بىر ئىشنى سورىسا، چوقۇم توغرا جاۋاب بېرىشى، ئەڭ مۇھىمى بۇ بۇيرۇقنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىشتەك جەھەتلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك ئىدى(680).

يۈسۈپ بۇ دەرىجىگە يۈكسەلگەن ئادەملەر ئۈچۈن: «ئىچىملىك ئىچمە، بىكار لاغايلاپ يۈرمە، يارىماس، يامان ئىشلاردىن دەرھال قاچ، ئاڭلىغان سۆزلىرىڭنى ئاڭلىمىغاندەك، كۆرگەن ئىشلىرىڭنى كۆرمىگەندەك بولۇۋال» دېگەندەك تەۋسىيەلەرنى قىلغاندىن كېيىن(681) يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ئادەم مۇشۇنداق خىزمەت قىلىپ ياراپ قالسا، بەختى كۈندىن - كۈنگە ئاشىدۇ، مۇنداق ھايلباشى ‹يۈزبېشى› بەزىسى ئايغىر ئاتقا مىنىپ ئەل بېشى بولىدۇ. بەزىسى سۇ باشى ‹قوماندان›، بەزىسى ھاجىپ بولىدۇ. بەزىسى ھۆكۈمدار سىرلىرىنى ئېيتىدىغان كاتىپى بولىدۇ. بۇ دەرىجىگە يېتىپ ياخشى خىزمەت قىلغانلار ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ پۈتۈن ئارزۇسىغا يېتىدۇ. بەزىلىرى ئەقلى بىلەن دانىشمەن ‹كېڭەشچى› بولىدۇ، بەزىلىرى ‹كۆك ئايۇق›لۇق ئۇنۋانىغا ئىگە بولىدۇ. بەزىسى ‹ئىنانچ بەگ›، بەزىسى ‹چاغرى بەگ›، بەزىسى ‹تېكىن بەگ›، بەزىسى ‹چاۋلى بەگ› بولىدۇ. بەزىسى (ياۋغۇ)، بەزىسى ‹يۇغرۇش› ياكى ‹ئەل بېگى› بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئۇنۋانى تەڭداشسىز بولۇپ، پاراسەتلىك مۇشاۋىر ‹ئەر ئۆگى› بولىدۇ، خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسى شۇ يەرگىچە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئۈچۈن يۈكسىلىش دەرىجىسى يوق. بىر ھۆكۈمدار ئۆز خىزمەتچىلىرىنى شۇ دەرىجىگىچە يەتكۈزسە، ئۇلارنىڭ ھەققىنى، ئۆزىگە مىننەتدار

(680) 4051 — 4060 - بېيتلار،
(681) 4061 — 4062 - بېيتلار.

بولغۇدەك ئادا قىلغان بولىدۇ».(682)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بۇ سۆھبەتنىڭ داۋامىدا، يۇقىرىدا سۆزلىمىگەن «ئون ئوتاغ» دەرىجىسى ھەققىدىمۇ سۆز قىلغان (بۇ ھەقتە قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلىي قىسمىدا توختىلىمىز). بۇ سۆز تەخمىنەن يۈز بېشى دېگەن مەنىگە توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئون ئوتاغلىقنى ھايىل باشلىقلىقىدىن كېيىن كۆرسىتىش بىلەن ئۇنىڭ تۇتقان ئورنىنى ئازراق بولۇشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن(683). يەنە شۇ يەردە، بۇرۇن «يۇغرۇش» دەپ كۆرسەتكەن مەنسەپ ئىگىسىنى بۇ قېتىم ۋەزىر دەپ تىلغا ئالغان. ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتۈلۈشكە قارىغاندا «يۇغرۇش» ۋەزىر سۆزىنىڭ تۈركچە ۋارىيانتىدۇر.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇ ئىككى جەھەتنى ئالاھىدە بىلدۈرۈپ ئۆتۈش پايدىلىق. بىرىنچىسى، خىزمەتكار ئوغۇللاردىن تارتىپ، ئەڭ يۇقىرى مەنسەپتىكى دۆلەت خادىملىرىغىچە پۈتۈن باشلىقلار ئوردىدىن يېتىشىپ چىقىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق ئوردا، ھۆكۈمدار ۋە ھۆكۈمدارلار ئائىلىسىنىڭ يەرلەشكەن ۋە دۆلەت باشقۇرىدىغان بىر مەركىزى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر خىل خىزمەتچىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان بىر مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ(684)؛ ئىككىنچىسى بولسا، قاراخانىيلار دۆلىتىدە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ھەر خىل دەرىجىلەر ئارىسىدا بىر خىل ئېنىق رەت تەرتىپى يەنى بىر قاتار دەرىجىلەر مەۋجۇت ئىدى. بۇ چوڭ بەگلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئىدى. شۈبھىسىز،

(682) 4063 — 4071 - بېيىتلار.

(683) 4139 - بېيىت.

(684) شۈبھىسىز، تۈرلۈك رايونلار ۋە ئايماقلارنىڭ ھاكىمى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان خاندان ئەزاسى بولغان شاھزادىلەر بىلەن مۆھتەسىپ ۋە قازىغا ئوخشاش دىنىي گۇرۇپپىلارغا مەنسۇپ ئىدارىچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى.



ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمدار تۇراتتى:

1. ھۆكۈمدار (خاقان، خان)، تەركەن، ئىلىگ، بەگ ۋە باشقىلار؛
2. ئەر ئۆگى (مۇشاۋىر)؛
3. ئىل بېگى؛
4. يۇغرۇش (ۋەزىر)؛
5. ياۋغۇ (يابغۇ)؛
6. چاۋلى بەگ، تېكىن بەگ، چاغرى بەگ، ئىنانچ بەگ؛
7. كۆك - ئايۇق؛
8. ئۆگە؛

يەنە چوڭ بەگلەر ھەققىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خاتىرىلىرىگە كەلسەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەرگەن مەلۇماتلاردىن ئاز - تولا بولسىمۇ پەرق قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى چوڭ بەگلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپىنى، دەرىجىلىرىنى ھۆكۈمدارغا قاراپ تىزغانىدى. ئۇنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، خەلق ئارىسىدىن چىقىپ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلەر «يۇغرۇش» دەپ ئاتىلاتتى ۋە يۇغرۇش خاقاندىن بىر دەرىجىدە تۆۋەن تۇراتتى(685). يەنە خەلق ئارىسىدىن چىقىپ ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغانلار «ياۋغۇ» (يافغۇ - يابغۇ)(686)، خاقاندىن ئۈچ دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغانلار بولسا «تۇكسىن»(687) دەپ ئاتىلاتتى.

مەھمۇد قەشقەرى خاندانغا مەنسۇپ شاھزادىلەرگە بېرىلگەن «تېكىن» لەقىمىنىڭ ئورنىنى ۋە ماھىيىتىنى چۈشەندۈرمەستىن

(685) كېلىسلى III، 31 - بەت؛ ئاتالاي III، 41 - بەت «يۇغرۇش» ئۇنۋانى ئۈچۈن ف. كۆپرۈلۈ: «قەدىمكى تۈرك ئۇنۋانلىرىغا ئائىت نوتىلار» THiTM، II، 25 - بەت.

(686) كېلىسلى III، 24 - بەت؛ ئاتالاي III، 32 - بەت.

(687) كېلىسلى I، 356 - بەت؛ ئاتالاي I، 437 - بەت.

«ئۆگە» ياكى «ئۆگە» نىڭ تېكىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرۇ-
دىغانلىقىنى ۋە لەقەبىنىڭمۇ خەلق ئارىسىدىن چىقىپ سىنالغان
ياشانغان ۋە ئەقىللىق ئادەملەرگە بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسەت-
كەنىدى(688). بۇ يەردىكى «تېكىن» سۆزى، خانىدان ئەزاسى
بولۇپ يېتىلگەن ئەركەك ئەۋلادنى كۆرسىتىدىغان بولسا، بىز-
نىڭچە بۇلارنىمۇ خاقاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ۋە ۋەزىر دەرى-
جىسىدىكىلەر ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئەگەر بالاساغۇنلۇقنىڭ
«تېكىن بەگ» ئۇنۋانى بىلەن قەيت قىلغان بىر دەرىجە يۇقىرى
ئەمىرلىك مەنسىپى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئۇنداقتا يۇسۇپ
بىلەن مەھمۇدنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى ئاز-تولا بولسىمۇ
بىر-بىرىگە ئويغۇن كېلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى يەنە «تېگىت»
سۆزىنى تېكىننىڭ كۆپلۈك شەكلى دەپ ئىپادىلىگەندىن كېيىن،
خاندان ئەزاسى بولمىغانلارنىڭ چوڭلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرى
بىلەن خاقان بالىلىرىنىڭ كىچىكلىرىنى «ئۆگە تېگىت»(689)
دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ
ئىپادىسىدىن ئۆگەنىڭ كىچىك ياشتىكى شاھزادىلەر بىلەن بىر
خىل دەرىجىدە ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىش
مۇمكىن. ئۇنىڭ قارىشىچە، «تارىم» دېگەن لەقەبمۇ ھۆكۈمدار
نەسلىدىن بولغان خاتۇنلار بىلەن بۇلارنىڭ چوڭ-كىچىك
بارلىق بالىلىرىغا بېرىلگەن ئومۇمىي بىر ئۇنۋان ئىدى(690).
بۇ دەرىجىلەردىن كېيىن «ئىنال» كېلەتتى. مەھمۇد قەش-
قەرىنىڭ قارىشىچە، ئىنال ئانىسى خاندانىدىن، دادىسى خەلق
ئىچىدىن كېلىپ چىققان بارلىق ياشلارغا بېرىلگەن بىر ئۇنۋان
ئىدى(691). ئۇندىن باشقا ئۇ، «تارخان» نىڭ بەگ دېگەن

(688) كېلىسلى I، 84 - بەت؛ ئاتالاي I، 90 - بەت.
(689) كېلىسلى I، 297 - بەت ئاتالاي I، 335 - بەت، 6 - بەت.
(690) كېلىسلى I، 2 — 331 - بەت؛ ئاتالاي I، 396 - بەت.
(691) كېلىسلى I، 110 - بەت؛ ئاتالاي I، 122 - بەت.



مەنىدە ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئۇنۋاننىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ بار
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى (692).

قاراخانىيلار دۆلىتىگە تەۋە بەزى تۈرك قەۋملىرى
باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىنىمۇ تىلغا ئالغان مەھمۇد قەشقەرى،
شۇ جۈملىدىن «ساغۇن» ۋە «كۆل - ئېركىن» ئۇنۋانلىرىنىڭ
قارلۇق ئېلىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ
ئۆتۈش بىلەن بىرگە، ئۇ خوتەن ئۆرپ - ئادىتى بويىچە
خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئادەملەرنى
«چۇۋى»(693) دەپ ئاتايدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.
«چۇۋى» «يابغۇ» بىلەن بىر دەرىجىدۇر. چۈنكى ھەر ئىككىسىمۇ
خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن
«يابغۇ» نىڭ كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار زامانىدىن بېرى
دۆلەتكە باغلىق بەزى تۈرك قەۋملىرىنىڭ باشلىقلىرىغا بېرىلگەن
ئۇنۋان ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، «ساغۇن»
ۋە «كۆل - تېكىن» (كۆل - ئېركىن) نىمۇ «يابغۇ» بىلەن
ئوخشاش دەرىجىدە دەپ ھېسابلاش كېرەك. بۇ ئەھۋال ئاستىدا
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا خېلى
بۇرۇنلا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خاندانغا مەنسۇپ شاھزادە
ئۇنۋانلىرىنى نەزەرگە ئالىدىغانمۇ تۆۋەندىكى دەرىجە جەدۋىلى
ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.(694)

(692) كېلىسلى I، 364 - بەت؛ ئاتالاي I، 436 - بەت.
(693) كېلىسلى III، 171 - بەت؛ ئاتالاي III، 225 - بەت.
(694) بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۇنۋانلار بىلەن بۇلارنىڭ
دەرىجىلەندۈرۈلۈشى ھەققىدە ج. بروككېلمان A .g .m 222 - 227 -
بەتلىرىگە، م. ئا. كۆيمەن: «ئالپ ئارسلان زامانىدىكى تۈرك ئىجتىمائىي
ھاياتى» SAD، IV، ئەنقەرە، 1937، 39 - بەتكە؛ ر. گەنچ: «تۈركىي
تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قارىشىچە XI ئەسىردە
تۈرك ئەللىرىنىڭ سىياسىي، ئېتنىك، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى»
(بېسىلمىغان، دوكتورلۇققا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىسى) ئەنقەرە، 1974،
83 - 85 - بەتلەرگە قارالسۇن.

1. خاقان؛
2. يۇغرۇش (ۋەزىر)؛
3. يابغۇ، ساغۇن، كۆل ئېركىن، چۇۋى؛
4. تۇكسىن؛
5. ئىنال؛
6. تارخان،

بىر - بىرى بىلەن زاماندىش بولغان ۋە ھەر ئىككىسىنىڭمۇ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولغان مەھمۇد قەشقەرى بىلەن بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ بىر - بىرىدىن خېلىلا پەرقلىق كۆرۈنگەن بۇ دەرىجىلەشنى قانداق ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەھمۇد قەشقەرى بىرىنچى چۈشەنچىدە مەركەزنىڭ ئىدارە قىلىنىشىنى كۆزدە تۇتقان ۋە شۇ سەۋەبتىن خاقاندىن كېيىنكى بىرىنچى ئورۇننى يۇغرۇشقا يەنى ۋەزىرگە بەرگەن. بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ تىزىملىكىدە يۇغرۇشتىن ئاۋۋالقى ئورۇننى ئىگىلىگەن ئىل بېگىنىڭ ئۆلكە ۋالىيسى، ئەر ئۆگەنىڭ بىر خىل دۆلەت كېڭەشچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، مەركىزىي تەشكىلات جەھەتتىن ھەر ئىككىسىنىڭ ھەم بىرىنچى ئورۇننى يۇغرۇشقا بەرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يۇغرۇشتىن كېيىنكى ئورۇن بولسا ھەر ئىككى مەنبەئىمىزدىمۇ يابغۇغا بېرىلگەن. دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇنى، ھېچ بولمىغاندا ھازىرچە دۆلەتكە تەۋە تۈركىي قوۋملارنىڭ باشلىقلىرىغا بېرىلگەن بىر ئۇنۋان دەپ قوبۇل قىلىش مۇمكىن دەپ ھېسابلايمىز. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»دە: «تەگدىشى يوق بىر يابغۇ بولساكىمۇ، قانچىلىك كۈچلۈك



بولساكىمۇ بول، ھېچقاچان ساداقەتتىن ئايرىلما»(695) شەكلىدىكى خاتىرىسىمۇ بۇ پىكرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

يۈسۈپنىڭ يابغۇدىن كېيىن، يەنە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ بىر رەت بويىچە ئورۇن بەرگەن ئىنانچ بەگ، چاغرى بەگ، تېكىن بەگ ۋە چاۋلى بەگكە ئوخشاش ئۇنۋان ئىگىلىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق. ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇلار، چوڭ ئەمىرلەرگە بېرىلگەن ئۇنۋانلار بولسا كېرەك.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يابغۇدىن كېيىن ئورۇن بەرگەن تۇكسىن ئۇنۋانىنىڭ، توغرىسى بۇ ئۇنۋان ئىگىسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئورنى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلىگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز. ئىنالنىڭ بولسا بىر ئېسىل نەسەب ئۇنۋانى ئىكەنلىكى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ خاتىرىسىدىن ئېنىق مەلۇم بولماقتا(696). تارخانىنىڭمۇ ئوخشاشلا بىر خىل

---

(695) 4137 - بېيىت. يابغۇ ئۇنۋانىنىڭ ئوغۇز دۆلىتىدە ئوغۇز ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇنۋانى ئىكەنلىكى مەلۇم. (ف. سۈمەر: «ئوغۇزلار» 52 - بەت). مۇندىن باشقا X ئەسىرگىچە قارلۇق ھۆكۈمدارلىرىنىڭمۇ بۇ ئۇنۋاننى قوللانغانلىقلىرىنى بىلىمىز. بۇ ھەقتە ئەل - خارەزمى (ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد) مەفاتىھۇلئۇلۇم، نەشرى G. van vloten، لەيدىن، 1895، 120 - بەت. - C. E. Bosworth - Sir Gerard clauson, al - Xwarazmi on the peoples of central Asia, Journal Asiatique· 1965· 9

(696) مەفاتىھۇلئۇلۇمدا (120 - بەت)، ئىنال تېكىننىڭ «يابغۇ» بىلەن باشقا پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر رەئىسلىرىنىڭ ۋەلىئەھدى ئىكەنلىكى يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە باشقا مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمىغان. ئەكسىچە ئۇيغۇر تېكىستلىرىدە بۇنىڭ بىر ئېسىل ئۇنۋان ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بار. (F. W. K. muller ·z wei pfahlınschriften Aus Den Turfanfunden, Berlin, 1915، 22 - ، 23 - بەت ؛ C. E, Bosworth - S.r Gerard clauson· A· g· m 10 - بەت بۇ توپەيلى ر. ئاراتنىڭ ئىنالنى «بەگزادە» دېيىشى ئورۇنلۇق بولسىمۇ (4497 - بېيىت)، بۇ سۆزنى «ئىشىنىشكە بولىدىغان كىشى» (4805 - بېيىت) دەپ تەرجىمە قىلىشى توغرا بولمىغان.

ئېسىل نەسەب ئۇنۋانى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا بەك يېقىن.
مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئۇنۋاننىڭ بەگ مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى
كۆچەپ ئىپادە قىلغان بولسىمۇ، شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلارنىڭ
مەنبەلىرىدە ئۇنۋاننىڭ «تارخان بەگ» شەكلىدە ئىشلىتىلگەن-
لىكى بۇ كۆز قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ(697).

مەھمۇد قەشقەرى تېكىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن كۆرسىتىپ
قەيت قىلغان «ئۆگە» يۈسۈپنىڭ ئەسىرىدە «چاۋلى بەگ»
ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىگىلىرىنى ئەگىشىپ، كۆك - ئايۇقتىن
كېيىن ئورۇن ئالغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك،
قەشقەرىنىڭ ئۆگە ھەققىدە «خەلقتىن كېلىپ چىققان،
سىنالغان، ياشانغان ۋە ئەقىللىك ئادەملەرگە بېرىلەتتى»
دېگەنلىكىگە ئوخشاشلا بالاساغۇنلۇقنىڭمۇ «بەزىلەر ئەقلى
بىلەن ئۆگە (كېڭەشچى)لىككە يۈكسىلەتتى(698) ۋە «بىرىنگە
ئۆگەلىك (كېڭەشچى) تەلىپى كەلسە، ئۇ ئاقىلانە ھەرىكەت
قىلىشى، بېگى يېڭىلسا، ئۇ توغرا يولنى كۆرسىتىشى كېرەك»(699)
دېگەنىدەك ئىپادىلىرىنى قوللىنىشى، بۇ ئۇنۋاننىڭ كېڭەش-
چىلەرگە (مەسلىھەتچىلەرگە) بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
ئۆگە (كېڭەشچى)نىڭ مەنىسى ئاز - تولا ئۆزگەرگەن ھالدا،
قاراخانىيلاردىن بۇرۇنقى تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەت

---

(697) ئەل - خارەزمىمۇ تارخانغا «شەرىف» مەنىسىنى بېرىپ، بۇنىڭ بىر ئېسىل ئۇنۋان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن (مەفاتىھۇل ئۇلۇم، 120 - بەت). بۇ توغرىلۇق ئالاھىدە: Khadr, Deux Actes, 325 - بەت؛ F. W. K. Muller, A. g. e., 12- بەت; C. E. Bosworth - Sir Gerard Clauson, A. g. m., 11 - 12 - بەتلەر).

(698) 4067 - بېيىت.

(699) 4141 - بېيىت.



تەشكىللاتىدىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىمىز(700). پەقەت بەيھەقى-
نىڭ بىر خاتىرىسىدىن ئۆگە (كېڭەشچى) لەرگىنە بەزىدە
ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەنلىكىمۇ مەلۇم(701).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئۆگە» دىن ئاۋۋال ئورۇن
بەرگەنلىكى مەلۇم بولغان كۆك - ئايۇققا كەلسەك، بۇ تېمىدا
باشقا مەنبەلەردە ھېچقانداق بىر خاتىرە تاپالمىغىنىمىزدەك،
يۈسۈپمۇ ئۇنىڭ ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن(702). يالغۇز
ئۇنىڭ، بۇ ئۇنۋاننى ئۆگە بىلەن بىللە قەيت قىلىشى ۋە
«بەزىلەر ئەقلى بىلەن ئۆگە (كېڭەشچى)لىككە يۈكسىلىدۇ،
بەزىلەر بولسا، كۆك - ئايۇقلۇق بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ»
دېيىشى، بۇ ئۇنۋاننىڭمۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئاز - تولا
بولسىمۇ ئۆگەلىككە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا بىزنىڭچە، شۇ ئۇنۋاندىكى «ئايۇق» سۆزى بىلەن

---

(700) F. W. K. Muller, A. g. e., 10 - 12 - بەتلەرگە قارالسۇن. بۇ يەردە ئۇنۋاننىڭ ئومۇمەن «ئېل ئۆگەسى»، «تۇتۇق ئۆگە» ۋە «خوچو بالىغ بېگى ئالپ تۇتۇق ئۆگە» شەكلىدە قوللىنىلىشىغا قارىغاندا، سۆز تۇتۇق بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى شەھەر ياكى ۋىلايەت (ئېل) ۋالىيسى ئورنىدا قوللىنىلماقتا.

(701) بەيھەقى، ھ. 427 (1035/6م) يىلىدا ئەلى تېكىن ئوغۇللىرىدىن غەزنەۋىيلەرنىڭ سۇلتان مەسئۇد يېنىغا كەلگەن ئەلچىلەردىن ماسا تېكىننىڭ لەقىبىنىڭ «ئۆگە» ئىكەنلىكىنى يازىدۇ (647 - بەت). بۇ ھەقتە كافەس ئوغلىنىڭ «تۈرك مىللىي مەدەنىيتى»، 299 - بېتىگە قارالسۇن.

(702) «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ باشقا بىر بېيىتىدە يەنە ئۆگەدىن كېيىن كەلگەن «ئەگەر كۆك - ئايۇقلۇق نېسىپ بولسا، ئىنسان ئۆزىنى بەك ياخشى كۆزىتىشى كېرەك. ئۇ سائادەت كەمەرىنى باغلىغانلىق دېمەكتۇر» (4142 - بېيىت) شەكلىدىكى بىر ئىپادىمۇ، ماۋزۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئۇزاق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

گۆكتۈرك يېزىقلىرىدىكى «ئايغۇچى»(703) ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئوخشاشلىق بولسا كېرەك. يۈسۈپنىڭ «بەلەر كۆك ئايۇق» (704) شەكلىدىكى بىر خاتىرىسىمۇ كۆك ئايۇقنىڭ ئايغۇچى يەنى مۇشاۋىر، مەسلىھەتچى مەنىسىدىكى بىر ئۇنۋان سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدىكى كۆز قارىشىمىزنى توغرىلاپ بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى خىزمەتچىلەرنى خاتىرىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسلى مەنسەپ ئىگىسى خىزمەتچىلەرنىڭ بۇلار ئىكەنلىكىنى، باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ بۇلارغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، تۆشەكچى، قۇشچى ۋە ئاشچىلارغا ئوخشاش بەزى كونكرېت ئىش بېجىرىدىغان ئادەملىرى بولسىمۇ، بۇلارنىڭ راھىتىنىڭ ئاز، جاپاسىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، يۈكسىلىشنى خالىغۇچىنىڭ بۇ كىچىك ۋەزىپىلەرگە ئۇنچىلىك ئېتىبار بېرىپ كەتمەسلىكىنى نەسىھەت قىلىدۇ(705).

## 2. خىزمەتتە لاياقەتلىك بولۇش، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش

بىر ئادەمنىڭ بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن بۇ مەرتىۋىلەرگە يېتىشى ئۈچۈن قانچىلىك خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ مەلۇمات بەرمەيدۇ. لېكىن ئۇ، خىزمەت ئىشىكىدە دەرىجىمۇ دەرىجە يۈكسىلىش ئۈچۈن، بىر خىزمەت-

(703) ت. تېكىن A. g. e. 252 - بەتكە قارالسۇن.
(704) 2644 - بېيىتكە قارالسۇن.
(705) 4147 -- 4149 - بېيىتلار.



چىنىڭ لاياقەتلىك بولۇشى، ياخشى يېتىشىپ چىقىشى ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا سىنىلىشى ئۈستىدىمۇ ئالاھىدە توختىلىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى پىكىرلىرىنى «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ قەھرىمانلىرىدىن ئايتولدىنىڭ يۈكسىلىشىگە مۇجەسسەملەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈندىن - كۈنگە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىپ تۇردى، ھۆكۈمدارمۇ ئۇنى كۈندىن - كۈنگە يۈكسەلدۈردى. بەگلەر قۇللىرىنى خىزمىتى ئۈچۈن يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. خىزمەتتە ئەجىر سىڭدۈرسە كىچىكلەرمۇ يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. قۇل خىزمىتى بىلەن بەگ بولىدۇ. خىزمەتچى توغرىلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەك. خىزمەت سىڭدۈرگەندىن كېيىنلا تىلىكىگە يېتىشىدۇ. ئايتولدى ۋەزىپىسىنى بېرىلىپ ئىشلىدى، ھۆكۈمدارمۇ ئۇنىڭغا ئىلتىپاتى بىلەن ئىشىكنى ئوچۇق تۇتتى. ياردەمچىلىرى ۋە مېلى كۆپەيدى. ھۆكۈمدار ئۇنى ھەر تۈرلۈك ئىشلاردا سىناپ كۆردى. خالىغىنىدەك بىر خىزمەتچىگە ئىگە بولدى. ھەتتا بىر سەۋەب بىلەن ئايتولدىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلغان ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا: ‹ئالدىراڭغۇلۇقۇم شۇ بولدىكى، سېنى چۈشەنمەي، خىزمەتتە سىناپ كۆرمەي تۇرۇپ ئۆزۈمگە يېقىن تۇتتۇم. بەگلەر، قانداق قۇلى بولمىسۇن، ئالدى بىلەن خىزمەتكە سېلىپ كۆرۈپ، ئاندىن ئۆز يولىدا غەمخورلۇق قىلسا بولىدۇ. قۇلنى خىزمەتتە پىششۇرۇش، ياخشى سىناش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە قەدىرلەش كېرەك› دەيدۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن ئايتولدىمۇ ئۆزىنى شۇنداق قوغدايدۇ: ‹ئەجەبا مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ بۇنى ماڭا ئېيتىپ بەر ۋە سۆزۈمنى باشقىدىن ئاڭلا. ئەگەر خاتالىقىم بولسا مېنى جازالىغىن، ئىختىيار سەندە. ئەگەر خاتالىقىم بولمىسا، ماڭا چىرايىڭنى تۈرمە. ئەگەر خىزمەتچى خاتالاشسا ئۇنى چاقىرتىش ۋە

ئېيتىشقا خاتالاشقانلىقىنى سوراش كېرەك. خاتالىقى بولسا ئۇنى جازالاش، يوق بولسا ياخشىلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش لازىم(706)».

يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، خىزمەتتە پىششىپ ئۇزۇن زامان سىنىلىش ۋە لاياقەتلىك بولۇشتىن باشقا ئەڭ مۇھىمى بىلىملىك بولۇش، يۈكسىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ بۇ ئېيمدىكى پىكرىنى «بىلىمسىزگە تۆردىن ئورۇن تەگسە، تۆر ـ پەگاھ، پەگاھ ـ تۆر بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر بىر ئالىمغا پەگاھتىن ئورۇن تەگسە، بۇ پەگاھ تۆردىنمۇ ياخشى ۋە يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا ئۇنىڭ ئورنى مەيلى تۆردە ياكى پەگاھتا بولسۇن بەربىر، بۇنچىلىك قەدىر ـ قىممەتنىڭ ھەممىسى بىلىم ئۈچۈندۇر. ئىككى خىل ئېسىل كىشىلەر بار. بىرى ـ بەگ، بىرى ـ ئالىم. بۇلار ئادەملەرنىڭ باشلامچىسىدۇر. بۇلاردىن بىرى قولىغا قىلىچ ئېلىپ خەلقنى ئىدارە قىلىدۇ. يەنە بىرى قەلەم ئېلىپ توغرا يولنى تېپىپ كۆرسىتىدۇ» دەپ خۇلاسىلەيدۇ(707).

ئاخىرى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەم قانچىلىك بىلىملىك بولسا بولسۇن، خىزمەت قىلىشنى بىلىشى، خىزمەتتە سىنىلىپ تەجرىبىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خىزمەت قىلىش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى بىلىشى كېرەك. يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، مەملىكەتنى رەتكە سېلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان ھۆكۈمدارنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئىشلار خالىغىنىچە يۈرۈشۈپ كېتىدۇ(708).

(706) 610 –، 612 – بېيتلار.

(707) 262 –، 268 – بېيتلار.

(708) 3997 –، 4014 – بېيتلار.



دېمەك، دۆلەت ئىشكىدىكى بىر ئادەم ئالدى بىلەن خىزمەتنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرىنى، ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىدۇ. كېيىن ھەر خىل باسقۇچلاردا مەلۇم ۋاقىت خىزمەت قىلىپ سىنىلىپ ئەمەلىيەتلىك ۋە لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن يۇقىرى ئورۇنلارغا كۆتۈرۈلەلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز قاراخانىيلار ئوردىسىدا ساراي خىزمەتلىرىگە، مەيلى دۆلەت كادىرلىرىغا ئوخشاش خادىملارنىڭ ھەممىسى ساراي باشلىق پۈتۈن مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئىدارىلىرىدە ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىن باشلاپ خىزمەت تەجرىبىسى، لاياقەتلىك بولالىشى ۋە ئەمەلىيەتكە قاراپ يېتىشىپ يۈكسىلىش يولى بىلەن ئۆرلىگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

### 3. خەلىپەت (نائىب ـ باش ۋالىي)

بالا ساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ ئەسىرىدە، ئۈچ مۇھىم ۋەزىپە ئىگىسىنىڭ ئىنتايىن تاللانغان ئادەملەردىن بولۇشى كۆرسىتىلگەن ۋە بۇلار قازى، خەلىپەت ۋە ۋەزىر دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. لېكىن ئۇنىڭ خەلىپەت دەپ نېمىنى دېمەكچى بولغانلىقى ئۇچۇق كۆرسىتىلمىگەن. ر. ر. ئارات، يۈسۈپنىڭ بۇ يەردىكى دائىر بېيتىنى «ئىككىنچىسى خەلىپەت، ھۆكۈمدارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەمدۇر، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇپ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ توغرا ۋە ئىشەنچلىك بىر ئادەم بولۇشى شەرت» شەكلىدە تەرجىمە قىلغان(709). بۇ سۆزنىڭ شۇ چاغلاردا نائىب مەنىسىدە ئىكەنلىكى ۋە شۇنداق ئىشلىتىلگەنلىكى بىلىنمەكتە(710). يەنە بىر تەرەپتىن ئوغۇز يابغۇ دۆلىتىدە

(709) 5330 – بېيت.

(710) بۇ ھەقتە «نەرشاھى» 42 – بەتكە؛ W. T. بارتولد: «خەلىپە» V/1 ،C ،IA ،148 –، 9 – بەتلەرگە قاراڭلار.

«كۆل ئېركىن» ئۇنۋانلىق ھۆكۈمدار نائىبلىقىنىڭ بارلىقى ۋە ئوغۇزلارنىڭ بۇ مەمۇرىيەتنى ئاناتولىيىگىمۇ ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇمدۇر(711). پەقەت شۇ دەۋردە قاراخانىيلاردا ھۆكۈمدار نائىبلىقىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز يوق. بۇ دەۋردە بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدا كۆرۈلگەن نائىبلار بولسا، مەلۇم شەھەر ۋە رايونلاردا ھۆكۈمدارغا ۋەكالىتەن ھۆكۈم سۈرگەن ۋە باش ۋالىي دەرىجىسىدە بولغان ئادەملەر ئىدى(712). بۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ قەيت قىلىشىغا قارىغاندا، يۈسۈپ قادىرخان توغان خان ئەھمەد زامانىدا ئۇنىڭ نامىدا سەمەر قەنتتە نائىبلىق قىلغان(713). يەنە غەربىي قاراخانىيلاردىن ساغىر مەھمۇد خاننى ئۆلتۈرۈپ شۇ رايونغا ھاكىم بولغان تىراز ھاكىمى قادىرخان جەبرائىلمۇ، ئەبۇل - مەئالى مۇھەممەد بىن زەيد ئەل - ئەلەۋى ئەل - باغدادى ئىسىملىك بىرىنى رايوننى باشقۇرۇش ئۈچۈن سەمەرقەنتتە نائىب قىلىپ قالدۇرغان ۋە ئۇمۇ ھۆكۈمدارغا ئۈچ يىل ۋەكىللىك قىلغاندىن كېيىن، ئىنىسىيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن(714). سۇلتان سەنجەر تەرەپتىن غەربىي قاراخانىيلار تەختىگە چىقىرىلغان مۇھەممەد ئارسلان خانمۇ، سەنجەرنىڭ بۇ مەملىكەتتىكى نائىبى دەپ ئېلان قىلىنغان (715). ئەمەلىيەتتە

(711) F. سومەر: «ئوغۇزلار» 52 - بەتكە قارالسۇن.
(712) بۇ ھەقتە «نەرشاھى» 42 - بەتكە؛ بارتولد: «تۈركىستان» 317 - بەتكە قارالسۇن.
(713) «ئەلكامىل» IX جىلد، 297 - بەتكە قارالسۇن.
(714) ئەينى ئەسەر، 301 - بەت. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ بۇ يەردە قادىرخان جىبرائىل ئورنىغا توغان خان بىن قاراخان دەپ بەرگەن نامى توغرا ئەمەس.
(715) ئالدىنقى ئىزاھلارغا قاراڭلار.



سۇلتان سەنجەر مۇئۇنى «نائىبىمىز ۋە چېگرا مەئمۇرىمىز» دەپ سۆز قىلغانلىقىنى كىرىش قىسمىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ خاتىرىلەرگە قاراپ نائىبنىڭ، مەلۇم رايوندا خان ياكى سۇلتان نامىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم.

يەنە ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ مۇھەممەد ئارسلان خاننىڭ پالەچ بولغاندىن كېيىن ناسىرخان ئىسىملىك ئوغلىنى نائىب دەپ ئېلان قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتقا قارايدىغان بولساق، بۇ يەردىمۇ سەلتەنەت ۋەكىللىكىنىڭ(716) تىلغا ئېلىنغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىبراھىم كافەس ئوغلىمۇ قاراخانىيلار پايتەختىدە خاقانلارغا ۋەكالەتلىك قىلىدىغان نائىبلارنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن(717). بۇنىڭدىن قارىغاندا يۈسۈپنىڭ «خەلىپەت» دېگىنى مەلۇم رايوننى ھۆكۈمدار نامىدا ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل نائىب ھەمدە سەلتەنەت ۋەكىلى بولۇشى ئېھتىمال. بىز مۇھەممەد ئارسلان خاننىڭ ئوغلىنى ئۆزىنىڭ نائىبى قىلغانلىقىنى مىسالغا ئالغىنىمىزدەك، بۇ ئورۇننىڭ ئىگىسىنى سۇلتاندىن كېيىنلا تۇرىدىغان بىرى دەپ ھېسابلىغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەركەز تەشكىلاتىدا ئالدى بىلەن نائىبقا ئورۇن بەردۇق.

## 4. كېڭەش مۇئەسسەسەسى ۋە مەسلىھەتچىلەر

ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسىدە ھەر خىل ئىشلارنىڭ كېڭەش يولى بىلەن

(716) (ئەلكامىل)، X جىلد، 661 - بەت. بەيھەقىنىڭ «خەلىپەتى شەھەر» شەكلىدىكى قەيتى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىلدۈرۈلگەن ۋەقەگە قارىلىدىغان بولسا (202 - بەت)، غەزنەۋىيلەر تەشكىلاتىدا خەلىپەت، شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل بولغان بىر مەمۇرىي خادىم سۈپىتىدە كۆرۈلمەكتە. بۇ ھەقتە ئايرىمچە «سىياسەتنامە» 24 - بەتكە قارالسۇن؛ ھەسەن ئەنۋەرى: «ئىستىلاھاتى دىۋانى» 222 - بەت.
(717) «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 229 - بەت.

قارلاشتۇرۇلىدىغانلىقى ۋە ئۇيغۇرچىدا «كەنكەش» دەپ ئاتىلىدىغان كېڭەشمە ئىشقا زور ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇڭلاشقا، كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار زامانىدا تۈركىي خەلقلەر ۋەزىرنى «ئايغۇچى»، باش ۋەزىرنى «ئۇلۇغ ئايغۇچى» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئۇنۋانلار «سۆزلەش» مەنىسىدىكى «ئايتماق» سۆزىدىن كېلىپ چىققانىدى. بۇنداق ئۇنۋاندىكىلەر دۆلەت ئىچىدە ئىجرا قىلغۇچىدىن كۆپرەك، مەسلىھەتچىدەك رول ئوينايتتى(718). مەشھۇر كۆكتۈرك ۋەزىرى بىلگە تونيۇقۇق، ئۆزىنىڭ ئېلتەرىش قاغان ئۈچۈنمۇ ئايغۇچىلىق (مەسلىھەتچىلىك) ھەم ياغىچىلىق (ئارمىيە قوماندانى) ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى(719).

قاراخانىيلاردىمۇ بۇ مەسلىھەتچىلىك فۇنكسىيىسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا خېلىلا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ قەدىمكى ئەنئەنىنىڭ مەلۇم مىقداردا داۋاملاشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە بەزى مۇھىم ئىزلارنىڭ بارلىقىنى «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن: يۇقىرىدا ئۆگە، كۆك ـ ئايۇق ۋە ئەر ـ ئۆگى دېگەندەك ئۇنۋانلارنىڭ ئىگىلىرىنى تىلغا ئالغاندا، بۇلارنىڭ بىر خىل دۆلەت مەسلىھەتچىلىرى ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختالغانىدۇق. بۇ مەسلىھەتچىلەر ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن ئورۇننى تەشكىل قىلىدىغان ئۆگەلىك ھەققىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ: «نە ئەدگۇ تورۇر بۇ كىشىنىڭ

(718) بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، باھائىدىننىڭ ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» گە قارالسۇن.

(719) «ئانىتا ئايغۇچىسى يەمە بەن ئۆك ئەرتىم، ياغۇچىسى يەمە بەن ئۆك ئەرتىم ئىل ـ تەرىش قاغانقا، تۈرك بۆگۈ قاغانقا، تۈرك بىلگە قاغانقا» (ت. تېكىن، A.g.e 252 ـ بەت). بۇ ھەقتە ئايرىمچە ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» II، 91 ـ، 93 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.



ئۆگى، ئۆگى بولسا ئۆترۇ ئاتاغۇ ئۆگە.» (ئادەم ئۈچۈن ئەقىل نېمىدېگەن ياخشى نەرسە. ئەقىللىق ئادەملەرگە مەسلىھەتچى نەزەرى بىلەن قاراش كېرەك)(720) دېگەنلىكى ۋە «بىلگە ئۆگە»(721) شۇ مەنىدە «ئۆگە بۇيرۇقى»(722) ۋە بولۇپمۇ «كېڭەشچى ئۆگە»(723) دېگەندەك ئىپادىلەرگە ئورۇن بېرىشى، ئۆگەنىڭ كېڭەشچى، مەسلىھەتچى (مۇشاۋىر ـ دانىشمەن) مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق شۈبھىلىنىشكە ئورۇن يوق.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ تېمىدا بەرگەن مەلۇماتىمۇ يۇسۇپنىڭ قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«ئۆگە» دىن ئاۋۋال كېلىدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن «كۆك ـ ئايۇق» ئۇنۋانىدىكى «ئايۇق» سۆزىنىڭمۇ، ئايغۇچىغا ئوخشاش «ئايتماق» (سۆزلىمەك، پىكىر بەرمەك) سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنىڭمۇ دۆلەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەنىدۇق. دېمەك، «ئۆگى» سۆزى، ئەقىل مەنىسىدىكى «ئۆگ»(724) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋە «ئەقىللىق، بىلىملىك» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلگەن. ھۆكۈمداردىن قالسىلا ئەڭ يۇقىرى ئورۇننىڭ ئىگىسى دەپ كۆرسىتىلگەن «ئەر ـ ئۆگى» نىڭ، بۇ ئەھۋال ئاستىدا ئۆگە ۋە كۆك ـ ئايۇقنىڭمۇ ئۈستىدە ۋە دۆلەتنىڭ باش مەسلىھەتچىسىگە ئوخشاش بىر مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈش ھەر ھالدا خاتا بولمىسا

(720) 1995 ـ بېيىت.

(721) 4240 ـ بېيىت.

(722) 2491 ـ بېيىت.

(723) 2935 ـ بېيىت.

(724) بۇ ھەقتە 720 ـ نومۇرلۇق ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگەن بېيىتكە قارالسۇن.

كىرەك. مەنسەپدارلار ھەققىدە ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خۇسۇستا ئۇزۇل-كېسىل بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەس.

قاراخانىيلار دۆلىتىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دېگەن ئەسىرىدە، ھۆكۈمدارلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكىنىدەك، ھەر خىل تېمىلاردا مەسلىھەتلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشمۇ(725) ھۆكۈمدارنىڭ مەسلىھەتچىلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن قولىمىزدا بۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىنى قانداق ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر مەلۇمات يوق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار، ھەر خىل مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلىنىپ بىر مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان(726). ئۆگەدىن ئورۇن جەھەتتە يۇقىرى تۇرىدىغان كۆك-ئايۇقلار بىلەن ئەر-ئۆگەنىڭمۇ مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىلىرىدىن سىرت، بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ۋەزىپىلىرى بار-يوقلۇقى ھەققىدىمۇ بىر نەرسە دېگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز. پەقەت ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىر ئەمەلىي ئىشقا مەسئۇل ئەمەسلىكى چوقۇمدەك تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھىجرىيە 489-

(725) 2649-، 2654-، 3475-، 3482-، 3483-، 3484-، 5209-بېيتلەرگە قارالسۇن.

(726) بۇ تېمىدا كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» 299-بەتكە قارالسۇن. لېكىن بۇ ھەقتىمۇ ئۇزۇل-كېسىل بىر نەرسە دېگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دانىشمەنلەرنى قىرى مەنسەپ ئىگىلىرى بولغان كىشىلەر، دەپ كۆرسەتكىنىگە قاراپ بۇ خۇلاسىنى چىقىرالايمىز. بولمىسا بۇلارنى ھۆكۈمدارنىڭ سۆھبەتداشلىرىغا ئوخشاش سارايدا بولۇنغان ۋە سۆھبەتلىرىدە تۈزلۈك تېمىلاردا پىكىر بايان قىلىدىغان كىشىلەر دەپ چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن مەنسەپلىرىگە ئەسلا ئۇيغۇنلاشمايدۇ.



(مىلادى 1095/96) ۋە 508-(مىلادى 1114/15) يىللاردا يەركەندە تۈزۈلگەن يەر-زېمىن سېتىش ھۆججەتلىرىدە «بۇغرا ئۆگە»، «ھارۇن ئۆگە» ۋە باشقا ئىسىملارنىڭ ئۇچرىشى، بۇ ئۇنۋاننىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئۇزۇن زامان ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە(727).

## B. ۋەزىر ۋە مەركىزىي تەشكىلاتلار

### 1. يۇغرۇش (ۋەزىر)

شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلار تەشكىلاتىدا، ھۆكۈمدارنىڭ نامىدا ھەر خىل دۆلەت ئىشلىرىنى قىلىدىغان مەركىزىي تەشكىلاتتا «يۇغرۇش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ۋەزىر باشلىق بولاتتى. لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ مەركىزىي تەشكىلات ھەققىدە مەنبەئەلىرىمىزدە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. بىز بۇ تېما ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ۋەزىرلىك ئالامەتلىرى ۋە ۋەزىرنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەققىدە «قۇتادغۇ بىلىگ»دە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا باھا بېرىشنى، ئاندىن كېيىن قولىمىزدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن بۇ تەشكىلات ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى لايىق كۆردۇق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ قەھرىمانلىرىدىن ئايتولدىغا ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنۇلارنى سۆزلەيدۇ: «ۋەزىرلىكنىڭ ئانغار بىردى تامغا ئاياغ. تۇغى تۇۋرۇگى بىرلە بىردى قۇياغ» (ئۇنىڭغا ۋەزىرلىك ئۇنۋانى بىلەن تامغا، تۇغ، ناغرا ۋە ساۋۇت

(727) خوئارت، Trois Actes 611-622-بەتلەرگە قارالسۇن.

بەردى)(728). يەنە ئۇ، ئۆگدۈلمىشكىمۇ شۇ ۋەزىپە بېرىلگەندە: «ئاياغ بىردى تامغا ئات ئۇستەم قەدۇت، ئاغىرلادى ئاشرۇ تۈكەل بولدى قۇت» (729) (ئۇنىڭغا ئۇنۋان تامغا، ئات، ئېگەر - توقۇم ۋە تون بەردى. ئۇنى بەكمۇ قەدىرلىدى، ئۇ تولىمۇ بەختكە ئېرىشتى) دېيىلگەنىدى.

يۈسۈپنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بىرىگە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەن چاغدا ئۇنىڭ ئورنىغا مۇناسىپ ئۇنۋان بىلەن تۇغ(730)، ناغرا، ساۋۇت، تون، ياسىداق ئېگەر - توقۇم (731)، ئات ۋە ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىرلىك تامغىسى بېرىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ تېمىدا خېلىلا تولۇق مەلۇمات بەرگەن. لېكىن ئۇنىڭ، ۋەزىرگە قانداق ئۇنۋانلار بېرىلگەنلىكى، ۋەزىرلەرنىڭ قانچە تۈرلۈك بولىدىغانلىقى مەسىلەن: «كۆۋرۈگ» دېيىش بىلەن مۇزىكا ئەترىتى دېمەكچىمۇ؟ (مۇنداق بولۇش ئېھتىمالى كىچىك) ئۇنىڭ بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىمىز.

(728) 1039 - بېيىت.

(729) 1766 - بېيىت.

(730) تۇغنىڭ ھەم بۇگۈنكى مەنىدە تۇغ ھەمدە نۆبەت گۇرۇپپىسى مەنىسىدە كەلگەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرسەتكەنىدۇق. بۇ يەردە قايسىسىنى دېمەكچى ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئارقىدىنلا ناغرا (كۆۋرۈگ) نىڭ يېزىلغىنىغا قارىغاندا، بۇ يەردە تۇغنى بىرىنچى مەنىدە قوللىنىلغان دېيەلمەيمىز.

(731) — «ئۇستەم» سۆزىنى مەھمۇد قەشقەرى، «ئېگەرلەرگە، كەمەرنىڭ بېشىدىكى تۇقالارغا ئىشلەنگەن ئالتۇن ۋە كۈمۈش» دەپ ئىزاھلايدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئىندېكسى، 716 - بەت). بىز «ئات. ئۇستەم، قەدۇت» ئىپادىسىنى ئات، قوشۇم (ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن ئېگەر - جابدۇق) ۋە تون دەپ ئالدۇق، ر. ر. ئاراتمۇ مۇشۇنداق تەرجىمە قىلغانىدى. شۇنداقلا «ئۇستەم قەدۇت» نىڭ ئىشلەكلىك (كەشتىلىك) كىيىم يەنى تون مەنىسىدە ئىشلىتىلىشىمۇ ئېھتىمال.



ئەمدى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا دېيىلگەنلىرىگە قارىغاندا، يۇقىرىقىغا قارا يېپەكتىن بىر كۆنلەك بېرىلەتتى ۋە بۇ كۆنلەك ئىسسىقتا، يامغۇردا ۋە قاردا ئۇنىڭ بېشىدا تۇتۇلاتتى. دېمەك، بۇنىڭمۇ ۋەزىرلىك ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈلمەكتە. يەنە ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر ھەربىي قوماندانىنىڭ ياكى بىر فارسلىقنىڭ قول ئاستىدىكى ئادىمى قانچە كۆپ، ئورنى قانچىلىك مۇھىم بولسا بولسۇن يۇغرۇش ئۇنۋانىنى ئالالمايتتى(732). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ باشقا بىر سەۋەب يۈزىسىدىن ۋەزىر ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى بولسا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ قەھرىمانلىرىدىن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش مەلۇم ۋاقىت قېرىندىشى زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ دۇنيانىڭ پۈتۈن ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىشنى خالايدۇ. بۇنى كۆرگەن ئودغۇرمىش ئۇنىڭغا ھۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن يانماسلىقنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقنى ياخشىلىق بىلەن باشقۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇشنى، ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنۋان ۋە مەنسەپ بېرىپ يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىنى، شۇنچىلىك ياخشىلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىشنىڭ مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ۋە شۇنداق دەيدۇ: «بۇ قۇل كۆڭ ئات ئادغىر، بۇ بىر سۈۋ قامۇغ، ئىلىگدىن تەرگىب ئاچتى دۆلەت قاپۇغ»(733). (بۇ قۇل، دېدەك، ئات، ئايغىر، يەر، سۇنىڭ ھەممىسى ساڭا ھۆكۈمداردىن كەلدى ۋە بەخت ئىشىكى ئېچىلدى).

ئۇنىڭ بۇ ئىپادىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋەزىرنىڭ

(732) كىلىسلى — Ⅲ، 31 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 41 - بەت.

(733) 5781 - بېيىت بىلەن 2278 - بېيىتتە يەر - سۇنىڭ مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلغانلىقى ئېنىق.

ئىشىكىدە خىزمەت قىلغۇچى ئەر - ئايال قۇللاردىن باشقا مال - دۇنيا، ئات - ئايغىردەك هايۋانلارمۇ بۇ ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا كەلگەن بايلىق بولۇپ، بۇلارغىمۇ هۆكۈمدارنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئېرىشكەنلىكى ئېنىق. بۇلاردىن باشقا ئەسلى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا يۈسۈپنىڭ بۇ يەردە ئىشلەتكەن «يېرسۇۋ» (يەر - سۇ) دېگەن ئىبارىسىدۇر. ر. ر. ئارات «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ تەرجىمىسىدە بۇ ئىبارە ئۈستىدە ئالاهىدە توختالماستىن ئۆز ئەينىنى ئالغان. ئەمما، بىزنىڭچە بۇ ئىبارە بۇ يەردە سۇيۇرغال مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى شۇ ئىبارىنىڭ كۆكتۈرك يېزىقلىرىدا ۋەتەن، يۇرت ۋە يەر پارچىسى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى بىلىنمەكتە(734). يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بۇ خاتىرىسىدىن، ۋەزىرلەرگە ئورۇنلىرىغا مۇناسىپ هالدا مول هايات شەرتلىرىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئىنتايىن تەبىئىي ئەهۋال.

ۋەزىرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىگە كەلسەك، يۈسۈپ خاس هاجىپ تەپسىلىي سۆزلىمەستىنلا خىزمەتچىلەرنىڭ (ئىشچىلارنىڭ) باشلىقى بولغان ۋەزىرنىڭ ۋەزىپىلىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتكەن:

1. مەملىكەتنى تەرتىپكە سېلىپ، توغرا قانۇنلار بىلەن باشقۇرۇپ، تۈزۈمنى ئورنىتىش؛

2. خەلقنى هۇزۇر - هالاۋەتكە ئېرىشتۈرۈش، خەلققە بۇزۇق قوللارنىڭ يامانلىق قىلىشىنى توسۇش، شۇنىڭ بىلەن هۆكۈمدارنىڭ نامىنى ياخشىلىق بىلەن ئەتراپقا تارقىتىش؛

(734) كۆكتۈرك ئابىدىلىرىدە يېزىلغان «ئەچۈمىز ئاپامىز تۇتمىش يەر سۈب ئىدىسىز بولمازۇن تىيىن» (ت. تېكىن، A.g.e 234 - بەت) شەكلىدىكى ئىپادىنىڭ «ئاتىلىرىمىز ئىدارە قىلغان (ياكى قازانغان) ۋەتەن» مەنىسىدە ئىكەنلىكى ناهايىتى ئېنىق.



3. بايلىق، خەزىنە توپلاش؛

4. مەملىكەتنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش (شەهەر ۋە كەنتلەرنى چوڭايتىش)؛

5. خىزمەتنى قىلغۇچىلارغا ياخشىلىق قىلىپ ئۆزىگە يېقىن قىلىش(735).

يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا هۆكۈمداردىن كېيىنكى هوقۇقدارنىڭ ۋەزىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنىنىڭمۇ مۇهىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ تېمىدىكى كۆز قارىشىنى شۇنداق ئىپادىلەيدۇ: ۋەزىر هۆكۈمدارنىڭ قولى، ئۇلار ئىشلىرىنى بۇ قوللار ئارقىلىق قىلىدۇ. ۋەزىر بەگلەرنىڭ يۈكىنى يۈدىگۈچى، هۆكۈمدارلىقنىڭ ئۇلىنى مۇستەهكەملىگۈچىدۇر. ۋەزىر ياخشى بولسا، بەگ خاتىرجەم ئۇخلايدۇ. بەگدىن كېيىن قالسىلا سۆز ۋە هەرىكىتى بىلەن مەملىكەتكە هۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئادەم ۋەزىردۇر(736). يەنە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك هالدا ئۇنىڭ «بىر ئادەمگە ۋەزىرلىك تېگىپ، هوقۇقنى قولغا ئالسا، يامان قانۇن تۈزمەسلىكى، هەر دائىم سىلىق ۋە مۇلايىم بولۇشى كېرەك»(737) دېگەنلىكىمۇ ۋەزىرنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە هوقۇقلىرى هەققىدە خېلى يېتەرلىك مەلۇمات بېرىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا هۆكۈمداردىن قالسا ئەڭ چوڭ هوقۇققا ئىگە بولغان، هەتتا قانۇن تۈزۈش ئىشىغىمۇ (شۈبھىسىز، ئەمىردىكى تەشكىلات بىلەن بىرلىكتە)

(735) 2178 -، 2180 - بېيىتلار

(736) 2181 -، 2183 -، 2193 - بېيىتلار.

(737) 4140 - بېيىت.

ئارىلىشىدىغان يېگانە قۇدرەت ئىگىسى ــ ۋەزىردۇر.

ۋەزىرنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە شۇنچىلىك مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋەزىرلىككە قانداق ئادەمنىڭ قويۇلۇشى لازىملىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ، شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلار دۆلىتىدە بۇ ئورۇننىڭ ۋەزىپىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى پايدىلىق، دەپ بىلدۇق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ»دە شۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىشقا بەك پىشقان، تاللانغان، ئەقىللىق، ئىشنى چىن كۆڭلىدىن قىلىدىغان بىرى لازىم، ئەقىللىق بولغىنىدەك، بىلىمىمۇ كۆپ بولۇشى، پۈتۈن ئىش قولىدىن كېلىشى لازىم. ئۇ ئېسىل بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى لازىم. نەسلى ياخشى بولغان ئەقىللىك ئادەم ھەممە يەردە يۈكسىلىدۇ. نەسلى پاكىز كىشى ۋاپادار ۋە ھەرىكىتى پاكىز بولۇشى بىلەن بىللە خەلق ئۈستىگىمۇ قوللىرىنى ۋاپا بىلەن ئۇزىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە نەسلى يامان كىشىلەر پاكىز بولمايدۇ، ئىشلىرىمۇ جاپالىق بولىدۇ. ۋەزىر تەقۋادار ۋە توغرا بولۇشى، ھاياتىنىمۇ توغرىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشى لازىم. ئۇ، ھايالىق، كۆزى توق، ئىشەنچلىك بولۇشى، مالغا ھېرىس بولماسلىقى كېرەك. يەنە ۋەزىرنىڭ چىرايى گۈزەل ۋە كېلىشكەن بولۇشى، چاچ ۋە ساقىلى چۈشۈرۈلگەن بولۇشى ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى كېرەك. خىزمەتچىلەرنىڭ باشلىقى بولغان ۋەزىر توغرا ھەرىكەت قىلىشى، ئىشلىرىنى دۇرۇسلۇق بىلەن قىلىشى، بولۇپمۇ خەلقنىڭ ئۆز ھەقلىرىنى ئالالىشى ئۈچۈن ئادىل بولۇشى لازىم. ئەگەر ۋەزىر توغرا خىزمەت قىلمىسا ھۆكۈمدارنىڭ ئىشىمۇ ئەگرى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن خىزمەتچىلەرنىڭ توغرا ۋە دۇرۇس بولۇشى



لازىمكى، بەگلەر ئىشىنىپ ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا خاتىرجەم تاپشۇرسۇن».

يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، ۋەزىر بولىدىغان ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ھېساب بىلىدىغان، ئالىم، چېچەن ۋە ھەر خىل يېزىقلارنى بىلىدىغان بولۇش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ۋەزىرنىڭ ھەممە ئىشى ھېساب بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھېساب بىلمىسە پۈتۈن ئىشلىرى قالىدۇ. شۇڭلاشقا ۋەزىر ئوقۇمۇشلۇق، ساۋادلىق، پىشقان ۋە ئاقىل بولۇشى لازىم. مەملىكەتتە ۋە خەلق ئارىسىدا توغرىلىق بىلەن تونۇلۇشى، تېتىك، ئېھتىياتچان ۋە ئۆز ئىشىنىڭ ئەھلى بولۇشى لازىم. يەنە ۋەزىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىشقا يارايدىغان ۋە يارىمايدىغانلارنى بىر ــ بىرىدىن پەرق قىلالىشى لازىم. بۇ پەزىلەتلەر بىلەن بىلىملەر كىمدە بولسا ھۆكۈمدار ۋەزىرلىكنى شۇنىڭغا بېرەلەيدۇ. ئەگەر بەگنىڭ مۇشۇنداق بىر ۋەزىرى بولسا ھەم بەگ ھەم خەلق ھەر ئىككىلىسى ھۇزۇر ــ ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ ۋە ھۆكۈمدارنىڭ ئىشى ئۆزى تىلىگىنىدەك بولىدۇ. مەملىكىتى تۈزۈلۈپ، خەلقى باي بولىدۇ. خەزىنىسى كۆپىيىدۇ، بەگنىڭ ھاياتى سائادەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. ياخشى بىر ۋەزىر ھەر دائىم بىر مەسلىھەتچى بولالايدۇ(738).

## 2. بۈيۈك دىۋان

بىز تەتقىق قىلىۋاتقان زاماندىكى قاراخانىيلار دۆلىتىدە ۋەزىر رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بۈيۈك (ئالىي) دىۋان ۋە باشقا دىۋانلار ھەققىدە كۆپ مەلۇمات يوق. ھەتتا مۇشۇنداق بىر

(738) 2184 ــ 2262 ــ بېيتلار.

سەلتەنەت دىۋانىنىڭ بارلىقىنى مۇقىملاشتۇرالىغۇدەك خاتىرىلەرمۇ كۆپ ئەمەس. پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خاتىرىلىرىگە تايىنىپلا ۋەزىپىلىرى ھەققىدە بىز مەلۇمات بېرەلىگەن ۋەزىرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى مۇشۇنداق بىر دىۋان بولماستىن ئېلىپ بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، شۇ دەۋردىن كېيىنكى بىر زامانغا ئائىت بولۇش بىلەن بىللە، سۇلتان سەنجەرنىڭ ئىنشا دىۋانىدىن چىققان بەزى خەت ـ چەكلەردە، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ «مەجلىسى ئالىي» سىدىن پات ـ پات سۆز ئېچىلىشى(739)، مۇشۇنداق بىر سەلتەنەت دىۋانىنىڭ بىز تەتقىقات قىلىۋاتقان شۇ دەۋردىمۇ بارلىقىنى كۆرسىتەلەيدۇ. لېكىن مەجلىسى ئالىينىڭ نە ۋەزىپىسى ۋە سالاھىيەتلىرى، نە ئەزالىرى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەر نەرسە دېيەلىگۇدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز.

### 3. باشقا دىۋانلار

XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ زامانىدىشى بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئىمپېرىيىسىدە، مەسىلەن: مەلىكشاھ زامانىدا، بۈيۈك دىۋاندىن كېيىن تۆت مۇھىم دىۋانىنىڭ ئورۇن ئالغانلىقى مەلۇم. بۇلار «ئىستىفا دىۋانى»، «تۇغرا ياكى ئىنشا دىۋانى»، «ئىشراف دىۋانى» ۋە «ئارزۇل جەيش دىۋانى» (دىۋانى ئەرز) ئىدى(740). بۇ دىۋانلارنىڭ شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلار دۆلىتىدىمۇ

(739) ئىنشا بارتولد: «تۈركىستان» I — 27 — 28 — 29 —، 33 — بەتلەرگە قارالسۇن).

(740) بۇ ھەققىتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن كافەس ئوغلى: «مەلىكشاھ» 145 – بەت؛ ئۆزۈن چارشىلى: «مەدخەل» 42 — 45 – بەتلەرگە قارالسۇن.



شۇ ئىسىملار بىلەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دائىر مۇقىم خاتىرىلەرگە ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت ۋەزىپىسى مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بولغان «ئىستىفا دىۋانى» ۋە ئۇنىڭ رەئىسى بولغان «مۇستەۋفى» نىڭ ئورنىدا قاراخانىيلاردا «ئاغىچى» (خەزىنىچى)-نىڭ، ھۆكۈمدارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى كاتىبات ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان «تۇغرا دىۋانى» ۋە ئۇنىڭ رەئىسى «تۇغرائىي»-نىڭ ئورنىدا «بىتىگچى ئىلىمگا» بىلەن «تامغاچى» (مۆھۈردار)-نىڭ بارلىقى؛ بۇ مەسىلىدە شۇ دىۋانلارنىڭ ياكى ئوخشاش تەشكىلاتلارنىڭ قاراخانىيلاردىمۇ بارلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ھەتتا يۈسۈپنىڭ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاغىچى، تامغاچى ۋە بىتىگچى ـ ئىلىمگاھلار باشلىق بولغان تەشكىلاتنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بۇ مۇئەسسەسىلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى لازىم كۆرمىگەنلىكىنىمۇ دەپ ئۆتۈش مۇمكىن. يەنە بۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈمدە تەپسىلىي ھالدا سۆزلىنىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ مائاش ۋە باشقا ھەقلىرى قەيت قىلىنغان دەپتەرلەرنىڭ تولۇق تۇتۇلغانلىقىغا قاراپ، قاراخانىيلاردا «دىۋانى ئارىز» نىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ بارلىقى مەلۇم. چۈنكى مۇنداق بىر دىۋاننىڭ ئىسمى ھەرقانداق بىر مەنبەيىمىزدە ئوچۇق كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مىسال ئالغان بىر جۈملىسىدە «ئۇ ئەسكەرنىڭ ئىسمى سۇلتاننىڭ دىۋانىدىن ئۆچۈرۈلدى» دېيىلىشى، بۇ جەھەتنى شۈبھىلىنىشكە بولمايدىغان دەرىجىدە ئېنىقلاپ بېرىدۇ. لېكىن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئۆز يولىدا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەپتىش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئىشراف دىۋانى ياكى بۇنىڭغا ئوخشاش بىر تەشكىلاتنىڭ قاراخانىيلاردىمۇ مەۋجۇت

بولغان ـ بولمىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلمەيمىز(741). بۇ جەھەتتىن بىز بۇ يەردە كۆپرەك ئىنشا ئىشلىرى بىلەن مالىيە، شۇنداقلا ئەدلىيە ئىشلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى جەھەتتە بار بولغان مەلۇماتلارغا باھا بېرىشكە تىرىشىمىز.

## (1) ئىنشا ئىشلىرى

قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەمرلىرى، بۇيرۇق ۋە پەرمانلىرى «يارلىق» دەپ ئاتىلاتتى(742). بۇ يارلىقلار بىلەن خەتلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمدارلارنىڭ «تامغىسى»(743) بىلەن مۆھۈرلىنەتتى. مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە بۇنىڭغا ئائىت مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ھۆكۈمدارنىڭ زاھىد ئودغۇرمىشقا خەت ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، بۇ خەتلەرگە ئالدى بىلەن تامغا بېسىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرۈلۈپ باغلانغانلىقىنى بايان قىلغاندى(744). بۇ بايانلاردا يەنە ھۆكۈمدارلارنىڭ خەت پەرمانلىرىنىڭ تومار شەكلىدە تۈرۈلۈپ باغلانغاندىن كېيىن

(741) بۈيۈك سەلجۇقىيلاردا دىۋانىنىڭ رەئىسلىرى بولغان مۇشرىفلەر زورلۇق تېپىلغاندا شەھەر ۋە يېزىلارغا مالىيە ۋە ئىدارە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن نائىبلار ئەۋەتەتتى (ئۆزۈن چارشىلى، «مەدخەل»، 44 ـ بەت).

(742) — «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرىدا بۇ سۆز ھەم ئاغزاكى بۇيرۇق ھەمدە بۇيرۇق ۋە پەرمان مەنىسىدە قوللىنىلغاندەك، مەھمۇد قەشقەرىمۇ (كېلىسلى III، 31؛ ئاتالاي III، 42) ئەينى مەنىلەردە قوللانغان.

(743) كېلىسلى I، 355، III، 261؛ ئاتالاي I، 424، III، 355.

(744) 3275 ـ بېيىت: «بىتىگ تۈردى بادى ئۈزە تامغالاپ — سۇنۇپ بىردى ئۆگدۈلمىش ئالدى ئۇلاپ»، ئايرىمچە 3941 ـ، 3942 ـ بېيىتلەرگە قارالسۇن.



مۇناسىۋەتلىك يەرلەرگە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ھۆكۈمدارنىڭ خەت يېزىدىغان چاغدا «دىۋەت»، «قەغەز» ۋە «قەلەم» سورىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشى(745)، يېزىش ـ سىزىش قوراللىرى ھەققىدە بىزنى بىر پىكىرگە ئىگە قىلغىنىدەك، ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۇرۇش يېزىش ماتېرىياللىرى بارلىقىنىمۇ ئەسلىتىدۇ.

قاراخانىيلار دۆلىتىدە ھۆكۈمدارمۇ لازىم تېپىلغاندا قولغا قەلەمنى ئېلىپ ئۆزى خەت يازاتتى. لېكىن بۇ شۈبھىسىزكى، مەلۇم ھاللاردىلا بولۇشى مۇمكىن. دۆلەتنىڭ مەيلى ئىچكى جەھەتتىكى ئىدارە قىلىنىشى، مەيلى سىرتقى مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر يېزىقلارغا كەلسەك، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاقانلارنىڭ يېزىق ئىشلىرىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازىدىغان كاتىپلارنى «ئىلىمگا» دەپ ئاتىغان(746). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ يېزىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىدارىلەردىكى خىزمەتچىلەر ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىغا كەلسەك، ئۇ بۇ جەھەتتە، بەك ئېنىق بولمىسىمۇ خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇ، بىر خىزمەتچىنىڭ دۆلەت ئىشىكىدە دەرىجىمۇ دەرىجە يۈكسىلىشىدىن سۆز ئاچقاندا، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئالدى بىلەن «تامغاچى» (مۆھۈردار)ـ نى(747)، كېيىن «بىتىگچى» (كاتىپ)نى(748)، ئاخىرىدا

(745) 3187 ـ، 3896 ـ بېيىتلار.

(746) كېلىسلى I، 127 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 143 ـ بەت.

(747) 4046 ـ بېيىت.

(748) 4048 ـ بېيىت. شۇنىڭدەك قاراخانىيلاردا خەزىنىدارنىڭ ئەمرىدە ئىشلەيدىغان مەمۇرلارمۇ «بىتىگچى» دېيىلگەنلىكى بىلىنمەكتە، بۇ ماۋزۇدا ئايرىم توختىلىمىز.

«ئىلىمگا» نى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى(749). دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا يېزىق ئىشلىرىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ، بۇ تېمىغا ئۆز ئەسىرىدە ئايرىم بىر بابنى ئايرىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە مۇناسىۋەتلىك يېزىق ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان خىزمەتچىنى «بىتىگچى ئىلىمگا» دەپ ئېلىغا ئالغان(750). بۇنىڭغا قارىغاندا، «بىتىگچى» بىلەن «ئىلىمگا» ئۇنۋانلىرى بىر خىل مەنىدە بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەزىدە بىرىنى، بەزىدە يەنە بىرىنى ۋە بەزىدە بولسا ھەر ئىككىسىنى بىللە ئىشلەتكەن(751). دېمەك، «بىتىگچى ئىلىمگا» شۇ ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئىدارىنىڭ رەئىسى بولۇپ قول ئاستىدا باشقا بىتىگچىلەر ۋە تامغىچىلار بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇنۋانلار ھەققىدىكى بىر قاتار خاتىرىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ تەھلىل قىلساق، ئىككىنچى ئېھتىمال تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر. بۇ ئەھۋال ئاستىدا مۇناسىۋەتلىك خەت - ئالاقىلەرنىڭ بىتىگچى ئىلىمگانىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى ئىدارىدە ھەر خىل بىتىگچىلەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ۋە پۈتۈن چىققان ئاخىرقى يارلىقلارغا تامغىچى تەرىپىدىن ھۆكۈمدار تامغىسىنىڭ بېسىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. شۇڭلاشقا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، ھىجرىيە 508 (مىلادى 1114/15) - يىللىرى يەركەندە، تۈزۈلگەن بىر يەر - زېمىن سېتىش ھۆججىتىدىمۇ تامغىچى ئۇنۋانىنىڭ ئۇچرىشى(752)، قاراخانىيلارنىڭ بۇ ئۇنۋاننى

(749) 4065 - بېيت.

(750) XXXIV باب ماۋزۇسى، ئايرىمچە 4146 - بېيىتكە قارالسۇن.

(751) مەسىلەن، «ئاشچىباشى» «خانسالار» دېگەنگە ئوخشاش.

(752) Trois Actes ھۆججەت - 623 - بەت.



خېلى ئۇزۇن زامان ساقلاپ كەلگەنلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

«بىتىگچى ئىلىمگا» نىڭ ۋەزىپىسى مۇناسىۋىتى بىلەن باشقا بىر جەھەتنى ھەم كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى خاتىرىلىرىدىن شۇنداق بىر خىل چۈشەنچىگە كېلىش مۇمكىنكى، «بىتىگچى ئىلىمگا» ھۆكۈمدارنىڭ سىرلىرىنى بىلگۈچى سىرداش ئادىمى ھېسابلانغان. ئۇنىڭ بۇ تېمىدا، كاتىپقا سىرلارنى سۆزلەش لازىم تېپىلىدىغانلىقى ۋە كاتىپنىڭ سىر ساقلاشنى بىلىدىغان بىرى بولۇشى كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىشى(753)، دۆلەت ئالاقىلىرىدە مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكىنىدەك، ئۇنىڭ خۇددى ھۆكۈمدارنىڭ سىر كاتىپى ئورنىدا ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇ تېمىدا «قۇتادغۇ بىلىگ»دە يېزىلغان: «بەزىسى ھۆكۈمدار سىرىنى ئېيتىدىغان كاتىپى (ئىلىمگا) بولىدۇ»(754) ۋە «ئەگەر سەن بىتىگچى ئىلىمگا بولساڭ كۆڭۈل سىرىنى ياخشى ساقلا، ئاغزىڭدىن سۆزنى قاچۇرۇپ قويما»(755) دېگەندەك ئىبارىلەر، «بىتىگچى ئىلىمگا»-

(754) 2675 -، 2677 -، 2692 -، 2704 - بېيىتلەرگە قارالسۇن.

(753) 4065 - بېيت.

(755) 4146 - بېيت. ر. ر. ئاراتمۇ بۇ بېيىتنىڭ تەرجىمىسىدە «سىر كاتىپى» ئىپادىسىنى قوللانغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيتىدىن قارىغاندا، بىزچىمۇ جايىدا ئىشلىتىلگەن بىر ئىپادىدۇر. مۇنداق بولغاندا مەملۇكلەردىن ئوسمانلىلارغىچە داۋام قىلغان سىر كاتىپنىڭ مەنبەسىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئىدارە ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «قۇتادغۇ بىلىگ» كە ئاساسلىنىپ، بىتىگچى ھەققىدە قىسقا مەلۇمات بەرگەن سەدرى مەقسۇدى ئارسال («ھوقۇق»، 8 -، 107 - بەتلەر) بۇ ئورۇننىڭ ئىككىنسى ھەققىدە «خاننىڭ ئومۇمىي كاتىپى، ئەدلىيە ۋە دىپلوماتىيە نازىرى» ئىپادىسىنى قوللانغان. ئومۇمىي كاتىپلىق سۈپىتى مەلۇم دەرىجىدە مۇۋاپىق بولسىمۇ، ئەدلىيە ۋە دىپلوماتىيە نازىرلىقى ئىپادىلىرىنى ئاڭلاتماق مۇمكىن ئەمەستۇر. چۈنكى «بىتىگچى ئىلىمگا» نىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ ئەدلىيە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يېزىقچىلىق يالغۇز تاشقى ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، ئەكسىچە كۆپرەك مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

نىڭ، ھۆكۈمدارنىڭ سىر كاتىپلىقىنىمۇ قىلغانلىقىنى كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا نىزامى ئارۇزىمۇ مۇھەممەد ب. ئابدۇۋەھ ئەل ـ كاتىپ ئىسىملىك بىرىنىڭ بۇغراخان ھارۇننىڭ «دەبىر» ى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ يەردىكى «ئەل ـ كاتىپ» دېگەن لەقەمدىنمۇ مەلۇم بولۇشىچە، ھۆكۈمدارنىڭ خەتلىرىنى باشقۇرىدىغان بىرى كۆزدە تۇتۇلغان(756). «دەبىر»نىڭ مەنىسىمۇ شۇ دەۋردە ھۆكۈمدارنىڭ شەخسىي خەتلىرىنى يازىدىغان ۋە ئوقۇپ بېرىدىغان ئادەمگە بېرىلگەن بىر ئۇنۋان دەپ ئىزاھلانغان(757).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىگ»دە ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن يېزىق ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەندەكلا كاتىپلارغا بولغان ئېھتىياجىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر مەملىكەت قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ. قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ. قىلىچ بىلەن مەملىكەتنى ئىشغال قىلغىلى ۋە خەلقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، قەلەم ئارقىلىق بولسا مەملىكەتنى تۈزىگىلى ھەم بايلىق توپلىغىلى بولىدۇ. قىلىچ قان تامغۇزسا مەملىكەت ئېلىنىدۇ، قەلەمدىن سىياھ تامسا ئالتۇن كېلىدۇ(758). دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بىر مەملىكەتنى ئېلىش ۋە تۈزەشتە قىلىچ ۋە قەلەم بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى مۇھىم نەرسىدۇر. ئەمما بۇ ئىككى نەرسىنى بىر ـ بىرى بىلەن نىسبەتلەشتۈرۈشنى لايىق كۆرگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «كىشىنىڭ بىلىملىك بولۇشى (قەلەم ئىشلىتىش) بەك ياخشى پەزىلەت-

(756) «چاھار ماقالە» 41 ـ بەت.
(757) ھەسەن ئەنۋەر. «ئىستىلاھاتى دىۋانى» 177 ـ، 180 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.
(758) 2702 ـ، 2711 ـ، 2715 ـ بېيىتلار.



تۇر»(759) دەپ، شۇ دەۋرنىڭ ھۆكۈمدارلىق چۈشەنچىسىنى ئىخچام يەكۈنلەپ بېرىدۇ.

ياخشى بىر كاتىپنىڭ سىر ساقلاشنى بىلىشى ۋە خېتى چىرايلىق ۋە مەزمۇنلۇق بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» دە، «بىتىگچى ئىلىمگا» غا ئايرىلغان بابنىڭ ئاخىرىدا، ئىنسانلار ئارىسىدىن خېتى ياخشى بىر كاتىپ بىلەن نۇتۇق قابىلىيىتى ياخشى بىر ئەلچىنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى، چۈنكى بىرىنىڭ يېزىقى بىلەن يەنە بىرىنىڭ تىلى بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقلىرىنى قەيت قىلغان(760). بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەلچى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بۇ يەردە قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتۇق. «قۇتادغۇ بىلىگ»دە چەت مەملىكەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە داۋاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەلچىلەرنىڭ، لازىم تېپىلغاندا يەرلىك ئورۇنلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلىشلىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ياخشى بىر ئەلچىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مۇشۇنداق شەرتكە توشقان ئەلچىنىلا مەيلى چەت ئەللەرگە، مەيلى ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا بولسۇن ئەۋەتسە خاتىرجەم بولغىلى بولىدىغانلىقىنى(761) تىلغا ئېلىش بىلەن بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمدارنىڭ نامىدا يۈرگۈزۈلىدىغان يېزىقچىلىق ئىشلىرى ھەم دىپلوماتىك يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، ئەلچىگە ئالاقىدار

(759) 2719 ـ بېيىت.
(760) 2733 ـ، 2736 ـ بېيىت.
(761) 2668 ـ بېيىت.

سۆزلەرگە بۇ يەردە ئورۇن بېرىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەلچىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئىشىك ئاغىسىدىن كېيىنلا ئەلچىگە ئورۇن بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ رولىنىڭ زورلۇقىنى ئوچۇق كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەلچىنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى، ئېلىدىن ئېلگە (مەملىكەتتىن مەملىكەتكە) ئەۋەتىلىشىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، ئەلچىنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال چەت ئەل ھۆكۈمدارى ئالدىدا ئۇتۇقلۇق ئىشلىشى ۋە ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان ھۆكۈمدارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، دەۋرنىڭ چۈشەنچىسىگە قارىغاندا، ئەلچىلىك كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇشى، ئەلچىنىڭمۇ بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بىرى بولۇشى لازىم. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر ئەلچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى بىر ئەلچى ھەر خىل ھۈنەر - پەزىلەتلەرنى بىلىشى، شېئىرلارنى چۈشىنىشى، ھەتتا ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئاسترونومىيىدىن، تىببىي بىلىمدىن خەۋەردار بولۇشى، چۈش ئۆرۈشنى بىلىشى، ئۆرگەن چۈشى ئۇنىڭ ئۆرگىنىدەك بولۇشى كېرەك. ھېساب ۋە گېئومېترىيىنىمۇ بىلىشى، يىلتىز چىقىرىش ۋە مەيدان ئۆلچەش بىلىملىرىنىمۇ بىلىشى لازىم. بۇلاردىن باشقا يەنە دامكا - شاھمات ئويناشنى ياخشى بىلىشى، چەۋگەن ئويۇنىدا ماھىر بولۇشى، ئوق ئېتىشنى ياخشى بىلىشى، قۇشچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشى لازىم. ھەر خىل تىللارنى بىلىپ سۆزلىشەلىشى، ھەر خىل خەتلەرنى بىلىپ يازالىشى كېرەك. ئەلچى زېرەك، دانا ۋە ھوشيار بولسا، ھەممە يەردە ياخشى قارشى ئېلىنىدۇ ۋە بەگكە پايدىلىق بولىدۇ. ئەلچى ھاراق - شاراب ئىچمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، ھاراق



ئاشقازاندىن گىرسە، سىر ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىدۇ، بۇ چىققان سىر ئۆزىنى خاراب قىلىدۇ. ئەلچىنىڭ تىلى چىرايلىق، دىلى ئوچۇق، ئەقلى كامىل بولۇشى كېرەك. ئۇ، ئەس - ھوشلۇق بولۇشى، ھەرقانداق سۆزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ ھۆسنى گۈزەل، ئۆزى يېقىملىق، چاچ - ساقىلى ياسالغان بولۇشى لازىم، بوي - بەستىمۇ باشقىلار ئارىسىدا ئالاھىدە قامەتلىك كۆرۈنۈشى لازىم. سۆزى يۇمشاق، شېكەردەك شېرىن بولۇشى، ھەرقانداق سوئالغا جاۋاب بېرەلىشى ئۈچۈن سۆزنى چۈشىنىشى ۋە ھازىر جاۋاب بولۇشى لازىم. ئەلچىنىڭ ھەممە ئىشى سۆز بىلەن بولىدۇ. سۆزى ياخشى بولسا تىلىكىگە ئېرىشىدۇ. ئەلچى بۇ خىسلەتلىرىدىن باشقا يەنە ئىنسانلار ئارىسىدا مۇمتاز، ئەقىللىك، بىلىملىك، تاللانغان ۋە يۈزەكلىك بولۇشى لازىم. شۇنداقلا ئۆزى تەمكىن، كۆز - قارنى توق، سادىق، ئىشەنچلىك، دۇرۇس ۋە توغرا، ھايالىق بولۇشى، ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم بولۇشى، يازالىشى، ئوقۇيالىشى لازىم. ئەلچى يامان بولسا، بارغانلا يېرىدە ئۆز بېگىنىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرىدۇ(762).

يەنە شۇ زاماندىكى ھۆكۈمران چۈشەنچىسىدە سۆزىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان، تاپشۇرۇلغان سۆزنى توغرا، تولۇق يەتكۈزىدىغان ئەلچىگە ھۆكۈمداردىن يامانلىق كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە مۇنداق ئەلچىلەرگە ئېھسان قىلىش كېرەكلىكى ئىپادە قىلىنىدىغانلىقىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دېگەنلىرىدىن بىلىۋالالايمىز(763). يەنە بىر تەرەپتىن سەلچۇقىيلار ۋەزىرى نىزامۇلمۇلكنىڭمۇ بىر ئەلچىدىن ئاساسەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۈتكەن ئالاھىدىلىكلەرنى كۈتۈشى (764)، شۇ دەۋر

(762) 2593-، 2665 - بېيىت.
(763) 2816 -، 3820 - بېيىت.
(764) كۆيمەن: «ساراي تەشكىلاتى»، 75 - بەت.

چۈشەنچىسىدىكى ئوخشاشلىق جەھەتتىن دىققىتىمىزنى تارتماقتا.

## (2) مالىيە ئىشلىرى

قاراخانىيلار دۆلەت خەزىنىسىنىڭ مال ۋە پۇل ساقلىنىدىغان يېرىنى يىپەك مەنىسىدىكى «ئاغى» سۆزىدىن كېلىپ چىققان «ئاغىلىق» دەپ ئاتايتتى(765). ئەمما مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خەزىنىنى نەرسە ۋە مال مەنىسىدىكى تاۋار سۆزىدىن كېلىپ چىققان «تاۋارلىق» دەپ ئاتىغانىدى(766). شۇ چاغلاردا بۇ ئىككى ئىسىم بىر خىل مەنىدە ئىشلىتىلەتتىمۇ ياكى ھېساباتلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان خەزىنىلەر(767) ساقلانغان يەرلەرنى ئىپادىلەپ بېرەتتىمۇ؟ بۇ جەھەتتە بىرەر نەرسە دېيەلىگىدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز.

قاراخانىيلار خەزىنىنى «ئاغى قازناق»، بەزىدە يالغۇزلا «قازناق»(768) دەپ ئاتايتتى. ئەمما ئىسلامىي تەسىرلەر بىلەن بۇ مەنىدە «خەزىنە»(769) ۋە «كەنج» (770) ئىبارىلىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيتلىرىدىن مەلۇم بولماقتا. خەزىنىنى ۋە دۆلەتنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەمنى «ئاغىچى» دەيدىغانلىقى ھەققىدە مەيلى قەشقەرىلىك

(765) 4145 - بېيىت.

(766) كېلىسلى I، 415 - بەت؛ ئاتالاي I، 503 - بەت.

(767) بۈيۈك سەلجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدا بىرى خەرج (خراجەت) خەزىنىسى، يەنە بىرى ئەسلى ئىپتىيات خەزىنىسى بولۇپ. ئىككى خەزىنىنىڭ بارلىقى ھەققىدە كافەس ئوغلى: «مەلىكشاھ» 145 - بەتكە قارالسۇن.

(768) 1034 -، 1043 -، 1719 -، 2178 -، 2741 - 2742 - بېيىتلەرگە قارالسۇن.

(769) 1926 - بېيىت.

(770) 1420 - بېيىت.



مەھمۇدنىڭ بولسۇن(771)، مەيلى بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بولسۇن خاتىرىلىرى بىر-بىرىگە ماس كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ(772) بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاغىچىنىڭ قول ئاستىدا خەزىنىنىڭ كىرىم-چىقىمىنى ھېسابلايدىغان ھېسابچى (بىتىگچى — كاتىپ)لارمۇ بار ئىدى(773). مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئالغۇچىنى «ئىمگا» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى(774). بۇنىڭدىن بىز دۆلەتنىڭ ھەرخىل يەرلىرىدە خەزىنىدار (ئاغىچى) نامىدا باج يىغىش ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىۋالالايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، ھىجرىيە 505 (مىلادى 1111/12) - يىللىرى يەركەنتتە تۈزۈلگەن بىر پارچە يەر-زېمىن سېتىش ھۆججىتىنىڭ گۇۋاھچىلىرى ئىچىدە «ئاغىچى» ۋە «ئىمگا» ئۇنۋانلىق ئادەملەرنىڭ بولۇشى(775) شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ مالىيە تەشكىلاتىدا بۇ ئۇنۋانلارنىڭ ئۇزۇن زامان ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە باغلىنىپ قالغانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ مۇشۇنداق ئۇنۋانلار بولغان-بولمىغانلىقىنى بىز ئانچە ئۇقمايمىز. ئەمما، قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام تەسىرلىرىگە

(771) كېلىسلى I، 83 - بەت، 122 - بەت؛ ئاتالاي I، 89 - بەت، 136 - بەت. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ يەردە خەزىنىدارنى يىپەك رەختلەرنى ساقلايدىغان كىشى قىلىپ تونۇتۇشى، خەزىنىنىڭ ئاساسىي ماللىرى ئىچىدە يىپەك رەختنىڭ مۇھىم بىر ئورۇن ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(772) 4145 - بىلەن بولۇپمۇ XXXV باب ماۋزۇسى بىلەن بۇ بابنىڭ تۈرلۈك بېيىتلىرىدە ئورۇن ئالغان قەيتلەرگە قارالسۇن.

(773) 2774 - بېيىت.

(774) كېلىسلى I، 114 - بەت؛ ئاتالاي I، 126 - بەت.

(775) خۇئارت، Trois Aetes 617 - بەتكە قارالسۇن.

بىرىلىپ مالىيە ئىشلىرىدا «مۇستەۋفى» ۋە «ئامىل» دېگەندەك ئۇنۋانلارنى XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقلىرى مەلۇم. مەسىلەن: شەمسۇلمۇلك ناسىرخاننىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋەزىرىنىڭ ئىسمى ۋە ئۇنۋانى «ئەمىر ئەمانۇد - دىن مۇستەۋفى كۇشانى» دەپ كۆرسىتىلگەندەك(776)، يەنە شۇ يىللاردا قاراخانىيلاردىمۇ «خانسالار» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بىرىنىڭ ئاملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكىمۇ بىزگە مەلۇم (777).

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، ھۆكۈمدارلار سەپەرگە چىققان ۋاقىتلىرىدا، ئارمىيىنىڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن بىللە بىر خەزىنىنى ۋە بۇ خەزىنىگە قارايدىغان خەزىنىدارلارنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. مەلۇم بولۇشىچە، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن غەزنەۋىيلەردىن سۇلتان مەھمۇد 1025 - يىلى سەمەرقەنت ئەتراپىدا كۆرۈشكەن ۋە ئۆزئارا تىنچلىق توختىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە سوۋغاتلار سۇنۇشقانىدى. گەردىزىنىڭ دېيىشىچە، بۇ كۆرۈشۈش ۋاقتىدا يۈسۈپ قادىرخان ئۆز خەزىنىدارىغا خەزىنىنى ئېچىشنى بۇيرۇغان ۋە سۇلتان مەھمۇدقا خەزىنىدىن ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى، ئېسىل نەسىللىك ئاتلارنى ۋە تۈركىي قۇللىرىنى سوۋغات قىلغان (778).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ياخشى بىر خەزىنىداردىن كۈتىدىغان پەزىلەتلەرنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭ قارىشىچە، خەزىنىدار ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشەنچلىك بىرى بولۇشى، ھۆكۈمدار قورقماس

(776) توغان: «قاراخانىيلار»، 60 - بەت.

(777) «نەرشاھى»، 29 - بەت.

(778) بارتولد: «تۈركىستان» I، 14 - بەت.



تىن ئۇنىڭغا خەزىنىسىنى تاپشۇرالىشى كېرەك. بولۇپمۇ ھېساب ئىشلىرىنى بىلىشى ۋە ئۆزىنى ھېسابتا چىڭ تۇتۇشقا كۆندۈرۈشى لازىم. ئۇ، ھېساب ئىشلىرىنىڭ قائىدىلىرىدىن باشقا، گېئومېترىيە، ھېسابىنىمۇ ئىگىلىشى كېرەك. ئەگەر خەزىنىدار ھەر تۈرلۈك خاتىرىلەش ئىشلىرىنى بىلىدىغان بىر كاتىپ بولسا ۋە خاتىرىلەپ ئەستە ساقلىسا بەك ياخشى بولىدۇ. شۇنداقلا ھېساباتچىلارغا كىرىم - چىقىمنى يىل، ئاي، كۈنلىرى بىلەن خاتىرىگە يازدۇرۇپ تۇرۇشى ۋە ھېساباتتا ئۇنتۇلۇپ قېلىش، قالايمىقانچىلىق چىقىش ئىشلىرى بولماسلىقى شەرت. بۇ ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىللە خەزىنىنىڭ ئىسراپ بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خەزىنىدار قاتتىق قوللۇق بولۇشى، دۆلەتنىڭ پۇلىنى ئىقتىسادچىللىق بىلەن كۆزىتىشى لازىم. چۈنكى، سېخىيلىك بەك ياخشى ئىش، بىراق، بىراۋنىڭ مېلى بىلەن سېخىي بولماسلىق كېرەك. خەزىنىدار خۇددى بىر سودىگەردەك ھەر تۈرلۈك سودىنى بىلىشى، ھەر خىل مال ۋە ئەشيالارنىڭ باھاسىنى بىلىشى، خەزىنە نامىدا ئارىيەت ئالغان نەرسىلەرنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشى لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بىر خەزىنىدارنىڭ ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغان ئىشلىرىدىن بىرى شۇكى، ھۆكۈمدار ئەسكەرلىرىگە ۋە باشقا خىزمەتچىلىرىگە ئىنئام قىلىدىغان بولسا، ئۇنى چىرايىنى تۈرمەستىن بېرىشى كېرەك. چۈنكى، خەزىنە خىزمەتكارى (ئاغىچى) ئىنئام بېرىشكە توسقۇنلۇق قىلسا، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىگە كەلسە، بەگنىڭ نامىغا داغ چۈشىدۇ(779).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بولۇپمۇ ئەسكەرلەرگە ۋە باشقا

(779) 2741 -، 2808 - بېيىتلار. «قۇتادغۇ بىلىگ» دە خەزىنىدار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلار تېمىسىدا ئارسلاننىڭ «ھوقۇق» 108 - بېتىگە قارالسۇن.

مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا بېرىلىدىغان ئىنئاملارنىڭ ۋاقتىدا ۋە چىرقۇم بېرىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان قاراشلار بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىنئام مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا «بەگلەرگە خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق خىزمەتچىلەر موھتاجلىقتىن بەگ ئىشىكىگە كېلىپ خىزمەت قىلىدۇ، خىزمەتچى قولى قىسقىلىقىدىن ھاجەتمەن بولسا، بېگى دەرھال ئىنئام بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈشى كېرەك. خەزىنىدار ئىشنى ئۇزارتىپ ئىنئام قىلىنغان نەرسىنى بەرمىسە، ھاجەتمەن خىزمەتچى ئاخىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. بەگلەرمۇ سۆزىدە تۇرمىسا، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ»(780). دېيىشى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسىدىكى بىر جەھەتنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مائاش بىلەن ئىنئاملار مەسىلىسىدە ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر تارىخىنىڭ ھەر خىل دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

## (3) ئەدلىيە ئىشلىرى

ئىمام ماۋەردىنىڭ «ئالاھىدە مەھكىمىلەر» دەپ سۈپەتلىگەن جازا (زالىم) مەھكىمىلىرىدە ھۆكۈمدارلار، ئۆز يېنىدا قازىلار ۋە ئالىملار بولغان ھالەتتىمۇ، ئۆزى شەخسەن مەھكىمىنى باشقۇراتتى. شۇنىڭدەك مەھكىمىنى ئىدارە قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى، جازا مەھكىمىسى ئۈچۈن تەيىنلەنگەن

(780) «قۇتادغۇ بىلىگ» 2812 — 2816 - بېيتلار.



قازىنىمۇ تاشلاپ قويالايتتى(781). بۇنىڭغا ماس ھالدا يۇقىرىدا، ھۆكۈمدارنىڭ رەسمىي ھاياتى بىلەن ھاجىپنىڭ ۋەزىپىلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىمۇ ئۆزى جازا مەيدانىغا چىقاتتى ۋە بۇ يول بىلەن ئەدلىيە ئىشلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولاتتى، بولۇپمۇ دۆلەت خادىملىرىنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. شۇڭا، بىز ئەدلىيە ئىشلىرىغىمۇ مەركىزىي تەشكىلات بىلەن بىللە ئورۇن بېرىشنى لايىق تاپتۇق.

بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارى تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بىن ناسىرنىڭ ئەبۇ ناسىر مەنسۇر بىن ئەخمەت بىن ئىسمايىلنى سەمەرقەنت ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ «ئەدلىيە باشلىقى ۋە ھەكەم» (ساھىبۇلمەزالىم ۋەلھەكەم) لىكىگە تەيىنلىگەنلىكىنى ۋە بۇ ئادەمنىڭ شۇ ئىبراھىم خاننىڭ 458 - يىلىدىكى دوختۇرخانا ۋەخپىنامىسىنىمۇ تەستىقلىغانلىقىنى بىلىمىز(782).

باشقا شەرىئەت دەۋالىرىغا كەلسەك، بۇلارنى ھەم شەھەرنىڭ قازىسى بىر تەرەپ قىلاتتى. جۈملىدىن تامغاچ خان ئىبراھىم زامانىسىدا بۇخاراغا قازى بولغان ئىمام فەخرۇددىن ھاسان ئەل - مەرغىلانىنىڭ «قازى - خان» دەپ داڭق چىقارغان-

(781) — بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن ئىمام ئەبۇل ھەسەن ئەل ماۋەردى، «ئەل - ئەھكامۇس سۇلتانىيە»، تۈركچە تەرجىمىسى. ئەلى شەفەق، ئىستانبول، 1976، 85 — 103 - بەتلەرگە قاراڭلار. شۇ چاغلاردا ۋەلىئەھدلەر بىلەن تولۇق ھوقۇقلۇق ئەمىرلەرنىڭ ۋە رايون ۋالىيلىرىمۇ ئەدلىيە مەھكىمىلىرى قۇرۇش ۋە بۇلارغا ھوقۇقلۇق قازى تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

(782) Khadr, Deux Aetes، 320 - بەتكە قاراڭلار.

لىقى بىزگە مەلۇم(783). يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىگە «قۇتادغۇ بىلىگ» تەقدىم قىلىنغان شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن تابغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن زامانىسىدا، شەيخ ئىمام ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىن ئابدۇسەمەت بىن ئىسمايىل ئەل-بۇخارى ئىسىملىك بىرىنىڭ يەركەن قازىسى بولغانلىقى ۋە ئەسلى نۇسخىسى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ قالغان بىر شەرىئەت دەۋاسىغا ھۆكۈم چىقارغانلىقى مەلۇم (784). بۇ دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا تۈزۈلگەن ھۆججەتتە ئىمام ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ھەم يەركەن ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ قازىسى ۋە ھاكىمى دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەيلى جازا بېرىش قازىلىرى، مەيلى ئومۇمىي مەھكىمە قازىلىرى بولسۇن مەلۇم شەھەر ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ دەۋالىرىنى سوراش ئۈچۈن تەيىنلىنەتتى. شۇڭلاشقا قازىلار، مەركەزنىڭ خىزمەتچىلىرى بولۇش بىلەن بىللە يەرلىك تەشكىلاتلاردىمۇ ئورۇن ئالغانىدى.

ئەبۇ بەكرى مۇھەممەدنىڭ ئۇلۇغ خاقان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىلەن ئوغلى يەركەن ۋالىيسى چاغرى تېكىن ئەبۇ مۇسا ھارۇن نامىدا يەركەن رايونىنىڭ ئومۇمىي قازىلىقىنى قىلغانلىقىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىمۇ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. چۈنكى ئۇ، ھۆكۈم چىقارغاندا ئالدى بىلەن چوڭ خاقان، كېيىن ئوغلى يەركەن ھاكىمى نامىدا ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن، دۆلەتنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىكەنلىكىنى

(783) تامغاچ خاننى ئۆلتۈرگەن سەيىد ئىمام ئەبۇلقاسىم سەمەرقەنتىنىڭ بۇخارا قازىلىقىنىمۇ بۇ يىللاردا ۋە ياكى بىرئاز بۇرۇنراق قىلغان بولۇشى كېرەك (ئەھمەد بىن مۇھەممەد: «كىتابىي مۇللازادە» ۋ. بارتولد: «تۈركىستان» I، 169 - 170 -، بەتلەر.

(784) ۋ. بارتولد، «قۇتادغۇ بىلىگ» دە تىلغا ئېلىنغان بۇغراخان كىمدۇر؟»، TM 1 - جىلد 223 -، 224 - بەتلەرگە قارالسۇن.



ۋە ئوغلىنىڭمۇ پەقەت ئۇنىڭ نامىدا يەركەننى ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتكەنىدى. ئەمما «شاھىبۇلمە - زالىم ۋەلھەكەم (ئەدلىيە باشلىقى ۋە ھەكەم)» ئىپادىسى بىلەن «يەركەن ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ قازىسى ۋە ھاكىمى» ئىپادىسىدە تىلغا ئېلىنغان «ھاكىم» سۆزىگە قارىغاندا، شۇ دەۋردە قازىلارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىدىن باشقا، بۇ ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنىڭمۇ بار-يوقلۇقى ھەققىدە بىرەر نەرسە دېيەلمەيمىز.

قاراخانىيلار تەشكىلاتىدا قازىلىق مۇئەسسەسەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتتە بىر باش قازى (قازىل قۇززات) نىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىمىز. سەمئانىنىڭ دېيىشىچە، شەمسۇلمۈلك خاننىڭ ئىنىسى ئەبۇ شۇجا خىزىر بىن ئىبراھىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا، ئەبۇ ناسىر ئەھمەد بىن سۇلايمان بىن ناسىر بىن ھاتەم بىن ئەلى بىن ھەسەن - ئەل - كاسانى سەمەرقەندە باش قازىلىق قىلغانىدى(785). يەنە ھەربىي دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان «ئەسكىرىي قازى» (قازىلئەسكەر) مۇ مەۋجۇت ئىدى(786).

بۇ تەتقىقاتىمىزنىڭ ئاساسلىق مەنبەسىنى تەشكىل قىلغان بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە قازىلار ھەققىدە بەكمۇ قىسقا خاتىرىلەر ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر ھۆكۈمدارنىڭ بولۇپمۇ ئۈچ ئىشقا تاللانغان ئادەملەرنى قويۇشى لازىم، بۇلار قازىلىق، خەلىپىلىك ۋە ۋەزىرلىكتىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بۇلاردىن بىرى قازى، خەلققە پايدىسى

(785) «كىتابۇل - ئەنساب»، نەشرى. بارتولد. «تۈركىستان» I، 64 - بەت. سەمئانىنىڭ قارىشىچە، ئەينى زات، خىزىر خاقاننىڭ ئوغلى ئەھمەد زامانىدا ۋەزىر بولغان، ئەمما ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ باشلىرىدا شېھىت قىلىنغانىدى.

(786) ئەينى ئەسەر، 57 - بەت.

تېگىش ئۈچۈن قازى ئىنتايىن پاك ۋە تەقۋادار بولۇشى لازىم»(787) دېيىش بىلەن قازىلارنى دىققەت قىلىپ تاللاشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەنىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى خىزىرخاننىڭ ئوغلى ئەھمەدنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى توغرىسىدا ئىبنىل ـ ئەسىرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، خاننىڭ زۇلمىدىن جاق ـ جاق تويغان خەلق ۋە ئەسكەرلەر ئاخىرى ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇنى قازىلاردىن ۋە فىقىھلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىر مەھكىمە ھەيئىتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىققان. ئوچۇق سوتتا، ئۇنىڭ خۇداسىزلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىلىشى بىلەنلا، قازى ۋە فىقىھلار ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا پەتىۋا بەرگەن ۋە بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكەنىدى.(788)

## C. يەرلىك تەشكىلاتلار

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت تۆۋەندە ھەققىدە قولىمىزدا بار مەلۇماتلارغا ئاساسەن باھا بەرسەك، بۇ دەۋردە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى ھېچ بولمىسا مۇھىم نۇقتىلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش جەھەتتىن پايدىلىق بولار.

يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى ئالدى بىلەن ھۆكۈمدار ۋە خاندان ئەزاسى جەھەتتىن تەتقىق قىلىش پايدىلىق. چۈنكى دۆلەتنىڭ ھەر بىر دەۋردە يەرلىك ئورۇنلارنى ئومۇمىي تۈردە ئىدارە قىلىشتا خاندان ئەزاسى ئاساسلىق رول ئوينايتتى.

قاراخانىيلار دۆلىتى قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر ـ

(787) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 5328 ـ، 5329 ـ بېيىتلار.

(788) «ئەلكامىل» X جىلد، 243 ـ، 244 ـ بەتلەر.



تۈركىي خەلقلەردىكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسى بويىچە «ئىككىلىك تەشكىلات»(789) ئاساسىدا ئىدارە قىلىنىپ كېلىنگەنىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمى بىۋاسىتە بۈيۈك خاقاننىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولاتتى؛ غەربىي قىسمى بولسا بۈيۈك خاقاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى بىلەن، خاندان ئەزاسىدىن بىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى(790). XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەبۇ ناسىر ئەھمەد بىن ئەلى بۈيۈك خاقان بولۇپ دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتقانىدى ۋە ئىنىسى ناسىر بىن ئەلى (ئىلىگ خان) سامانىيلارنىڭ قولىدىن ئۆزى تارتىۋالغان ماۋرائۇننەھرنى ئاساس قىلغان ھالدا، پەرغانىدىن باشلاپ قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلاتتى. بۇ ئەھۋال تاكى مىلادى 1041/42 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن دۆلەت بۆلۈنۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى دۆلەت ھالىغا كەلگۈچىلىك داۋام قىلغانىدى. دۆلەتنىڭ ھەر ئىككى قىسمىنىڭ ھەر خىل ۋىلايەتلىرى بولسا ئومۇمەن شاھزادىلەرنىڭ ياكى ھەربىي ۋالىيلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. مەسىلەن: مەركىزى ئۆزكەند بولغان غەربىي قىسىم قاراخانىيلارنى ئىدارە قىلغان ئىلىگ خان ناسىر ماۋرائۇننەھرگە ھاكىم بولغاندىن كېيىن، سەمەرقەنت ئىدارىسىنى ئىنىسى جەفەر تېكىنگە بۆلۈپ بەرگەنىدى. بۇخاراغا بولسا بىر ھەربىي ۋالىي (شاھنە) تەيىنلىگەنىدى (791). لېكىن بەزىدە پۈتۈن ماۋرائۇننەھر بىرلا ھۆكۈمدار ۋەكىلى

(789) بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 232 ـ بەت.

(790) بۇ ھەقتە C. E. Bosworth ilek - Khans or Karakhanids, EI², نىڭ 1113 ـ بەتكە قاراڭ.

(791) «نەرشەھى» 147 ـ، 148 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

تەرىپىدىنمۇ باشقۇرۇلاتتى. مەسىلەن: يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئەبۇ ناسىر ئەھمەد (توغان خان) نىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەلۇم ۋاقىت سەمەرقەنتتە تۇرغانلىقىنى يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

بىر پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتى 1042 - يىلىدىن كېيىن شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار دەپ ئىككى ئايرىم قاراخانىيلار دۆلىتىگە ئايلىنىپ كەتتى. لېكىن ھەر ئىككى دۆلەتتىمۇ دەسلەپكى يىللاردا ئىككىلىك ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسى داۋام قىلىنغانىدى. مەسىلەن: مۇھەممەد بىن ناسىر ئىلىگ خان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانى سۈپىتىدە ئۆزكەنتتە تۇرغانىدى؛ ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىن ناسىر (تامغاچ بۇغراخان) مۇ ئۇنىڭ نامىدا سەمەرقەنتتە دۆلەتنىڭ غەربىي زېمىنلىرىنى ئىدارە قىلغانىدى. شۇنداقلا، شەرقىي قاراخانىيلاردىمۇ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن سۇلايمان ئارسلان خان بۈيۈك خاقان بولۇپ بالاساغۇن ۋە قەشقەر ئەتراپلىرىنى ئىدارە قىلغانىدى، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخانمۇ تىراز ۋە ئىسفىجاپ ئەتراپلىرىنى ئۇنىڭ نامىدا باشقۇرغانىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىككىلىك تەقسىماتنىڭ چېگرىسى ئىچىدە قالغان ۋىلايەتلەرمۇ يەنىلا خاندان ئەزاسى بولغان شاھزادىلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى. سۇلايمان ئارسلان خان زامانىدا، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىنىسى مەھمۇد خوتەن ئەتراپىنى ئىدارە قىلغىنىدەك، بارسغانمۇ شۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئىنال تېكىننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىدى. سۇلايماننىڭ ئوغلى ئەبۇ ئەلى ھەسەن زامانىدا بولسا، ئۇنىڭ ئىنىسى ياقۇپ تېكىننىڭ ئاتباشى ھاكىمى ۋە ئوغلى چاغرى تېكىننىڭ ياركەنت ۋە شۇ ئەتراپنىڭ ھاكىمى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىدا



ئىسمى ئاتالغان ياقۇپ تېكىننىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارنىڭ «ۋىلايەت» دەپ ئاتالغانلىقىدىن خاندان ئەزالىرىنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلارنىڭمۇ بىر ۋىلايەت دەپ ھېسابلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن(792). شۇ دەۋردە غەربىي قاراخانىيلاردا بولسا، شەمسۇلمۈلك ناسىرنىڭ ئىنىسى شۇئەيب (ياكى شۇئەيىس) شاش ۋە تونھاس (تۇنخاس) ۋالىيسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ بىز ئىسمىنى بىلمەيدىغان يەنە بىر ئىنىسىمۇ مەلىكشاھنىڭ مۇھاسىرىسى ۋاقتىدا تىرمىزدا ۋالىي بولۇپ تۇرغانىدى. ھەتتا بۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە شەمسۇلمۈلكنىڭ مەلىكشاھقا: «تىرمىز مەملىكىتى ۋە ۋەلئەھدى ماۋرائۇننەھر شەھەرلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەر خاقاننىڭ ۋالىيلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزىنىڭ قەيت قىلىنىشى(793)، بۇ شەھەر ۋە ئەتراپلىرىنىڭ ۋىلايەت دەپ تونۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئەۋفىنىڭ شەمسۇلمۈلكتىن سۆز ئاچقاندا «ماۋرائۇننەھر ۋىلايىتى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى» دەپ يېزىشى، «ۋىلايەت» ئۇقۇمىنىڭ، بىر ھۆكۈمدارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان كەڭ كۆلەملىك سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ(794)، لېكىن ۋىلايەتنىڭ شۇ دەۋردە بىر شاھزادە ياكى ھەربىي ۋالىينىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايوننى ئىپادە قىلىدىغان مەنىدىكى مەمۇرىي بىرلىك ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋەزىرلىكتىنمۇ يۇقىرى دەرىجە دەپ كۆرسەتكەن ئېل بەگلىكنى «ۋىلايەت بېگى» دەپ ئېتىراپ قىلىشىمۇ، دۆلەت يەرلىرىنىڭ ۋىلايەت ھالىتىدە باشقۇرۇلىدىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى

(792) «ئەلكامىل» X جىلد، 173 - بەت.

(793) سەدرۇددىن ئەل ھۇسەينى. «ئەخبار»، 41- بەت.

(794) «جەۋامى»، 85 - بەت.

بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئېل» سۆزىنىڭ ئەرەبچە ۋارىيانتىنى «ۋىلايەت» دەپ كۆرسەتكەنىدى ۋە «بەگ ئېلى» ئىبارىسىنى «ۋىلايەتۇل ـ ئەمىر» دەپ تەرجىمە قىلغانىدى(795). يەنە ئۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئېل تۈرۈ يەتىلسۇن» دېگەن مىسرانى «ۋىلايەت، ئېل تىنچلىقتا ئېرىشسۇن»(796) دەپ تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق، شۇ چاغدىكى «ۋىلايەت» ئۇقۇمىنىڭ تۈركىي تىللاردىكى «ئېل» دېگەن ئىسىم بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ مەنىسىنىڭ باشقۇرۇلۇشى بىر ئەمىرنىڭ قولىغا بېرىلگەن مەلۇم بىر رايون بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. بۇ جەھەتتىن، خانىدان ئەزالىرىدىن باشقا ئەمىر (ۋالىي) لەرنىڭمۇ ۋالىي بولالايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئەمىرلەرنى شۇ دەۋردىكى بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدا ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرنىڭ باشلىقى دەپ ھېسابلانغان ھەربىي ۋالىيلارغا (شاھنە) ئوخشىتىش مۇمكىن(797). ھەتتا بۇ ھەربىي ۋالىيلار ئېلىك ناسىر زامانىسىدىن باشلاپ «شاھنە» دەپمۇ ئاتالغان(798). مىلادى 999 ـ يىلى، ئېلىك ناسىر بۇخاراغىا

(795) كېلىسلى I، 49 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 48 ـ بەت.

(796) كېلىسلى I، 97 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 105 ـ بەت، 6 ـ بەت.

(797) كافەس ئوغلى: «مەلىكشاھ» 151 ـ بەت؛ «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» 310 ـ بەتكە قاراڭ.

(798) ئېلىك خان ناسىر 999 ـ يىلى بۇخارانى ئالغاندىن كېيىن، بۇ يەردە بىر شاھنە قالدۇرغانلىقىغا ۋە ئاخىرىدا سامانىلار دۆلىتىنى جانلاندۇرۇشقا كىرىشكەن ئىسمايىل بىن نۇھنىڭ شاھنەنىڭ قولىدىن بۇ شەھەرنى قايتۇرۇۋالغانلىقىغا قارىغاندا («نەرشاھى» 147 ـ، 148 ـ بەتلەر)، شاھنەنىڭ بۇ دەۋردە قوماندان ۋالىي مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقىنى دېيىشكە بولىدۇ. «تارىخىي بۇخارا» دا «شاھنە» ئۇنۋانى ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدە قوشۇمچە قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ مۇئەسسەسەنىڭ ھېچ بولمىغاندا غەربىي قاراخانىيلاردىمۇ بولغانلىقىدىن شۈبھىلىنىشكە ئاساسىمىز يوق.



بىرىنى «شاھنە» قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. دېمەك، بىز قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى شەھەر ۋە رايونلىرىغا شاھزادىلەرنى ۋە ياكى باشقىلارنى ھەربىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى، بۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلارنىڭمۇ ئېل (ۋىلايەت) ئىبارىسى بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

خۇددى دۆلەت ئىككىگە ئايرىلىشتىن بۇرۇن نائىبلار بولغىنىدەك، دۆلەت ئىككىگە ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ، ھۆكۈمدارلار بەزى رايونلارغا نائىبلارنى تەيىنلىگەنىدى. تىراز ھاكىمى قادىرخان جىبرائىل(799) گاس مەھمۇدخاننى ئۆلتۈرۈپ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ يەرلىرىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە ئەبۇل ـ مەئالى مۇھەممەد بىن زەيد ئەل ـ ئەلەۋىنى نائىب قىلىپ تەيىنلىگەنىدى(800). بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، نائىبلار خانىدان ئەزالىرى ئىچىدىنلا تەيىنلىنىپ قالماستىن، بەلكى باشقا دۆلەت خادىملىرى ئىچىدىنمۇ تەيىنلىنەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، غەربىي قاراخانىيلاردىن تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە پالەچ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئۆز تەختىنى ئوغلى شەمسۇلمۇلك ناسىرغا بوشىتىپ بەرگىنىدەك(801)، شەرقىي قاراخانىيلاردىن مۇھەممەد بۇغراخانمۇ چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن چاغرى تېكىننى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئىبراھىم بۇ ئىشقا نارازى بولغانىدا، ئانىسى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى(802). دېمەك،

(799) ئىبنۇل ئەسىر بۇ ۋەقەنى خاتىرىلىگەندە («ئەلكامىل»، IX جىلد، 301 ـ بەت)، ھۆكۈمدار نامىنى «توغان خان» دەپ قەيت قىلىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس.

(800) «ئەلكامىل». كۆرسىتىلگەن يەر.

(801) ئەينى ئەسەر، IX جىلد، 300 ـ بەت.

(802) ئەينى ئەسەر، IX جىلد، 300 ـ بەت.

ھۆكۈمدارلار ئاغرىق ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئوغۇللىرىدىن بىرىنى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەپ قوياتتى. مەنسۇر بىن ئەلى سوپى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەختتىن ۋاز كېچىپ دەرۋىش بولغانىدى(803).

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پرىتساكنىڭ قاراخانىيلاردىكى بىر خىل «قوش ھۆكۈمدارلىق» تىن سۆز ئېچىشى ۋە دەسلەپكى چاغلاردىن ئېتىبارەن دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلغان خاندان ئەزاسىنى «شېرىك خاقان» دەپ تىلغا ئېلىشى(804) توغرا بولمىغان. چۈنكى قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى ئىككىلىك تەشكىلاتتا سەلتەنەتكە ئىشتىراك قىلغانلىق ھەققىدە مەلۇماتلار كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى خۇددى كۆكتۈركلەر زامانىدا ئىستەمى يابغۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەھۋالغا ئوخشاش بىر شەكىلدە خاقان نامىدا ئىدارە قىلىنغان(805). شۇ ۋەجىدىن، پرىتساكنىڭ «بۇ ئىككى ياش ھۆكۈمداردىن باشقا ھاكىملار گۇرۇپپىسى تەركىبىگە يەنە سۇلالىگە مەنسۇپ تۆت تۈۋەن دەرىجىلىك خاقان بىلەن ئالتە ھۆكۈمدار ۋەكىلى كىرگۈزۈلگەنىدى. دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەش جەريانىغا ئاساسلانغان بۇ ئەمەللەردىن ئېنىق بىر سىستېما تەشكىل قىلىنغانىدى. مەسىلەن، ئارسلان-ئېلىگ، بۇغراخان (شېرىك قاغان) نىڭ ئورنى بوشاپ قالغان تەقدىردە ئۇنىڭ ئورنىغا چىقالايتتى ۋە بۇغراخانمۇ ئارسلان-خان (بۈيۈك خاقان) نىڭ ئورنىغا ئولتۇرالايتتى» دېگەنلىرىنى چۈشىنىش قىيىن.

(803) پرىتساك، «قاراخانىيلار»، 256-بەت.

(804) ئەينى ماقالە، 253-بەت.

(805) بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 233-بەت، «شېرىك خاقانلىق» مەسىلىسىگە قارالسۇن.



ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيلى قاراخانىيلاردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدە بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەردە بولسۇن، ھېچقايسىسىدا پرىتساك ئىزاھلىماقچى بولغان سىستېما مەۋجۇت بولغان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىنى باشقا بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەتلىرىدىن ئايرىم ھالدا ئۆلىي پۈتۈنلەي باشقىچە بىر سىستېما دەپ قاراش تارىخىي ھەقىقەتكە ئەسلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يۇقىرىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئورتاق مەسئۇلىيەت چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان دۆلەتنىڭ بەزى رايون ۋە ۋىلايەتلىرىنى ھۆكۈمدارنىڭ نامىدا ئىدارە قىلىش چۈشەنچىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. چۈنكى، قاراخانىيلاردا ئەگەر پرىتساك دېگەندەك دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەش جەريانىغا ئاساسلانغان بىر سىستېما بار بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئاغرىپ قالغان بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ئورنىنى ئوغلىغا بوشىتىپ بەرگەنلىكىدىن ۋە ياكى تەخت ۋارىسى تەيىنلەشتىن سۆز ئېچىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ھەتتا ئۆزىنى كۈچلۈك ھېسابلىغان چاغدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلغان خاندان ئەزالىرى مەۋجۇت بولماسلىقى ۋە ئۆز نۆۋەتلىرىنى كۈتۈشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئاخىرى پرىتساكنىڭ خاندان ئەزالىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان ئۇنۋانلارنىڭ ھەر خىللىقىغا قاراپ چىقارغان بۇ ھۆكمىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق مەنبەگىمۇ ئىگە ئەمەسمىز. ئۇ «شېرىك خاقان ئۇنۋانى» دەپ كۆرسەتكەن «بۇغرا-خان» ئۇنۋانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ۋە ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم باشلىق شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئەڭ داڭلىق بۈيۈك خاقانلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

ھۆكۈمدارلار ئاغرىق ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئوغۇللىرىدىن بىرىنى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەپ قوياتتى. مەنسۇر بىن ئەلى سوپى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەختتىن ۋاز كېچىپ دەرۋىش بولغانىدى(803).

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پرىتساكنىڭ قاراخانىيلاردىكى بىر خىل «قوش ھۆكۈمدارلىق» تىن سۆز ئېچىشى ۋە دەسلەپكى چاغلاردىن ئېتىبارەن دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلغان خاندان ئەزاسىنى «شېرىك خاقان» دەپ تىلغا ئېلىشى(804) توغرا بولمىغان. چۈنكى قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى ئىككىلىك تەشكىلاتتا سەلتەنەتكە ئىشتىراك قىلغانلىق ھەققىدە مەلۇماتلار كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى خۇددى كۆكتۈركلەر زامانىدا ئىستىمى يابغۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەھۋالغا ئوخشاش بىر شەكىلدە خاقان نامىدا ئىدارە قىلىنغان(805). شۇ ۋەجىدىن، پرىتساكنىڭ «بۇ ئىككى ياش ھۆكۈمداردىن باشقا ھاكىملار گۇرۇپپىسى تەركىبىگە يەنە سۇلالىگە مەنسۇپ تۆت تۆۋەن دەرىجىلىك خاقان بىلەن ئالتە ھۆكۈمدار ۋەكىلى كىرگۈزۈلگەنىدى. دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەش جەريانىغا ئاساسلانغان بۇ ئەمەللەردىن ئېنىق بىر سىستېما تەشكىل قىلىنغانىدى. مەسىلەن، ئارسلان - ئېلىگ، بۇغراخان (شېرىك قاغان) نىڭ ئورنى بوشاپ قالغان تەقدىردە ئۇنىڭ ئورنىغا چىقالايتتى ۋە بۇغراخانمۇ ئارسلان - خان (بۈيۈك خاقان) نىڭ ئورنىغا ئۇلتۇرالايتتى» دېگەنلىرىنى چۈشىنىش قىيىن.

---

(803) پرىتساك، «قاراخانىيلار»، 256 - بەت.

(804) ئەينى ماقالە، 253 - بەت.

(805) بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 233 - بەت، «شېرىك خاقانلىق» مەسىلىسىگە قارالسۇن.



ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيلى قاراخانىيلاردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدە بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەردە بولسۇن، ھېچقايسىسىدا پرىتساك ئىزاھلىماقچى بولغان سىستېما مەۋجۇت بولغان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىنى باشقا بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەتلىرىدىن ئايرىم ھالدا ئۇلارغا پۈتۈنلەي باشقىچە بىر سىستېما دەپ قاراش تارىخىي ھەقىقەتكە ئەسلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يۇقىرىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئورتاق مەسئۇلىيەت چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان دۆلەتنىڭ بەزى رايون ۋە ۋىلايەتلىرىنى ھۆكۈمدارنىڭ نامىدا ئىدارە قىلىش چۈشەنچىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. چۈنكى، قاراخانىيلاردا ئەگەر پرىتساك دېگەنىدەك دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەش جەريانىغا ئاساسلانغان بىر سىستېما بار بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئاغزىپ قالغان بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ئورنىنى ئوغلىغا بوشىتىپ بەرگەنلىكىدىن ۋە ياكى تەخت ۋارىسى تەيىنلەشتىن سۆز ئېچىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ھەتتا ئۆزىنى كۈچلۈك ھېسابلىغان چاغدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلغان خاندان ئەزالىرى مەۋجۇت بولماسلىقى ۋە ئۆز نۆۋەتلىرىنى كۈتۈشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئاخىرى پرىتساكنىڭ خاندان ئەزالىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان ئۇنۋانلارنىڭ ھەر خىللىقىغا قاراپ چىقارغان بۇ ھۆكۈمنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق مەنبەگىمۇ ئىگە ئەمەسمىز. ئۇ «شېرىك خاقان ئۇنۋانى» دەپ كۆرسەتكەن «بۇغرا - خان» ئۇنۋانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ۋە ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم باشلىق شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئەڭ داڭلىق بۈيۈك خاقانلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

يەنە ئۇ تۈۋەن دەرىجىدىكى قاغان ئۇنۋانلىرىدىن بىرى دەپ كۆرسەتكەن «ئارسلان ـ ئېلىگ» نىڭ خۇددى بۈيۈك خاقانلاردىن مەنسۇر بىن ئەلىنىڭ ئۇنۋانلىرى ئارىسىدا بار بولغىنىدەك، قاراخانىيلار خانىدانىغا مەنسۇپ ئەڭ داڭلىق بۈيۈك خاقانلارنىڭ ئۇنۋانلىرى ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇن سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ بۇغراخان ھارۇن ھەققىدە «ھارۇن بىن ئېلىگ بۇغراخاقان» دەپ قەيت قىلىشى، ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ(806).

شۇنىڭ ئۈچۈن پىرىتساكنىڭ بۇ ئۇنۋانلارغا ئاساسلىنىپ بار دەپ كۆرسەتكەن ۋە بەزى تەتقىقاتلاردىمۇ بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدەنمەيلا ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىنغان بۇ قارىشىنى تۈزىتىش كېرەك دەپ تونۇيمىز. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، قاراخانىيلاردىمۇ ھۆكۈمدار بىلەن باشقا خاندان ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، خاندان ئەزالىرىنىڭ توقۇنۇشلىرى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ ھەل قىلىنىشى ئاساسەن بۈيۈك سەلچۇقىي ئىمپېراتورلۇقىدىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنى قاراخانىيلاردىمۇ خاندانىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى قول ئاستىدىكى رايوننى ئۆزى قاراشلىق ھۆكۈمدارنىڭ نامىدا ئىدارە قىلاتتى، پۇرسەت تاپسىلا تەختكە چىقىشنى تەلەپ قىلىپ سەلتەنەتنى قولغا كىرگۈزۈشكە تىرىشاتتى ۋە ياكى ئۆز يەرلىرىدە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلاتتى. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، يەركەندە، قازى بولۇپ تۇرغان شەيخ ئەبۇ بەكر مۇھەممەد ھۆكۈم چىقارغانىدا ئالدى بىلەن بۈيۈك خاقان ئەبۇ ئەلى ھەسەن نامىنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى، يەركەن ۋالىيسىنىڭ نامىنى ئاتاپ ھۆكۈم چىقارغانلىقى، دۆلەتنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ ئەبۇ ئەلى ھەسەن

(806) «ئەلكامىل»، IX جىلد، 165 ـ بەت.



ئىكەنلىكىنى ۋە ئوغلىنىڭ بولسا پەقەت ئۇنىڭ نامىدا بۇ رايوننى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. دېمەك، بۇ يەردە تەۋەلىكىگە ئالغۇچى ۋە تەۋە بولغۇچى مەسىلىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ تەۋەلىككە ئېلىش ـــ تەۋە بولۇش مەسىلىسىنىڭ ئېنىق ئىپادىسىنى قاراخانىيلارنىڭ بەزى تەڭگىلىرىدىن كۆرۈش مۇمكىن. ئارسلان ئېلىگ ئۆلگەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ھاكىم بولغان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىنىسى ئەھمەدخان ئۇزۇن يىللىق كۈرەشلەردىن كېيىن ئەڭ ئاخىرى قادىرخاننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. بۇ ھىجرىيە 420 ـ (مىلادى 1029 ـ) يىلى ئاھسىكەتتە قۇيۇلغان تەڭگىلەردىن مەلۇم(807).

قاراخانىيلاردىكى شەھەر ياكى ۋىلايەتلەرنىڭ ھاكىملىرىنىڭ قول ئاستىدا بىرەر كىچىك دىۋاننىڭ بار ـ يوقلۇقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتىمىز يوق. ئەمما ئۆزى تۇرغان رايونلارنى ھۆكۈمدارنىڭ نامىدا تولۇق سالاھىيەت بىلەن باشقۇرغانلىقى مەلۇم بولغان خاندان ئەزالىرىنىڭ قول ئاستىدىمۇ بىر دىۋاننىڭ بارلىقى بەكمۇ تەبىئىي. ئەمەلىيەتتە بەيھەقى ئەلى تېكىننىڭ مەھمۇد بەگ نامىدىكى بىر «كەتخۇدا» سى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ(808) «بۇ ئىبارە خېلى بۇرۇن مەھەللى ۋەزىر، رايون ۋەزىرى دەپ ئىزاھلانغانىدى(809)» دېگەنىدى.

خاندان ئەزاسى شاھزادىلەر ياكى ۋالىيلار ئىدارە

(807) ماركوۋ: «تىزىملانغان كاتالوگ». 250 ـ بەت، ن.ر.م 373—374.

(808) «بەيھەقى»، 445 ـ بەت.

(809) بارتولد، «تۈركىستان» 232 ـ بەت؛ ھەسەن ئەنۋەرى، A.g.e 259 ـ بەت.

قىلغان چەت يەرلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى جەھەتتىن كۆرسىتىلگەن ئەھۋاللارغا كەلسەك، شەرئەت دەۋالىرىنىڭ قازىلار تەرىپىدىن ھەل قىلىنغانلىقىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. قاراخانىيلارنىڭ شەھەر ۋە ناھىيىلىرىدە مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان «ئامىل» (ياكى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ دائىرىسىدە ئىمگا)، خەلق تەرىپىدىن سايلانغان رەئىسلەر(810) ۋە شەھەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۆھتەسىبلەر بار ئىدى. بۇلاردىن «ئىمگا» ۋە «ئامىل» ھەققىدە يۇقىرىدا مەلۇمات بېرىلدى. «رەئىس» ھەققىدە بولسا، ھېچقانداق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. مۆھتەسىبلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى كۆپرەك ئىسلامىيەتنىڭ دىنىي ۋاجىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارغا ئەمەل قىلمىغانلارغا جازا بېرىشتىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا شەھەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۆھتەسىبلەر، چەت يەرلەرنى باشقۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەمەلدارلار بولۇپ، بۇلار ھۆكۈمدار (دەسلەپكى مەزگىللەردە خەلىپە) ياكى ۋەزىر تەرىپىدىن بىۋاسىتە تەيىنلىنەتتى(811).

«قۇتادغۇ بىلىگ» دە مۆھتەسىبلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە تەڭ بۇ مۇئەسسەسىنىڭ ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلارنىڭ ئىدارە تەشكىلاتىدا بارلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ،

(810) بەزى تەتقىق قىلغۇچىلار دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردە رەئىسنىڭ بارلىقىغا دائىر ھېچقانداق بىر خاتىرە بولمىسىمۇ، مىلادى 1130-يىلى سەمەرقەنت رەئىسى ھەققىدە سۆزلەنگىنىگە قارىغاندا («ئەلكامىل»، X جىلد 661-بەت؛ م. ئا. كۆيمەن: «بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقى تارىخى»، II، ئەنقەرە، 1954، 159-بەت)، بۇ دەۋردىمۇ رەئىسلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەش مۇمكىن. بۇلارنىڭ خەلق تەرىپىدىن سايلانغىنىغا دائىر، كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 310-بەتكە قارالسۇن.

(811) بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن ئەل ماۋەردى: «ئەل ئەھكامۇس ــ سۇلتانىيە»، 288—292؛ ر. لېۋى، مۆھتەسىب، iA، 85؛ جۈزئىي، 532—533-بەت؛ ھەسەن ئەنۋەرى، A.g.e ــ 219-بەت.



بۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «مۆھتەسىبلەرنىڭ ھوقۇقى كۈچلۈك بولۇشى كېرەككى، پاسىق، بىكار تەلەپلەرنى قىسىپ تۇتسۇن، مەسچىتنىڭ جامائەتلىرىنى تولۇقلىسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا جامائەتنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يامان ئىشلارنى توسسۇن. سودىگەرلەر ئامانەتلىرىنى كۆزەتسۇن، ھۈنەرۋەنلەر باشقىلارنى يېتىشتۈرۈشكە تىرىشسۇن. دېھقانلار دېھقانچىلىقتا ماھىر بولسۇن، چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى كۆپەيتسۇن(812)». دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۆھتەسىبلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنى قىسقىچە بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمەلىيەتتىمۇ مۆھتەسىبلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى تىجارەتتىكى سودا ــ سېتىقلارنى ۋە ئۆلچەملەرنى كونترول قىلىش، تىجارەتتە ھىيلە ئىشلەتكۈچىلەر بىلەن قەرزلىرىنى تۆلىمىگەنلەرنى جازالاش، ھۈنەرۋەنلەرنىڭماللىرىنىڭ سۈپىتىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە ۋە سۈپەتسىز ماللارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇستا ــ شاگىرت ياكى ئىشكار ئىشلەتكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا يولغا قويۇش بىلەن ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتكە بېرىپمۇ جۈمە نامازلىرىغا بېرىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەش، شۇنداقلا روزا تۇتمىغانلار بىلەن شەرىئەتتىكى مۇددەتلىرى توشماي تۇرۇپ تويى قىلىۋالغان ئەر ــ ئاياللاردىن ھېساب ئېلىش، ئومۇمىي ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا نارازىلىق قىلىش، ئادەملەرنىڭ تۇغماسلىقىغا ۋە ھايۋانلارنىڭ قىسىر قېلىشىغا قارشى تۇرۇش، مەھەللە ۋە كوچىلارنى پاكىز تۇتۇش ۋە ئۆتكەن ــ كەچكەنلەرنىڭ مېڭىشىغا توسقۇن بولمى

(812) 5555، 5556، 5589، 5590-بېيىتلار.

غۇدەك دەرىجىدە ئازادە قىلىنىشىنى ئىبارەت ئىدى(813).

«قۇتادغۇ بىلىگ» دە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۆھتەسىبنىڭ دېھقانلارنىڭ پائالىيەتلىرىنىمۇ كونترول قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى.

شەھەر ۋە ناھىيىلەردە يەنە خاتىپلارمۇ بار ئىدى. مەنبەلەردە جىبرىلخان زامانىسىدا(814)، ئەبۇل - مەئالى مۇھەممەد بىن ناسىر بىن مەنسۇر ئەل - مەدىنىي ئىسىملىك بىرىنىڭ ۋە يەنە قادىرخان جىبرائىل زامانىسىدا(815) ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇراھمان بىن يەھيا بىن يۇنۇس ئەل - چىگىلى ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ خاتىپلىق قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ كاسان قەلئەسى ھاكىمى تۇغرۇل ئىنال بەگ ئىسىملىك بىرى ھەققىدە «مۆستەھفىز» سۈپىتىنى قوشۇپ سۆزلىگەنلىكىگە قارايدىغان بولساق، سەلچۇقىيلاردىكى كاتىۋاللارغا ئوخشاش قاراخانىيلاردىمۇ قەلئە قوماندانلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرالايمىز(816).

قاراخانىيلار دەۋرىدە، دۆلەت مەركەزلىرىدىن چەت يەرلەرگە، ھۆكۈمدارنىڭ ئەمر - پەرمان، خەت - ئالاقىلىرىنى تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن يەنە ئاساسلىق پوچتا تەشكىلاتلىرىمۇ تەسىس قىلىنغانىدى. بۇ مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يىراق سەپەر مەنىسىدىكى «ئەشكىن» سۆزىدىن ئېلىنىپ، ئىنتايىن تېز ماڭىدىغان ئاتلىق پوچتىكەشلەر «ئەشكىنچى»

(813) 816 - نومۇرلۇق ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن يەرگە قارالسۇن.
(814) سەمئانى: «كىتابۇل - ئەنساب». بارتولد: «تۈركىستان»، I، 64 - بەت.
(815) ياقۇت ئەل - ھەمەۋى: «مۇجەمئۇل — بۇلدان»، بېيرۇت، 1968، II جىلد، 148 - بەت.
(816) «ئەلكامىل»، X جىلد، 243 - بەت.



دېيىلەتتى(817)، دەپ قەيت قىلىدۇ. ئۇنىڭ «ئۇلاغ» سۆزىنى «بەگنىڭ (ھۆكۈمدارنىڭ) ئەمرى بىلەن ۋە تېز ماڭىدىغان پوچتىكەشنىڭ، باشقا بىر ئات تاپقىچە مىنىدىغان ئېتى»(818). «چۇفگا» نى بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاشلا «تېز ماڭماقچى بولغان بىر پوچتىكەشنىڭ يولدىن ئېلىپ، باشقا بىر ئاتنى تاپقىچە مىنىدىغان ئېتى»(819) دەپ ئىزاھلىشى، يول ئۈستىدە ۋە بەلگىلىك يەرلەردە، پوچتىكەشلەر ئات ئالماشتۇرىدىغان مەخسۇس ئۆتەڭلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە مەركەزدىن چەت يەرلەرگە بۇ يوللار ئارقىلىق ئەمر - پەرمانلارنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالغاندا بەگلەرنى چاقىرىش ئۈچۈن يېزىلارغا ۋە يايلاقلارغا ئەۋەتكەن خەۋەرنى «چالىغ»(820) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى، بۇنىڭدىن قاراخانىيلارنىڭ چەت يەرلەرنى ئىدارە قىلىشتا پوچتا ۋە خەۋەرلىشىشنىڭ رولىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، نىزامى ئارۇزىمۇ بۇغراخان ھارۇن زامانىسىدا «پەيك» ناملىق پوچتا خادىملىرىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى. بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تېز خەۋەر ئېلىش تەشكىلاتىنىڭ

(817) كېلىسلى I، 100 - بەت؛ ئاتالاي I، 109 - بەت.
(818) كېلىسلى I، 110 - بەت؛ ئاتالاي I، 122 - بەت.
(819) كېلىسلى I، 335- بەت؛ ئاتالاي I، 425 -بەت، «چۇفگا» ئەينى ۋاقىتتا يولباشلىغۇچى مەنىسىدە. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئۇلاغ» ۋە «چۇفگا» ھەققىدىكى قەيتى كافەس ئوغلى «مەلىكشاھ» 154 -، 155 - بەتلەرگە قارالسۇن.
(820) كېلىسلى، 313؛ ئاتالاي I، 374- بەت.

خىزمەتچىلىرىمۇ «پەيك» ۋە «پەرەندىلەر(821)» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭغا قارىغاندا، قاراخانىيلارمۇ تېز خەۋەر ئېلىش ئىشلىرىدا «پەيك» ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەرنى ئىشلەتكەنىدى.

قاراخانىيلار دۆلىتى ئۆز زېمىنىدىكى يۇقرالىرىنى بەگلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئىدارە قىلاتتى. مەسىلەن: «ساغۇن» ۋە «كۆل - ئېركىن» ئۇنۋانلىق بەگلەر قارلۇقلارنى ئىدارە قىلاتتى؛ بۇ، خوتەنلىكلەرنى «چۇۋى» دەپ ئاتىلىدىغان بەگلەر ئىدارە قىلاتتى. دېمەك، دۆلەت ھەر خىل قەبىلىلەرنى قەبىلە بەگلىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئىدارە قىلاتتى. بۇ بەگلەر ئۆز نۆۋىتىدە يا بىۋاسىتە خاقانلارغا ياكى شاھزادىلەر ۋە ۋالىيلارغا تەۋە بولاتتى.

يېزا ۋە يايلاقلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالە ئەھۋالىغا كەلسەك، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يېزىلىقلار بىلەن تۈركمەنلەرنىڭ چوڭلىرىنى «كيۇك(822)» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. يېزىنىڭ ئاقساقىلى يېزىلىقلارغا سۇ مەنبەلىرىدىن سۇ تارقىتىپ بېرىدىغان ئادەم بولغاچقا «تۇدۇن»(823) دەپ ئاتىلاتتى. يەركەندە تۈزۈلگەن يەر - زېمىن سېتىش ھۆججىتىدە ئىسمى يېزىلغان ئادەملەر ئىچىدە بۇ ئۇنۋانى قوللانغان ئادەملەرنىڭ بولۇشى(824)، ئۇنۋانىنىڭ ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ بۇ ئورۇننىڭ ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ قىسقىچە ئىزاھلاردىن ئۇلار ھەققىدە ئارتۇقچە بىر نەرسە دېگىلى

(821) كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 310 - بەت.
(822) كېلىسلى Ⅲ، 96 - بەت؛ ئاتالاي I، 133 - بەت.
(823) كېلىسلى I، 355 - بەت، Ⅲ، 128 - بەت؛ ئاتالاي I، 400 - بەت، Ⅲ، 171 - بەت.
(824) ھۇئارت، Trois Aetes 611 - بەت؛ ش. تېكىن، A.g.m، 164 - 165 - بەتلەر.



بولمىسىمۇ، بۇلاردىن كۆكيۈزكىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئوسمانلىق ئىمپېراتورلۇقىدىكى بەزى جامائەتلەرنىڭ ۋە يېزىلارنىڭ كەتخۇدالىرىغا ئوخشىتالايمىز. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە، يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان «چوپان(825)» ھەققىدىمۇ سۆزلىگەنىدى. شۇ كىتابنىڭ باشقا بىر خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىغا قارىغاندا، يېزا ئاقساقاللىرى (كۆكيۈزكىلەر) يېزا خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىنىمۇ باشقۇراتتى. مەسىلەن: چىگىللەردە سۇ ئېرىقلىرىنى ۋە بۇلاق يوللىرىنى كولاشقا بارمىغان يېزىلىقلارغا يېزا ئاقساقىلى «چاتېپا(826)» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل جازا بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەگلەرنىڭ ياكى يېزىلارنىڭ ئورمانلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان «قورۇغۇچىلار»مۇ بار ئىدى(827).

چەت يەرلەرنىڭ ئىدارە قىلىنىشىدا مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدىغان يەر ئىشلىرىغا كەلسەك، بۇ جەھەتتىمۇ ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز يوق. پەقەت چوڭ ئېكىنزارلىقلارنىڭ خاندان ئەزالىرىغا، ۋەزىرلەرگە، چوڭ ئەمىرلەرگە ۋە باشقا مۆتىۋەرلەرگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنلىكى مەلۇم. يۇقىرىدا يۇغرۇش (ۋەزىر) ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ يەر، سۇ (مەيدان) لىرىنى بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن «بۇئىقتا» (ئىكتا — سۇيۇرغال) سۆزىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، قاراخانىيلار بۇ مەنىدە «يېر» «سۇۋ» ئىبارىسىنى ئىشلەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىز تەتقىق قىلىۋاتقان دەۋردىن خېلى كېيىنكى زامانلارغا

(825) كېلىسلى I، 331 - بەت؛ ئاتالاي I، 402 - بەت.
(826) كېلىسلى I، 348 - بەت؛ ئاتالاي I، 416 - بەت.
(827) كېلىسلى Ⅲ، 183 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 242 - بەت.

ئائىت بولۇش بىلەن بىللە، سۇلتان سەنجەر تامغاچ بۇغراخان II ئىبىراھىمدىن دۆلەتنىڭ بارلىق مۆتىۋەرلىرىگە ئىقتا (سۇيۇرغال) قىلىنغان يەرلەرنى ئىنقىلاپ چىقىشىنى تەلەپ قىلغانىدى(828). قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىقتا ئىشلىرىنىڭ ئەينى شەكىلدە يۈرگۈزۈلگەنلىكى شۈبھىسىز. لېكىن بۇ تېمىدا ئارتۇقچە مەلۇماتقا ئىگە بولۇش مۇمكىن بولمىدى.

XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋە يەركەن ئەتراپىدا تۈزۈلگەن يەر - زېمىن سېتىش ھۆججەتلىرىدىن بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ يەرگە ئىگە بولۇشنى ۋە خالىغان چاغدا يەرلىرىنى باشقا بىرىگە ساتالايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر شۇ رايوندا، ئىسلامىيەت ھوقۇقلىرىغا ئاساسەن «ئەمىرى يەر - زېمىن نىزامى» يۈرگۈزۈلگەن بولسا ئىدى، يەر سېتىش ھەققىدە سۆز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھازىرچە ئىزاھلاشقا مۇمكىن بولمىغان بىر تېما بولۇپ قالماقتا. لېكىن ش. تېكىن خېلى بۇرۇن كۆرسەتكىنىدەك قەشقەر ئەتراپىدىكى بۇددىست ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتىدە يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغانىدى ۋە يەر مەسىلىسىدىمۇ كونا ئەنئەنىلەر داۋاملاشقانىدى(829). يۇقىرىدىكى يەر سېتىش ھۆججەتلىرى بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلارغا ئائىت ھۆججەت - ماتېرىياللار(830) ئوتتۇرىسىدىكى زور ئوخشاشلىقمۇ بۇ جەھەتنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

---

(288) ئىنىشا، بارتولد: «تۈركىستان» I، 24 - بەتكە قارالسۇن.

(834) ش. تېكىن، A·g·m، 159 - بەت.

(830) ر.ر. ئارات: «قەدىمكى تۈرك ھوقۇق ۋەسىقىلىرى»، تۈرك مەدەنىيىتى تەتقىقاتلىرى يىللىقى I، 1964، 1 — 53 - بەت.



# 4 - بۆلۈم قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى

ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ئارمىيە، مىللەت بولۇش خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈن تارىخى بويىچە داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىنمۇ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەربىي خاراكتېرى بار ئىدى(831). مانا بۇ خاراكتېرنىڭ ئەينى زاماندا قاراخانىيلاردىمۇ كەڭ كۆلەمدە داۋام قىلغانلىقى ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلاتى ھەققىدە مەنبەلىرىمىزدە كۆرسىتىلگەن مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يالغۇز بۇ دۆلەتنىڭ ھەربىي تەشكىلاتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش جەھەتتىنلا ئەمەس، باشقا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدىكى بەزى ھەربىي ئىبارىلەرنىڭ مەنىلىرىنى ۋە مەنبەلىرىنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتىنمۇ پايدىلىق بولىسا كېرەك.

## A. ئارمىيىنى تەشكىل قىلغان ئامىللار

بىز بۇ تېمىدا ئالدى بىلەن قاراخانىيلار ئارمىيىسىنىڭ ئادەم ئامىلىنى تىلغا ئېلىشنى ۋە ئارمىيىنىڭ تەركىبىدىكى ئاساسلىق جەڭگىۋار قىسىملارنى چۈشەندۈرۈشنى لايىق تاپتۇق.

---

(831) بۇ ھەقتە كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى». 241 - بەتكە قارالسۇن.

بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قاراخانىيلار ئارمىيىسى مۇنداق ئاساسلىق تۆت جەڭگىۋار ئامىلدىن تەشكىل قىلىنغان:

1. ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى؛
2. خاس ئارمىيە؛
3. خاندان ئەزالىرى بىلەن ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەسكەرلىرى؛
4. دۆلەتكە تەۋە چىگىل، قارلۇق، ئوغراق ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىغا مەنسۇپ ئەسكەرلەر.

## 1. ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى (ياتىغاق ۋە تۇرغاقلار)

بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئىمپېرىيىسىدىكى «غۇلامانى — ساراي»نىڭ ۋارىيانتى بولغان بۇ ھەربىي بىرلىكنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قوۋۇقچىبېشىنىڭ ۋەزىپىلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھۆكۈمدارنى ۋە سارايىنى قوغداش ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۆرسىتىشىچە، قاراخانىيلار بۇ ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنى، قەلئە مۇھاپىزەتچىلىرىگە ئوخشاشلا «ياتىغاق» دەپ ئاتايتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ سۆزنى چۈشەندۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن كەلتۈرگەن جۈملىسىگە قارىغاندا(832)، ياتىغاقلارنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمدارنى، سارايىنى

(832) كېيىنلىكى III، 32 - بەت؛ ئاتالاي III، 42، ياتىغاق = ھارىسۇل مەلىكى ۋەل - ھىسن. قەشقەرىنىڭ بۇ يەردە «ياتىغاق ياتتى» شەكلىدىكى قەيت قىلغان شاھىد جۈملىسىنى، ب. ئاتالاي «قوغدىغۇچى ئادەم ياتتى» دەپ تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، توغرىسى «قوغدىغۇچى كېچىنى نۆۋەت قاراۋۇللۇقى بىلەن ئۆتكۈزدى، نۆۋەتچىلىك قىلىدى» بولۇشى كېرەك. چۈنكى، قەشقەرىنىڭ بۇ ئۇيغۇرچە جۈملە ئۈچۈن يازغان ئەرەبچە يەشمىسى (باتەرەجۇلۇ ھارىسەن) مەنىسىدۇر. دېمەك، نۆۋەتىدە كۆرۈنگىنىدەك ئۇيغۇرچىدا كېچە نۆۋەتچى بولماق مەنىسىدىكى «ياتماق» سۆزى باشقا تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىنمۇ تەھقىقلەنگەن.



ياكى ھەرقانداق بىر قەلئەنى كېچىسى ساقلاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياتىغاقلار ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، پەقەت كېچىدە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار بىر قىسمى ئىدى. بۇ نۇقتا، شۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى مۇنداق بىر بېيىتتە ئوچۇق كۆرۈلىدۇ: «كۈندۈزى تۇرغاق، كېچىسى ياتىغاق نۆۋەتتە تۇردى»(833) دېيىش بىلەن مەيلى ياتىغاقنىڭ، مەيلى تۇرغاقنىڭ ۋەزىپىسىنى قايسى ۋاقىتتا ئىجرا قىلىدىغانلىقى چۈشىنىشلىك. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ياتىغاقلارنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمدارلارنى يالغۇز سارايدىلا ئەمەس، ساراي سىرتىدىمۇ مۇھاپىزەت قىلىش ئىدى. بۇ مەنىدە سۆزنىڭ غەزنەۋىيلەردىمۇ ۋە سەلچۇقىيلاردىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. ئۆز ئەسىرىدە ئارمىيىنىڭ (خاسسا ئوردۇسى) ھەر خىل جەڭگىۋار تەركىبلەردىن

((833) 608 - بېيىتتە ر. ر. ئارات بۇ جۈملىنى «كۈندۈز قوۋۇقچىلار ۋە كېچە مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە بۆلۈندى» شەكلىدە تەرجىمە قىلغان. لېكىن بۇ مەنىنى ئەكس ئېتىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ياتىغاقنىڭ كېچە مۇھاپىزەتچىسى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈلگىنىدەك، تۇرغاقنىڭ ئۇنىڭ ئەكسى ئىكەنلىكى شۇنچىلىك ئېنىقتۇر. يۈسۈپنىڭ «كۈندۈن تۇردى تۇرغاق» دېگىنىمۇ بۇنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلى. بۇ سەۋەبلىك تۇرغاقنى «قوۋۇقچى» دەپ ئېلىش توغرا ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن يۈسۈپنىڭ يەنە ئايتولدىنىڭ ھۆكۈمدارغا ئەبىيدىل خىزمەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 592 - بېيىتتە يازغان «تۈنى ياتتى ياتىغاقتا، كۈندۈز تۇردى» جۈملىسىمۇ يەنىلا شۇ مەنىدە بولغاچقا، ر. ر. ئاراتنىڭ بۇ يەردىكى تەرجىمىسىمۇ ياخشى چىقمىغان. 1606 - بېيىتتىكى «تۈنۈن ياتتى ياتىغاق» ئىپادىسىمۇ قەشقەرىنىڭ قەيتى شاھىد جۈملىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ياتىغاقنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە شۈبھە قالدۇرمايدۇ.

بارلىققا كېلىشى كېرەكلىكىنى قەتئىي ئوتتۇرىغا قويغان نىزامۇلمۇلك بۇ جەھەتتە غەزنەۋىيلەرنىڭ ئارمىيىسىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئارمىيىسىدىكى جەڭگىۋار تەركىبلەرگە مەنسۇپ ھەربىي قوشۇنلاردىن سەپەردە ۋە ھەر كېچىدە نۆۋەت بىلەن مۇھاپىزەتتە تۇرۇشلىرىنى (834) تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تىلغا ئالغان «ھەر كېچە» سۆزىدىنمۇ «ياتغاق»نىڭ كېچىدە نۆۋەتتە تۇرۇش مەنىسىدە ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈلىدۇ.

«ياتغاق» ياكى «ياتاقلار» سەلجۇقىيلار ھەربىي تەشكىلاتىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ دۆلەتتىكى «مۇلازىمانى ياتاق» — قوۋۇقتىكى ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان تۆت جەڭگىۋار تەركىبنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمدارنىڭ ئوتاغىنى ساقلاش دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، بىزنىڭچە بۇ توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىسمىلىرىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، ھۆكۈمدارنى كېچىسى قوغداش ۋە مۇناسىۋەتلىك

(834) «سىياسەتنامە»، 108 - بەت (24 - پەسىل) كە قارالسۇن: «ۋە ھەر شەب دەرسەفەر ئەز ھەر گۇرۇھ مەلۇم كەردە بۇدەندى كى چەند مەرد بە ياتلاق رەفتەندى». بۇ يەردە «ياتلاق» سۆزى كۆچۈرۈلگەندە خاتا كۆچۈرۈلگەن. ئەسلىسى «ياتاق» بولۇشى كېرەك. schefer نەشرىدىمۇ بۇ جۈملە بىر - ئىككى سۆزنى ئىستىسنا قىلغاندا ئەينەن ئېلىنغان، شۇنىڭدەك بۇ يەردە «ياتاق» سۆزى توغرا ۋە ئوچۇق بىر شەكىلدە قەيت ئېتىلگەن (ف. كۆپرۈلۈ، بىزانس مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئوسمانلى مۇئەسسەسەلىرىگە تەسىرى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر، THiTM · I 242 - بەتكە قارالسۇن).



يەرلەردە نۆۋەتتە تۇرۇش ئىكەنلىكى ئېنىق (835). ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى زامانىدا بولسا بۇ ئىسىم بىرئاز ئۆزگەرگەنىدى. XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا «ياتاقچى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشقا باشلىغان بۇ ئىسىم، دۇكان ۋە بازارلارنى ساقلايدىغان نۆۋەتچىلەرگە (پاششاپلارغا) بېرىلگەن نام بولسىمۇ، ئەمما،

(835) بۇ ھەقتە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن ئۇزۇن چارشىلى: «مەدخەل»، 100 - ، 101 - بەتلەرگە؛ ف. كۆپرۈلۈ: m · g · A 242 - ، 247 - بەتلەرگە قارالسۇن. ئۇزۇن چارشىلى «ئىبىن بى - بى» دە بۇ سۆزنىڭ بەزىدە «ياتاق»، بەزىدە «يا ياق» قىلىپ يېزىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ئەسكىرىي بىرلىكنى «مۇلازىمانى ياتاق ياكى يا ياق» دەپ يازغان بولۇپ، «يا ياق» شەكلىنىڭ ياتاقنىڭ خاتا يېزىلىشىدىن بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئېنىق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك سۆز پىيادە مەنىسىدە ئەمەس. ف. كۆپرۈلۈ بولسا بۇ ئىسىمنىڭ «ئوتاغ» بىلەن مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى ئالغا سۈرگەنلىكى ئۈچۈن، مۇلازىمانى ياتاقنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ ئوتاغىنى ساقلاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ (243 n6 - بەتكە قارالسۇن). ھالبۇكى، يۇقىرىدا كۆرۈلگىنىدەك سۆز توغرىدىن - توغرا «ياتغاق»، «ياتاق» بىلەن باغلىنىشلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھۆكۈمدارنى كېچىسى قوغدايدىغانلىقى ئېنىق. بۇ جەھەتتىن ھەم كۆپرۈلۈنىڭ ھەمدە ئۇزۇن چارشىلىنىڭ بۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئوتاغ ساقچىلىقى ئىكەنلىكىگە دائىر قەيتلىرى بىزچە جايىدا بولمىغان. يەنە كۆپرۈلۈنىڭ شۇ يەردە بىلدۈرۈشىگە قارىغاندا cshefer بولسا، «سىياسەتنامە» دىكى ياتاقنى «تۆشەك» مەنىسىدە ئالغان ۋە بۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ يۈرۈش ۋاقتىدا نۆۋەت بىلەن ياتىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، پۈتۈنلەي ياتاق سۆزىنىڭ خاتا چۈشىنىلىشىدىن كېلىپ چىققان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىبىن بى بى نىڭ بىر قەيتىدىن قارىغاندا، «غۇلامانى ياتاق» لار ئالائۇددىن كەيقۇباد زامانىدا، ئۇلاغلىق ھالدا ئەسكەر يىغىش ئۈچۈن ۋىلايەتلەرگىمۇ ئەۋەتىلەتتى (ئۇزۇن چارشىلى، ئەينى ئەسەر، 101 - بەت).

ئالدىنقىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغان (836).

قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلاتىدىكى بۇ تەركىبىي قىسىملارنىڭ نامىنى غەزنەۋىيلەر، بۈيۈك سەلجۇقىي ئىمپېراتورلۇقى، ئاناتولىي سەلجۇقىيلىرى ۋە سەل - پەل ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلگەن ھالدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي قىسمىدا «ياتغاق» (ياتاق = ياتاقچى) نامىنى ئۇزۇن ۋاقىت ئاشۇ خىل مەنىدە قوللىنىپ كەلگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ف. كۆپرۈلۈ ۋە ئى. خ. ئۇزۇن چارشىلىنىڭ يازغانلىرىنىڭ ئەكسىچە، بۇ سۆز «ئوتاق» ياكى «پىيادە» (يايااق)، ئاناتولىي سەلجۇقىيلىرىدا «مۇلازىمانى ياتاق» (ھۆكۈمدارنىڭ چېدىرىنى ساقلىغۇچى) مەنىسىدە بولماستىن، بەلكى مەيلى سارايدا، مەيلى ساراي سىرتىدا بولسۇن، ھۆكۈمدارنى كېچىلىرى قوغدايدىغان «قوۋۇق قولى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغانىدى.

تۇرغاقلارغا كەلسەك، بۇ تېمىدا بىردىنبىر مەنبەيىمىز بولغان «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇلارمۇ سارايىنى ياكى ھۆكۈمدارنى كېچىدۈزى ساقلايدىغان قوغدىغۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپە-

(836) ئۆزەر ئەرگەنچ «1580 — 1590 - يىللىرى ئارىسىدا ئەنقەرە ۋە قونيە شەھەرلىرىنىڭ سىلىشتۇرمىلىق تەتقىقاتى يولى بىلەن ئوسمانلى شەھەرلىرىنىڭ تەشكىلاتلىرى ۋە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈستىدە بىر تەجرىبە» (بېسىلمىغان دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى، ئەنقەرە، 1973)، 97 - ، 98 - بەتلەر. بۇ يەردە 997 - يىلى 15 - رەجەب سىجىلگە ئەنقەرەدىكى دۇكاندارلارنىڭ — رەستىلەردە ياتاقچى قالمىدى، دەپ قەدىمدىن بېرى ياتاقچىلىق قىلىپ كەلگەن ئىشەنچلىك بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقلىرى ۋە تەلەپلىرىنىڭ مۇھاپىزە سىجىللىگە قەيت قىلدۇرۇلۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى بىلدۈرۈلىدۇ. ئايرىمچە ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ف. سۈمەرنىڭ دېگەنلىرىگە قارىغاندا، «ياتاقلىق قىلماق» ئاتالمىسىنىڭ بۇ سۆز بىلەن باغلىنىشى بارلىقى بىلىنمەكتە.



سىمۇ مەيلى سارايدا بولسۇن، مەيلى ساراي سىرتىدا بولسۇن ھۆكۈمدارنى قوغداش ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن مەنبەلەرنىڭ يوقلۇقىدىن بۇ ئىبارىنىڭمۇ باشقا تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدە ئىشلىتىلگەن - ئىشلىتىلمىگەنلىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. بىراق، بۇ ھەر ئىككى ئىبارە تۈركىي تىللارغا مەنسۇپ ئىدى، شۇنداقلا بۇ تەشكىلات ئاساسىي قاراخانىيلاردىن خېلى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ساراي تەشكىلاتى ھەققىدىكى تېمىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، «تۇغچى»، «كىشچى»، «قۇشچى»، «ئوقچى»، «ياچى»، «سلاھدار» (قورالدار) ۋە «ئەمەلدار»لارمۇ ھەم سارايدا، ھەم ساراي سىرتىدا ھۆكۈمدارنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ ئالاھىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن قوۋۇق قولى قىسىملىرى ئىچىدە بولاتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە ئوقچى - ياچىلارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن مەلۇمكى، قوۋۇق قولى تەركىبىدىكىلەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمى پىيادىلەر ئىدى.

ھۆكۈمداردىن باشقا دۆلەت مۆتىۋەرلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە تەۋە غۇلاملىرى بولاتتى. بۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاجىپلارنىڭ ۋە ئىشىكئاغىلىرىنىڭ قول ئاستىدا ئوغلانلارنىڭ (غۇلام) بولغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدە كۆرسىتىلگەنىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىز توختىلىۋاتقان دەۋردىن سەل كېيىنكى دەۋرگە ئائىت بولۇش بىلەن تەڭ، سۇلتان سەنجەرنىڭ غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەبۇل - مۇزەففەر تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم II گە (مىلادى 1130 — 1132 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ئەۋەتكەن خېتىدە: «سەرھەنەيلان ۋە ۋۇكەلا ۋە نەۋبەتسالاران ۋە ئەزىزانى دەرگاھ ۋە ئەسھابى ئەتراپ قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ رىئاتلىق ۋە پىيادە مۇھاپىزەتچىلەر، بىلەن خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ

پاراتتىن ئۆتتۈشلىرى لازىم ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەربىرى- نىڭ ئىقتا (سۇيۇرغال) لىرى ئېنىقلىنىپ ئۇلارغا لايىق ئىسىم ۋە ئۇنۋانلار بېرىلسۇن» دەپ تەلەپ قىلىنغان (837). بۇنىڭدىن باشقا بىز ھۆكۈمداردىن باشقا ساراي مەركەز ۋە چەت يەرلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭمۇ قول ئاستىدا پىيادە ۋە ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

سەلجۇقىيلار ئىنشا دىۋانىدا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ «ھارەس» دەپ ئاتىلىشىغا قاراپ، بۇ ئىبارىنىڭ ھېچ بولمىغاندا شۇ ۋاقىتلاردا غەربىي قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ قوللىنىشقا باشلىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھۆكۈمدارنىڭ مۇھاپىزەت- چىلىرىگە سۇ بېشى قوماندانلىق قىلاتتى (838). يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئۇرۇش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئوۋغا ۋە چەۋگەن ئويۇنىغا ياكى مەملىكەت كېزىشكە چىققان چاغلاردىمۇ ھۆكۈمدارنىڭ قېشىدا بولۇشى شەرت بولغان ئالا- قىدار خادىملار بىلەن بولۇپمۇ ياتاق ۋە تۇرغاقلاردىن تەركىب تاپقان ۋە «يورتۇغ» دەپ ئاتىلىدىغان سەپەر قوشۇنىنىڭ قورۇلۇشى ۋە تەرتىپكە سېلىنىشىغا سۇ بېشىنىڭ مەسئۇل

(837) «ۋە ئەزجۇملەئى سەرھايلان ۋە ۋۆكەلا ۋە نەۋبەتسالاران ۋە ئەزىزانى دەرگاھ ۋە ئەسھابى ئەتراپ، دۇر ۋە نەزدىك ئەززى لەشكەر خاھەد تا ھەمە سىۋار ۋە پىيادەئى ھارەس پەشىۋ ئارەند ۋە بەچەشمى ئۇ بىگۇزارەند ۋە نام ۋەنەسەب ۋە ئىقتائى ھەريەك مەلۇم كەردانەند» (ئىنشا، نەشر. بارتولد، تۈركىستان، I، 24 - بەت).

(838) بۈيۈك سەلجۇقىيلاردا ۋە غەزنەۋىيلەردە «غۇلامانى ساراي»- نىڭ «سالارى غۇلامانى ساراي» بىلەن باشقا ئەمىرلەر قوماندىسىدا بولغانلىقى مەلۇم (كافەس ئوغلى، «مەلىكشاھ»، 156 - بەت؛ ھەسەن ئەنۋەرى، e. g. A، 39 - بەت).



ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى (839). شۇڭا، ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى ھۆكۈمدارنىڭ خاس قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش بىلەن ئۇرۇشلاردىمۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئۇنى قوغدايتتى (840). بۇنىڭ ئەكسىچە، ھۆكۈمدار ئوردىدىكى چاغلاردا كېچە بولۇشى بىلەن ياتاقلارنى كېزەكلىك ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تاڭ سەھەردە تۇرغاقلارنى نۆۋەتچىلىكتە تۇرغۇزۇش ۋەزىپىسىنىڭ قوۋۇقچىباشىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ياشتا دەپ ئۆتكەنىدۇق. شۈبھىسىزكى، ھۆكۈمدار ئوردىدىكى چاغلاردا قوۋۇق قولى قىسىملىرىنىمۇ ئۆزى كونترول قىلىپ ھەرۋاقىت خىزمەتكە ھازىر ھالەتتە تۇرغۇزۇشمۇ قوۋۇقچىباشى- نىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

مەلۇمكى، ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسمى ۋە ئاتالغۇلارمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىچە ئىدى. شۇنداقلا قاراخانىيلار بۇ جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىگە خاس ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قالغانىدى.

قاراخانىيلاردا مەيلى ھۆكۈمدارنىڭ، مەيلى باشقا مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە ئوغلانلاردىن تەشكىل تاپقان قوغدىغۇچى قىسىملىرىنىڭ ئاساسى ھەققىدە، غۇلام سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى ھەققىدە كەسكىن بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن جامال قارشى باشلىق مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردە ساتۇق بۇغراخاندىن تارتىپ (841) بۇ

(839) 2586 - بېيىت.

(840) سۇلتان ئالىپ ئارسلان زامانىدا بۈيۈك سەلجۇقىيلاردا ساراي غۇلاملىرىنىڭ، خاس قوشۇننىڭ بىر بىرلىكى سۈپىتىدە جەڭدە ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدا بولغانلىقىغا دائىر كۆيمەن: «ئەسكىرىي تەشكىلات» 15 - بەتكە قارالسۇن.

(841) ساتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولغانىدىن كېيىن غۇلاملىرى- نىڭ ۋە ھاشىيەلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۇلارنىڭمۇ بۇنى قوبۇل كۆرۈپ مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىغا دائىر «مۇلھاقات»، 131 - بەتكە قارالسۇن.

چاندانغا ئەزا ھۆكۈمدارلارنىڭ غۇلاملىرىنى تالاغا ئېلىشلىرىغا قارىغاندا، بۇ ئاتالغۇلار، ئەگەر ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئىشلىتىلگەن بولمىسا، بۇ سىستېمىنىڭ خېلىلا كونا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىكى بىر پاكىت بولىدۇ.(842) بولۇپمۇ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ، سۇلتان مەھمۇد خەزنىسىگە بەرگەن سوۋغاتلىرى ئىچىدە تۈركىي غۇلاملارنىڭمۇ بارلىقى، ھېچ بولمىغاندا، XI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غۇلام سىستېمىسىنىڭ قاراخانىيلاردا خېلىلا كەڭ تارقالغان بىر ھەربىي سىستېما ھالىغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز.

بۇ غۇلاملار قانداق قولغا كەلتۈرۈلەتتى؟ بۇ جەھەتتە ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز يوق. ئەمما بۇ سىستېما ئىجرا قىلىنغان باشقا دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش، بۇ غۇلاملارنىڭ سېتىۋېلىش يولى بىلەن قولغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەش مۇمكىن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «بۇ ئوغلانىنى بىر ئاتقا سېتىۋالدىم» مەنىسىدىكى بىر ئىسپات جۈملىسى، قاراخانىيلارنىڭ ئوغلان سۆزى بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغان غۇلاملارنىڭ سېتىۋېلىش يولى بىلەن قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە دائىر مىسال بولالايدۇ. شۇنداقلا ئۇ، غۇلامنىڭ باھاسى ھەققىدىمۇ ئاز-

(842) ئېتلىبگ خان ناسىرىبن ئەلىنىڭ غۇلاملىرىنى بارلىقىغا دائىر «مۇلھاقات»، 134 - بەت؛ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيگە تەقدىم قىلغان ھەدىيىلىرى ئارىسىدا ئالتۇن كەمەرلىك ۋە ئوقلۇق (تېكىستتە «كىس» شەكلىدە يېزىلغان سۆزنىڭ تۈركچىدە «ساداق» دېيىلگەن كىشى ئىكەنلىكىگە شۈبھە يوق) تۈركىي غۇلاملارنىڭمۇ بولغانلىقىغا دائىر گەردىزى: «زەينۇلئەخبار»، نەشر ۋە بارتولد، «تۈركىستان» I، 16 - بەتكە قارالسۇن؛



تولا مەلۇمات بېرەلەيدۇ(843). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭمۇ، كىچىك ۋاقتىدا خىزمەتكە ئېلىنىپ، مەنلىك ۋە غورۇرىدىنى كەچكەن ئىشىك خىزمەتچىلىرىگە دائىر خاتىرىلىرىمۇ، ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنى ۋە مەخسۇس قىسىملىرىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ تەربىيىلىنىدىغانلىقىغا مىسال بولالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سەلچۇقىيلاردا بولغىنىدەك، قاراخانىيلاردىمۇ مەخسۇس قىسىملارنىڭ ۋاپات بولغان ھۆكۈمدارنىڭ ۋە بەزى دۆلەت خادىملىرىنىڭ غۇلاملىرىنىڭ يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنلىرىدىن توپلانغانلىقلىرى مەلۇم(844).

سېتىۋېلىش يولى بىلەن توپلانغان، تېخى ئىشقا پىشمىغان غۇلاملارنىڭ تەربىيىلىنىشلىرىگە كەلسەك، ئۇلار ئاۋۋال ھۆكۈمدارنىڭ ئوردىسىدا ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا قاتتىق تەربىيە كۆرەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ»دە ئىشىكتە يېڭى خىزمەتكە ئېلىنغان بىر خام خىزمەتچىنىڭ قانداق يېتىشتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە قايسى دەرىجىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەنىدى(845).

(843) —— كېلىسلى I، 313 - بەت؛ ئاتالاي I، 373 - بەت. يەنە بىر تەرەپتىن ئالپ ئارسلان زامانىدا بىر ئىرانلىق غۇلامنىڭ باھاسىنىڭ ئوتتۇرىمەن 100 دىنار ئىكەنلىكى، بۇ پۇلغا بىر ئات سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ، شۇ دەۋردە سەلچۇقىيلار ۋە قاراخانىيلار بازارلىرىدا غۇلاملار باھاسىنىڭ شۇنىڭچىلىك ئىكەنلىكى كۆرۈلمەكتە (كۆيمەن، «ئەسكىرىي تەشكىلات» 18 - بەت).

(844) بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدا غۇلام تۈزۈمى ھەققىدە كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن، كۆيمەن: «ئەسكەرىي تەشكىلات» و - بەتكە قارالسۇن.

(845) 3 - بۆلۈمدىكى «مەمۇرىيەتلەر ۋە ئۇنۋانلار» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن.

ئۇنىڭ قارىشىچە، كىچىك ۋاقتىدا خىزمەتكە كىرىپ مەنسىپلىك ۋە غۇرۇردىن كەچكەن بۇ خىزمەتكارلار ئالدى بىلەن قائىدە - ئۇسۇللارنى ئۆگىنىشى، ھەرىكەتلىرىنى بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ كىرىش - چىقىش يوللىرىنى بىلىشى، قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرى ئەدەب - قائىدە ئىچىدە بولۇشى، سۆز ۋە ھەرىكەتتە كەمتەر بولۇشى، ھەرقانداق ئىشنى تېز ۋە ۋاقتىدا قىلىشنى، تىلىنى يىغىشنى، ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت ۋە خىزمەت قىلىشنىمۇ ئۆگىنىشى لازىم ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ھۆكۈمدارغا ياكى بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ يولىنى بىلگەن ۋە بىرمۇنچە خىزمەتلەرگە تەيىنلىنىش ئۈچۈن شەرت ھازىرلىغان بولاتتى.

يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، دەسلەپكى تەربىيىلىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن بىرى ھەققىدە «ياخشى مەرگەن ۋە جەسۇر بولسا، ئوقچى - ياچى بولىدۇ» دېگىنىگە قارىغاندا، ئەدەب - قائىدە ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئۇلارغا قورال ئىشلىتىش تەلىمى بېرىلگەنلىكىنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالمەكتە. لېكىن مەيلى ئەدەب - قائىدە تەربىيىسى ۋە قورال ئۆگىتىشنىڭ شەكلى بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ۋاقتى ھەققىدە بولسۇن، ئېنىق بىر نەرسە دېگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز.

## 2. خاس قوشۇنلار

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خاس قوشۇنلىرىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئارتۇقچە مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، ئۇلارنىڭمۇ خۇددى ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىدەك ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزىگە قارايدىغان ۋە ئوردىدىن مائاش ئالىدىغان ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىنراق. لېكىن بۇ



قوشۇننىڭ سانى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. بۇنداردىكى بىر خاتىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن مۇھەممەد ئارسلان خاننىڭ (مىلادى 1102 — 1130 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خاس قوشۇنى 12 مىڭ تۈركىي قۇللاردىن تەشكىل قىلىنغانىدى(846). بۇ سان ئەلۋەتتە دۆلەت سەلچۇقىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋاقىتتىكى سان ئىدى. بىز تەتقىق قىلىۋاتقان دەۋردە، بولۇپمۇ دۆلەت ئىككىگە ئايرىلىشتىن بۇرۇن قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خاس قوشۇنلىرى ئىنتايىن كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «12 مىڭ قوشۇننىڭ زور كۈچ ئىكەنلىكى» ھەققىدىكى خاتىرىسىگە قارىغاندا، بۇ خاس قوشۇننىڭ ھەر خىل قوماندانلارنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان جەڭگىۋار بىرلىك بولغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس(847).

ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ياكى خاس قوشۇننىڭ ۋە ياكى باشقا قىسىملىرىنىڭ مائاش ۋە باشقا ھوقۇقلىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، غەزنەۋىيلەردىن باشلاپ ھەر خىل تۈرك - ئىسلام دۆلەتلىرىدە، ئاباسىيلارنىڭ ئۈلگىسى بويىچە مەخسۇس ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بىر دىۋان بولغان. بۇنداق دىۋان «دىۋانى ئارىز» (ياكى ئارز) ۋە «دىۋانى جەيش» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتالغان. بۇ دىۋانلار ئارمىيىنىڭ مۇلازىمەت ۋە ئېھتىياجلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، مائاشلىرىنى بېرەتتى، ئۇلارغا ئائىت دەپتەرلەرنى تۇتاتتى ۋە ئەسكەرلەرنى يوقلىما قىلاتتى.

---

(846) قىۋامەددىن بۇرسلان «ئىراق ۋە خۇراسان سەلچۇقىيلىرى تارىخى»، ئىستانبۇل، 1943، 239 - بەت. بۇ يەردە مۇھەممەد ئارسلانخان ئورنىغا ئەھمەدخان، دېيىلگەن.

(847) 2334 — بېيىت.

تۈنجى ئۇيغۇر - ئىسلام دۆلىتى بولغان قاراخانىيلاردىمۇ مۇشۇنداق بىر دىۋان بار ئىدى. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى ۋە ھوقۇقلىرى يېزىلغان دەپتەرنى «ئاي پۈتۈگى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ(848)، قاراخانىيلاردىمۇ بۇ ئىشلارنى قىلىدىغان بىر ئىدارىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە «ئۇنىڭ ئىسمى ئايدىن ئۆچۈرۈلدى» دېيىلىشى(849)، مۇشۇنداق بىر دىۋاننىڭ بارلىقىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. بۇ دىۋان تەرىپىدىن تۇتۇلغان دەپتەرگە «ئاي پۈتۈگى» ياكى قىسقارتىپلا «ئاي» دېگەن تۈركچە ئىسىمنىڭ بېرىلىشى، ئەسكەرلەرنىڭ روېخىتىنى يېزىش ئىشىنىڭ قاراخانىيلاردىن بۇرۇنمۇ قىلىنىپ كەلگەن بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىنىڭ ھەر ئايدا بىر قېتىم بېرىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھالبۇكى، شۇ دەۋردىكى سەلجۇقىيلاردا ساراي غۇلاملىرىغا يىلدا ئاران تۆت قېتىم مائاش بېرىلەتتى. دېمەك، قاراخانىيلارنىڭ ئاباسىلارغا قارىغاندا، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە ھەربىي ئەنئەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەيت قىلىپ ئۆتكەن «ئۇنىڭ ئىسمى ئايدىن ئۆچۈرۈلدى» ۋە «بۇ، ئىسمى دائىم ھەربىيلىككە يېزىلغان ئادەمدۇر» دېگەن سۆزلەردىن مەلۇم بولۇشىچە(850)، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن دىۋاننىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئەسكەرلەرنى يوقلىما قىلغانلىقى، ئۆلۈم ياكى باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن خىزمەتتىن ئايرىلغانلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى ۋە كېمىيىپ قالغان ساننىڭ

(848) كېلىسلى، I، 43 - بەت؛ ئاتالاي I، 40 - بەت.
(849) كېلىسلى، III، 56 - بەت؛ ئاتالاي III، 77 - بەت.
(850) كېلىسلى I، 429 - بەت؛ ئاتالاي I، 521 - بەت؛ «بۇ ئەر سۈگە بىتىلگەن ئول».



قايسىدىن يېزىلغانلىقلىرىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. قاراخانىيلارنىڭ ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى ھەممىدە خاس قوشۇنلىرىدىن باشقا ھەربىي قىسىملىرىدىمۇ ھەر ئايدا (ياكى مەلۇم مۇقىم ۋاقىتلاردا) مائاش تارقىتىلامتى؟ ياكى بۈيۈك سەلجۇقىيلاردىكىدەك سارايىنىڭ غۇلاملىرىلا مائاشلىق بولۇپ، باشقا خاس ئەسكەرلىرى سۇيۇرغال ئالامتى؟ پىكرىمىزچە دەسلەپكى چاغلاردا ھەممىسى مائاشلىق بولسا كېرەك. لېكىن، كېيىنچە سەلجۇقىيلارنىڭ تەسىرى بىلەن غەربىي قاراخانىيلاردا خاس ئەسكەرلەرمۇ سۇيۇرغال ئېلىپ يەيدىغان بولغانىدى. سۇلتان سەنجەرنىڭ ئىنشا دىۋانىدىن چىققانلىقى تىلىغا ئېلىنغان خاتىرىلەر بۇ پىكرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ(851).

### 3. خاندان ئەزالىرى بىلەن ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ ھەربىي كۈچلىرى

قاراخانىيلاردا دۆلەتنىڭ مەلۇم رايون ياكى ۋىلايەتلىرىنى باشقۇرىدىغان خاندان ئەزالىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە قارايدىغان ئايرىم قوشۇنلىرى بار ئىدى. قاراخانىيلار سىياسىي تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر بۇ نۇقتىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىسپاتلايدۇ. دۆلەتنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ۋەقەلەر جەريانىدا، ئېلىگ ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى ماۋرائۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي رايونلارغا ھاكىم بولغان چاغلىرىدا، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغۇللىرىغا قارشى ئەسكەر ئىشلەتكەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىممۇ شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قولىدىكى شاش، ئىلاق، تۈنكاس (تۈنخاس) ۋە پەرغانىنى ئەسكەر كۈچى بىلەن بېسىۋالغانىدى. شەرقىي قارا-

(851) 837 - نومۇرلۇق ئىزاھقا قارالسۇن.

خانىيلارنىڭ تۆتىنچى چوڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلان خان بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى، تىراز - ئىسفىجابنىڭ ھاكىمى مەھمۇد خان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، ئاخىر سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشقان ئۇرۇشقا ئوخشاش، ئىبراھىم بىن مۇھەممەد خان (مىلادى 1057 — 1059 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)مۇ بارسغان ھاكىمى ئىنال تېكىن بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋە بۇ ئۇرۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. مۇشۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە خاندان ئەزالىرى ئۆزلىرىگە قاراشلىق ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سالغانىدى. ئاتباشى ھاكىمى ياقۇپ تېكىن 1090 - يىللاردا سەمەرقەنتنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ھۇجۇمى بىلەن يېڭىلىپ ئۆز ۋىلايىتىگە قايتىپ كەتكەنىدى. شۇ يىللاردا قەشقەر خانىنى ئەسىر ئالغان كاشان قەلئەسىنىڭ قوماندانى تۇغرۇل بىن ئىنال (ياكى ئىنال بەگ)مۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىگە تايىنىپ پات - پاتلا ئۇرۇش قوزغاپ تۇراتتى. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ، تاۋغاچ بۇغراخان ئىبراھىمنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ھەققىدە نەقىل كەلتۈرگەن بىر ۋەقەمۇ بۇ تېمىدا بىزنى مەلۇم قاراشقا ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، پالەچ بولۇپ قالغان ھۆكۈمدار، ئۆز ئورنىنى ئوغلى شەمسۇلمۈلىك ناسىرغا بوشىتىپ بېرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى تۇغان خان بۇنىڭغا نارازى بولۇپ ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، دادىسى بىلەن ئىنىسىنى سەمەرقەنتتە قورشىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردىكى زىرائەتلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان ئاھالىلەر بۇنىڭ چارىسىنى قىلىش ئۈچۈن شەمسۇل - مۈلكنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاستىدا شەمسۇلمۈلك 500 غۇلامنى ئېلىپ يېرىم كېچىدە شەھەردىن جىمجىت چىقىدۇ-



دە، غەپلەتتە ياتقان قېرىندىشىنى قولغا ئالىدۇ(852). بۇنىڭدىن ھەم شەمسۇلمۈلكنىڭ دادىسى ساق چاغلاردا ئۆزىگە باغلىق غۇلاملىرى بارلىقىنى ھەم ئىنىسىنىڭ ئۇلارنى قامال قىلىۋالغۇدەك شەخسىي ئەسكەرلىرى بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

بۇنىڭدىن ھەرقانداق خاندان ئەزاسىنىڭ، ئۆزىگە قاراشلىق رايونىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ مۇئەييەن ساندىكى ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكلىرىنى ۋە بۇنىڭمۇ پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. دۆلەتنىڭ سىياسىي تارىخىدا بارلىققا كەلگەن ۋەقەلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ھەرقانداق خاندان ئەزاسى ئۆزىنىڭ مەركەزدىكى ئورنى كۈچلۈك بولغانسېرى ئۇرۇشلاردا ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچلىرى بىلەن ئارمىيىگە قوشۇلۇپ قاراخانىيلارنىڭ زور ئارمىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرەتتى، ئورنى زەئىپلەشكەن ياكى بوش قالغان يىللاردا بولسا ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلاتتى.

خاندان ئەزالىرىدىن باشقا ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ قول ئاستىدىمۇ ھەربىي كۈچلەر بار ئىدى. مەنبەلەردە، ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا ئاتلىق ۋە پىيادە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى بىلەن كېلىشلىرى ئۇقتۇرۇلغان ئادەملەرنىڭ دەرىجىلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ، «ئەسھابى - ئەتراپ» «ئەزىزانە دەرگاھ» ۋە «نەۋبەت سالاران» دەپ بىلدۈرۈلۈشى، ھۆكۈمداردىن باشقىلارنىڭمۇ ئەسكىرى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن خاندان ئەزالىرىنىڭ ياكى باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز يوق. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋەزىر، ھاجىپ ۋە ئىشىك ئاغىسىغا ئوخشاش ئەمەلدارلارنىڭ قول ئاستىدا غۇلاملارنىڭ بارلىقى

(852) «ئەلكامىل» IX جىلد، 300 - بەت.

ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ھەم خاندان ئەزالىرىنىڭ قول ئاستىدىمۇ مائاشلىق قىسىملارنىڭ بارلىقىغا مىسال بولالايدۇ.

### 4. دۆلەتكە تەۋە چىگىل، قارلۇق، ئوغراق ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىغا مەنسۇپ ھەربىي كۈچلەر

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ياشىغان بەزى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىغا مەنسۇپ قىسىملارمۇ بەزى - بەزىدە قاراخانىيلارنىڭ ئارمىيىسى تەركىبىدە ئورۇن ئالغانىدى ۋە ئارمىيىنى يارلىقا كەلتۈرگەن ئامىللاردىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا قاراپ، قاراخانىيلار ئارمىيىسىدە چىگىللەرنىڭ خېلى مۇھىم بىر كۈچ ھېسابلانغانلىقلىرى، مەسىلەن: 1089 — 1090 - يىللاردا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئارمىيىسىدىكى چىگىللەرنىڭ قوماندانى ئەينۇد - دەۋلەتنىڭ قاراخانىيلار بىلەن سەلجۇقىيلارنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقلىرىنى بىلەلەيمىز.(853) ئەمەلىيەتتە مەنبەلەردە ئۇنى ئارمىيە قوماندانى (ساھىبۇل - جەيش) دېمەستىن «مۇقەددەمۇل چىگىلىيە» دەپ ئاتىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئەھۋال(854). شۇنداقلا ئىسسىق كۆلدىن ئىسفىجابنىڭ جەنۇبىغا ۋە ئۇ يەردىن چۇ ۋە ئىلى ۋادىلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ياشىغان قارلۇقلارمۇ قاراخانىيلار ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىدە بار ئىدى. پرىتساك قاراخانىيلارنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنىڭ تەركىبىدە قارلۇقلارنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقلىرى ۋە بۇخارا ئەتراپىدىكى «خارلۇخ ئوردۇ»

(853) پرىتساك «قاراخانىيلار» 263 - بەتكە قارالسۇن.
(854) «ئەلكامىل» X جىلد، 173 - بەت.



نامىدىكى بىر ھەربىي قارارگاھنىڭ بولغانلىقى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى(855). لېكىن، XII ئەسىردە ماۋرائۇننەھرگە كۆچۈپ بارغان خېلى كۆپ مىقداردىكى قارلۇقلار، بۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىلەن سىياسىي كۈرەشكە قاتناشقانىدى.(856)

يەنە بىر تەرەپتىن، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا دېيىشىچە، قاراخانىيلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) لار چېگرىسىدا ياشاۋاتقان ئوغراقلارمۇ، بۇددىست ئۇيغۇرلارغا (ئىدىقۇتقا) قارشى ئۇرۇشلاردا قاراخانىيلارنىڭ ئارمىيىسى ئىچىدە ئورۇن ئالغانىدى(857). شۇنداقلا مىلادى 1040 - يىللاردا شەرقىي - شىمالدا باش كۆتۈرگەن ياباقۇلار تەھلىكىسىگە قارشى، ۋاقىتلىق بولسىمۇ قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارىغا تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلغان باسمىل ۋە چومۇللارمۇ مەشھۇر ياباقۇ باش بوغى بۆكە بۇدراچنىڭ يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈشى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇشلاردا قاراخانىيلارنىڭ ئارمىيىسىدە بولغانىدى. ياباقۇ تەھلىكىسى بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلار بۇ تەۋەلىكتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا يېڭىلىپ ئىتائەت ئاستىغا ئېلىنغانىدى(858). بۇلارغا ئوخشاش باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ

(855) «قاراخانىيلار» 259 - بەت.
(856) تەپسىلاتى ئۈچۈن ف. سۈمەر: «ئوغۇزلار» 110 - بەتكە قارالسۇن.
(857) كېلىسلى III، 138 - بەت؛ ئاتالاي III، 183 - بەت.
(858) ر. گەنج: «(تۈركىي تىللار دىۋانى) نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قارىشىچە، XI ئەسىردە تۈرك ئەللىرىنىڭ سىياسىي، ئېتنىك، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھالىتى» (بېسىلمىغان دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى)، ئەنقەرە، 1974، 22 - 23 - بەتلەر.

تەشكىلاتلىرىغا مەنسۇپ قىسىملارنىڭمۇ بەزى ـ بەزىدە قاراخانىيلارنىڭ ئارمىيىسىدە ئورۇن ئالغانلىقى ھەققىدە ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز بولمىغىنىدەك، بۇ قىسىملارنىڭ تەركىبي ۋە تۈزۈلۈشى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلىگۈدەك ھالدا ئەمەسمىز.

## B. ھەربىي يۈرۈشتىكى قوشۇننىڭ ئەھۋالى

قىلىنىدىغان ھەربىي يۈرۈشنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ئىشىنى ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزى ياكى شاھزادىلەر بىلەن سۇ باشلار (قوماندانلار) ۋە باشقا بەگلەر ئۆتەيتتى. بارلىق تۈركىي خەلقلەردە، شۇنداقلا قاراخانىيلاردىمۇ ئارمىيىنى قۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش ئىشى «سۇ باشلىماق» دەپ ئاتىلاتتى، قوماندان مەنىسىدىكى «سۇباشى» سۆزىمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن(859). «قۇتادغۇ بىلىگ»دە بىز ئۇچراتقان «سۇ باشلار ئەر»، «سۇ باشلار كىشى» ۋە «سۇ باشچىسى» دېگەندەك ئىبارىلەرمۇ چوقۇم «سۇ باشى» مەنىسىدە ئىدى(860).

شۇنداق چۈشىنىش كېرەككى، يۈرۈشكە چىقىشنى قارار قىلغان ھۆكۈمدار، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە ئەسكەرلىرىنى توپلاپ كېلىشلىرى ئۈچۈن بۇ بۇيرۇقنى چۈشۈرەتتى. مەھمۇد قەشقەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىز ئۇچراتقان «خان، بەگكە ئەسكىرىنى توپلاش بۇيرۇقىنى بەردى(861)» شەك-

(859) 2272 - بېيت؛ كېلىسلى Ⅲ، 216 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 292-بەت.

(860) 2266 ـ، 2270 - بېيىتلەر ۋە XXX ماۋزۇسى بىلەن بۇ بابنىڭ تورلۇك بېيىتلىرىگە قارالسۇن.

(861) كېلىسلى Ⅰ، 149 بەت، 50-بەت؛ ئاتالاي Ⅱ، 190-بەت: «خان بەگكە سۇسىن قۇرتۇردى = ئەي، ئەمەرەل ـ مەلكول ـ ئەمىرە بىجەمئىل جۇندى».



لىندىكى بىر جۈملىمۇ چوقۇم بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يەنە شۇ كىتابتا، ئەسكەرلەرنىڭ ھەر تەرەپتىن ئېقىپ كېلىپ توپلانغانلىقلىرىنى تىلغا ئېلىشىمۇ(862)، ھەر ھالدا يۈرۈشكە چىقىش مەقسىتى بىلەن ھەربىي قىسىملارنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشلىرىنى ئىپادىلىسە كېرەك. ئەسكەرلەرنىڭ سەپەر قىلىش مەقسىتى بىلەن توپلانغان يېرى ئومۇمىيۈزلۈك «تىرىلگۈيىر» دەپ ئاتىلاتتى(863). شۇ سەۋەبتىن، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئەسكەر ۋە ئارمىيە مەنىسىدە «سۇ» ئىبارىسىنى ئىشلەتكەن ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەسكەرنى ھەممە ۋاقىت كۆپلۈكتە سۇغا ئوخشاتقانلىقلىرىنى ۋە سۇنىڭ ئېقىشىغا ئوخشاش، ئارمىيىنىڭمۇ كۆپلۈك شەكلىدە ئېقىپ كېتىشىنى ئىپادە قىلىش مەقسىتىدە «سۇ ئاقتى» دېگەنلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى (864).

لېكىن بۇ خاتىرىلەرمۇ قاراخانىيلار ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بىزنى ئېنىق بىر مەلۇمات بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا 1041 — 1042 - يىللاردا ياباقۇلار ۋە ئىتتىپاقداشلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان غەيرىي مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەرگە قارشى بەكەچ ئارسلان تېكىننىڭ قوماندانلىقىدا ئەۋەتىلگەن قاراخانىيلار ئارمىيىسىنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك ئىكەنلىكىگە دائىر بىر خاتىرىسى(865)، بىزنى بۇ جەھەتتە بەلكىم بىرەر پىكىرگە ئىگە قىلالىشى مۇمكىن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە 4000 ئەسكەرنىڭ

(862) كېلىسلى Ⅱ، 194؛ ئاتالاي Ⅱ، 245 بەت.

(863) B/38 — بېيىت.

(864) كېلىسلى Ⅱ، 17؛ ئاتالاي Ⅱ، 19: «سۇ ئاقتى».

(865) كېلىسلى Ⅲ، 172، 3؛ ئاتالاي Ⅲ، 227، 8 بەت

بىر قوشۇن، 12 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنىڭ بولسا چوڭ قوشۇن ئىكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىنىمۇ(866)؛ ھەر ھالدا ئەمىرلەرنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ مىنىمال ۋە ماكسىمال سانىنى كۆرسىتىدۇ. قاراخانىيلار بىلەن ئەسىرداش سەلچۇقىيلاردىمۇ ئەھۋال ئاساسىي جەھەتتىن شۇنىڭغا ئوخشاش ئىدى(867).

### 1. ئارمىيىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى

قاراخانىيلار ئارمىيىسى يۈرۈشكە چىققاندا مۇئەييەن تەرتىپ - ئىنتىزام بويىچە ھەرىكەت قىلاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئارمىيىنىڭ قوماندانىغا «ئوڭ - سولغا ۋە ئالدى - ئارقىغا ئىشەنچلىك ئادەملەرنى قويغىن»(868) دەپ تەۋسىيە قىلىشى چوقۇم مۇشۇ تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، يۈرۈش ئۈستىدىكى ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى «ئاۋانگارت كۈچ» (چاپاۋۇل قىسىم) دەپ ئايرىلاتتى ۋە ھەر دائىم باش قىسىمنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان بۇ قىسىم، مېڭىپ ئۆتىدىغان يەرلەردە ھەرقانداق بىر دۈشمەننىڭ ئەسكەرلىرى ياكى پىستىرمىلىرى بار - يوقلۇقىنى بىلىش مەقسىتىدە ھەممە يەرنى كۆزىتىشكە مەسئۇل بولاتتى. تۈركىي خەلقلەر ئارمىيىدىكى بۇ ئاۋانگارت قىسىمنى «يەزەك» دەپ ئاتايتتى(569). قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي سىستېمىسىنىڭ

(866) 2334 - ، 2335 - بېيتلەر.

(867) بۈيۈك سەلچۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدا بىر بۈيۈك ئەمىرنىڭ قوماندىسىدا ئەڭ ئاز دېگەندە 4000 كىشى بولاتتى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭ كىشى بولاتتى. كۆيمەن، «ئەسكىرىي تەشكىلات»، 42 - بەت.

(868) 2375 - بېيت.

(869) 128 - بېيت، كېلىسلى III، 14 - بەت، 65 - بەت؛ ئاتالاي III، 12 - بەت، 88 - بەت، 9 - بەت؛ يەزەك قامۇغ يەزىگ يەزەدى.



بۇ قىسىمنىڭ ئىسمى شۇ پېتى ساقلىنىپ قېلىش بىلەن باشقا تۈرك - ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە قوللىنىلغانلىقىغا ئوخشاش، بۇ سۆز ئەرەبلەرگىمۇ كىرگەن بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ تىلىدا ھازىرمۇ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ(870).

يەزەكتىن باشقا ئالدىنقى قىسىمنىڭ ئالدىنقىسى دېيىش مۇمكىن بولىدىغان بەك كىچىك ئەترەتلەر ياكى يالغۇز ھەرىكەت قىلغۇچىلارمۇ يەزەكنىڭ ئالدىدا چارلىغۇچى بولۇپ ئالدىن ئەۋەتىلەتتى. بۇلارمۇ يولدا دۈشمەننىڭ ئاۋانگارت قىسىملىرى ياكى پىستىرمىلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرەتتى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، بۇلارنىڭ قىلغان ئىشىنى «يول يەلسىلىمەك»(871) دېيىلەتتى، دەپ قەيت قىلغانىدى. يەنە كېچىلىرى چارلىغۇچى بولۇپ دۈشمەننىڭ كۆزەتكۈچىلىرىنى ۋە ئاۋانگارت قىسىملىرىنى تۇتۇشقا مەسئۇل بىر ئاتلىق قىسىممۇ چىقىرىلاتتى. بۇلار «تۇتغاق(872)» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭمۇ «قوماندان ئاۋانگارت ۋە چارلىغۇچى قىسىملىرىنى خىللاپ ئايرىش ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆز - قۇلاقنى يىراقلارغا تىكىشى لازىم(873)» دېگىنىگە قارىغاندا، ئارمىيىنىڭ تەرتىپلىـ

(870) سەلچۇقىيلار دەۋرىدە ئەينى ئاتالغۇنىڭ قوللىنىلغانلىقىغا دائىر ھەسەن ئەنۋەرى، A .g .e، 140 - بەت؛ ئىلخانىيلار دۆلىتى ئۈچۈن شەرەفىددىن يالتقايا، ئىلخانىيلار دەۋرى ئىدارە تەشكىلاتىغا دائىر ناسىرەددىنى تۇسىنىڭ بىر ئەسىرى THiTM، II (1939)، 9 - بەت؛ ئەرەبچىدە قوللىنىلغانلىقىغا دائىر ئا. ئاتەش: «ئەرەبچە يېزىق تىلىدا تۈركچە سۆزلەر ئۈستىدە بىر تەجرىبە»، تۈرك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى يىل II، 1 - ، 2 - سان. ئەنقەرە، 1965، 24 - بەتكە قارالسۇن.

(871) كېلىسلى ...، 253 - بەت، II4: ئاتالاي III، 343 - بەت: «ئول يولۇغ يەلسىلىمدى.»

(872) كېلىسلى I، 389 - بەت؛ ئاتالاي I، 467 - بەت.

(873) 2342 - بېيت.

ىنشى ۋە رەتلىنىشىدە بۇ ئاۋانگارت قىسىملىرىنىڭ بىرىنچى
ئورۇندا كۆزدە تۇتۇلۇشى، ئەڭ مۇھىم ئېھتىياتچان قىلىش
تەدبىرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان. ھەتتا ئۇنىڭ «يەزەك بىلەن
بىللە تۇتغاق كېتىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قالسا شۇ
زامان ھۇجۇمغا ئۆتۈش كېرەك»(874) دېگىنىگە قارىغاندا، بۇ
ئاۋانگارت قىسىملىرى، ئەھۋال ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان
تەقدىردە، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقىمۇ ۋەزىپىلىك ئىدى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالدىنقى قىسىمدىن كېيىن
مۇھاپىزەتچى (يورتۇغ) قىسىملارغا ئورۇن بەرگەنلىكىگە قارىغاندا،
ئالدىنقى قىسىملىرىنىڭ ئارقىسىدىن مۇھاپىزەتچى قىسىم ۋە
ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن بىللە ھۆكۈمدار ماڭاتتى. يۇقـ
ىردا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دېيىشىچە،
يورتۇغ (مۇھاپىزەتچىلەر) خاقانلار ئورۇشقا ياكى باشقا يەرلەر-
گە ماڭغاندا، يەزەكلەر بىلەن بىر ئەترەت ھېسابلىناتتى(875).
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يورتۇغنىڭ تەرتىپلىنىشى ۋە رەتلىنىشى
ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، بۇ، ھۆكۈمدار بىلەن
بىللە بولىدىغان، بولۇپمۇ ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىدىن ۋە باشقا
ساراي خىزمەتچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر مۇھاپىزەتچى
ئەترەت ئىدى. ئۇنىڭ يەنە قوماندان ھەققىدە «ئەسكەرلەرنى
مۇنتىزىملاشتۇرۇش بىلەن يورتۇغلارنى قۇرۇش ۋە ھېچكىم ئىلـ
گىرى - ئاخىرى كەتمەسلىكى كېرەك»، «كىچىك ئەمەلدارلار
چوڭلارنىڭ ئىچىگە كىرمەسلىكى، يىراقتا ۋە سىرتتا يۈرىدىغانلار
يېقىن كەلمەسلىكى كېرەك. ھەر كىشىنىڭ سارايدىكى ئورنى
قانداق بولسا، يورتۇغدىمۇ شۇنداق قوغدىلىشى كېرەك» (876)

(874) 2343 - بېيت.
(875) كېلىسلى Ⅲ، 31 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 42 - بەت.
(876)



دېيىشى، يورتۇغنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن كىملەردىن تەشكىل
قىلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يور-
تۇغدا ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا بايراقلار ۋە تۇغلار بىلەن گۈرزە
ۋە باشقا قوراللار ئېلىپ مېڭىلاتتى ۋە ھۆكۈمدارمۇ ئات
ئۈستىدە بۇ قوراللارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى (877). ھۆكۈمدار-
لار يەنە يۈرۈشكە چىققاندا زاپاس ئاتلارنى ئېلىۋالاتتى ۋە بۇ
ئاتلارنى «قوش ئات»(878) دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئەترەتتىن
كېيىنكىلىرى ھەققىدە ئوچۇق مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن ئۇنىڭدىن
كېيىن باشقا خاس ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ۋە ئۇرۇشقا قاتنىشـ
دىغان دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن ماڭىدىغانـ
لىقىنى دەپ ئۆتۈش خاتا بولمىسا كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپـ
نىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن خاتىرىلىرىگە قارىغاندا،
ئارمىيىنىڭ ئارقا قىسمى بولغىنىدەك، ئوڭ ۋە سولدا تىنچـ
لىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىسىملىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ
نېمە دەپ ئاتىلىشى، كىملەردىن تەشكىل قىلىنىشى ھەققىدە
مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدۇق.

## 2. قونالغۇ ۋە قارارگاھ

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قاراخانىيلاردا
سەپەرگە چىققان بىر قوشۇننىڭ مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە تۇرـ

2344 - ، 2586 -، 2587 -، 2588 - بېيتلەر.
(877) نىزامى ئارۇزىنىڭ بىلدۈرۈشىگە قارىغاندا، غەربىي قارا-
خانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن خىزىرخان بىن ئىبراھىم (1080 — 1081؟) بىر يەرگە
بارىدىغان ۋاقتىدا ئېتىنىڭ ئالدىدا باشقا قوراللار بىلەن بىرلىكتە 700
ئالتۇن ۋە كۈمۈش گۈرزە كۆتۈرۈلەتتى («چاھار ماقالە»، 73 - بەت).
يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۇغچى ۋە ئەمەلدار-
لىرىنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشارەت قىلىغان.
(873) كېلىسلى Ⅲ، 91 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 126 - بەت.

يدىغان قارارگاھلىرىنى «توي» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. خاقاننىڭ قارارگاھ قورغان يېرىنى «خان توي» (879) دەيدىغانلىقىنىمۇ ئېيتقان. بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپقا كەلسەك، ئۇ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە ئارمىيىنىڭ يۈرۈش قىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئالاھىدە توختالغان ۋە ئۇ، قارارگاھنى قۇرۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنىمۇ كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ پىكرىچە قوماندان قارارگاھ قورغاندا، ئىنتايىن دىققەت قىلىشى ۋە پۇختا جاينى تاللاپ ئەسكەرلىرىنى بىر يەرگە توپلىشى ۋە تارقىلىپ كېتىشكە يول قويماسلىقى كېرەك. قارارگاھنى تاللىغاندا، ئوت ۋە سۈيى ئەلۋەك بىر يەرنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم(880).

قارارگاھلاردا بولۇپمۇ كېچىلىرى ئامانلىقىنى ساقلاش تەدبىرلىرىنىڭ ئېلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى پارول ئىدى. تۈركىي خەلقلەر پارولنى «ئىم» دەپ ئاتايتتى. قوماندانىنىڭ ئەسكەرلەرگە ئاساسەن قورال ياكى قوشنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىنى پارول قىلىپ ئۇقتۇرۇشى ھەر-ھالدا بىر خىل ئادەت بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا پارولنىڭ بىر - بىرىگە ئۇچراپ قالغان ئىككى قوشۇننىڭ ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ، ئۇرۇشۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كېچىلەردە ئىككى كىشى (ئەسكەر) ئۇچرىشىپ قالغاندا بىرى يەنە بىرىدىن پارول سورايدۇ. بۇ چاغدا پارولنى توغرا دەپ بەرسە، ئۇنىڭ ئۆز ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە قويۇپ بېرىدۇ. ئەگەر پارولنى بىلمىسە ئۇنى تۇتىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ «ئىم بىلسە ئەر ئۆلمەز» (پارولنى

(879) كېلىسلى III، 103 6 بەت؛ ئاتالاي III، 141 - بەت.
(880) 2347 - 2349 - بېيىت.



بىلسە ئەسكەر ئۆلمەيدۇ) شەكلىدىكى بىر ماقالىنى قەيت قىلىشى، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۇيغۇرلاردا، ئۇ ياشىغان دەۋردىن بۇرۇنمۇ ئادەتتىكە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ(881). «ئىم» سۆزى مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلگەن ئىزاھاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، قارارگاھلاردا كېچىسى قاراۋۇللار نۆۋەتتە تۇراتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەسكەردىن ساقچىلار (نۆۋەتچىلەر) تەيىنلىنىشى ۋە بولار بەكمۇ ھوشيار بولۇشى لازىم»، (882) شەكلىدىكى خاتىرىسىمۇ بۇ جەھەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قارارگاھلاردىكى ئامانلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرىنىڭ ئېلىنىشىدىكى مەقسەت، ئالدى بىلەن دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىدىن (كېچىدە بېسىپ كىرگۈچىلەردىن) ساقلىنىش ۋە تىل تۇتتۇرماسلىق ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ياخشى بىر قوماندان دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ھەر دائىم ھوشيار ۋە تەدبىرلىك بولۇش بىلەن دۈشمەندىن بۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ تىل تۇتۇۋېلىشى ۋە قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن تىل تۇتۇشى «تىل ئىنچىكىلىماق» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى مەلۇم.

## 3. كېچە ۋە كۈندۈزلۈك ھەرىكەتلەر

بۇ يەردە ئالدى بىلەن كېچىلىك ھەرىكەت ئۈستىدە توختىلىمىز. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، كېچىدە قوللىنىلغان

(881) كېلىسلى I، 41 - بەت؛ ئاتالاي I، 38 - بەت.
(882) 2345 - بېيىتتىن ئاڭلىشىلىشىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تېتىكلىكنى، ھوشيار ھالەتتە تۇرۇشىنى «ساق» دەيتتى ۋە بۇنىڭدىن ئېلىپ نۆۋەتچىلەرگە «ساقچى» دەپ ئات قويۇشتى، يۇقىرىدا بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنغانىدى.

تەدبىرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تۈركىي خەلقلەر ئۇرۇش جەريانىدا كېچىلىك ھەرىكەتلەرگە زور ئەھمىيەت بېرەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «غەيرەت قىلىپ دۈشمەننى غەپلەتتە قوي، مۇمكىن بولسا كېچىدە ھۇجۇم قىل، قاراڭغۇدا كۈچۈڭنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ(883)» دېيىشىمۇ بۇنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار كېچىدە بېرىپ دۈشمەننى قارارگاھلىرىدا باسىدىغان ئەسكەرلەرنى«ئاقىنچى» (ئېقىنچى)(884) دەپ ئاتايتتى. ئېقىنىنىڭ ئەسلىدە قىيان مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەھمۇدقەشقەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» دابۇنىڭغا ئوخشىتىپ «كېچىدە تۇيۇقسىز قىيانىدەك كەلگەن ئەسكەرلەرنى ئېقىنچى كەلدى (885)» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇرۇشتا بىرلا ھۇجۇم بىلەن غەلىبە قىلىشنى ئويلىغان بەگلەر، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئېقىنچىلارنى ئېقىتاتتى يەنى كېچىلىك ھۇجۇم ئۈچۈن قوشۇنلارنى ئەۋەتەتتى(886). ئەۋەتىلگەن ئېقىنچىلار كېچىلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تۇيۇقسىزلا دۈشمەندىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن نىشانغا ئېلىنغان يەرنى «باسىغ» (بېسىق) دەپ ئاتايتتى. بۇ سۆز بۇناسىۋەتتى بىلەن بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپنى ئەنە شۇ بېسىۋالغان يېرىدە (باسىغدا) تۇتۇۋالغانلىقى ئۈستىدە سۆز ئېچىلغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئەھۋال، كېچىلىك ھۇجۇملارنىڭ(887) غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر ھالدا بۇ «باسىغ» سۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا

(883) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2361 – بېيىت.

(884) كېلىسلى I، 120 – بەت؛ ئاتالاي، 134 – بەت.

(885) كېلىسلى I، 74 – بەت؛ ئاتالاي I، 77 – بەت.

(886) كېلىسلى I، 183 – بەت؛ ئاتالاي I، 212 – بەت.

(887) كېلىسلى I، 310 – بەت؛ ئاتالاي I، 370 – بەت؛ «ئانى باسىغىندا تۇتدى».



قارارگاھلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغان ئەسكەرلەرنى «باسىمچى» دەپ ئاتىغانلىقى بىزگە مەلۇم(888).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى بىر بېيىتىدە «ياغى ئوت كۆتۈرمىش تەگ ئوت يىلدىرادى» (دۈشمەن ئوت ياقتى، مەشئەللىرىنى ياقىدىغانلىقىنى ئوت چاقىندى) دەپ يېزىشىغا قاراپ(889)، كېچىلىك ئۇرۇشلاردا ئەتراپنى يورۇتۇش ئۈچۈن گۈلخان يېقىلىغانلىقى ھەتتا، مەشئەللەرنىڭمۇ بارلىقى كۆز ئالدىمىزغا كەلسىمۇ، بىراق، بۇ ھەقتە كەسكىن بىر نەرسە دېگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز. پەقەت ئەسىرداش سەلچۇقىيلار قوشۇنىدا مەشئەلچىلەرنىڭ بارلىقىغا قارىغاندا(890)، كېچىلىك ھەرىكەتكە بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان قاراخانىيلاردىمۇ مەشئەلچىلەرنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن بىر سەۋەب تاپالمايمىز.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «چىۋى» سۆزى مۇناسىۋىتى بىلەن چۈشەندۈرگەنلىرى يۇقىرىدىكى كېچىلىك ئۇرۇشلار ھەققىدە دېگەنلىرىمىزگە قارشى كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دېيىشىچە، «چىۋى» جىنلاردىن بىر قىسمىنىڭ نامى. تۈركىي خەلقلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقان چاغدا، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ۋىلايەتلىرىدە يەرلەشكەن جىنلارمۇ ئۆز ۋىلايىتىدىكى خەلقلەرنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇرۇشىدۇ. جىنلاردىن قايسى تەرەپ يېڭىۋالسا، شۇ ۋىلايەتنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ يېڭىدۇ. كېچىدە قايسى تەرەپنىڭ جىنلىرى قاچسا، ئۇلار يەرلەشكەن ۋىلايەتنىڭ خەلقىمۇ قاچىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەسكەرلىرى كېچىدە جىنلار ئاتقان ئوقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چېدىرلارغا كىرىۋالىدۇ. بۇ تۈركىي خەلقلەر ئېچىدە كەڭ

(888) 2348 – بېيىت.

(889) 6219 – بېيىت.

(890) كۆيمەن: «ئەسكىرىي تەشكىلات»، 39 – بەت.

تارقالغان بىر خىل ئادەتتۇر.»(891). لېكىن پىكرىمىزچە، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى بىر خىل خۇراپىي رىۋايەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. يۇقىرىدا «ئىم» مۇناسىۋىتى بىلەن مىسال كەلتۈرگەن ماقال ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىي خەلقلەردە ئۇرۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتنىڭ نېگىزى خېلىلا قەدىمكى زامانلارغا مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ ھونلار زامانىسىدىلا كېچىلىك يۈرۈشلەرگە چىققانلىقلىرى ۋە بۇ كېچىلىك يۈرۈشلەردە يامغۇر يېغىپ ئوقيالىرىنىڭ كىرىچلىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن قورققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئايدىڭ كېچىلەرنى يەنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنى تاللىۋالغانلىقلىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنىدى(892).

كۈندۈزلۈك ئۇرۇشلارغا كەلسەك، مەلۇم بولۇشىچە، تۈركىي خەلقلەر، بىر قوشۇننى ھۇجۇمغا تەشكىللەش ئىشلىرىنى «چەرىك تۈزمەك (893)»، ئۇرۇشىدىغان ئىككى قوشۇننىڭ سەپ تارتىپ قارىمۇ قارشى تىزىلىشلىرىنى «چەرگەشمەك(894)» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ سۆز ئۇرۇش سەپلىرىگە يەنى ئەسكەرلەر تەشكىل قىلغان رەتلىك قاتارغا بېرىلگەن «چەرىنك(895)» ياكى «چەرىگ(896)» دېگەن ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەسكەر مەنىسىدىكى «چەرى» سۆزىنىڭمۇ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنىق دېيىشكە

(891) كېلىسلى Ⅲ، 171 ـ بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 225 ـ بەت.
(892) بۇ ھەقتە كافەس ئوغلى «تورك مىللىي مەدەنىيىتى» 242 ـ بەتكە قارالسۇن.
(893) 2272 ـ بېيىت.
(894) كېلىسلى Ⅱ، 165 ـ بەت؛ ئاتالاي Ⅱ، 209 ـ بەت: «ئىككى سۇ چەرگەشدى».
(895) كېلىسلى Ⅰ، 325 ـ بەت؛ ئاتالاي Ⅰ، 388 ـ بەت.
(896) كېلىسلى Ⅰ، 271 ـ بەت؛ ئاتالاي Ⅰ، 323 ـ بەت.



بولىدۇكى، ئۇرۇش ئەسناسىدا بۇ سەپلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئەسكەرلەرنى رەتكە سالىدىغان، تىنچلىق زامانلىرىدا بولسا ئۇلارنى قاتتىق تەرتىپ ئاستىدا تۇتۇپ خەلقلەرگە زۇلۇم سېلىشلىرىنى توسىدىغان خىزمەتچىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلار «چاۋۇش» دەپ ئاتىلاتتى(897). مەلۇم بولۇشىچە، ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ، تېخى سەپلەر تەشكىل قىلىنماي تۇرۇپ «چۇۋاچ» دەپ ئاتىلىدىغان خاقانلىق چېدىرى قۇرۇلاتتى، كېيىن تۇغلار ۋە باشقا ئۇرۇش بەلگىلىرى تىكىلەتتى، ئاخىرى سەپلەر تەييار بولغاندىن كېيىن، دۇمباقلار ئۇرۇلۇپ، سۇنايلار چېلىنىپ سەپلەر بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتەتتى(898).

ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، يىگىتلەر ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىنى يىپەك بىلەن ئۆرۈپ باغلىشاتتى ۋە بۇنى يىگىتلىك ئالامىتى ھېسابلىشاتتى. «قۇيرۇق تۈگمەك»(889) ئادىتى «ئات چەرمەتمەك» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى باشقا بىر خاتىرىدىن مەلۇم(900). ئات قۇيرۇقىنى تۈگۈش ئادىتىنىڭ بارلىق تۈركىي خەلقلەردە ئىنتايىن كەڭ تارقالغان ئادەت ئىكەنلىكى، مەسىلەن: سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ مالازگىرت ئۇرۇشى باشلانماستىن تۇرۇپ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزى تۈگكەنلىكى مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ ئادەتنىڭ ئاناتولىدا ئۇزۇن يىللىق ئاتلىق سەپەرلەردىن بۇرۇن بولىدىغانلىقى ھازىرمۇ مەلۇم.

(897) كېلىسلى Ⅰ، 307 ـ بەت؛ ئاتالاي Ⅰ، 268 ـ بەت.
(898) كېلىسلى Ⅰ، 168 ـ بەت، 9 ـ بەت؛ ئاتالاي Ⅰ، 194 ـ بەت، 5 ـ بەت.
(899) كېلىسلى Ⅰ، 392 ـ بەت؛ ئاتالاي Ⅰ، 472 ـ بەت.
(900) كېلىسلى Ⅱ، 280 ـ بەت؛ ئاتالاي Ⅱ، 349 ـ بەت.

يىگىتلىك ئالامەتلىرىدىن بىرى «باتراق»(901) دەپ ئاتىلىدىغان ۋە ئۇچىغا يىپەك پارچىسى قادالغان مىزراق (نەيزە) ئىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، يىگىتلەر ئۇرۇش كۈنى بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى كۆرسىتەتتى. نەيزىلەرنىڭ ۋە بەزىدە بايراقلارنىڭ ئۇچىغا باغلىنىدىغان بۇ يىپەك لېنتىسىنى بولسا «تانغۇق(902)» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئۆزىنى تونۇتۇش بىلەن باغلىق بولسا كېرەك. يەنە ئۇرۇش كۈنلىرى يىگىتلەر باغلايدىغان ياكى ئاتلىرىغا باغلاپ قويىدىغان يىپەك رەخت پارچىلىرى ياكى قوتاز قۇيرۇقىدىن قىلىنغان بەلگىلىرىمۇ بار ئىدى. قاراخانىيلار زامانىسىدا بۇلارنى «بەچكەم»(903) دەپ ئاتىشاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قوشۇنلار بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى كەلگەن چاغدا، دۈشمەن كۈچىنىڭ ئۆز كۈچىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە غەلىبە قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغان قوماندانغا، مۇمكىنقەدەر كېچىلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى، ئۇنداق قىلالمىسا كېلىشىم تۈزۈشنى ۋە دۈشمەننى ئالداشقا تىرىشىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ(904). ئۇنىڭ قارىشىچە، كېلىشىم تۈزۈش مۇمكىن بولماي، دۈشمەن ئۇرۇش قىلىشتا قاتتىق تۇرىۋالسا، قوماندان ئىشنى ئۇزارتماستىن ساۋۇتنى كىيىپ، ئەسكەرلىرىنى توپلاپ شۇ زامانلا ئۇرۇشقا كىرىشى لازىم. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىشنى سوزماستىن چاققانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلغۇ-

(901) كىلىسلى I، 378 - بەت؛ ئاتالاي I، 465 - بەت. بۇ باتراق سۆزىنىڭ بايراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

(902) كىلىسلى III، 270؛ ئاتالاي III، 365 - بەت.

(903) كىلىسلى I، 401؛ ئاتالاي، 483. بۇ يەردە قاراخانىيلىقلار بىلەن ئۇيغۇر كاپىرلىرىنىڭ ئۇرۇشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر داستان پارچىسىدا «بەچكەم ئۇرۇپ ئاتلا (ر) قا» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، بۇنىڭ ئومۇمەن تاقالغان بىر نىشان ئىكەنلىكى مەلۇم.

(904) 2359 -، 2360 -، 2361 -، 2362 - بەتلەرگە قارالسۇن.



چىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەكسىچە ھەرىكەت قىلغان تەقدىردە، قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ قېلىشى ۋە يېڭىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ ئېيتىدۇ(905). ئۇنىڭ «دۈشمەنگە يېپىلىڭ ھۇجۇم قىل، ئېغىرلىقىڭ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن»(906) شەكلىدىكى خاتىرىسىمۇ، تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا ھەر خىل ئۇرۇشلاردا قوللىنىلغان تەدبىرلەرنىڭ تىپ نېگىزىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ پىستىرمىدا قويۇلۇشى، ئۇرۇش قىلغاندا قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەرنىڭ بىرىدۇر(907). ئۇرۇش قىلغاندا ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشمۇ، ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەرلەرنىڭ بىر - بىرىنى قوللاپ ۋە جاسارەتلەندۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكلىرى ھەققىدىكى بىر خاتىرىسى(908)، بۇ نۇقتىدا بىزنى مەلۇم پىكىرگە ئىگە قىلماقتا. دەرۋەقە قوماندانىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى مۇھىم ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلغان قوماندان ھەققىدە «ئەسكەرلەرگە مال تارقىتىپ بەر، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق تۇيغۇلىرىنى قوزغات ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللان»(909) شەكلىدىكى خاتىرىسى بۇ نۇقتىغا مۇناسىۋەتلىك.

ئۇرۇش باشلانغان چاغدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلاردىن

(905) 2364 - 2366 - بېيىتلار.

(906) 2369 - بېيىت.

(907) 2370 - بېيىتلار.

(908) كىلىسلى I، 202 - بەت؛ ئاتالاي I، 8 - بەت، 238 - بەت :شېئىر.

(909) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2365 - بېيىت.

بىرى شۇكى، دەسلەپتە دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان قوشۇنلارغا سوقۇشلاردا بېشى ئاقارغان، قېرى، تەجرىبىلىك ۋە ئۇرۇش قىلىشنى ياخشى بىلىدىغان ئادەملەر رەھبەرلىك قىلىشى ۋە سەپلەرنى ئۇلار باشقۇرۇشى كېرەك. چۈنكى مەرتىۋىسى ياش يىگىتلەر قانچىلىك جۇشقۇن بولسىمۇ، بىرلا قېتىم يۈزنى ئۆرۈۋالسا ئۇلارنىڭ جۇشقۇنلۇقلۇقىدىن ئەسەر قالمايدۇ(910). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېيتىشىچە، قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرىدا سەپنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە بىلىمگە ئىگە ۋە ئۇرۇشنى ياخشى كۆزىتىپ بارالايدىغان ئەمەلدارلار تۇراتتى، قوشۇن ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭاتتى(911).

ئەينى زاماندا يىراقتىن ئوق ئېتىپ ئۇرۇش باشلاش ئۇيغۇر خەلقىدە ئادەتكە ئايلانغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دېگەن ئەسىرىدىكى قوماندانغا ئائىت بۆلۈمدە «ئالدى ـ ئارقىغا ئىشەنچلىك ئادەملەرنى قوي، بىر قىسمىنى ئوڭ ۋە سولغا يەرلەشتۈر، كېيىن پىيادە ئوقچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۆزۈڭ ئالدىدا يۈگۈر. ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوق ئېتىش كېرەك، سەپلەر يېقىنلاشقاندا نەيزە بىلەن ئۇرۇشۇش كېرەك»(912) دېگەن سۆزلىرى بۇ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن تەڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى، قوراللارنى ئىشلىتىش ئورنى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇرۇشتا ئومۇمەن ئوقچىلارنىڭ پىيادە بولىدىغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پىيادە ئەسكەر مەنىسىدە «ياراغ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقلىرىمۇ بۇنىڭدىن مەلۇم بولماقتا. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇرۇش نەيزە بىلەن ئېلىشىش باسقۇچىدىن ئۆتكەندە قانداق قىلىش ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ شۇنداق

(910) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2372 ـ، 2373 ـ بېيىتلار.
(911) 2346 ـ بېيىت.
(912) 2370 ـ، 2374 ـ بېيىتلار.



دەيدۇ: «سەپلەر يېقىنلىشىپ(913) ئەسكەرلەر بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشقاندا، ھەممە ئادەم ئۆدۈلىدىكى (رەقىبى) بىلەن كۈرەش قىلسۇن ۋە نەرە تارتسۇن. سەپلەر ئارىلىشىپ كەتكەندە قىلىچ ۋە پالتا بىلەن چاپ، چىشلە، تاتىلا، ياقىدىن تۇت، يېپىشىۋالغىن، چىدا، دۈشمەنگە پۇرسەت بەرمە، دۈشمەننى ئۆلتۈر ياكى ئۇرۇشتا ئۆل»(914). ئۇنىڭدىن باشقا، مەيلى «قۇتادغۇ بىلىگ» دە «ساۋۇتنى كىيىپ دۈشمەنگە مەھكەم يېپىش ۋە سوقۇش»(915) دېيىلگەن سۆزلەر بولسۇن، مەيلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئىككى قوشۇننى تەسۋىرلىگەن تۆتلىكتە: «يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە غەزەپلىك كۆزلەر بىلەن قاراپ، ئۆچ ۋە ئىنتىقام ئالماقچى بولىدۇ. ئۇرۇش قىزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر ـ بىرىنىڭ ساقاللىرىغا ئېسىلىدۇ، خۇددى ئۆچ ئېلىش ئوتى كۆزلىرىدە يانغاندەك»(916) دېيىلگەن سۆزلەر بولسۇن تېخىمۇ تىغ كەلگەن ئۇرۇشلارنىڭ جەريانى ھەققىدە بىزنى خېلى كۆپ مەلۇماتقا ئىگە قىلىدۇ.

ئېنىقكى، يىراقتىن ئوق ئېتىپ باشلانغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن، نەيزىۋازلىق باشلىنىدۇ. ئاخىرى قىلىچ، پالتا ھەتتا خەنجەر قوللىنىلىدۇ(917). ئاخىرى يومىداقلىشىپ بوغۇشۇشقا قەدەر

(913) ر. ر. ئارات، 2375 ـ نومۇرلۇق بېيىتنى تەرجىمە قىلىشتا «ئەسكەرلەر يېقىنلىشىپ يىگىتلەر بىر ـ بىرى بىلەن جەڭگە كىرىشكەندە» دېگەن بولسىمۇ، ئەسلى بىز ئالغاندەك بولۇشى كېرەك. چۈنكى، «ياگۇسا چەرىگكە» ئىپادىسىدىكى «چەرىگ» نىڭ جەڭ سېپى (قاتارى) ئىكەنلىكىگە يۇقىرىدا ئىشارەت قىلغانىدۇق.
(914) 2375 ـ، 2378 ـ بېيىتلار.
(915) 2360 ـ بېيىت.
(916) كېلىسلى I، 196 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 229 ـ بەت؛ «ئەزەن ئۆرپەشدى».
(917) كېلىسلى III، 310 ـ بەت؛ ئاتالاي III، 420 ـ بەت.

ئېلىشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېقىن تۇرۇپ سوقۇشۇشتا پالتىنى تىلغا ئېلىشى بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قوشۇنلىرىدا پالتىنىڭ بۇ دەرىجىدە مۇھىم بىر قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىدىن سۆز ئېچىلمىغان.

ئۇرۇش باشلانغاندا، قوشۇنلاردىن بىر قىسمىنىڭ زاپاس كۈچ ئورنىدا ئايرىلىدىغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇرۇشتا ئېھتىياجلىق چاغدا لازىم تېپىلغان يەرگە ئەۋەتىلىدىغان ياردەمچى ياكى زاپاس كۈچلەرنى «يەتۈت»(918) دەيدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ.

بىز تەتقىق قىلىۋاتقان دەۋردىكى قاراخانىيلار قوشۇنلىرىدا يۈرگۈزۈلگەن ئاساسلىق ئۇرۇش تاكتىكىلىرى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. مەھمۇد قەشقەرى، ئۇرۇشتا «تۈلكەر چەرىگ»(919) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھىيلىنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭدا ئەسكەرلەرنىڭ ھەر تەرەپتىن توپ - توپ بولۇپ توپلىنىدىغانلىقىنى، بۇلاردىن بىر توپ ئالغا چامداش بىلەن باشقا توپلارنىڭمۇ ئالغا باسقانلىقىنى ۋە بۇ ھىيلە بىلەن يېڭىلىشنىڭ ئازراق بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن كەسكىن بىر نەتىجە چىقىرىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تاكتىكا، كەڭ كۆلەملىك، زور مەيدان ئۇرۇشلىرىدا قوللىنىلغان ۋە «بۆرە ئويۇنى» ياكى «تۇران تاكتىكىسى» دەپ ئاتالغان ۋە نېگىزى ساختا چېكىنىشكە تايانغان تاكتىكىنى ئىپادىلەش بىلەن تەڭ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قىسىملارنىڭ ئۆز كۈچىنى ئىشلىتىشتە تولۇق

(918) كېلىسلى II، 229 - بەت؛ ئاتالاي II، 287 - بەت.

(919) كېلىسلى I، 88 - بەت؛ ئاتالاي I، 95 - بەت.



ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە قىلىندىغان ھەم تارقىلىپ، ھەم توپلىنىپ ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى(920) كۆرسەتكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىنراق. ھەتتا قىسىملارنىڭ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈشلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىغا قارىغاندا، بۇ ئىككىنچى شەكىلنىڭ ئاساسلىق تاكتىكا بولۇشى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىندەك قىلىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە سەلجۇقىيلار دەۋرىدىمۇ يۈرگۈزۈلگەن ئاساسلىق ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسى «جەۋك» (قوشۇن، قىسىم، گۇرۇپپا) بويىچە بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.(921) ئەمەلىيەتتىمۇ تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن تۈركىي خەلقلەر خاقانى بىلەن ھايتاللار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا قوللىنىلغان تاكتىكا پىلانلىرىمۇ بۇنىڭغا ماس كېلىدۇ(922). لېكىن پەخرى مۇدەببىرنىڭ «ئەجەم (ساسانى) ئۇرۇش ئۇسۇلى» دەپ كۆرسەتكەن ئاي شەكلىدىكى تاكتىكىسىنى(923) باشقا بىر يەردە خىتاي كاپىرلىرى (قارا خىتايلار) ئىچىدىمۇ ئاساسەن ئوخشاش دەپ كۆرسىتىشى(924)، ئوتتۇرىسىدا بىر خىل زىددىيەتنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز «تۇران تاكتىكىسى» دەپ ھېسابلاۋاتقان تاكتىكا ئەسلىدە قارا خىتايلار تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن تاكتىكا بولۇپ، كېلىپ چىقىش مەنبەسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

(920) بۇ يەردە سۆزلەنگەن تاكتىكىلار ھەققىدە مەلۇمات ئۈچۈن كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 242 - ، 243 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(921) بۇ ھەقتە كۆيمەن: «ئەسكىرىي تەشكىلات»، 37 - بەتكە قارالسۇن.

(922) پەخرى مۇدەببىر، ئادابۇلھەرب ۋەششەجا. ئەھمەد سۇھەيلى خانسارى نەشرى، تېھران، 1346 ي، 323 - بەت.

(923) ئەينى ئەسەر، 285 - 324 - بەتلەر.

(924) ئەينى ئەسەر، 286 - بەت.

تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ ئىككەنلىكى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن.
يەنە بىر تەرەپتىن ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ دېيىشىچە، 1006 ـ
يىلى ئىلىگ ناسىر بىلەن يۈسۈپ قادىرخان خۇراساننى تارتـ
ۋېلىش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزۈپ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي بىلەن
ئۇرۇش قىلغان ۋە بۇ ئۇرۇشتا ئاخىرى يېڭىلگەن. ئۇرۇشتا
سۇلتان مەھمۇد قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا سېپىگە پىل
بىلەن ھۇجۇم قىلغان ۋە ئىلىگ ناسىرخاننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ
ئوتتۇرا سېپىنى (يۈرەك قىسمى) بۇزۇپ غەلىبە قىلغانىدى. بۇ
يەردە «يۈرەك» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىشى، قوشۇنلارنىڭ رەتلىنىشىدىن
قارىغاندا قوشۇننى «مەيمەنە ـ يۈرەك ـ مەيسەرە» شەكلىدە
تىزىشنىڭ مۇھىم ئىككەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (925). لېكىن ئەمەلـ
يەتتە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر خىل ئۇرۇش ھىيلىسىدىن سۆز
ئېچىلغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇشتا
ئەنە شۇنداق ھىيلىلەرنى ئىشلەتكەنلىكلىرى ۋە ساختا چېكىنىشمۇ
بولارنىڭ بىرى ئىككەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ ياخشى بىر قوماندانىنىڭ «قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر
بولۇشى كېرەك» (926) ۋە «ئەڭ ئاۋۋال ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشى
كېرەك» (927) دېيىشىمۇ ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلىتىشتىن زېرىكمەسـ
لىك كېرەكلىكىگە ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ناھايىتى
ئېتىبار بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دا دېيىشىچە، دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقماي
تۇرۇپ بىر مانېۋىر بىلەن ئوڭ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى
تۈركىي خەلقلەر «بۆگرۈلەمەك،» (928) يەنى «بىقىندىن ئۇرۇش»

(925) «ئەلكامىل» IX جىلد، 191 ـ، 192 ـ بەتلەر.
(926) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2312 ـ بېيىت.
(927) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2356 ـ بېيىت.
(928) كېلىسلى III، 245 ـ بەت؛ ئاتالاي III، 332 ـ بەت؛ «ئول ياغنى
بۆگۈرلەدى»



دەپ ئاتايتتى. بۇ ھەقتە مەلۇماتىمىز يوق. ئەمما بۇ مانېۋىرمۇ
ئاپاسەن دۈشمەننى ئالداش ئۈچۈن بولسا كېرەك.
قاراخانىيلار دۈشمەننىڭ سەپلىرىنى بۇزۇشنى «چەرىك
سۆكمەك»، دۈشمەننى تارقىتىۋېتىشنى «ياغى تارماق» (929)،
ياكى «ياغى سىماق» (930) دەپ ئاتايتتى. بۇ ئاتالغۇ باشقا
تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدە بولۇپمۇ سەلچۇقىيلاردا «سۆكمەن»،
«ياغى سىيان» دېگەن ناملار بىلەن ئىشلىتىلگەنىدى.
قاراخانىيلار ئۇرۇشتا ئاخىرىدا يېڭىلگەن ئارمىيىنى «سۈـ
سانچىلىدى (931)» ياكى «سۈسىندى (932)» دەپ ئاتايتتى.
غەلىبە قىلغان تەرەپنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ
قاچقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايتتى. بۇ قوغلاشنى «ياغى
سوقداماق (933)» دەپ ئاتىشاتتى. مەغلۇپ بولۇپ تۇتۇۋېلىنـ
غانلار «فىديە» (ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇش پۇلى) تۆلەيتتى. ئۇلار
بىرىنىڭ دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈشىنى «ئەر ياغىقا ئىلىندى (934)،»
ئەسىرنى بولسا «بولۇن (935)» ياكى «تۇتقۇن» دەيتتى (936).
بولۇپمۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدە ئەسىردىن قۇتۇلۇش پۇلى

(929) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2268 ـ بېيىت.
(930) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2272 ـ بېيىت.
(931) كېلىسلى II، 182 ـ بەت؛ ئاتالاي II، 231 ـ بەت.
(932) كېلىسلى II، 24 ـ بەت؛ ئاتالاي II، 29 ـ بەت.
(933) كېلىسلى III، 296 ـ بەت؛ ئاتالاي III، 400 ـ 1، «ئول
ياغنى سوقدادى».
(934) كېلىسلى I، 179 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 205 ـ بەت.
(935) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1438 ـ، 2388 ـ، 2402 ـ، 3640 ـ
بېيىتلەر؛ كېلىسلى III، 222 ـ بەت؛ ئاتالاي III، 301 ـ بەت.
(936) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 3345 ـ بېيىت؛ كېلىسلى I،
168 ـ بەت؛ ئاتالاي I، 194 ـ بەت.

ئۆلنىشى(937)، ئەسىرنىڭ پۇل بېرىپ قۇتۇلۇشى(938) ۋە قۇتۇلۇش پۇلى بېرىلگەنلەر(939) ھەققىدە سۆز ئېچىشى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭمۇ ئەسىر ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ مۇكاپاتلىنىشى(940) ھەققىدە سۆز قىلىشى، شۇ چاغلاردىكى ئۇرۇشلاردا خېلى كۆپ ئەسىر چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ۋە بۇلاردىن قۇتۇلۇش پۇلى بەرگەنلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قاراخانىيلار قۇتۇلۇش بەدىلىنى «يولۇغ» ياكى «يۇلۇغ»(941) دەپ ئاتايتتى. بۇ سۆز «ئازاد قىلىش»، «قويۇپ بېرىش»، «قۇتقۇزۇش» مەنىسىدىكى «يولىماق»(942) سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇرۇش تۈگىگەن چاغدا ئۇرۇش مەيدانىدا ۋە كېيىنچە قىلىنىدىغان ئىشلار ھەققىدىمۇ بەزى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ بۇ ۋاقىتتا شۇنداق دەيدۇ: «كىم يارامىلىق ئىش قىلسا ئۇنى تېزدىن مۇكاپاتلاش، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۈلدۈرۈش كېرەك. كىمكى بىر ئەسىر تۇتۇپ كەلسە، ماختاپ تارتۇقلاش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن خۇشال بولسۇن، ياردار بولغانلار بولسا بېقىپ داۋالات، ئەسىر چۈشكەنلەر بولسا قۇتۇلدۇرۇپ قايتۇرۇۋال. ئەگەر ئۆلگەنلەر بولسا قەدىرلەپ ئۇزات، بالا - چاقىلىرى بولسا ئۇلارغا ھەققىنى بەر. ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ سۆيۈنىدۇ ۋە جەڭ مەيدانىدا (سەن

(937) كېلىسلى III، 69 - بەت؛ ئاتالاي III، 97 - بەت،
(938) كېلىسلى III، 61 - بەت؛ ئاتالاي III، 85 - بەت.
(939) كېلىسلى III؛ 41: - بەت ئاتالاي III، 55 - بەت،
(940) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2399 - بېيىت.
(941) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 3640 - بېيىت.
(942) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2402 - بېيىت.



ئۈچۈن) جېنىنى پىدا قىلىدۇ(943).

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇرۇش باشلانغان چاغدىن تىكىپ ئۇرۇش داۋامىدا ۋە ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىن خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، ھۆكۈمدارنىڭ ياكى قوماندانىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. شۇنداقلا ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇش، ياردارلارنى داۋالاش بولۇپمۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىنى خانىۋەيرانلىقتا سالماسلىق، شۇنداق قىلىپ ئەسكەرلەرنى بالا - چاقىلىرىنى ئەندىشىدىن ساقلاپ قېلىشمۇ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

شۇ دەۋردە، مەيدان ئۇرۇشلىرىدىن باشقا بەزى - بەزىدە قەلئە ۋە شەھەرلەرنى قورشىۋالىدىغان ۋە بېسىۋېلىش بىلەن تۈگەيدىغان ئۇرۇشلارنىڭمۇ بولغانلىقى مەلۇم. غەربىي قاراخانىيلاردىن شەمسۇلمۇلكنىڭ ناسىرخاننىڭ تەخت تالاشقان ئىنىسى شۇئەيبكە قارشى تۇرۇپ بۇخارانى قورشىۋالغانلىقىنى بىلىمىز. «تارىخىي بۇخارا» دا شۇئەيبنىڭ ئىسمى ئاتالمىغان. بۇ كىتابتا دېيىلىشىچە، بۇ مۇھاسىرىگە ئېلىش جەريانىدا، مۇداپىئەچىلەرنىڭ سېپىلغا يانداش ئۇلۇغ مەسچىتنىڭ (ئەل - مەسجىدۇل - جامى) مۇنارىسىدىن ئوق ئېتىپ قورشىۋالغانلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن شەمسۇلمۇلك مۇنارغا ئوق ئېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. ئۈستى تاختايدا يېپىلغان مۇنارغا ئوت كېتىدۇ ۋە جامەگىمۇ تۇتىشىدۇ، ئاخىرىدا كۆيۈپ كېتىدۇ، شەمسۇلمۇلك بۇخاراغا ھاكىم بولغاندىن كېيىن جامەنى قايتىدىن سېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ(943). بۇنىڭغا قاراپ قاراخانىيلارنىڭ مۇھاسىرە قىلىش ئۇرنىغا

(943) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2398 -، 2404 - بېيىتلەر.
(944) تەپسىلاتى ئۈچۈن «نەرشاھي»، 76 - بەتكە قارالسۇن.

«ئەگىرمەك» ئىبارىسىنى ئىشلەتكەنلىكلىرىنى ۋە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنى «كەنت ئەگىرمەك»(945) دېگەنلىكلىرىنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتتۇق. مۇنداق مۇھاسىرە قىلىش ۋاقىتلىرىدا ياكى بىر دۈشمەن قوشۇنىنىڭ شەھەرگە يېقىنلاشقان ئەھۋال ئاستىدا، ھۆكۈمدار ياكى شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل بەگلەر يات ئادەملەرنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى توسۇش ۋە دۈشمەننى كۆزىتىش ئۈچۈن (ھەر ھالدا مۇنارىلەردە ياكى يوللارنىڭ ئۈستىدە)، كۆزىتىش ئورۇنلىرىغا مەخسۇس كۆزەتكۈچىلەرنى قوياتتى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇنداق تەدبىرلەرنى «يول كەرمەك» يەنى يول توسۇش دەپ ئاتىغانىدى(946). شەھەر ۋە قەلئەلەرنى مۇھاسىرە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قاراخانىيلار جامائىتى، قەلئەلەرنىڭ مۇنارىسىنى «ئۆكەك» ۋە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنارلىق سېپىللارنى «ئۆكەكلىك تام» دەپ ئاتىشاتتى(947). «تام» سۆزى شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا سېپىل، قەلئە، تام مەنىلىرىدە ئىدى.

«ياغىسىنى سانچىيان»(948) يەنى دۈشمەنلىرىنى يەڭگەن ھۆكۈمدار ياكى بەگ، ئۇرۇشتىن قايتقاندا خاس ئەسكەرلىرىدىن باشقا ئەسكەرلىرىنى يۇرتلىرىغا تارقىتىۋېتەتتى. بۇ «بەگ

(945) كىلىسلى I، 156 – بەتلەر، 210 – بەتلەر، 254 – بەتلەر، III، 316 – بەتلەر؛ ئاتالاي I، 178 – بەتلەر، 248 – بەتلەر، 302 – بەتلەر، III، 428 – بەتلەر.

(946) كىلىسلى II، 7 – بەتلەر؛ ئاتالاي II، 8 – بەتلەر: «بەگ يول كەردى.»

(947) 2154 – بېيىت. كىلىسلى I، 74 – بەتلەر، 135 – بەتلەر؛ ئاتالاي I، 78 – بەتلەر، 153 – بەتلەر. «تام» سۆزىنىڭ يۇلتۇز بۇرجلىرىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى، ساندۇق، تاۋۇت ۋە باشقا مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز.

(948) كىلىسلى III، 310 – بەتلەر؛ ئاتالاي III، 420 – بەتلەر.



سۈيىسىن ياسدى» (949) ياكى «بەگ سۈيسىن تاردى»(950) دېيىلەتتى، بۇ ئىككى ئىبارىمۇ بەگ ئەسكەرلىرىنى تارقاتتى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن قەلئە ۋە سېپىلنى قوغداشقا مەسئۇل ھەربىي كۈچلەر چوقۇم ئۆز قوماندانىنىڭ قول ئاستىدا ئۆز يەرلىرىدە قالاتتى. بۇ يەردىكى «ياتغاق» ئىبارىسىنىڭ ھۆكۈمدارنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن باشقا يەنە «قەلئە مۇھاپىزەتچىسى» مەنىسىدىمۇ كەلگەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

## 4. خەۋەرلىشىش

بىز كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى سەھىپىلىرىدە دۆلەتنىڭ چەت يەرلەرنى ئىدارە قىلىشتىن سۆز ئاچقىنىمىزدا ھۆكۈمدارنىڭ ئەمىر – پەرمان ۋە خەتلىرىنى تېزلىكتە ئۆز جايىغا يەتكۈزگۈچى «ئەشكىنچى»لەرنى ۋە بۇنىڭغا باغلىق بولغان پوچتا تەشكىلاتىنىمۇ تىلغا ئالغانىدۇق. بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكى چوقۇم. قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي گارنىزونلىرى ياكى مەيلى قەبىلە ۋە ئايماقلىرى، دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدىن تېزلىكتە خەۋەردار بولۇپ، قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ، ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ھەرخىل ئۆزگىرىشچان خەۋەرلىشىش ئۇسۇللىرىنى قوللانغانىدى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا دېيىشىچە، قاراخانىيلار تاغ چوققىلىرىغا ۋە باشقا ئېگىز يەرلەر-

(949) كىلىسلى III، 45 – بەت؛ ئاتالاي III، 59 – بەت.

(950) كىلىسلى III، 136 – بەت؛ ئاتالاي III، 180 – بەت.

گە «قارغۇي»(951) ياكى «قارغۇ(952)» دەپ ئاتالدىغان تۈۋر (مۇنار) غا ئوخشاش ئېگىز قۇرۇلۇشلارنى ياساتقان ۋە دۈشمەننىڭ كېلىشىنى مۇنارلارغا يېقىلغان ئوت ئارقىلىق بىلدۈرگەندى.

## C. تەشكىلات، ئەمەل ۋە دەرىجىلەر

### 1. ھەربىي قىسىملار ۋە قوماندانلارنىڭ ئۇنۋانلىرى

قاراخانىيلار قوشۇنىدا تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ قانداق ئۇنۋان بېرىلەتتى؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئەڭ تۆۋەن ھەربىي قىسىمدىن پۈتۈن ئارمىيىگىچە قانداق ھەربىي ئۇنۋانلار يولغا قويۇلغانىدى؟ بۇ ھەقتە مەلۇماتىمىز كۆپ ئەمەس. پەقەت ئېينى زاماندىكى قاراخانىيلار قوشۇنىدا ھۇنلار زامانىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلاردا يۈرگۈزۈلگەن ئونلۇق سىستېمىسىنىڭ،(953) ھېچ بولمىغاندا تۆۋەن دەرىجىدىكى قىسىملاردا يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەزى خاتىرىلەر بار. مەلۇم بولۇشىچە، ئەڭ كىچىك ئەسكىرىي قىسىم «ئوتاغ» ئىدى. بۇنى باشقۇرىدىغان باشلىقنى «ئوتاغباشى»(954) دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئۇنۋان غەزنەۋى

(951) كېلىنسلى Ⅲ، 183 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 141 - بەت.

(952) كېلىنسلى I، 356 - بەت؛ ئاتالاي I، 426 - بەت.

(953) بۇ ھەقتە كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» 200 - بەتكە قارالسۇن.

(954) مەيلى يۇسۇپ خاس ھاجىپ مەيلى مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان ياكى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئون ئوتاغ توپەيلىدىن تىلغا ئالغان بۇ ئۇنۋاننىڭ بولغانلىقى بولۇپمۇ يەركەن رايونىدا يېزىلغان يەر - زېمىن سېتىش ھۆججەتلىرىدە ئۇچرىشىدۇ. (خوئارت، Actes Trois 617 - 615 - بەتلەرگە؛ ش. تېكىن، A·g·e، 165 - 162 - بەتلەرگە قارالسۇن).



ۋە سەلچۇقىيلار(955) تەشكىلاتىدا قوللىنىلغانلىقىدىن، ئانچە - مۇنچە تەلەپپۇز ۋە مەنا جەھەتتە ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ يەنىلا ئىلخانىيلار، قارا قويلۇقلار ۋە مەملۇكلەر تەشكىلاتىدىمۇ قوللىنىلغانىدى(956).

ئوتاغ بېشىنىڭ قانچە كىشىلىك ئەسكىرىي قىسىمغا باشلىق بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بىراق ئىسمىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك بۇ ئۇنۋاندىكى بىر ئوفىتسېرنىڭ ئوتاغ توشقىدەك ئەسكەرگە يەنى 8 — 10 كىشىلىك بىر چېدىرغا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ ئەھۋال ئاستىدا ئوتاغ بېشى، بۈگۈنكى ئونبېشىلىققا (بەنجاگغا) ئوخشايدۇ(957). پەقەت قاراخانىيلار قوشۇنىدىمۇ تۆۋەنجى ھەربىي ئۇنۋاننى كۆرسىتىدىغان ئوتاغ بېشىنى پىكىرىمىزچە «ئونبېشى» دېگەنگە قارىغاندا، مەملۇكلەردىكى «ئونلار

(955) نىزامۇلمۈلك: «سىياسەتنامە»، 112 - بەت. سۆز بۇ يەردە «ۋۇساق (اوتاق) باشى» شەكلىدە بولسىمۇ، بۇنىڭ تۈركچىسى «ئوتاغ (اوتاغ) باشى» ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ ھەقتە تايرىمچە كۆيمەن: «ئەسكىرىي تەشكىلات» 40 - بەتكە؛ ھەسەن ئەنۋەرى، A ·g ·e، 214 - بەت؛ ش. تېكىن، A ·g ·m، 175 - 176 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(956) ئۇنۋاننىڭ ئىلخانىيلاردا «ۋۇشاق»، قارا قويلۇقلاردا «ئوشاق» ياكى «ۋۇشاق» شەكلىدە ئوخشىمىغان ساراي خادىملىرىغا؛ مەملۇكلەردە «ئوشاق» ۋە «ئوچاقى» شەكىللىرىدە ۋە مىراخورنىڭ قارمىقىدىكى ئات باققۇچىلارغا بېرىلگەنلىكى ھەققىدە ئۇزۇن چارشىلى: «مەدخەل»، 183 — 189 — 274 - 338 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(957) كۆيمەن: «ئەسكىرىي تەشكىلات» 41 - بەت.

ئەمىرلىرى» گە ئوخشىتىش ھەر ھالدا توغرا بولسا كېرەك(958).

شۇنىڭدىن كېيىن ھايىل بولۇپ، بۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىنى «ھايىل باشى(959)» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، «ئون ئوتاغ» دەپ ئاتىلىدىغان قىسىم كېلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ قول ئاستىدا «ئون ئوتاغ» بارلىقى ئېنىق بولغان بۇ ئوفىتسېرگە قانداق ئۇنۋان بېرىلگەنلىكى مەلۇم. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ بەزى جايلىرىدا «ھايىل» ۋە «ھايىل» باشىدىن سۆز ئاچقان بولسىمۇ، ئون ئوتاغدىن بىرلا يەردە سۆز ئېچىپ ئۆتكەن. ئۇ ئۇنىڭغا ئائىت خاتىرىسىدە شۇنداق دەيدۇ: «تەگىر ئەرسە ھىل، يا ساڭا ئون ئوتاغ، ئەلىگ تارغۇ مالىن قىلىچ تۇتغۇ ياغ» (ئەگەر ساڭا ھايىل ئون ئوتاغلىق باشلىقلىق ئۇنۋانى تېگىپ قالسا، مال ـ دۇنيا تارقىتىپ

(958) ئوتاغ باشىنىڭ (ۋىساق باشى) ئۆسۈشى ماۋزۇسىدا نىزامۇلمۇلكنىڭ «سىياسەتنامە» سىدە ئورۇن ئالغان قەيتلەرگە قارىغاندا قوۋۋۇق خىزمەتكە يېڭى ئېلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن دەپتەرگىمۇ يېڭى يېزىلغان بىر غۇلامغا تۆت يىل تورلۇك خىزمەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن، بەش يىلدا ساقىيلىق بېرىلىپ، زىياپەتلەردە قەدەھ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنالايتتى. 6 ـ يىلى جامەدارلىق قىلاتتى. 7 ـ يىلدا 16 قوۋۇرغىلىق بىر تېرەكلىك چېدىر ۋە قالىرىمىقىغا يېڭى تىزىمغا ئېلىنغان ئۈچ غۇلام بېرىلىپ، ئوتاغ باشى قىلىناتتى («سىياسەتنامە»، 112 ـ بەت). دېمەك، ئوتاغ باشى ئىدىشچىلىق ۋە جامەدارلىق خىزمەتلىرىنى قىلغاندىن كېيىن بۇ ئورۇنغا ئىگە بولاتتى. بۇگۈنكى ئوتاغ باشى (بەنجاق) غا تەڭ ئىدى. قىلىدىغان ئىشى ۋە ئىگىلىگەن ئورنى جەھەتتىن مەملوكلەردىكى ئونلار باشلىقىغا ئوخشايتتى.

(959) غەزنەۋىيلەر ۋە سەلجۇقىيلار ئەسكىرىي تەشكىلاتىدىمۇ بولغان بۇ ئۇنۋان ئىگىسىنىڭ نامى «بەيھەقى»دە پۈتۈنلەي ھايىلباشى شەكلىدە كۆرسىتىلگەن بولۇپ (ھەسەن ئەنۋەرى. A·g·e، 131 ـ بەت) ئەسلىنىڭ ھايىلباشى ئىكەنلىكى ئېنىق. ھايىلباشىلىق دەرىجىسىنىڭ XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولغىنىدەك، XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ بىر ئۇنۋان بولۇپ قوللىنىلغانلىقىغا دائىر خۇئارت، Trois Actes، 623 ـ بەتكە قارالسۇن.



قىلىچ، ئوقيانى قولغا ئېلىشىڭ كېرەك)(960). ئىپادىدىنىمۇ مەلۇم بولۇشىچە ئون ئوتاغ ھايىلدىن كېيىنكى يەنى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئەسكىرىي قىسىمنى كۆرسىتەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ باشلىقىغا بېرىلگەن ئۇنۋان ھەققىدە ھېچقانداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس. باشقا ئۇنۋانلارغا قاراپ بۇنىڭ ئون ئوتاغنىڭ باشلىقى بولغانلىقىنى تەخمىن قىلالايمىز. لېكىن كەسكىن بىر نەرسە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز، پەقەت شۇنىسى ئېنىقكى، قاراخانىيلار قوشۇنىدىكى تۆۋەنكى قىسىملار تەشكىلاتىدا ئون ئوتاغدىن (80 دىن 100 كىشىگىچە) تەشكىل قىلىنغان بىر قىسىمنىڭ بارلىقى مەلۇم. شۇڭلاشقا، بىر ئەسكىرىي قىسىمغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە بىز «يۈز بېشى» دەپ تەرىپلىگەن ئوفىتسېرنىمۇ مەملۇكلەر قوشۇنىدىكى «يۈزلەر ئەمىر باشى»غە ئوخشىتىش خاتا بولمىسا كېرەك. ئوتاغدىن كېيىنلا بۇ ئون ئوتاغنىڭ كېلىشى، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك قاراخانىيلار قوشۇنىدا، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ھەربىي تەشكىلاتنىڭ ئاساسى بولغان ئونلۇق سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوتاغ بىلەن ئون ئوتاغنىڭ تەركىبلىرىنى تەخمىنەن بولسىمۇ مۇشۇ شەكىلدە مۇقىملاشتۇرالايمىز. ئەمدى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ھايىل» نىڭ تەركىبىدە قانچىلىك كىشى بار ئىدى؟ ياكى «ھايىل باشى» قانچە كىشىلىك قىسىمغا رەھبەرلىك قىلاتتى؟ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشكىمۇ مۇمكىن بولمىدى. ئەمما تارىخىي مەنبەلەردە زاماندىش سەلجۇقىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلاتىدا ھايىل بېشىنىڭ قول ئاستىدىكى قىسىمنىڭ 10 دىن 50 كىچە ئەسكەردىن تەركىب تاپقانلىقى ۋە بۇنىڭ تەخمىنەن 20 — 25 كىشىلىك بىر ئەسكىرىي قىسىم بولۇش

(960) 4139 ـ بېيت.

مۇمكىنلىكى كۆرستىلگەن(961). ئەمما قاراخانىيلار قوشۇنىدىكى هەربىي تەشكىلاتىنىڭ، سەلچۇقىيلاردىكى هەربىي تەشكىلاتتىن پەرقى بار ئىدى. چۈنكى سەلچۇقىيلاردا «ئوتاغ بېشى»، «هايىل بېشى» ۋە «هاجىپ» شەكلىدە كۆرستىلگەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلاردىن هاجىپ 50 كىشىلىك بىر ئەسكىرىي قىسىمغا رەهبەرلىك قىلاتتى(962)، هالبۇكى، قاراخانىيلاردا «ئوتاغ بېشى»، «هايىل بېشى» ۋە «ئون ئوتاغ بېشى» (؟) دەپ كۆرستىلگەن بۇ قاتارەكى ئون ئوتاغدا 80 — 100 كىشىنىڭ بولۇشى لازىم ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ قاراخانىيلاردىكى هايىل بېشىنىڭ قول ئاستىدا 40 — 50 كىشىلىك بىر بۆلۈم ئەسكەر بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىمىز. «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ تەرجىمىسىدە رەشىت رەهمەتى ئارات هايىل بېشىنى ئەترەت باشلىقى (پەيجاڭ) دەپ ئاتىغان.

لېكىن شۇنىمۇ كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، شۇ دەۋردە «هايىل» سۆزى سانى ئېنىق بولغان هەربىي قىسىم ئۈچۈن قوللىنىلغاندىن باشقا بەزى ئەڭ كىچىك هەربىي قىسىمدىن كورپۇسقا قەدەر هەر دەرىجىلىك هەربىي قىسىملارنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئىبارە ئورنىدىمۇ قوللىنىلغان. يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» قوۋۇقچىبېشىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنى «هىل ۋە قولداش» دەپ تىلغا ئالغاندا(963)، بۇ يەردە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنى ۋە باشقا ئەتراپىدىكى خادىملىرىنى نەزەردە تۇتقاندەك، بۇ، سانى ئېنىق بولمىغان ئادەملەر توپىنى

(961) كۆيمەن: «ئەسكىرىي تەشكىلات» 41 - بەتكە قارالسۇن.
(962) ئەينى ماقالە كۆرستىلگەن يەر.
(963) 2559 - بېيىت.



ئىپادىلەيتتى. ئۇ يەنە ئۆز ئەسىرىنىڭ ئارمىيە قوماندانى هەققىدىكى بۆلۈمىنىڭ بىر يېرىدە هايىل باشىنى سۇ باشى مەنىسىدە قوللىنىش بىلەن(964)، هايىلنىڭ توپتوغرا بۈگۈنكى «ئەسكىرىي بىرلىك» (هەربىي قىسىم) مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن نىزامۇلمۇلك ئوتاغ باشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بىرى هەققىدە سۆزلەپ كېلىپ «يېڭىدىن يېزىلغان ئۈچ كىچىك غۇلام ئۇنىڭ هايىغا (قىسمىغا) قويۇلىدۇ ۋە بۇنىڭغا ئوتاغ بېشى (ۋشاق باشى) دېگەن ئاتاق بېرىلىدۇ»(965) دېيىش بىلەن بەزىدە ئۈچ - تۆت كىشىلىك كىچىك بىر گۇرۇپپىنىمۇ هايىل دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرستىپ ئۆتكەنىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، ئون ئوتاغ باشلىقلىقىدىن كېيىن، سۇ بېشىلىق كېلىدۇ. بىزنىڭچە بۇ ئۇنۋان ئەمىر مەنىسىدە بولسا كېرەك. قاراخانىيلارنىڭ هەربىي سىستېمىسىدا سۇ باشى «پۈتۈن ئارمىيىنىڭ قوماندانى — باش قوماندان» دېگەن مەنىدە كېلەتتى. «سۇ باشى» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى «قوشۇننىڭ قوماندانى» دېگەنلىكتۇر(966). XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەركەن رايونىدا يېزىلغان يەر خەتلىرىدە، خەتكە قول قويغانلار ئىچىدە بىردىن ئارتۇق سۇ باشىنىڭ بولغانى

(964) 2323 - بېيىت.
(965) «سىياسەتنامە»، 112 - بەت.
(966) سۇ باشى سۆزىنىڭ يەنە بىر ۋاريانتى ئەل - خارەزمىي تەرىپىدىن «ساهىبۇل جەيش» دەپ كۆرستىلگەن بولۇپ (مەفاتىهۇلئۇلۇم، گ. ۋان ۋلوتېن نەشرى، 120 - بەت، بۇنىڭ پارسچە ۋاريانتى ئەينى دەۋر مەنبەلىرىدە «سىپەهسالار» قىلىپ يېزىلغان (بارتولد: «تۈركىستان»، 229 243 - ن 7 - بەت). «سىپەهسالار». ئومۇمەن ئارمىيە قوماندانى دېيىلگەن بولسىمۇ (هەسەن ئىدنېرى. A.g.e، 132 - بەت)، ئەمما باش قوماندان دەپ كۆرستىلمىگەن.

لىقى بۇ نۇقتىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ(972). ئومۇمەن پۈتۈن ئارمىيىگە ھۆكۈمدار قوماندانلىق قىلىدىغان شۇ دەۋردە، بىرلا باش قوماندانىنى تىلغا ئېلىشمۇ بىزنىڭچە توغرا ئەمەس. ئەمما قىلىدىغان ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ ھەر قانداق بىر يەرگە ئەۋەتىلىدىغان قوشۇنغا ھۆكۈمداردىن باشقا شاھزادە ياكى بىر سۇ باشى قوماندانلىق قىلاتتى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا سۇ بېشىنىڭ دۆلەت باش قوماندانى بولمايدىغانلىقى ئېنىق گەپ.

سۇ باشىلىرىنىڭ ئەمرىدىكى ھەر بىر كۈچنىڭ سانى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىشكىمۇ مۇمكىن بولمىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىكى «دۈشمەن قوشۇنلىرىنى يەڭگەن قەھرىمان ئۈچۈن 4000 ئەسكەرلىك قوشۇن يېتىدۇ»،(973) 12 مىڭ

(967) ھىجرىيە 508 -، (1114/511) يىلىدىكى بىر يەر - زېمىن سېتىش ھۆججىتىدە يەرنى سېتىۋالغۇچى زاتنىڭ نامى بىزچە چاۋلى سۇ باشى شەكلىدە ئوقۇلۇشى لازىم. شۇ ھۆججەتنىڭ شاھىتلىرى ئارىسىدا سۇلايمان يۇغرا سۇ باشى، مەسئۇد تاۋىل (؟) سۇ باشى ۋە ئۆمەر سۇ باشى ئورۇن ئالغان (خۇئارت، Trois Actes، 624 -، 622 - بەتلەر؛ يەنە ش. تېكىن، A·g·m، 164 -، 162 - بەتلەر). بۇ يەردىمۇ ھىجرىيە 473 - (1080/81) يىلىدىكى بىر IV (ۋە V) نومۇرلۇق يەر سېتىش ھۆججىتى ئۈستىدە بەگتوزۇن سۇ باشى بىلەن ئەلى سۇ باشى ناملىرى بار. شۇ دەۋرگە ئائىت تارىخسىز بىر ھۆججەتتە بولسا ئارسلان سۇ باشى نامى يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قاراپ يالغۇز بىرلا سۇ باشى بارئىدى، دېيىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولسىدى، يەركەن ئەتراپىدا بۇنچىلىك سۇ باشىلارنى تىلغا ئالماسلىققا توغرا كېلەتتى. شۇڭلاشقا ش. تېكىننىڭ قاراخانىيلاردا سۇ باشىنىڭ باش قوماندان ئىكەنلىكى توغرىلىق ئىپادىسى (178 - بەت) توغرا بولماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇيغۇر دۆلىتىدە سۇ باشىنىڭ بىر كىشى ياكى بۇ ئۇنۋاننىڭ بىردىن ئارتۇق كىشىلەرنىڭ قوللانغانلىقى ئېنىق. سەلجۇقىيلار دەۋرىدە رايونلارنىڭ ھەربىي ۋالىيلىرىنى سۇ باشى دېگەنلىكلىرىمۇ مەلۇم (ف. سۈمەر، «ئوغۇزلار» 52 - بەت).

(968) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2335 - بېيىت.



ئەسكەرلىك قوشۇن چوڭ قوشۇن ھېسابلىنىدۇ»(969) دېگەن خاتىرىلەر سۆز بېشىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوشۇنلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى بىلەن ۋە ئەڭ يۇقىرى چېكىنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي قاراخانىيلاردىن ئارسلان خاننىڭ 12 مىڭ كىشىلىك بىر مەملىكەت قوشۇنىنىڭ بولغانلىقىغا دائىر بۇندارىنىڭ خاتىرىسىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.(970) زامانداش سەلجۇقىيلاردا ئەمىرلەر قوماندانلىق قىلغان ھەربىي قوشۇنلاردا ئەڭ ئاز بولغاندا 4000، ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭ كىشى بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشمۇ(971) بۇ نۇقتىدا بىزنى مۇئەييەن پىكىرگە ئىگە قىلىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردە، 80 — 100 كىشىلىك بىر ھەربىي قوشۇن بولغان ئون ئوتاغدىن كېيىنلا 4000 بىلەن 10 — 12 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قىسىملار ھەققىدە سۆز ئېچىلغان. ئەمدى ئون ئوتاغنىڭ ئىگىسى بولغان ئوفىتسېرنى، مەملىكەتلەردىكى يۈزلەر ئەمىرىگە ئوخشاش، شۇنداقلا «مۇقەددەمى — ئەلف» يەنى 1000 كىشىلىك بىر قوشۇننىڭ قوماندانى دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، قوشۇنلار قاتارىدىكى بۇ بوشلۇق توشقۇزۇلغان بولىدۇ. ئەمما يەنىلا ئۇ زاماندىكى ئارمىيىلەردە بۈگۈنكى ئارمىيىلەردىكىدەك ئىنتايىن كۆپ تۆۋەن دەرىجىلىك قىسىملارنىڭ بولغانلىقى ئېنىق. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئوتاغلار توپلىنىپ ھايىل ۋە ئون ئوتاغلارنى، ھايىل ۋە ئون ئوتاغلار بىرلىشىپ ئارمىيىنى تەشكىل قىلغاندەك تۇرىدۇ.

(969) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2334 - بېيىت.

(970) ئايرىمچە سەدرۇددىن ئەل - ھۈسەينى، ئاخبار، 64 - بەت.

(971) كۆيمەن، «ئەسكىرىي تەشكىلات»، 42 - بەتكە قارالسۇن.

## 2. باش قوماندانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» دە، ئارمىيىگە قو-
ماندان قىلىپ ئەۋەتىلىدىغان ئادەمنىڭ، يەنى سۇ بېشىنىڭ
قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى لازىملىقى ئاساسلىق ۋە-
زىپىلىرىنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەققىدە بەزى مە-
لۇماتلارنى بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ تېمىدىكى پىكىرلىرىمۇ چوقۇم
شۇ دەۋرنىڭ ھۆكۈمرانلىق چۈشەنچىسىنى تەسۋىرلىگەنلىكى
ئۈچۈن بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئارمىيىگە قوماندانلىق
قىلىش، قوشۇننى جەڭ قائىدىلىرىگە بويسۇندۇرۇش، شۇنىڭ
بىلەن دۈشمەننى يېڭىشنى بىلىش ئىنتايىن چوڭ بىر ئىش.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئىشقا تەيىنلىنىدىغان ئادەمنىڭ تولىمۇ بەك
تاللىنىشى يىرىنچىدىن، قاتتىق قول، تەجرىبىلىك ۋە يۈرەكلىك
بولۇش لازىم(972). ئىككىنچىدىن، ياخشى بىر قوماندان سې-
خىي، جەسۇر، ياخشى مەرگەن، كەمتەر بولۇشى ۋە ئۇنىڭ داس-
تىخىنى ئوچۇق بولۇشى كېرەك. سېخىي بولسا، ئېسىل كىشىلەر
ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ. شۇڭا، سۇ باشى ماللىرىنى ئەسكەرلەرگە
ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشى ۋە بۇ يول بىلەن ئەتراپىغا كۆپلەپ
دوست (يولداش) ۋە قوراللىق يولداش (ئەردەش) لەرنى توپ-
لىشى لازىم. ئۆزىگە بىر ئات، بىر قۇر كىيىم ۋە بىر قانچە

(972) 2271 - بېيىت. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇش-
تا قورقۇنچاق كىشىلەرنىڭ كېرىكى يوق، چۈنكى قورقۇنچاقلار خوتۇن كىشىلەر-
گە ئوخشايدۇ. ئۇرۇشتا قوشۇننى بۇزىدۇ. بۇنداق قورقۇنچاق كىشىلەر دۈش-
مەننى كۆرسىلا ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ (2283 -، 2284 -، 2326 - بېيىتلەر).



خىل قورال قالدۇرۇشى، بالا - چاقىلىرىنىڭ غېمىنى يەپ مال
يىغىناسلىقى كېرەك ياكى مۈلۈك (يەر، سۇ) ۋە باغ - ۋارانلارنى
قىلىمەن دەپ پۇل توپلىماسلىقى لازىم، مەشھۇر بولۇپ جاھانغا
داڭق چىقارسىلا بولىدۇ. ئۇ بارلىق ئارزۇسىنى قىلىچى بىلەن
تېپىشى، ئۇرۇپ ئېلىشى، ئالغانلىرىنى ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بېرىپ
بەگلىك بىلەن شۆھرىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. سېخىيلىق بىلەن
ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەر
بىر سەپداشلىرىغا يېڭىۋېلىپ - ئىچكۈزۈشى، كىيدۈرۈپ - ياسان-
دۇرۇشى ۋە ئۇلارغا كۆپلەپ ئات، قورال، ئوغۇل - قىز (قۇل -
كېنىزەكلەر) نى ئېھسان قىلىشى كېرەك(973). چۈنكى بىر نەرسە
ئېلىشنى ئادەت قىلىۋالغانلار بېخىلنىڭ ئەتراپىغا
توپلانمايدۇ(974).

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر-
نىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل
قىلىدىغان تويغۇزۇپ ئىسسىق كىيىندۈرۈش، ئەتراپىدىكىلەرنى
باياشات قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خۇددى پارول ھالىغا
كەلتۈرۈلگەن «ئۇر، ئال، تارقات» پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشى،
ھۆكۈمدار باشلىق بارلىق دۆلەت خادىملىرىدىن شۇنداقلا سۇ
بېشى (قوماندان) دىن كۈتۈلىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلەر ۋە
ئۇلار ئورۇندىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

قوماندانىدىن كۈتۈلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى،
ئۇ، ئۇيياتلىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇيياتلىق قوماندان ئۆز
شەرىپى ئۈچۈن دۈشمەنگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ۋە ئۆچىنى ئال-
ماستىن يانمايدۇ، شۇنداقلا ياخشى بىر قوماندان ئېھتىياتچان
ۋە كەمتەر بولۇشى، مەغرۇر بولماسلىقى كېرەك. مۈلايىم ۋە كەم-

(973) 2274 -، 2280 - بېيىتلەر.
(974) 2325 - بېيىت.

تەر كىشىنى خەلق سۆيىدۇ. ئارمىيە قوماندانى كەمتەر بولماستىن ئۆزىنى چوڭ تۇتسا، بۇ تەكەببۇرلۇقى يۈزىسىدىن ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويىدۇ — دە، دۈشمىنىدىن چوقۇم دەككىسىنى يەيدۇ. قوماندانىنىڭ نام چىقىرىشى ۋە شۆھرەت قازىنىشى ئۈچۈن جەسۇر ۋە مەرد بولۇشى بىلەن بىللە ھەيۋەتلىك، ساقال - چېچى چۈشۈرۈلگەن بولۇشى ھەم لازىم. قوماندان سىياسەتنى ياخشى بىلىشى كېرەك، چۈنكى، ئارمىيىنى باشقۇرۇپ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، سىياسەتكە زور ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ(975).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يۇقىرىقىلاردىن كېيىن دۈشمەنگە قارشى يۈرۈشكە ئاتلىنىپ، ئارمىيىسىنى دانالىق بىلەن باشقۇرۇپ ئىدارە قىلالايدىغان بىر سۇ بېشىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بەش-ئالتە خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى مۇنداق ئوخشىتىش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

— ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇشتا يولۋاسنىڭ يۈرىكىدەك، تۇتۇشقاندا بىلىكى قاپلاننىڭ بىلىكىدەك بولۇشى كېرەك؛

— توڭگۇزدەك تەرسا، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەكدەھشەتلىك ۋە قوتازدەك ئۆچ ئالغۇچى بولۇشى كېرەك؛

— قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر، بۇغرا تۆگىدەك ئاداۋەتچى بولۇشى كېرەك. ھىيلىگەرلىك ۋە قۇۋلۇقنىڭ يوللىرىنى بىلىشى كېرەك. چارىسىنى تاپقۇچىغا يولۋاسمۇ باش ئېگىدۇ؛

— ئۆزىنى سېغىزخاندىن سەگەك تۇتۇشى، قىيا قۇزغۇنىدەك ھەر دائىم يىراقنى كۆزىتىشى كېرەك؛

— غەيرەتتە ئارسلاندەك بولۇشى، كېچىلىرى ھۇقۇشتەك ئويغاق تۇرۇشى لازىم؛

(975) 2290 — 2300 - بېيىتلەر.



— سۆزى راست بولۇشى، دېگىنى ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. ئادەم بۇ خىل سۈپەتلەر بىلەن جەڭچى ۋە ئۆز ئىشىنىڭ ئەھلى بولالايدۇ. جەڭچى ھەر قاچان قورال تۇتىدۇ. ئۇ دۈشمەننى يوقىتىدۇ ۋە غەلىبە قىلىدۇ(976).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە ھىيلە ۋە قۇۋلۇق ئىشلىتىش بىلەن ئېھتىيات قىلىش، دۈشمەننى يېڭىشتە قوللىنىش شەرت بولغان ئىككى قورالغا ئوخشايدۇ(977). يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇنداق بىر قوماندان ئۈچۈن ئەسكەر كۆپ ئەمەس، ئاز، ئەمما خىل ئەسكەر يېتەرلىك بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ، بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «ئەسكەرلەر خىل بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ قوراللىرىمۇ مۇكەممەل بولۇشى كېرەك، قوشۇن سانى كۆپ بولسا ئوڭايلىق بىلەن ئىنتىزامغا بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ ۋە يامان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قوشۇن سانىنى كۆپەيتمەي، ئەسكەرلەرنى خىل قىلىش كېرەك. ئاز ئەمما مۇنتىزىم بىر قوشۇن سانى كۆپ قوشۇندىن ياخشى»(978). ھەتتا ئۇنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئادەملەر تاللانغان، قوشۇن قوراللانغان بولسۇن» ۋە «كۆپ ئەسكەر ئورنىغا خىللانغان ئەسكەرنى تەلەپ قىل، ئەسكەر كۆپ بولغاندىن كۆرە، خىللانغان ۋە تولۇق قوراللانغان بولسۇن» دېگەن ئىككى ماقالىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشى(979)، ئۇيغۇرلاردا بۇ چۈشەنچىنىڭ ئۇزۇن بىر تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ چۈشەنچە يۈزىسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەدىمكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئارمىيىنىڭ تەركىبى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

(976) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2310 —، 2347 - بېيىتلار.
(977) 2556 —، 2557 - بېيىتلەر.
(978) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2331 —، 2333 —، 2336 —، 2340 - بېيىتلار.
(979) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2337 —، 2339 - بېيىتلار.

## D. قوراللار

قەشقەرلىك مەھمۇد بىلەن بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن مەلۇم بولۇشچە، ئەينى زاماندىكى قاراخانىيلار ئارمىيىسىدە ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىدىن: ئوقيا بىلەن قىلىچ، پالتا، نەيزە ۋە خەنجەر؛ قوغدىنىش قوراللىرىدىن: قالقان، ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا بار ئىدى. لېكىن نىزامى(980) ئارۇزى بىلەن سەدرىددىن ئەل - ھۇسەينىنىڭ خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشچە، گۈرزىمۇ قاراخانىيلارنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىدىن بىرى ئىدى، بۇ نۇقتا ئۇلار بىلەن سەلچۇقىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي تاكتىكا پەرقىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن(981). ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ مۇھاسىرە ئۇرۇشلىرىدا مەنجىناق ئاررادە ۋە باشقا قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكى چوقۇم بولسىمۇ، بۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

قاراخانىيلاردا قورال مەنىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك «تولۇم»(982) سۆزى قوللىنىلاتتى، قوللىنىشنى «تولۇم مانىماق»(983) دەيتتى. يەنە قوراللىق بىرىنى «تولۇملۇغ ئەر»(984) دەپ ئاتىشاتتى.

(980) «ئاخبارۇد — دەۋلەتىس - سەلچۇقىيە» 411 - بەت.
(981) كافەس ئوغلى: «مەلىكشاھ»، 28 ن، 43 - بەتلەرگە قارالسۇن.
(982) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1381 -، 2332 - بېيتلەر؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى» كىلىسلى I، 412 - بەت، II، 221؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئاتالاي I، 489 - بەت، II، 266 - بەت.
(983) كىلىسلى، II، 25 - بەت؛ ئاتالاي، 30 - بەت.
(984) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2337 - بېيت.



شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «تولۇملۇغ ئەر» دېگەن سۆز ھەر خىل قورال بىلەن قوراللانغان ئەسكەرنى ئىپادىلەيتتى. چۈنكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بېشىدا دۇبۇلغا، ئۈستىدە ساۋۇت بولمىغان ئەسكەرنى «باشناق ئەر»(985) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

### 1 - ئوق ۋە يا

ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كېلىنگەن ئوقيا ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر تارىخىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەينى ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ دەۋردە مەخسۇس ئوقيا ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەرمۇ بولغان. قاراخانىيلار ياخشى ئوق ئاتقۇچى مەرگەنلەر بىلەن ئارمىيە ۋە ئوق (ئوقيا) بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلارنى ئوقچى دېيىش بىلەن بىللە، ئوق ياسىغۇچىلارنىمۇ «ئوقچى»(986) دەپ ئاتىشاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقنى ياخشى ئاتىدىغان مەرگەنلەرنى «ئاتىم» ياكى «ئاتىم ئەر»(987) دەپمۇ ئاتىشاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قەھرىمان بولۇش بىلەن تەڭ، ئاتىم بولغان بىر ئادەمنىڭ سارايدىكى ئوقچىلار ۋە ياچىلار قاتارىغا كىرەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەندەك(988)، قوماندانىمۇ مۇشۇنداق

(985) كىلىسلى I، 388 - بەت؛ ئاتالاي I، 466 - بەت.
(986) كىلىسلى II، 157 - بەت؛ ئاتالاي II، 199 - بەت.
(987) كىلىسلى I، 71 - بەت، III، 280 - بەت؛ ئاتالاي I، 75 - بەت، III، 379 - بەت.
(988) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 4048 - بېيت

ئاھىدىلىكلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلغانىدى(989).

ئوق قىلىش ئۈچۈن كېسىلىپ تەييارلانغان تاياقلار «قوغۇش(990)» دەپ ئاتىلاتتى. قوغۇشنىڭ ئوق ھالىتىگە كەلتۈرۈلگىچە بولغان جەريانغا كەلسەك، مەلۇم بولۇشىچە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچىغا ئۇچلۇق تۆمۈر بېكىتىلەتتى. قاراخانىيلار «باشاق(991)» دەپ ئاتايدىغان بۇ ئۇچلۇق تۆمۈر ئالدى بىلەن تېشىلەتتى ۋە ئوقنىڭ ئۇچى بۇ تۆشۈككە تىقىلاتتى ھەم مەھكەم ئورنىتىلاتتى. باشاقنىڭ ئوق ئۇچى كىرگەن بۇ تۆشۈك قىسمى «بورى» ياكى «باشاق بورىسى» دەپ ئاتىلاتتى(992). ئۇنىڭدىن باشقا ئوقنىڭ تاياقچە قىسمى بىلەن باشقىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، باشاقنىڭ ئۈستىگە دەل كېلىدىغان بىر ئىنچىكە تېرە قاپلىناتتى، بۇ تېرە «تىلى» دەپ ئاتىلاتتى(993). بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنى ھەم كۆرسىتىپ ئۆتەيلى، بۇ باشاقلاردىن بەزىلىرى زەھەرلىك بولاتتى ۋە باشقى زەھەر بىلەن سۇغىرىلغان بۇ ئوقلار «قاتۇتلۇغ ئوق»(994) دەپ ئاتىلاتتى.

ئوقنىڭ ئارقىسىغا يىپىشتۇرۇلىدىغان ۋە نىشانغا تېگىشنى

(989) «قۇتادغۇ بىلىگ»، 2043 –، 2274 – بېيىتلەر.

(990) كىلىسلى I، 308 – بەت؛ ئاتالاي I، 369 – بەت.

(991) كىلىبىلى I، 316 – بەت، II، 13 – بەت، 102 – بەتلەر؛ ئاتالاي I، 378 – بەت، II، 14 – 129 – بەت.

(992) كىلىسلى III، 166 – بەت؛ ئاتالاي III، 220 – بەت.

(993) كىلىسلى III، 176 – بەت؛ ئاتالاي III، 233 – بەت.

(994) كىلىسلى II، 227 – بەت؛ ئاتالاي II، 284 – بەت.



قولايلاشتۇرىدىغان پەيلەر «يۈگ» دەپ ئاتىلاتتى(995). ئومۇمەن ئۈچ خىل بولىدىغان ۋە ئوقنىڭ نىشانغا تېگىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان بۇ پەيلەرنى ئوققا يىپىشتۇرۇشنى «يەلىملەمەك» دەيتتى ۋە بۇ ئىبارىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، يىپىشتۇرۇش ئىشىدا قوللىنىلىدىغان يىپىشتۇرغۇچنى «يەلىم»(996) دەپ ئاتىشاتتى. ئوقلارغا يىپىشتۇرۇلىغان بۇ پەيلەرنىڭ بەزىلىرى تۇم بولاتتى. بۇ خىل تۇم يۈلەك (يەلەك) لىك ئوقلارنى «قاپايۈگلۈگ ئوق»(997) دەپ ئاتىشاتتى. ئوققا يۈگ ۋە باشاقتىن تاشقىرى، «سوقىم» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل نەرسە ئورنىتىلاتتى. مەھمۇد قەشقەرى «سوقىم» سۆزىنى «بىر ياغاچنىڭ پارچىسى قارىغاي غوزىسى شەكلىدە كېسىلىپ ئىچى ئويۇلىدۇ. ئۈچ تەرىپىدىن تېشىلىپ ئوقنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ(998)» دەپ ئىزاھلىغانىدى. ئۇ سوقىمنىڭ نېمە مەقسەتتە ئورنىتىلىدىغانلىقىنى دېمەيدۇ. بىزنىڭچە بۇ، ياسىلىش شەكلىگە قارىغاندا ئىسقىرتقاندەك بىر خىل ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن ئوقنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان بىر نەرسە بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقلەردە ئومۇمىيۈزلۈك «ۋىژىلدايدىغان ئوق» دەپ تەرىپلىنىدىغان ۋە ئېتىلغان چاغدا ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ئوقلارنىڭ بارلىقى قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تەسۋىرلىنىپ

(995) كىلىسلى III، 163 – بەت؛ ئاتالاي III، 217 – بەت.

(996) كىلىسلى III، 81 – بەت، 233 – بەت؛ ئاتالاي III، 115 – بەت، 343 – بەت.

(997) كىلىسلى III، 163 – بەت؛ ئاتالاي III، 217 – بەت.

(998) كىلىسلى I، 333 – بەت؛ ئاتالاي I، 8 – بەت، 397 – بەتلەر.

كېلىنمەكتە(999). مۇشۇنداق بىر خىل ئاۋازنىڭ «سوقىم» ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ياردىمى بىلەن چىقىرىلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئوق ياساش ئۈچۈن كېسىلگەن قوغۇشلار يوغ باشاق ئورنىتىلىشتىن بۇرۇن ياكى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ھەر ھالدا پۇختا بولۇش ئۈچۈن باغلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ، بۇنى «قوۋشاماق»(1000) دەپ ئاتىشاتتى.

قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي قىسىملىرىدا ئوق ئېتىش مەشقىنى يېڭىدىن باشلىغانلارغا، بەزى ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باشاقسىز ئوق ئاتتۇراتتى. ئۇچىدا باشاق ئورنىدا يۇمىلاق بىر ياغاچ پارچىسى بولغان بۇ ئوقلار «قالۋا»(1001) ۋە «ئۇلۇن»(1002) دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلاتتى. بۇنداق ئوقلار ئادەتتىكى نورمال ئوقلارغا نىسبەتەن يېنىك بولۇپ، يىراقلارغا بارالايدىغان بۇ ئوقنىڭ ئايرىم بىرخىل ئېتىلىش شەكلى بار ئىدى، ئاتقۇچى بۇنداق ئوقنى ئوكدىسىغا يېتىپ ئاتاتتى. مەھمۇد قەشقەرى بۇ خىل ئوق ئېتىشقا «چۇرام»، ئېتىلغان ئوققا بولسا «چۇرام ئوقى(1003)» دەپ نام بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئوققا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىبارىلەرگە كەلسەك، ئوقنىڭ كەينىگە پەي يېپىشتۇرۇشنى «ياپچۇرماق» ياكى «ياپشۇرماق»(1004) دەپ ئاتىلاتتى؛ ئوق بىلەن چەنلەشنى «كەزلەمەك» ياكى «كەزگەرمەك»(1005)، ئوقچىنىڭ ئەگرى ئوقنى تۈزىتىشنى «ئوق كۆنگەرمەك»(1006)، ئوقنىڭ باشقىنىڭ تاشقا ياكى باشقا قاتتىق جىسىملارغا تېگىپ قايرىلىپ كېتىشىنى تېگىلمەك»(1007) نەدىن كەلگەنلىكى ۋە كىمنىڭ ئاتقانلىقى نامەلۇم ئوقنى بولسا «ئازۇق ئوق»(1008) دەپ ئاتايتتى. بۇ — XI ئەسىردىكى قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي قورال - ياراق تېخنىكىسىنىڭ قانچىلىك سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ياغا كەلسەك، ئوققا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان قاراخانىيلارنىڭ ئوقنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە گەپ يوق. ئەينى زاماندىلا «يا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «يا» ئاساسەن ئەگمەچ ياغاچ ۋە ئوقنى ئاتىدىغان كىرىچتىن تۈزۈلەتتى. يانىڭ كىرىچى، بۈگۈنكى تەلەپپۇزغا يېقىنراق كېلىدىغان «سىنغىر(1009)» دەپ ئاتىلاتتى. ياغا كىرىچ ئورنىتىشنى «يا سىنغىرلەمەك» دەيتتى.

---

(999) بۇ ھەقتە كافەس ئوغلى: «تورك مللي مەدەنىيتى»، 141 — 242 — بەتلەرگە قارالسۇن.

(1000) كېلىسلى II، 282 — بەت؛ ئاتالاي III، 350 — بەت.

(1001) كېلىسلى I، 357 — بەت؛ ئاتالاي I، 426 — بەت.

(1002) كېلىسلى I، 74 — بەت، 131 — بەت؛ ئاتالاي I، 78 — بەت، 148 — بەت.

(1003) كېلىسلى I، 348 — بەت؛ ئاتالاي I، 412 — بەت.

(1004) كېلىسلى III، 69 — بەت، 76 — بەت؛ ئاتالاي III، 97 — بەت، 8 — بەت، 108 — بەتلەر.

(1005) كېلىسلى II، 155 — بەت؛ II، 222 — بەت؛ ئاتالاي II، 196 — بەت، III، 300 — بەتلەر.

(1006) كېلىسلى II، 156 — بەت. ئاتالاي II، 196 — بەت.

(1007) كېلىسلى II، 13 — بەت. ئاتالاي II، 14 — بەت.

(1008) كېلىسلى I، 63 — بەت. ئاتالاي I، 66 — بەت.

(1009) كېلىسلى III، 300 — بەت. ئاتالاي III، 407 — بەت.

ئەگىم يانىڭ ئوتتۇرىسى «باغىر» ياكى «يا باغرى»(1010) دېيىلەتتى. يانىڭ بۇ باغىر قىسمىلىرىغا شىر تېرە ئورىلىپ ئۇنى ھەم چىڭىتقانلىقى، ھەم ئۇنى ئالغاندا تۇتۇشنى ئاسانلاشتۇرغانلىقى مەلۇم. يالارنىڭ بۇ باغىر قىسمىغا ئورالغان شىر تېرە «توز»(1011) دەپ ئاتىلاتتى. مەسىلەن: دەدە قورقۇت داستانلىرىدىكى «ئاغچا توزلۇ قاتى يايلار» دېگەن جۈملىدىمۇ «توز» سۆزى يالارغا ئورالغان تېرىلەرنى كۆرسىتىدۇ(1012). «يا باغلىماق» دېگەن سۆز، يانىڭ باغىر قىسمىنى تۈزەش ياكى رېمونت قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

يانىڭ تۈرلىرىگە كەلسەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن نورمال يادىن باشقا «قارۋى يا»(1013) دەپ ئاتىلىدىغان ئىنچىكە بىر خىل يا بىلەن «يەتەن (1014)» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاياقچە يانى بىلىمىز. بۇ يانىڭ نېمە ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، بۇنداق يا ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىۋاتقانلار ئىشلىتىدىغان بىر خىل يا بولۇشى مۇمكىن.

يانىڭ كىرىچىنى ئاجرىتىشى «يا يازماق»(1015) ياكى «يا ياسماق (1016)» دېيىلەتتى(1017). قاراخانىيلارنىڭ ئەسكەرلىرىدە

(1010) كېلىسلى I، 301 - بەت. ئاتالاي I، 360 - بەت.
(1011) كېلىسلى III، 88 - بەت. ئاتالاي III، 123 - بەت.
(1012) ف. سومەر «ئوغۇزلار» 396 - بەت.
(1013) كېلىسلى III، 181 - بەت. ئاتالاي III، 239 - بەت.
(1014) كېلىسلى III، 16 - بەت. ئاتالاي III، 21 - بەت.
(1015) كېلىسلى III، 53 - بەت. ئاتالاي III، 73 - بەت.
(1016) كېلىسلى III، 57 - بەت. ئاتالاي III، 78 - بەت.
(1017) كېلىسلى I، 287 - بەت. ئاتالاي I، 343 - بەت.



ئوق ۋە يالارنى ئېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئوقدانلار ۋە يا قاپچۇقلىرى بولاتتى. قاراخانىيلار ئوق سېلىنىدىغان قاپچۇقلارنى «كېش»(1018) دەپ ئاتايتتى. قاراخانىيلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان بۇ ئاتالغۇلار غەزنەۋىيلەر ۋە سەلچۇقلار قوشۇنىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانىدى(1019). مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «كېش» نى «قاپقاقلىق بىر قاپ» دەپ كۆرسەتكەنلىكىدىن بەزى ئوقدانلارنىڭ نورمال ئوق بويىدىن ئۇزۇن ياسىلىدىغانلىقى ۋە تېز ھەرىكەت جەريانلىرىدا ئوقلارنىڭ تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاپقاق ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەسكەرلەر يالىرىنى قاپ ئىچىگە سېلىپ يۈرەتتى ۋە بۇنى «ياسىغ»(1020) دەپ ئاتايتتى. ئەمما

(1018) كېلىسلى III، 91 - بەت. ئاتالاي III، 126 - بەت.
(1019) دەپتەرگە يېگىدىن يېزىلغان بىر ئەجەملىك غۇلامنىڭ ئۈچ يىل تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، كېش بولالايدىغانلىقىغا دائىر «سىياسەتنامە»، 112 - بەتكە قاراڭ. ئايرىمچە ھەسەن ئەنۋەرى، A. g. e. 145 - بەت. يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئوغۇزلار ۋە قىپچاقلار ياقېپىنى «قۇرمان» دەپ ئاتايتتى ۋە ئوق ھەم يا سېلىش ئۈچۈن قوللىنىشقا ئەپلىك ياسالغان ئوقدانغا «كىش قۇرمان» دەپ نام بەرگەنىدى (كېلىسلى III، 13 - بەت، 37 - بەت ئاتالاي III، 16 - بەت، 50 - بەت)، «كىش قۇرمان» نىڭ يەنى ھەم ئوقلۇق ھەمدە يانى ساقلاشقا يارايدىغان يالغۇز قاپ شەكلىنىڭ غەزنەۋىلەر بىلەن سەلچۇقىيلار قوشۇنىدا قوللىنىلغان - قوللىنىلمىغانلىقىنى بىلمەيمىز. پەقەت كىش ۋە قۇرمانىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئوق ۋە يا قېپى بولۇپ قوللىنىلغانلىقىنى بىلىمىز. («سىياسەتنامە»، 112 - بەت؛ ھەسەن ئەنۋەرى، A. g. e. 147 - بەت. سىياسەتنامە) دە ھەسەن ئەنۋەرىنىڭ ئەسىرىدە سۆزلەر «كېش» ۋە «قۇربان» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ خاتا كۆچۈرۈلگەندىن بولغان. توغرىسىنىڭ «قۇرمان» بولىدىغانلىقى ئېنىق.
(1020) كېلىسلى III، 13 - بەت، 37 - بەت؛ ئاتالاي III، 16 - بەت، 50 - بەت.

بۇنىڭ باشقا بىر خىلىنى «قۇرۇغلۇغ» دەپ ئاتايتتى. يەنە ئۇلار بەزى يا ۋە ئوقلارنى ئايرىم قاپچۇقلارغا سالماستىن بىر قاپنىڭ ئىچىگە سېلىپمۇ يۈرەتتى. بۇ شەكىلدە ياسالغان قاپلارنى «كىش قۇرۇغلۇغ»(1021) دەيتتى. «قۇرۇغلۇغ» دېگەن ئىسىمدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، ئۇيغۇرلار يا كىرىچلىرىنى يامغۇر ۋە باشقا نەمliكلەردىن ساقلاش ئۈچۈن يالىرىنى مۇشۇنداق قاپلار ئىچىدە ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغاندا نورمال ئەھۋاللاردا يالارنىڭ مۇنداق قاپلار ئىچىگە سېلىنىشى ھەرىكەت قىلىشتا ئەپسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

### 2. سىڭگۈ (نەيزە)

«سىڭگۈ» سۆزىنىڭ، شۇ دەۋردە نەيزە مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم(1022). قاراخانىيلار سىڭگۈنىڭ ئۇچىدىكى تۆمۈرنى ئوقنىڭ ئۇچىدىكى تۆمۈرگە ئوخشاش «باشاق» دەپ ئاتايتتى(1023). سىڭگۈگە باشاق تاقاشنى«سىڭگۈ باشاقلاماق»،(1024) باشاق ئورنىتىلغان سىڭگۈنى «باشاقلىق سىڭگۈ»(1025) دەيتتى.

(1021) كىلىسلى I، 419 – بەت؛ ئاتالاي I، 508 – بەت.
(1022) كىلىسلى III، 272 – بەت؛ ئاتالاي III، 368 – بەت.
(1023) كىلىسلى III، 249 – بەت؛ ئاتالاي III، 377 – بەت.
(1024) كىلىسلى II، 210 – بەت؛ ئاتالاي II، 264 – بەت.
(1025) كىلىسلى I، 411 – بەت؛ ئاتالاي I، 497 – بەت.



باشاقنى ئورنىتىش جەريانى ئوقda ئورنىتىلغان بىلەن ئوخشاش بولۇشى چوقۇم. ھەم سىڭگۈ، ھەم ئوقلارغا ئورنىتىلغان بىر خىل يېپنى باشاقنى «ياسىج» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم(1026). ئۇرۇشتا ئىككى كىشىنىڭ بىر – بىرى بىلەن نەيزىلىشىشىنى سىڭگۈلەشمەك» دەپ ئاتايتتى(1027). يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە سىڭگۈدىن باشقا(1028) يەنە «سىتا» سۆزىنى يازغان بولۇپ، بۇنى رەشىد رەھمەتى ئارات «نەيزە» دەپ تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ.(1029) بۇ ھەقتە ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز يوق. سىڭگۈ بويىنىڭ بەزىدە ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى قىلىپ قوللىنىلغانلىقى ۋە بۇنى «سىڭگۈ تۇرقى»(1030)، يەنى بىر سىڭگۈ بويىچىلىك دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ بۇ ئۇزۇنلۇقنىڭ مىقدارىنى ئېنىق بىلمەيمىز. م. ئا. كۆيمەن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىڭگۈلىرىنىڭ (نەيزە) قىسقا ۋە يېنىك ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى(1031).

### 3. قىلىچ

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر پولاتنى تاۋلاپ قىلىچ سوقۇش ئىشىنى «قىلىچ توقىماق» (سوقماق)(1032)

(1026) كىلىسلى III، 6 – بەت؛ ئاتالاي III، 8 – بەت.
(1027) كىلىسلى III، 292 – بەت؛ ئاتالاي III، 394 – بەت.
(1028) 2376 – بېيىتكە قارالسۇن.
(1029) 4895 – بېيىت. ئەجەبا «جىدا» نىڭ بىر شەكلىمۇ؟
(1030) كىلىسلى I، 292 – تەت؛ ئاتالاي I، 349 – بەت.
(1031) كۆيمەن: «ئەسكىرىي تەشكىلات» 44 – بەت.
(1032) كىلىسلى II، 249 – بەت؛ ئاتالاي II، 308 – بەت.

دەپ ئاتىشاتتى. ئەينى زاماندىكى قاراخانىيلاردا سوقۇلۇپ ئىشلىتىلگەن قىلىچلارنىڭ شەكلى، ئۇزۇنلۇقى، ئېغىرلىقى ۋە باشقا جەھەتلىرى ھەققىدە كۆپ بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. سەدىرىددىن ئەل - ھۇسەينى شەمسۇلمۇلك ناسىرخاننىڭ سۇلتان مەلىكشاھقا ئۇنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن 50 مەن ئېغىرلىقتىكى بىر توپۇز (توپقا ئوخشاش بىر خىل قورال) بىلەن ئون مەن ئېغىرلىقتىكى بىر قىلىچنى ئەۋەتىپ «بىز بۇ قىلىچ بىلەن سوقۇشمايمىز. ئوينايمىز...» دەپ خەۋەر بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى(1033). لېكىن بۇ سىمۋول خاراكتېرىدە بولۇپ، ئۇنى ئۆلچەم دەۋالغىلى بولمايدۇ. قىلىچنىڭ ھەر خىل قىسىملىرىغا بېرىلگەن ئاتالارغا كەلسەك: قىلىچنىڭ تۇتقۇچى «قىلىچ سېپى» دەپ ئاتىلاتتى. قىلىچنى سايىلاش «قىلىچ سايلىماسلىق» دېيىلەتتى(1034). قىلىچنىڭ ئۈستىدىكى يول شەكلىدىكى ئويۇقنى «قول» ياكى «قىلىچ قولى»(1035) دەپ ئاتايتتى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆپ ھاللاردا بۇ ئويۇق ئالتۇن بىلەن زىننەتلىنەتتى. قىلىچنى ئاسراشقا بولۇپمۇ پارقىرىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن قىلىچ «تۇتۇقلىنىدۇ»،(1036) يەنى داتلىشىپ كېتىدۇ. مۇنداق چاغلاردا بەزى پارقىراتقۇچى ماددىلار بىلەن قىلىچنىڭ دىتى سۈرتۈلۈپ تازىلىناتتى ۋە پارقىرىتىلاتتى. بۇنى «قىلىچ

(1033) «ئاخبارۇد - دەۋلەتىس - سەلجۇقىيە»، 41 - بەت.

(1034) كېلىسلى Ⅱ، 277 - بەت، Ⅲ، 219 - بەت؛ ئاتالاي Ⅱ، 344 - بەت، Ⅲ، 396 - بەت.

(1035) كېلىسلى Ⅱ، 98 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 134 - بەت.

(1036) كېلىسلى Ⅱ، 96 - بەت؛ ئاتالاي Ⅱ، 116 - بەت.



قۇنىيالماق(1037)» دەيتتى، دېگەنىدى.

قىلىچنىڭ ۋە پىچاقلارنىڭ سايلىرى «سۇرقاچ(1038)» دەپ ئاتىلىدىغان لۆك - دەرىخىنىڭ يېلىمى بىلەن بىر دكتۇرۇلەتتى. قىلىچلار بىلەن پىچاقلار غىلاپلاردا ساقلىناتتى. غىلاپ شۇ زامانىدا «قىن» دەپ ئاتىلاتتى(1039). قىلىچنىڭ قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىنىشى «سۇچلۇنماق(1040)»، قىنىدىن چىقىرىلغان قىلىچ بولسا ھازىرقىدەك «يالىڭ قىلىچ(1041)» دەپ ئاتىلاتتى. قىلىچنى ئېيىشنى، ھەرقانداق قورال بىلەن قورالىنىش مەنىسىدىكى «مانىماق» سۆزىدىن ئېلىپ «قىلىچ مانىماق» دەيتتى(1042). قىلىچ غىلاپى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ياساشتا، ياغاچنى ياكى لازىملىق ماددىلارنى ئويۇش ئۈچۈن ئۇيۇي ئەگرى «ئەكدۈ(1043)» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل پىچاق ئىشلىتىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ كۆپ يېرىدە قىلىچنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ئەينى زاماندىكى سوقۇشلاردا قىلىچنىڭ قانچىلىك كەڭ تارقالغان قورال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ(1044).

## 4. پالتا

يۇقىرىدىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇرۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا پالتا ھەققىدە

(1037) كېلىسلى Ⅲ، 207 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 277 - بەت.

(1038) كېلىسلى Ⅰ، 379 - بەت؛ ئاتالاي Ⅰ، 454 - بەت.

(1039) كېلىسلى Ⅰ، 285 - بەت، Ⅲ، 221 - بەت؛ ئاتالاي Ⅰ، 339 - بەت، Ⅲ، 299 - بەت.

(1040) كېلىسلى Ⅰ، 195 - بەت؛ ئاتالاي Ⅱ، 246 - بەت.

(1041) كېلىسلى Ⅲ، 275 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 373 - بەت.

(1042) كېلىسلى Ⅱ، 156 - بەت؛ ئاتالاي Ⅱ، 197 - بەت.

(1043) كېلىسلى Ⅰ، 112 - بەت؛ ئاتالاي Ⅰ، 125 - بەت.

(1044) 1736 - 2055 2138 - 2144 - بېيىتلار.

كۆپ سۆز ئېچىشى، بۇ قورالنىڭمۇ تەينى زاماندىكى قاراخانىيلار قوشۇنلىرىدا كەڭ تارقالغان بىر قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پىكرىمىزچە بۇ، قاراخانىيلار قوشۇنلىرىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى بولۇشى مۇمكىن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خاتىرىلىرىمۇ بۇ جەھەتتىن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. چۈنكى بىز سەلچۇقىيلار قوشۇنىدىمۇ «ناجاقچىلار» (ناجاھداران(1045) ) دەپ ئاتىلىدىغان قىسىملارنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ھالەتتىمۇ، بۇ قورالنىڭ سەلچۇقىيلار زامانىدىكى ئۇرۇشلاردا چوڭ رول ئوينىغانلىقىغا دائىر مەلۇماتىمىز يوق. ھالبۇكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ئۇرۇش جەريانىدا دۈشمەن سەپلىرى بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندە قىلىچ ۋە پالتا بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاندىن باشقا، «قىلىچ بىلەن پالتا مەملىكەتنىڭ ساقچىسى»،(1046) «قىلىچ ۋە پالتا بىلەن دۈشمىنىنى يەڭگەن...(1047) »، «قىلىچ بىلەن پالتىنى ئۆزۈڭنى قوغدىغۇچى قىل(1048) »، «بەزىلەر ئۇرۇشتا قىلىچ بىلەن پالتا يەر(1049) » ۋە «قىلىچ، پالتا، ئوقيا، كۈچ ۋە جاسارەت بولسىلا باتۇر مال ئۈچۈن ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك»(1050) دېگەندەك ئىپادىلەرنى كۆرسىتىشى، پالتىنىڭ قانچىلىك كەڭ تارقالغان بىر خىل قورال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئەمما شۇ دەۋردە قورال ئورنىدا ئىشلىتىلگەن پالتىنىڭ شەكلى ۋە باشقا جەھەتلىرى ھەققىدە بىر نەرسە دېگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز.

(1045) كۆيمەن: «ئەسكىري تەشكىلات» 39 - بەت: «ناجاھداران».
(1046) 2140 - بېيىت.
(1047) 2141 - بېيىت
(1048) 2143 - بېيىت.
(1049) 1736 - بېيىت.
(1050) 2055 - بېيىت.



### 5. خەنجەر

ئۇرۇش قوراللىرى ئارىسىدىكى خەنجەرگە كەلسەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار شىۋىسىدە بۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان «بۆگدە» سۆزىنى ئۇچرىتىمىز(1051). ئەمما «بۆگدە» نىڭ شەكلى ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيمىز. مەلۇم بولۇشىچە، «بۆگدە» نىڭ سېپىمۇ «سۇرساق» دەپ ئاتىلىدىغان لۆك دەرىخىنىڭ يىلىمى بىلەن چاپلاشتۇرۇلغان ۋە بۇنىڭ ئۈستىدىمۇ قىلىچتا بار بولغان قول، يەنى نوتبولاتتى. بەزىدە بۆگدەنىڭ ئورنىدا، بۆگدەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «پىچەك» (پىچاق(1052) ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قورال ئىشلىتىلەتتى. بۇ ئىسمنىڭ پىچىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېنىق. پىچاققا غىلاپ (قىن) ياساشنى «پىچەك قىناماق(1053) » ياكى «قىنلاماق» دەپ ئاتايتتى(1054).

### 6. توپۇز (گۇرزە)

مەيلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەيلى مەھمۇد قەشقەرى توپۇز ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن بولسىمۇ، قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى ئىچىدىمۇ توپۇزنىڭ بارلىقىنى پەقەت نىزامى - ئارۇزى غەربىي قاراخانىيلاردىن خىزىرخان ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ

(1051) كېلىسلى I، 350 - بەت: ئاتالاي I، 418 - بەت.
(1052) كېلىسلى III، 210 - بەت: ئاتالاي III، 265 - بەت.
(1053) كېلىسلى III، 204 - بەت: ئاتالاي III، 273 - بەت.
(1054) كېلىسلى III، 221 - بەت: ئاتالاي III، 299 - بەت.

ھەرقانداق بىر يەرگە ماڭغاندا، ئىتتىنىڭ ئالدىدا باشقا قوراللاردىن سىرت، 700 ئالتۇن ۋە كۈمۈش گۈرزە (توپۇز) ئېلىپ يۈرگەنلىكىنى بايان قىلغانىدى. سەدرىددىن ئەل - ھۈسەيىنىمۇ «شەمسۇلمۇلۈك خان سۇلتان مەلىكشاھنى قورقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 50 مەن ئېغىرلىقتا بىر توپۇز ۋە ئون مەن ئېغىرلىقتا بىر قىلىچ ئەۋەتىپ: «بىز بۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشمايمىز، ئوينايمىز. بۇ توپۇز ساۋۇتنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىدۇ، بىز بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى خەۋەرنى ئەۋەتكەنىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن مەلىكشاھمۇ ئاتقا مىنىپ مەيدانغا چىقىدۇ ۋە ئۇ توپۇزنى يەتتە قېتىم ئېتىشىدىن ئايلاندۇرغاندىن كېيىن 80 قەدەم نېرىغا ئاتىدۇ. قىلىچ بىلەن بىر ئۇرۇشتا تۆگىنىڭ بويىنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خاننىڭ ئەلچىخانىسى ئالدىغا بىر ياينى تاشلاپ: «بىزگە قامچا بىلەن ئوق - يالا يېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن» دەپ يازغانىدى(1055). ئاخبارنىڭ بۇ خاتىرىسىنى قىسمەتلەندۈرگەن ئى. كافەس ئوغلى: «بۇ مىسالدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي تاكتىكىسىدىكى پەرق بايان قىلىنغان» دەيدۇ(1056). كافەس ئوغلىنىڭ بۇ سۆزى سەلچۇقىيلارنىڭ قوشۇنىدىمۇ «دەببۇس - داران»، «گۈرز - داران» ۋە «ھاراتەكىنى - داران» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغان توپۇزچىلارنىڭ بار ئىكەنلىكى، بۇ قورالنىڭ قاراخانىيلار قوشۇنىدا تېخىمۇ كەڭ قوللىنىلغانلىقى ۋە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

---

(1055) «ئاخبارۇددەۋلەتىس - سەلچۇقىيە»، 41 - بەت.
(1056) كافەس ئوغلى: «مەلىكشاھ» 28 - بەت.



## 7. دۇبۇلغا

دۇبۇلغا ھەققىدىمۇ ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز يوق. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنىشىچە، شۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار دۇبۇلغىنى «ئىشۈق»(1057)، بەزىدە «يىشۈق»(1058) دەپ ئاتىشاتتى. قارشى كەلگەن زەربىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن باشقا كىيىدىغان بۇ تۆمۈر قالپاقنىڭ ئۈستىدا، باشنى ئاغرىتماسلىق ئۈچۈن يۇڭدىن توقۇلغان، «كەدۈك»(1059) دەپ ئاتىلىدىغان بۆك كىيەتتى.

## 8. ساۋۇت

ئۇيغۇرلار ساۋۇتنى ئومۇمىيۈزلۈك «يارىق»(1060) دەپ ئاتىشاتتى. لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى خاتىرىسىگە قارىغاندا، بۇ يەنە «قۇياغ» ئىبارىسىنىمۇ ئىشلەتكەتتى(1061). لېكىن «قۇياغ» ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق. يارىققا كەلسەك، بۇنىڭ ئاساسەن ئىككى خىل بولىدىغانلىقى مەلۇم. بۇلاردىن ساۋۇت شەكلىدىكىنى كۆبە (كۆپە - ئۆرمە) «يارىق»،(1062) كۆكرەكنىلا يېپىپ تۇرىدىغىنىنى «ساي يارىق(1063) » دەپ ئاتىشاتتى. «ساي»

---

(1057) كېلىسلى I، 64 - بەت؛ ئاتالاي I، 67 - بەت.
(1058) كېلىسلى Ⅲ، 37 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 50 - بەت.
(1059) كېلىسلى I، 327 - بەت؛ ئاتالاي I، 390 - بەت.
(1060) كېلىسلى Ⅲ، 12 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 15 - بەت.
(1061) 3036 - بېيىت.
(1062) كېلىسلى Ⅲ، 163 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 217 - بەت.
(1063) كېلىسلى Ⅲ، 118 - بەت؛ ئاتالاي Ⅲ، 158 - بەت.

سۆزىنىڭ «تۈز» مەنىسىنى بىلدۈرۈشىگە قارايدىغان بولساق، بۇنىڭ كۆكرەكنى ياپىدىغان تۈز بىر پارچە قويىاق ئىكەنلىكى مەلۇم. «زىرھ» شەكلىدىكىگە كەلسەك، «ئۆرىمە» سۆزىنىڭ ئىپادىلەپ بەرگىنىدەك، ھەر ھالدا ئۆرۈلگەن مىتال كىيىم بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ھەقتىمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قارىشىچە: «ئەرنىڭ يارىقلىنىشى» ساۋۇتنى كىيىشنى ئىپادىلەيتتى. «يارىقلىق ئەر» دېيىشتىن مەقسەت ساۋۇتقا ئىگە، زىرھى بار ئادەمنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت(1064) . XI ئەسىردە ساۋۇتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئومۇملاشقان بىر مۇداپىئە قورالى بولغانلىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردە تۆمۈرچىلىكنىڭ خېلىلا بۇرۇنلاردىن تارتىپ تەرەققىي قىلغانلىقى، زىرھنىڭمۇ خېلى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر قورال ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پىكرىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەمما ھەممىلا ئەسكەر زىرھ كىيگەن دېيەلمەيمىز. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بېشىدا دۇبۇلغىسى، كۆكرىكىدە زىرھى بولمىغان ئەسكەرنى «باشناق ئەر» دەپ ئاتىغانلىقىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

## ٩. قالقان

بىز توختىلىۋاتقان دەۋردە «قالقان» دەپ ئاتالغان بۇ قورالمۇ(1065) تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇشلاردا قوللانغان ئاساسلىق ئۇرۇش قوراللىرىدىن بىرى ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى-

---

(1064) كىلىسلى III، 37 - بەت: ئاتالاي III، 49 - بەت؛
(1065) «قۇتادغۇ بىلىگ» 3288 -، 4895 - بېيىتلەر؛ كىلىسلى I، 368؛ ئاتالاي I، 441.



نىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بايان قىلىنىشىچە، ئۇرۇشتا دۈشمەندىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ھەر خىل قورالنى «تۇرا قالقان» دەپمۇ ئاتىغان(1066) . بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە دېيىشىچە، «تۇرا» سۆزى كۆپرەك سۈپەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ(1067) . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۇرا قالقان» سۆزىنى ئىزاھلاپ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردە مېتالدىن سوقۇپ ياسالغان قالقاندىن باشقا تېرىدىن ياسالغان قالقاننىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىمۇ ئېھتىمال. لېكىن بۇ ھەقتە كەسكىن بىر نەرسە دېيىشكە بولمايدۇ.

يەنە ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەردە بىرىنىڭ قالقانىنى ئۆزىگە دالدا قىلىشىنى «قالقان ياپىناق»(1068) دېيىلەتتى. بۇ سۆز، سولاپ قويۇش مەنىسىدىكى «ياپماق» (1069) سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قالقان بىلەن توسۇۋېلىش مەنىسىدىكى «قالقان ياپىنماق» ئىبارىسى ئاناتولىدىمۇ ئۇزۇن ئىشلىتىلگەن ۋە ئوسمانىلار زامانىسىدىكى ھەربىي خاتىرىلەردىمۇ ئورۇن ئالغانىدى(1070) .

---

(1066) كىلىسلى III، 167 - بەت؛ ئاتالاي III، 221 - بەت.
(1067) 1736 - بېيىت.
(1068) كىلىسلى III، 59 - بەت؛ ئاتالاي III، 82-بەت.
(1069) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنىڭ بەزى يەرلىرىدە مەسەرنى مۇنۇ مەنىدە قوللىنىدۇ. (1563 - بېيىتتە قاپۇغ ياپتى=قوۋۇقنى ياپتى=قوۋۇقنى ئەتكۈزدى؛ 4003 - بېيىتتە ياپىلمىش قاپۇغ=ياپتۇرۇلدى قوۋۇق؛ 3232 - بېيىتتە ياپار بۇ قاپۇغ=قوۋۇقنى ئەتكۈزەر).
(1070) مەسىلەن: «دۇستۇرنامەئى ئەنۋەرى» دە: «چونكى پاشا چەكدى قىلىچ دەپنۇر - ئېرىشۈر كۇففارە قالغان ياپنۇر» شەكلىدىكى بېيىت بۇنى ئۇچۇق قويماقتا (ئى. مېلىكوۋ سايار Le Destan D'umr Pacha، 51 - بەت: ئەۋلىيا چەلەبىنىڭ «سىلاھە ياپىندىلەر» شەكلىدىكى قەيتى ئۈچۈن «سىياسەتنامە»، IX جىلد، 270 - بەتكە قاراڭ).

XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قاراخانىيلار قوشۇنىدا ئىشلىتىلگەن قوراللار ھەققىدە دەپ بېرەلەيدىغانلىرىمىز مۇشۇلاردىن ئىبارەت. ئىشلەتكەن قورشىۋېلىش قوراللىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن بۇ تېمىنى تاماملاشتىن بۇرۇن، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلىش تەدبىرى ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم بولغان باشقا بىر خىل قورالنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمىز. بۇ بولسىمۇ «قىلىچ قامچا». بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دە تىلغا ئالغان(1071) بۇ ئىسىم ھەققىدە ھەرقانداق ئىزاھات بەرمىگەن. مەھمۇد قەشقەرى بولسا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇنى «ئىچىدە قىلىچى بار قامچا»(1072) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ ئىزاھاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدىكىلەر ھەر ھالدا ئىككى پارچە قىلىپ ياسىغان قامچا سېپىنىڭ ئىچىگە كىچىك بىر قىلىچنى ئورناتقان بولۇشلىرى ۋە ھەر ئېھتىمالغا قارشى يانلىرىدا بۇ قورالنى ئېلىپ يۈرگەن بولۇشلىرى مۇمكىن. بۇ بىز تەتقىق قىلىۋاتقان دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

(1071) 2354 - بېيىت.

(1072) كېلىسلى I، 350 - بەت؛ ئاتالاي I، 417 - بەت.



## خاتىمە

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش، تۈركىي خەلقلەردە ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىدارە ئىشلىرى جەھەتتىكى سالاھىيىتى ۋە ھەقلىرىنىڭ ئىلاھىي مەنبەلىك بولغانلىقى، يەنى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى شەكلىدىكى چۈشەنچىنى قاراخانىيلارمۇ پۈتۈنلەي جانلىق ھالدا ساقلىدى ۋە داۋام قىلدۇردى. دەۋرنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئۇلاردىكى دۆلەت ۋە سىياسىي ئىتتىقاد ئۇقۇملىرىمۇ ئومۇمەن قەدىمكى ئەنئەنىنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ ئىپادىلەندى. شۇ شەكىلدە ھۆكۈمدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك باتۇرلۇق، جاسارەتلىك، بىلىملىك، پەزىلەتلىك ۋە شۆھرەت ئىگىسى بولۇشقا ئوخشاش ئىپادىلەر گەرچە ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ۋە ئۇيغۇرچە تېكىستلاردا كۆرۈلگەن قەدىمكى زامان ئېتىقادى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىن كۈتۈلگەن ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەمدى ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىپىلىرى ماۋزۇسىغا كەلسەك، بۇنى ئورخۇن (مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆرۈلگەن) خەلقنى تويغۇزۇش، كىيىندۈرۈش، باياشات قىلىش، ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە تەرتىپ - ئىنتىزام ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىش ئىكەنلىكىگە مۇجەسسەملىسەك، ئۇ ھالدا بۇلار ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا كېلىدۇ، دېيەلەيمىز. ھۆكۈمدار

بىلەن پۇقرالارنىڭ، يەنى ئىدارە قىلغۇچى بىلەن ئىدارە قىلىنغۇچىلارنىڭ بىر - بىرىگە نىسبەتەن ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىلىرى بىر - بىرىگە نىسبەتەن ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ئۇقۇمى ئىچىدە بىر تولۇق تۇراقلىق ئۇقۇمغا ئايلانغاندى ھەمدە ھۆكۈمدارنىڭ جانلىق ھەم ئىنتىزاملىق ھالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش، بولۇپمۇ قانۇنىي ھاكىمىيەتنىڭ ساقلىنىشىدا ئۆزى ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش، ھۆكۈمدارنىڭ پۇقرالار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنەتتى. مانا بۇلاردىن ھازىرقى زاماندا كۆرۈلىدىغان ئىناغار، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئۇقۇمى ۋە دۆلەتنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان فۇنكسىيىسى بىلەن يۈكسەك مەدەنىيەت ئۆرنىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلىرىدىكى بۈيۈك بىرلىك چۈشەنچىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ قوغداپ قېلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرى ماۋزۇسىدىمۇ بۇ قەدىمكى ئەنئەنىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، بولۇپمۇ ئۇلارغا بېرىلگەن ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە «قۇت» ئۇقۇمىدىن كېلىپ چىققان ئۇنۋانلاردىن ئېنىق كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ باشقا ئۇنۋانلىرىمۇ تارىخىي ئەنئەنىلەرنىڭ داۋاملىشىشىدۇر. مەسىلەن: «ئوردا» (پايتەخت ۋە ساراي)، «ئورۇن» (تەخت)، «ئوتاغ» (خاقانلارنىڭ چېدىرى)، «تۇغ» (بايراملىق ۋە رەڭدار بايراقلار)، «بايراق»، «ناغرا - سۇناي» لار مۇشۇ جۈملىگە كىرىدۇ. پەقەت ئۆز زامانىسىدىكى ئىسلامىيەت دۆلەت ئۇقۇمىنىڭ زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىمۇ خەلىپىلەر ۋە ئۆز ناملىرىغا خۇتبە ئوقۇتاتتى، خەلىپىلەردىن تون ئېلىپ كىيەتتى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن



بېرىلگەن ئۇنۋانلارنى قوللىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنۋانلار ماۋزۇسىدا «ساھىب - قىران» ۋە «سۇلتان» غا ئوخشاش ئۇنۋانلار ھېچ بولمىغاندا ئىسلامىيەتچە ئۇقۇم بولۇپ، قاراخانىيلار جامائەسىدە ئۆزلەشكەنىدى. يەنە ئىسلامىيەت ئىدارە ئۇقۇمىنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى غازات ۋە جىھاد (دىن ئۈچۈن بولغان ئۇرۇش) لارنى قىلدى، زور كۆپچىلىكىنى قويۇق دىندار دەپ ھېسابلىغان بۇ خاندانلىققا تەۋە بولغان ھۆكۈمدارلارمۇ، بۇددىست ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا غەيرىي مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇشلار قىلىپ، بۇ يولدا شېھىد بولدى، غازى، مۇجاھىد سۈپەتلىرىنى ئالدى (ياكى شۇنداق دەپ ئاتالدى).

قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ھۆكۈمەت تۇرمۇشىدا ئۆزلىرىدىن كۈتۈلگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشىدا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتەتتى. ئادالەتنى ساقلاش ئۈچۈن بىۋاسىتە ئۆزلىرى دىكتاتۇرا يۈرگۈزدى، قانۇننى يولغا قويۇش، دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى، ئەمىنىيەت ۋە ئىنتىزامنى قوغدىدى؛ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىمۇ زور دەرىجىدە ھۆكۈمەت تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار بىر تەرەپتىن سۆھبەت يىغىنلىرىدا يەنىلا دۆلەت باشقۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۈستىدە كېڭەش يۈرگۈزۈپ پىكىر ئېلىشتى، يەنى كېڭەش ئورگانلىرىنى ئىشلەتكەندەك، بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت زىياپەتلىرىنى بېرىش ئارقىلىق خىزمەتلىرىدە بولغانلارنى ۋە خەلقنى تويۇندۇرۇش، ئىسسىق كىيىندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. چىش كىراسى (ئىپتاردىن كېيىن ئوردىدا ۋە ھاللىق ئائىلىلەردە مېھمانلار ئۇزاش ئالدىدا قويۇلىدىغان ھەدىيە ياكى پۇل) بېرىش ئىشىنىڭ قاراخانىيلاردىن قالغان بىر تارىخىي ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

تەتقىقاتىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمدە تىلغا ئالغان ئوردا تەشكىلاتى ماۋزۇسىدا قاراخانىيلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىدىكى ئىدارە قىلىش چۈشەنچىسىنى ۋە ئەنئەنىلىرىنى قانداق قىلىپ زور دەرىجىدە قوغدىغانلىقلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇ تېمىدا قوللىنىلغان ئۇلۇغ ھاجىپ، تايانغۇ، بىرۇق (بۇيرۇق – ۋەزىر)، قاپۇغ باشلار ئەر (ئىشىكئاغىسى)، ئاشچىباشى (يېمەك باشلىقى)، ئىدىشچىباشى (مەي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى)، ئىلباشى، تۆشەكچى (فەرراش)، ئوردۇ باشى (قوشۇن باشلىقى)، تۇغچى، قىشچى (يېنىك گۇناھ قىلىپ قىشنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگۈچىلەر)، قۇشچى ۋە باشقا ئۇنۋانلار بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى ھېسابلىنىدۇ. قاراخانىيلاردا بۇنداق ئەھۋال غەزنەۋىيلەر، سەلجۇقىيلار سارايلىرىدىن خېلىلا پەرقلىنەتتى. بۇنى ھاجىپ، ئىشىكئاغىسى، ئاشپەزلەر باشلىقى ۋە شاراب باشقۇرغۇچىغا ئوخشاش ئوردا خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەزىپە ۋە سالاھىيەتلىرى ماۋزۇسىدا كۆرۈۋالالايمىز. بولۇپمۇ ئىشىكئاغىلىقى – ئورنى، ئىگە بولغان كەڭ ۋەزىپىلىرى ۋە نوپۇزى جەھەتتە قاراخانىيلار ئوردىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر مۇئەسسەسەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەقەت، ئىسلامىيەت ئۇقۇمى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن جانپىدالىق بىلەن داۋام قىلدۇرۇلغانلىقىدىن تارتىپ، بۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ تەقۋادار كىشىلەردىن بولۇپ تونۇلۇشى بۇنىڭ تەبىئىي بىر نەتىجىسى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە نامى تىلغا ئېلىنغان ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسەن ئۇلارنىڭ تەقۋادار كىشىلەردىن ئىكەنلىكى بىلەن تەرىپلەنگەن. باشقا تەرەپتىن خانسالار، جاندار، جامەدار، سىلاھدار ۋە ئەلەمدارغا ئوخشاش ئۇنۋان ناملىرىنىڭ غەربىي قاراخانىيلاردا تېخىمۇ كۆپ قوللىنىلىشى ئاساسەن ئىران ئىسلام مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان بۈيۈك (چوڭ) دىۋان ۋە بۈيۈك دىۋاننىڭ باشقا بۆلۈملىرى ماۋزۇسىدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئىسلامىيەت تەسىرلىرىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرى ۋە دۆلەت خادىملىرىدا زور دەرىجىدە ئومۇملاشقانلىقى سۆزلىنىدۇ. بولۇپمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيتلىرىگە قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ ماھىيەتلىك داۋامى بولۇش سەۋەبى بىلەن ۋە كۆكتۈركلەر زامانىسىنىڭ ئايغۇچىلىرىغا ئوخشاش بىر شەكىلدە ئەر – ئۆگى، كۆك – ئايۇق ۋە باشقىلار دۆلەت دانىشمەنلىرى سۈپىتىدە قاراخانىيلاردا ئالاھىدە ئېتىبارغا مۇشەررەپ بولغانىدى. باشقا تەرەپتىن يەنە، مەركىزىي ھاكىمىيەت ئورگىنىدا قوللىنىلغان يۇغرۇش (ۋەزىر)، پۈتۈكچى، ئىلىمگا، ئىتمگا، مۆھۈردار ۋە ئاغىچىغا ئوخشاش ئۇنۋانلارمۇ ئۇيغۇر تۈسىنى ساقلاپ قالغان. پەقەت ئىسلامىيەت تەسىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە غەربىي قاراخانىيلاردا مۇستەۋفى ۋە ئامىل دېگەنگە ئوخشاش ئۇنۋانلارنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا كەلسەك، XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن، دۆلەت ئىككىگە ئايرىلغاندىن كېيىن، قاراخانىيلارنىڭ تارىخى «ئىككىلىك ئىدارە» ئۇقۇمىنىڭ زورۇرىيىتى تۈپەيلىدىن، ئىككى يۈرۈش ئىدارە قىلىش سىستېمىسىغا ئايرىلىپ كەتتى ۋە دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمى دۆلەتنىڭ ئەسلى ھۆكۈمرانى بولغان ۋە شەرقىي قىسمىنى باشقۇرىدىغان خاقاننىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىدە خانىدانىنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. بۇنداق ئىككى يۈرۈش ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان دۆلەت زېمىنى ئومۇمەن ئۇيغۇرچە «ئېل» ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادە قىلىنغان ۋىلايەتلەرگە ئايرىلدى، بۇلارنىڭ بېشىدىمۇ ئومۇمەن خانىدان ئەزاسىدىن بولغان شاھزادىلەر ياكى

باشقا دۆلەت ئەركانلىرىدىن تەيىنلەنگەن ھەربىي ۋالىيلار تۇراتتى. بولۇپمۇ خانىدان ئەزالىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن زېمىنلارنى باشقۇرۇش سالاھىيىتى شۇ باشقۇرغۇچى ئۆزى قاراشلىق ھۆكۈمدارنىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى بىلەن، ئالىي ھۆكۈمران تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىناتتى. يەنى، خانىدان ئەزالىرى خاقانغا قارىتا تەۋەلىك، بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن تەۋەلىك شەرتلىرىنى ئورۇنداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدىلا ھەر تۈرلۈك باشقۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايتتى. پايتەختتە ياكى بەزى چوڭ ۋىلايەتلەردە نائىب سەلتەنەت تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ، ۋەلىئەھدلىك مۇئەسسەسىمۇ بار ئىدى. ئۇلۇغ خاقان بىلەن دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى باشقۇرۇۋاتقان خاننىڭ بەزى قابىل ياردەمچىلىرى بار ئىدى. بۇنداق قابىل خان ياردەمچىلىرى قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈپ چوڭ خاقان بولالايتتى. بۇ جەھەتتە پىرىتساك تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «شېرىك خاقانلىق سىستېمىسى» قاراخانىيلاردا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

مەركىزىي ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن يەرلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى تېمىسىغا كەلسەك، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بولۇپمۇ دۆلەت خادىملىرىنىڭ ناھەق باشقۇرۇشلىرىدىن كېلىپ چىققان ئەرز - شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئەدلىيە مەھكىمىلىرىنىڭ قازىلىرى، باشقا شەرئىي دەۋالارغا قارىغان قازىلار ۋە شەھەر خىزمەتلىرى بىلەن بەزى دىنىي ۋە شەرئىي تېمىلارنىڭ بېجىرىلىشىنى كونترول قىلىش ۋەزىپىسىدە بولغان مۇپەتتىشلەرنىڭ تامامەن ئىسلام قانۇنى ئاساسلىرىغا ئاساسەن ئىشلەنگەنلىكلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا باش قازىلىق ۋە قازى ئەسكەرلىك مۇئەسسەسەلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكى مەلۇم؛ يەرلىك ۋىلايەتلەرنىڭ مالىيە ئىشلىرى شەرقىي



قاراخانىيلاردا ئىمگا (باجگىر)لار تەرىپىدىن، غەربىي قاراخانىيلاردا كۆپرەك ئامىللار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. شەھەرلەردە، خەلق تەرىپىدىن سايلىنىدىغان رەئىسلەر پەقەت غەربىي قاراخانىيلارغا تەۋە شەھەرلەردىلا مەۋجۇت ئىدى. خېلى كىچىك بىرلىك ئورۇنلىرى بولغان يېزا ۋە ئاۋۇللارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا مەخسۇس باشقۇرغۇچىلىرى بولاتتى. چەت جايلاردىكى ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان يېزا ۋە ئاۋۇللارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا مەخسۇس باشقۇرغۇچىلىرى بولاتتى. چەت جايلاردىكى ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان يەر - زېمىن باشقۇرۇش ئىشىغا كەلسەك، بولۇپمۇ بىز توختىلىۋاتقان دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەركەندە تۈزۈلگەن ۋەسىقىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەلىيەتلەر، يەر باشقۇرۇشتا شەخسىي ئىگىدارچىلىقنىڭ بارلىقى، پەقەت ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن خانلىق يەر - زېمىنلەرنىڭمۇ بولغانلىقىنى ۋە بولۇپمۇ غەربتە خېلى بۇرۇن باشلانغان سۇيۇرغال سىستېمىسىنىڭمۇ يولغا قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھەربىي تەشكىلات تېمىسىدا بولسا، قاراخانىيلار ئارمىيىدە ئوتاغ (چېدىر) ۋە ئون ئوتاغ (چېدىر) قاتارلىق كىچىك ئەسكىرىي بىرلىكلەرنى يولغا قويغانىدى. ھالبۇكى، بۇ ئەسكىرىي بىرلىكلەر قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسكىرىي سىستېمىسىدا ئۇنلۇق ئاساسىنى داۋام قىلدۇرغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قاراخانىيلارنىڭ ئارمىيىسىدىكى ئوتاغ (چېدىر)، ئوتاغ باشى (چېدىر باشلىقى، ئون ئوتاغ)، سۇ باشى (قوماندان)، ياتىغاق (كېچە مۇھاپىزەتچىلىرى)، تۇرغاق (كۈندۈز مۇھاپىزەتچىلىرى)، قوشۇن (ئارمىيە)، يەزەك (ئالدىنقى قىسىم)، يۇرتۇغ، يەلىم، ئاقىنچى قاتارلىق ھەربىي ئۇنۋانلار بۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە ئىدى. پەقەت ھايل (ھىل) ئاتالغۇسىلا ئىسلامىيەتنىڭ

تېسىرى بىلەن قوللىنىلغان بىر تۈرلۈك ھەربىي ئۇنۋان ئىدى.

باشقا تەرەپتىن، قاراخانىيلارنىڭ ئەسكىرىي سىستېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ۋە مۇھاپىزەتچى، نۆۋەتچى ئۇقۇمىدا كەلگەن «ياتغاق» ئاتالغۇسىنىڭ ياتاق ۋە ياتاقچىغا ئوخشاش شەكىللەر بىلەن XVI ئەسىردىكى ئوسمانلىلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەرگە قەدەر داۋام قىلغانىدى. «يەزەك» ئاتالغۇسى ئەينى ۋاقىتتا باشقا تۈركىي ئىسلام دۆلەتلىرىدە، ئەرەبلەردىمۇ بولغانىدى ۋە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانىدى، ئاقىنچى (ھۇجۇمچى) ۋە ئوتاغ ئاتالغۇلىرىمۇ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ قالغانىدى. ھەربىكەت ھالىتىدىكى قوشۇن بىلەن ئۇرۇش تاكتىكىلىرى ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بۇلار باشقا تۈركىي دۆلەتلەردە ئۇچرىغان ئۆرنەكلەرگىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. قوراللار ماۋزۇسىدىمۇ، قاراخانىيلار ئارمىيىدە قوللىنىلغان مۇھىم قوراللارنىڭ ناملىرى ۋە بەزىلىرىنىڭ ياسىلىشى ۋە تۈرلىرى بىلەن بولۇپمۇ پالتا بىلەن گۈرزە قاراخانىيلار دۆلىتىدە خېلى ئوموملاشقان بىر قورال ئىدى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قاراخانىيلارنىڭ، «قالقان بىلەن مۇداپىئەلەنمەك» ئۇقۇمىدا قوللانغان «قالقان ياپىنماق» ئىبارىسى XIV ئەسىردە ئاناتولىدىمۇ ئەينەن قوللىنىلغانىدى ۋە ھەتتا XVII ئەسىردىمۇ، قوراللىنىش ئۇقۇمىدا ۋە «قورالغا ياپىنماق» شەكلىدە قوللىنىلغانىدى.

ئاخىرىدا قاراخانىيلار دۆلەت ھاكىمىيىتى چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېتىقاد، ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر ماۋزۇسىدا تامامەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىگە باغلىنىپ قالغانىدى، ئەمما، ئىسلام ھوقۇقىغا تەئەللۇق بەزى



ئىدارىچىلىق ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى ئىسلامىيەت مۇئەسسەسەلىرىگە ئوخشىتىپ تەتبىقلىغانىدى. يەنە، ئۇيغۇر خەلقى تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلغان بۇ دەۋردە بىز كۆرگەن بەزى ئادەتلەر ۋە مۇئەسسەسەلەرنىڭ خېلى كېيىنكى چاغلاردىمۇ تۈرك - ئىسلام دۆلەتلىرىدىمۇ ئۆزىنى ساقلاپ قالغانلىقى ئىنتايىن تەبىئىيدۇر. باشقا تەرەپتىن ھەم ج. ئې. بوسۋورتنىڭ دېگىنىدەك، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ئۆزلىرىنى ئىران - ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇردى ھەمدە پرىتساكنىڭ دېگىنىدەك قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىران - ئىسلام مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئەكسىچە ئۇلار، ئىسلامىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆز ئەنئەنىلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، تەركىبىدە ئۆزلىرىگە خاس چۈشەنچە، ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بىر تۈرك - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلەشتۈرگۈچىلىرى بولۇپ قالدى.

## پروفېسسور، دوكتور رىشات گەنجنىڭ تەرجىمىھالى

رىشات گەنج 1941 - يىلى تۈركىيە يوزغات ئاقداغمادە-نى ناھىيىسىنىڭ توققۇز يېزىسىدا تۇغۇلدى. 1955 - يىلى ئۇ ئۆز ناھىيىسىدە مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەيسەرىيەنىڭ پىنار باشى دۆرەن يېزىسىدىكى ئالتە يىللىق ئوقۇتقۇچىلار مەكتىپىگە ئىمتى-ھان بېرىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەنقەرە ئوقۇتقۇچىلار ئالىي مەكتىپىگە تاللاندى. بۇ مەكتەپنىڭ ھازىرلىق سىنىپىدا تولۇق ئاخىرقى سىنىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1961 - يىلى ئەنقەرە داشۆسى تىل ۋە تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ تارىخ كەس-پىدە ئوقۇدى. 1965 - يىلى ئىيۇندا، بۇ فاكۇلتېتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى سىنىپىنى «ھىند مۇسۇلمانلىرى تارىخىنىڭ بىر دەۋرى — غازى زاھىرۇددىن مۇھەممەد بابۇر» ناملىق دىسسېر-تاتسىيە بىلەن پۈتتۈردى.

1974 - يىلى مارتتا، ئۇ«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قارىشىچە XI ئەسىردىكى تۈركىي ئەللىرىنىڭ سىياسىي، ئېتنىك، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھالىتى» دېگەن دىسسېرتاتسىيە بىلەن ئەدەبىيات دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالدى. «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق دىسسېرتات-سىيىسى بىلەن 1980 - يىلى ئاپرېلدا دوتسېنت بولدى. 1984 - يىلى ئۆكتەبىردە ئەنقەرە داشۆسى تىل ۋە تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. 1986 - يىلى نويابىردا پروفېسسور بولدى. 1986 - يىلى دېكابىردا غازى داشۆسى پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

ئۇ يەنە تۈركىيە ئالىي مائارىپ تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئاتا تۈرك كۇلتۇر، تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قۇرۇمى ئاتا تۈرك تەتقىقات مەركىزىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۈرك مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن سەلچۇقىيلار تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئىنستىتۇتىنىڭمۇ ھەيئەت ئەزاسى، ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىنى تولۇق خەۋەردار، پارسچىدىنمۇ پايدىلىنالايدۇ

بۇ كتاب تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىل 1 - نەشرى، 1981 - يىل ئىستانبۇل باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىندى.

本书根据土耳其文化部出版社1981年第1版，1981年伊斯坦布尔印刷本翻译出版。

责任编辑：魏力

喀喇汗王朝国家组织 （维吾尔文）
（土耳其）热夏提·干支 著
吐尔逊阿依·沙克、吐尔逊·吾守尔译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 14.5印张
1990年3月第1版 1990年3月第1次印刷
印数：1——7,500

ISBN 7—228—00998—3/K·80 定价：4.50 元
（内部发行）